يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

# ئوغلۇم ئالدىڭغا قارا

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

<ئەقىل-پاراسەت ئەڭگۈشترى > نامىدىكى
نان تېپىلمىغان، جانغا ئەسقاتمىغان
بىر يۈرۈش كىتابلار سىزگە تۇرمۇش
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىپلومىنى بېرىدۇ.

تەقدىرداش كارۋانلار
ئەقىل-پاراسەت گۈلىستانى
ياشاش مەنتىقىسى
مەدەنىيەت كارۋانلىرى)(1)
ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا (2)
بايقاش
ئەقىل-پاراسەتنىڭ نەرخى
ئىبرەت، ئىبرەت، ئىبرەت (1)
ئىبرەت، ئىبرەت، ئىبرەت (2)

-بوۋا قانداق قىلسام مۇرادىم ھاسىل بولىدۇ ؟

-سۆيۈملۈك بالام ، سەندە ھەقىقىي پاك ئەقىدە بىلەن مۇستەھكەم ئىرادە تۇرغۇزۇلغاندا.

-ئۇنداقتا ئەقىدىنىڭ خاسىيىتى نېمە ؟

-بالام، پاك ئەقىدە شۇنداق بىر مۆجىزىۋى كۈچكى، قەلبىڭدە پاك ئەقىدە مۇنارى تىكلەنگەندە، سەن بىرەر تاغنى ئورنىدىن قوزغاتماقچى ئىرادە قىلساڭ ، ئۇنى چوقۇم ئورنىدىن قوزغىتالايسەن.

-ئاپتوردىن

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

ئەقىل - پاراسەت ئەڭگۈشتەرى (2)

# ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
智慧教育:儿子向前看/亚尔买买提·塔依尔.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.8
ISBN 7—228—08975—8
Ⅰ.智… Ⅱ.① 亚… Ⅲ.福乐智慧—青少年读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I222.744

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 085440 号

责任编辑:艾则孜.吐尔迪
绩任校对:帕丽迪·艾力
封面设计:艾克拜尔·沙力

知慧教育(第2辑)

# 儿子向前看 (维吾尔文)

(下)

亚尔买买提·塔依尔 著

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 11 印张
2004 年 8 月第 1 版 2004 年 10 月第 1 次印刷
印数:1—5000

ISBN 7—228—08975—8 总价 :39.00 元(上下)
单价:15.00 元

# ئاپتوردىن

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىم ، سىلەرگە سالام!

سىلەر ھازىرغىچە سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان «ئوغلۇم ، ئالدىڭغا قارا» دېگەن ئەسىرىمنى 13 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە قايتا تولۇقلاپ ئىشلەپ ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ يېزىپ قايتا سىلەرگە سۇندۇم . بۇ كىتاب ھازىرغىچە كۆپ قېتىم بېسىلىپ تارقىتىلغان بولسىمۇ ، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي كەلدى . مەن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى قوللاپ ، سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ، رەھمەت!

ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئۇرۇنۇشلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى ئىزدەش ۋە ئۆزىنى ياشاۋاتقان دەۋرگە مۇناسىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەن . شۇڭا ، ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنى زامان تەلىپىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ، ھاياتتىن ئىبارەت رىقابەت بەيگىسىدە غالىبلىق تۇغىنى قولىدا تۇتۇش ئۈچۈن ، ئۆزىنى بىلىشكە توغرا كېلىدىكەن . چۈنكى ، دۇنيا قانچىلىك تەرەققىي قىلىسۇن ، باشقىلارنىڭ زەر تونىدىن يەنىلا ئۆزىنىڭ كونا چاپىنى ئەسقاتىدىغانلىقىنى سىلەرمۇ ياخشى بىلىسىلەر . ئەپسۇسكى ، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز ھەرگىزمۇ «ئەسكى چاپان» ئەمەس ، بەلكى بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزغا كاپالەتلىك قىلىۋاتقان

ئەڭگۈشتەر . بىزنى تونۇگۇن بىلەن باغلاپ تۇرغان ، ئەتە ئۈچۈن يەنىلا كۆۋرۈك بولىدىغان بۇ ئەڭگۈشتەرنى ھەربىر ھەقدارنىڭ قوغداش ۋە ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇش مەجبۇرىيىتى بار .

بىزدە ياخشى بىر تەبىئەت ، ئالىي بىر گېن بار . بىزدە پەقەت ئۇنى جايىدا جارى قىلدۇرۇشلا كەم . ئەگەر قەدىمكىلەر ياراتقان يۈكسەك مەدەنىيەت بۆشۈكى ۋە شەرق ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئالتۇن ھالقىسىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسى بىلەن ياخشى تونۇشۇپ چىققاندا ، ئۆزىمىزدە تۈگىمىگۈسىز مەنىۋى بايلىقنىڭ بارلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مانا شۇ ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايراقدارى . ئۇ ياراتقان مەنىۋىيەت چوققىسىغا يامىشىش بىزنى پارلاق ئىستىقبالغا يېتەكلەيدۇ . ئۇ بىز ئۈچۈن قالدۇرۇپ كەتكەن «قۇتادغۇبىلىك» ئارقىلىق ئۆزىمىزنى تاپالايمىز ، ھەقىقەتكە يېقىنلىشالايمىز ، ياشاشنى بىلەلەيمىز ۋە روھىمىزنى ئۇرغۇتالايمىز . «قۇتادغۇبىلىك»كە مۇجەسسەملەنگەن بىلىش نەتىجىلىرى مەڭگۈ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتمايدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ يەتمەكچى بولغان ئۇلۇغ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قانۇنىيىتى ۋە پەلسەپىۋى ھەقىقىتى كۆرسىتىلىپ بېرىلگەن .

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مەنىۋى ئىلھامى مېنى تەتقىقاتقا ئىشتىراك قىلغان . مەن ئۇنى ھەر قېتىم ئوقۇغىنىمدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىمدا يېڭى - يېڭى مەنىلەرنى بېرىۋاتقانلىقىنى ، ھايات ئۈچۈن يېڭى - يېڭى سەھىپىلەرنى ئېچىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن . شۇڭىمۇ مەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئۆزۈمنىڭ ئۆمۈرلۈك مەنىۋى ئۇستازىم ، «قۇتادغۇبىلىك»نى بولسا ئۆمۈرلۈك تەتقىقات نىشانىم قىلىپ تاللىغانىدىم . مانا شۇ ئىلھام ۋە مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسى

بىلەن «ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا»، «ھايات ۋە مۇۋەپپەقىيەت»، «بۇۋام شۇنداق ئۆگەتكەن»، «ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى»، پەلسەپىۋى رومان «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق ئەسەرلىرىمنى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم.

بىر ئالىم «قۇتادغۇبىلىك»نى ياسىداق بىر شەھەرگە ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ كوچىلىرىنى تېخى بىرەر ئادەممۇ تولۇق ئايلىنىپ چىقىش شەرىپىگە ئىگە بولالمىدى، دېگەنىدى. مەنمۇ ئۆزلۈكسىز ھالدا بۇ مەنىۋى شەھەرنىڭ ياسىداق كوچىلىرىنى كېزىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن. ئۇ بەخش ئەتكەن ئاجايىپ روھىي كۈچ، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن يۈكسەك ئاڭ، ئىلغار دۇنيا قاراش، ئۆز زامانىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن بىلىش چوڭقۇرلۇقى ھازىرقى مەدەنىيەت دۇنياسىدىمۇ يەنىلا مۆتىۋەر ئورۇنغا ئىگە بولالايدۇ، دەپ قارايمەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىز ئۈچۈن ئوقۇمۇشلۇق، دانىشمەن ئاتا. «قۇتادغۇبىلىك» مەڭگۈلۈك مەنىۋى ئۇستاز. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولى ھەقىقەت يولىدۇر. ئەگەر ئۇ يولدىن چەتنەپ كەتسەك، ئازغۇنلۇق چۆلىدە تېنەپ قالغان يولۇچىدەك نە قارارىمىز ۋە نە نىشانىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز.

مەن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كىتابخانلىرىمغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى، بىلىشنى ئاۋۋال ئۆزىنى بىلىشتىن باشلىشىمىز كېرەك. كىتاب دۇنياسىدىن ئىبارەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە يول ئالماقچى بولغان ھەربىر ئۇيغۇر پەرزەنتى ئىشنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلغار ئىدېئولوگىيىسى بىلەن ئۇچرىشىشتىن باشلىشى لازىم. بىز ئۇنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەندە ھازىرغىچە ئوقۇۋاتقان خېلى نۇرغۇن كىتابلاردىنمۇ چوڭقۇرراق مەنىۋى ئوزۇققا ئىگە

بولغانلىقىمىزنى ھېس قىلالايمىز .

بۇ بىر ھېكمەت ئۈنچىلىرى بىلەن جابدۇنغان ، ھايات تەجرىبىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان نەسىھەت كىتابىدۇر ، بۇنىڭدىن نەسىھەت ئالغان كىشى ئۆمۈر مۇساپىسىدە ياخشى بىر مەنىۋى سىرداشقا ئىگە بولىدۇ . ئەگەر بۇ كىتاب سىزنىڭ قەلب ھېسلىرىڭىزنى ئويغىتالىسا ، ئۇ قەلبنى ئۆلگەن ھېسابلىساڭ بولىدۇ .

مەن بۇ قېتىم نەشر قىلدۇرغان توققۇز قىسىملىق «ئەقىل-پاراسەت ئەڭگۈشتىرى» نامىدىكى كىتابلىرىمدىن باشقا ئاللا بۇيرىسا ، يېقىندا «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئىسلام روھى» ، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەرخىللاشتۇرۇش تەسەۋۋۇرى» «ئۈچ ئەڭگۈشتەر» — «ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق ئەڭگۈشتىرى» ، «ئۇيغۇرلاردا بەخت ئەڭگۈشتىرى» ، «ئۇيغۇرلاردا مۇۋەپپەقىيەت ئەڭگۈشتىرى» ، «ئاياللاردا دىيانەت ۋە خىيانەت» ، «مەدەنىيلىشىشمۇ ، ياتلىشىشمۇ» قاتارلىق كىتابلىرىمنى سىلەرنىڭ بەھرىلىنىشىڭلارغا سۇنماقچى ، يۇقىرىقى كىتابلىرىم ئەسەرلىرىمنى ياقتۇرۇپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمگە ئەرزىسە ، ئۆزىمىزنى بىلىش ۋە چۈشىنىش جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىيالىسا ، ئاندىن مەن مۇۋەپپەقىيىتىمدىن خۇرسەن ، ئەجرىمدىن رازى بولاتتىم .

# مۇندەرىجە


ئاپتوردىن ........................................ 1

مۇقەددىمە خاسىيەتلىك چۈش ........................ 1

بىرىنچى باب ئىلىمنىڭ ھىممىتى، ئىلىم ئىگە-
لىرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ پالاكىتى توغ-
رىسىدا ........................................ 9

ئىككىنچى باب ئەقىلنىڭ قىممىتى ۋە سۈپەتلىرى
توغرىسىدا ........................................ 27

ئۈچىنچى باب ھاياتلىقنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنى ئۇلۇغ-
لاشنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا.......................... 40

تۆتىنچى باب ئاتا - ئانىلارغا مەسلىھەت، بالىلارغا
ئىبرەت ........................................ 57

بەشىنچى باب نىكاھ مۇقەددەسلىكى ۋە ئائىلە بەختى
توغرىسىدا ........................................ 67

ئالتىنچى باب ئىچىملىك ۋە چېكىملىككە بېرىل-
گۈچىلەر توغرىسىدا ................................ 87

يەتتىنچى باب ئالدىراقسانلىق بىلەن غەزەپنىڭ مەق-
سەت تېگىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قۇياشىنى كۆرسەتمەي-
دىغانلىقى توغرىسىدا ................................ 99

سەككىزىنچى باب كۆزى توق بولۇش، تەمە خال-
تىسىنى تاشلاش توغرىسىدا ............................ 104

توققۇزىنچى باب كۆرەلمەسلىك ۋە پىتنە - پاسات-
نىڭ ئەڭ رەزىل كېسەللىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا

........ 110
ئونىنچى باب دوستلۇقنى قەدىرلەش، دۇشمەندىن
هەزەر ئەيلەش توغرىسىدا ........ 116
ئون بىرىنچى باب تىل بايلىقىدىن توغرا پايدىلى-
نىش توغرىسىدا ........ 126
ئون ئىككىنچى باب يېزىقنىڭ خاسىيىتى ۋە خەت-
تاتلىق سەنئىتى توغرىسىدا ........ 145
ئون ئۈچىنچى باب ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرى ئوقۇتقۇ-
چىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 151
ئون تۆتىنچى باب كىتابنىڭ ھېكمىتى توغرىسىدا
........ 159
ئون بەشىنچى باب ئەنئەنىدىن جۇدا بولغان قوۋم-
نىڭ ھالىنىڭ يامانلىقى ھەققىدە ........ 171
ئون ئالتىنچى باب مەردلىك يوسۇنلىرى، نامەرد-
لىكنىڭ قۇسۇرلىرى توغرىسىدا ........ 176
ئون يەتتىنچى باب ئەجىر - مېھنەت ۋە ساخاۋەت-
نىڭ خاسىيىتى، ھورۇنلۇق ۋە خەسىسلىكنىڭ كاسا-
پىتى توغرىسىدا ........ 189
ئون سەككىزىنچى باب مېھماندوستلۇق ۋە ئام-
مىۋى سورۇنلاردا ئۆزىنى تۇتۇشنىڭ قائىدىلىرى توغ-
رىسىدا ........ 203
ئون توققۇزىنچى باب مىزاجىغا قاراپ غىزالىنىش،
تەن ساقلىقنى كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدا ........ 226
يىگىرمىنچى باب ئەمچى (دوختۇر)نىڭ پەزىلىتى
ۋە خىسلىتى توغرىسىدا ........ 237
يىگىرمە بىرىنچى باب ئادالەت ۋە قانۇننىڭ نېمە

ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........................ 244

**يىگىرمە ئىككىنچى باب** قانۇن يۇرگۈزگۈچى
ئەمەلدارنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا
.................................................... 254

**يىگىرمە ئۈچىنچى باب** دېھقانىنىڭمۇ پەن - مەدە-
نىيەتكە ۋە بەختكە موھتاج ئىكەنلىكى توغرىسىدا
.................................................... 260

**يىگىرمە تۆتىنچى باب** دىپلوماتىيە ۋە مەدە-
نىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدا ... 265

**يىگىرمە بەشىنچى باب** سودا رىقابىتىنىڭ خۇددى
بىر جەڭگاھ ئىكەنلىكى توغرىسىدا ................ 274

**يىگىرمە ئالتىنچى باب** ھېساب ۋە ھېسابات ئىش-
لىرى توغرىسىدا .................................. 280

**يىگىرمە يەتتىنچى باب** بەخت ۋە دۆلەتنىڭ مە-
جەز - خۇلقى توغرىسىدا .......................... 286

**يىگىرمە سەككىزىنچى باب** ئاۋام خەلق بىلەن
قانداق مۇناسىۋەت قىلىش توغرىسىدا ............... 291

**يىگىرمە توققۇزىنچى باب** چۈش ۋە چۈش تەبى-
رى توغرىسىدا .................................... 296

**ئوتتۇزىنچى باب** نادانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان
ئېتىقادنىڭ قارىغۇ ئېتىقاد ئىكەنلىكى توغرىسىدا
.................................................... 302

**ئوتتۇز بىرىنچى باب** تۇرمۇشتىكى يەنە بەزى
مەسىلىلەرگە جاۋاب ........................ 325

**خاتىمە** بوۋامنىڭ ئۈمىد ۋە ئۆزرىسى .......... 336

## مۇقەددىمە

# خاسىيەتلىك چۈش

بۈگۈن مەن زۇمرەت رەڭلىك مۇقاۋىسىنىڭ ئۈستىگە «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئالتۇن ھەللىك خەت بېسىلغان مۇقەددەس بىلىملەر خەزىنىسىنى ھاياجان ئىلكىدە تولۇق كۆرۈپ چىقتىم. شۇ تاپتا كۆڭلۈم قەسرىدە زوقلىنىشتىن قوزغالغان ھېسسىيات ئېقىمى دېڭىزدەك دولقۇنلىماقتا. چۈنكى، مەن باشقا بىر دۇنيانى — گۈزەل، ئۈزۈلمەس تەپەككۇر قۇۋۋىتىدىن بىنا بولغان دۇنيانى، ياق، ھېكمەت گۈل - غۇنچىلىرى بىلەن بېزەلگەن نەپىس باغۇ بوستاننى كۆرگەندەك بولدۇم. شۇ تۇپەيلى ئۆزۈمنى باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك سەزمەكتىمەن، ۋۇجۇدۇمدا قوزغالغان پەخىرلىنىش ۋە بەخت تۇيغۇسى قەلبىمدە شۇنداق غۇرۇر پەيدا قىلغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بۇ بەخت ھېسلىرىمدىن باشقىلارنىمۇ ھەم بەھرىمەن قىلىشنى، ئۇلارنىمۇ بۇ بەخت باغچىسىغا باشلاپ كىرىشنى ئويلاپ قالدىم. ئەپسۇس، بۇ ئارزۇيۇمنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇشنى بىلمەي، خىيال كېچىكلىرىدە تېڭىرقاپ يۈرۈپ، شېرىن ئۇيقۇ دېڭىزىغا غەرق بولغىنىمنى ئۇقمايلا قاپتىمەن. بۇ ئۇيقۇ ماڭا ئاجايىپ خاسىيەتلىك بىر چۈش ئاتا قىلدى. چۈشۈمدە: بۈك - باراقسان باغۇ بوستانىنىڭ بىر ئېتىكى ئايان بولدى. بىز بىر توپ ياش - ئۆسمۈرلەر بىر خىل غايىبانە تەلپۈنۈش ئىچىدە ئولتۇرۇپتىمىز. ھەممىمىزنىڭ ئاغزىدا: «بۇ يەرگە خىزىر بوۋام كېلىپ، بىزگە

ئەڭگۈشتەر . بىزنى تۇنۇگۇن بىلەن باغلاپ تۇرغان ، ئەتە ئۈچۈن يەنىلا كۆۋرۈك بولىدىغان بۇ ئەڭگۈشتەرنى ھەربىر ھەقدارنىڭ قوغداش ۋە ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇش مەجبۇرىيىتى بار .

بىزدە ياخشى بىر تەبىئەت ، ئالىي بىر گېن بار . بىزدە پەقەت ئۇنى جايىدا جارى قىلدۇرۇشلا كەم . ئەگەر قەدىمكىلەر ياراتقان يۈكسەك مەدەنىيەت بۆشۈكى ۋە شەرق ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئالتۇن ھالقىسىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسى بىلەن ياخشى تونۇشۇپ چىققاندا ، ئۆزىمىزدە تۈگىمىگۈسىز مەنىۋى بايلىقنىڭ بارلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مانا شۇ ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايراقدارى . ئۇ ياراتقان مەنىۋىيەت چوققىسىغا يامىشىش بىزنى پارلاق ئىستىقبالغا يېتەكلەيدۇ . ئۇ بىز ئۈچۈن قالدۇرۇپ كەتكەن «قۇتادغۇبىلىك» ئارقىلىق ئۆزىمىزنى تاپالايمىز ، ھەقىقەتكە يېقىنلىشالايمىز ، ياشاشنى بىلەلەيمىز ۋە روھىمىزنى ئۇرغۇتالايمىز . «قۇتادغۇبىلىك»كە مۇجەسسەملەنگەن بىلىش نەتىجىلىرى مەڭگۈ تۈزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتمايدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ يەتمەكچى بولغان ئۇلۇغ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قانۇنىيىتى ۋە پەلسەپىۋى ھەقىقىتى كۆرسىتىلىپ بېرىلگەن .

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مەنىۋى ئىلھامى مېنى تەتقىقاتقا ئىشتىراك قىلغان . مەن ئۇنى ھەر قېتىم ئوقۇغىنىمدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىمدا يېڭى - يېڭى مەنىلەرنى بىرىنۋاتقانلىقىنى ، ھايات ئۈچۈن يېڭى - يېڭى سەھىپىلەرنى ئېچىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن . شۇڭىمۇ مەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئۆزۈمنىڭ ئۆمۈرلۈك مەنىۋى ئۇستازىم ، «قۇتادغۇبىلىك»نى بولسا ئۆمۈرلۈك تەتقىقات نىشانىم قىلىپ تاللىغانىدىم . مانا شۇ ئىلھام ۋە مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسى

بولىدۇ. ئارزۇ - ئۈمىد ئادەمنى ياشارتىدۇ. چۈنكى، كىشىنىڭ ھايات يىلتىزى ئارزۇ - ئۈمىد بولىقىدىن سۇ ئىچىدۇ ئەمەسمۇ! ئۇنداقتا، جاۋاب بېرىڭلار، سىلەرنىڭ مەقسەت - مەنزىلىڭلار نېمە؟ قېنى، مەن غايە لەۋھەيىڭلارغا يېزىلغان ئەقىدە ماۋزۇسىنى كۆرەي، ئاندىن ئېھتىياجىڭلارغا قاراپراق بىر نېمىدەي. ھەرقانداق قىممەتلىك نەرسىمۇ ئېھتىياجدىن زىيادە بولسا، ئەسلىي قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

بىز ئاغزى - ئاغزىمىزغا تەگمەي سۆزلىدۇق: بىرى، ئالىم بولماقچى دېسە، يەنە بىرى، پۇل تېپىپ باي بولماقچى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى؛ بىرى گېنېرال بولماقچى دېسە، بىرى قارىي بولماقچى دەيتتى؛ بىرى دوختۇر بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى؛ بىرى باشلىق بولۇش ھەۋىسىنى بىلدۈرسە، يەنە بىرى مەن پۇل تېپىپ جاھان كېزىمەن، دەيتتى ··· قىسقىسى، باللارنىڭ غۇبارسىز قەلبىدىن چىقىۋاتقان جاۋابلار ئۇلار ئىنتىلىۋاتقان مەنزىل مەنزىرىسىنى، مەقسەت - مۇددىئالارنى، مۇرەككەپ ھايات نىشانىنى نامايان قىلاتتى.

ئارزۇ - تىلەكلەرنىڭ قارىمۇقارشىلىقىدىن شەكىللەنگەن مۇرەككەپلىك بوۋامنىڭ ئۈمىدلىك چىرايىنى تۇمانلاشتۇرۇپ قويدى بولغاي، نۇرانە چېھرىدە بىر خىل قانائەتسىزلىك ئىپادىلىنىپ، بېشى مەنىلىك بىر چايقالدى - دە، يەنە دەرھال قەددى رۇسلاندى. ئۇ مەنىلەر خەزىنىسىدىن سۆز ئۈنچىلىرىنى چېچىپ، سەبىي دىللاردىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا باشلىدى:

— باللىرىم، سىلەر بىزنىڭ پۇشتىمىز، ئۈمىد قۇشىمىز. چۈنكى، سىلەر ئەجدادىڭلار ئېچىپ بەرگەن ھەقىقىي ھايات يولىنىڭ ۋارىسلىرى. بۇ مۇقەددەس بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي كەيپىياتىڭلاردىكى ناچار

خاھىشلار ئەركىنسىگە يۈگەن سېلىپ، ئىنسانىي پەزىلەت يولىدا ئۆزۈڭلارنى قۇربان قىلىشقا باغلىق.

ئەي قەدىرلىك باللىرىم، ئىپىنىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، سىلەرنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئەقلىڭلارغا كېلىپ، ئالدى بىلەن ئورۇندايدىغان مەجبۇرىيىتىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىڭلارنى تونۇش ۋە ئۆزۈڭلارنى ئادەملىك مەرتىۋىسىگە يەتكوزۇش بولسۇن. ھەرقانداق يۇقىرى مەرتىۋە، ھەرقانداق سەلتەنەت، ھەرقانداق ئىمتىياز ئادىمىيلىك مەرتىۋىسىدىن ئۈستۈن بولمايدۇ. ئادىمىيلىك بولمايدىكەن، ھەرقانداق ئۇلۇغلۇقمۇ بەربىر. بۇ دۇنيادا ئادەم كۆپ، لېكىن ئادىمىيلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەنلەر كەم. ھەقىقىي ئادەم بولۇش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس.

5730 كىشىلەر ئارا، كۆر، كىشى ئول بولۇر، [1]
ئۇنىڭدىن كىشىلەر كۆپ پايدا ئالۇر.

1599 يۇرى، ئۇي ئاتانما، كىشىلىك تىلە،
كىشىگە كىشى بول كىشىلىك بىلە.

1600 كىشىلىككە كىشى ئاتاندى كىشى،
كىشىلىك بىلەن ئات كۆتۈردى كىشى.

دۇنيادا ئارزۇسىز ئادەم بولمايدۇ، چىن ئادەم بولۇش ئارزۇسى باشقا ئارزۇلارنىڭ پادىشاھى. راست، يەنە كۆپلىگەن ئارزۇلار بار. ئۇلار پەقەت ھەقىقىي ئادەم بولغاندىلا ئەمەلگە

① «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بېيىت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ. باشقا بەتلەردىمۇ شۇنداق.

ئاشىدۇ . ھايات سەيناسىدا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش يولى ئارزۇ - ئىستەك بىلەن بېزەلگەن بولىدۇ . ئىستەكسىز ، ئارزۇسىز كىشىلىك ھايات قاقشال دەرەخكە ئوخشايدۇ . ئادەم ئارزۇ - ئۈمىدتىن مەھرۇم بولىدىكەن ، ھاياتتىن مەھرۇم بولىدۇ . يەنە مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئۇنتۇماڭلاركى ، ئىنسان ئارزۇسى چەكسىز بولۇپ ، ئۇ ھەر ۋاقىت ئۆزىنى يېڭىلاپ يېڭى مەزمۇن بىلەن زاھىر بولۇپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، ئىنسانلار ھازىرغىچە كىشىلىك تۇرمۇش ئارزۇسىنىڭ چېكىنى تەسەۋۋۇر قىلالىغىنى يوق . بىزدە «توققۇزى تەل بولغاندا ئادەم ئۆلىدۇ» دەيدىغان بىر سۆز بار . بۇ ئىنسان ئارزۇسىنىڭ چەكسىزلىكى بىلەن ئۆمۈرنىڭ چەكلىكلىكىنىڭ مۇقەررەرلىكى . ئوغلۇم ، سىلەر ھازىر ئىنسانىيەتنىڭ خېلى يۇكسەك تەرەققىيات دەۋرىدە ياشاۋاتقان بولساڭلارمۇ ، بىراق ئۇمۇ ئىنسانىيەت ئارزۇسىنىڭ يۇقىرى چېكى ئەمەس . سىلەر تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىسىلەر . ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپكى تاش قورال دەۋرىدىن تەرەققىي قىلىپ ، زامانىمىزدىكى ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويغان بولسىمۇ ، بۇنىڭلىق بىلەن قانائەت ھاسىل قىلغىنى يوق ، ئەگەر قانائەت تورى تارتىلسا ، تەرەققىيات دەرۋازىسى تاقىلىدۇ . مۇنداق دېسەم ، ئۇنداق بولسا بىز نېمە ئۈچۈن ئارزۇ قوغلىشىپ ياشايمىز ، بەربىر ئارزۇغا قانماي ئۆلۈپ كەتكەندىكىن ، بىز ئۈچۈن كېيىنكىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى ؟ دەيدىغانسىلەر . بالىلىرىم ، بۇ دۇنيادا ئادەم يەككە - يېگانە ياشىيالمايدۇ ، ئەگەر سىلەر ئارزۇنى ئۆزۈڭلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە شەخسىيەتلىرىڭلاردىنلا ئىزدىسەڭلار ، بۇ تولىمۇ ئەخمەقلىق ، نادانلىق ، بىغەرەزلىك بولىدۇ . شۇنى بىلىڭلاركى ، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ قىممىتىنى پەقەت كىشىلىك جەمئىيەتتىنلا تاپالايسىلەر . ئارزۇ - غۇنچەڭلار

خەلق ئارزۇسى تۇپرىقىدا يىلتىــــز تارتقاندىلا ، خۇش پۇراق
چاچالايدۇ .

3931 ئۆز نەپسىنى دىگەنلەر ئادەم بولۇرمۇ ؟
ئەل نەپسىنى دىسە كىم چىنى كىشىدۇر ئۇ .

3930 بۇيان كەل ، نەپسى بەر كىشىگە ، يارا ،
نەپسىز ئۆلۈك ئول تىرىكلەر ئارا .

ئوغلۇم ، تەبىئەت دۇنياسى بولمىسا ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىغا ئوخشاش ، جەمئىيەت بولمىسا ئادەممۇ
ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنى يوقىتىدۇ . ئادەملەر تەبىئەتكە كۈچ
سەرپ قىلىدۇ ، تەبىئەت ئۇلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ . ئۇنداقتا
كىشىلىك جەمئىيەتچۇ ؟ جەمئىيەتمۇ ھاياتلىقىڭلاردىكى بىر
تىرىلغۇ يەر ، نىمە تىرىساڭلار شۇنىڭغا ئېرىشىسلەر . ھاياتىڭلاردا
بىرەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق
كۆرسىتىشىڭلارغا توغرا كېلىدۇ . تىرىشچانلىقسىز ، بەدەلسىز
بەختىيار تۇرمۇش يارىتىش مۇمكىن ئەمەس . بۇ ھاياتلىق
قانۇنىيىتى . ھاياتلىقتا شۇنىمۇ كۆرۈسلەركى ، ئادەملەرنىڭ
ئىنتىلىشى ، ئارزۇسى ۋە بۇ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن
تاللىغان يولى ئوخشاش بولمىغاچقا ، ئاخىرقى نەتىجىسمۇ ئوخشاش
بولمايدۇ . جەمئىيەت ھەرقانداق ئادەمنىڭ نىيىتى ، ئەجرى ۋە
قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە قاراپ مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرۇشقا
قابىل . كىشىلىك جەمئىيەتتە ھايات يولىنى توغرا تاللىيالمىغان
ئادەم ھەرگىز گۈزەل ئىستىقبالغا ئىگە بولالمايدۇ .

6332 جاھاننىڭ پەزلى بىر ، قۇسۇرى مىڭدۇر ،
نېچۈك ئۆتكۈزسە كىشى ، ئۇ شۇنداق ئۆتۇر .

3671 ئۇمىد ۋە خەۋپنى سەن قانات ئەيلىگىن ،
بۇ ئىككى ئارادا يولۇڭ تاللىغىن .

— ئى دانىشمەن بوۋا ، ھەقىقەت ئىپادىلەنگەن سەمىمىي سۆزىڭىز قەلبىمىزگە خىجىللىق ئوتىنى تۇتاشتۇردى . بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈشكە نە ھەددىمىز ، كۆڭۈل يارىسىنى داۋالاشقا نە سەۋرىمىز بولسۇن ! ھېكمەت مەلھىمىڭىزنى جاراھىتىمىز ئۈستىگە چېپىڭ - دە ، ھايات مەنزىلىمىزگە نۇرلۇق مەشئىلىڭىزنى يېقىڭ !

— ئوغلۇم ، ئىنساننى ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ئىگە قىلىدىغان مۇنداق مۇھىم ئۈچ ئامىل بار : بىرى ، ئىلىم - ھېكمەت ؛ ئىككىنچىسى ، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە توغرا ئىنسانىي مۇناسىۋەت ؛ ئۈچىنچىسى ، ياخشى ئەمەل ۋە شىجائەت . مانا بۇ سائادەت قەدىمى . بۇنداق قەدەم ئىز باسقان ھەرقانداق جاھالەت گۆرىستانلىقىدىن ساخاۋەت گۈلى ئېچىلىدۇ ، قاباھەت دەشتىدىن بەخت قۇياشى يۈز ئاچىدۇ .

— ئى بوۋا . ئۇنداق بولسا بىزنى ھېكمەت دۇنياسىغا باشلاپ كىرىڭ - دە ، ئالدى بىلەن ئىلىم قەسرىنى ئېچىپ ، ئىنسانىي قەدىر - قىممەتكە ئېرىشەلەيدىغان خاسىيەتلىك يولغا باشلاڭ ، ۋۇجۇدىمىز سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان كىر - تۇزانلارنى يۇيىۋېتىڭ .

— ئوغلۇم ، ئۇنداقتا قەلب دەپتىرىڭىزنى ئاچقىن - دە ، زېھىن قەلىمىڭ بىلەن پۈتۈۋالغىن :

190 كىشىدىن كىشىگە مىراس سۆز قالۇر ،
مىراس سۆزنى تۇتساڭ يۈز پايدا بولۇر

× × ×

ئەپسۇس ، چۈشۈم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئويغىنىپ كەتتىم . بۇنىڭ سەۋەبكارى سائەت قوڭغۇرىقىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئىدى . دەرۋەقە ، دەرسكە كىرىشكە ئازلا ۋاقىت قاپتۇ . مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئالدىراپ يۈز - كۆزلىرىمنى يۇدۇم - دە ، چايمۇ ئىچمەستىن ماتېرىياللارنى قولتۇقۇمغا قىسىپ دەرسخانا بىناسى تەرەپكە ماڭدىم . قولتۇقۇمدىكى ماتېرىياللارنىڭ ئاساسلىقى يەنىلا «قۇتادغۇبىلىك» بولۇپ ، بايا چۈشۈمدە «بوۋام»نىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان مىسرالار ئۇنىڭدا ئەينەن بار ئىدى . بىراق ، چۈشنىڭ داۋامىنى كۆرەلمىگەنلىكىم ماڭا قاتتىق ئەلەم قىلدى . چۈنكى ، بۇ خاسىيەتلىك چۈش ئۇزاقراق داۋاملاشسا ، «بوۋام»دىن ھايات توغرىسىدا يەنە نۇرغۇن سوئاللارنى سورىۋالغان بولاربىدىم . ئارقىدىنلا ، بۇنىڭغا ئەپسۇسلىنىشنىڭ بىھاجەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم . چۈنكى ، قولتۇقۇمدىكى شاھ ئەسەر — «قۇتادغۇبىلىك» بوۋامغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . ئۇنىڭدا ، يۈسۈپ بوۋامنىڭ ئۇلۇغ مەقسىتى ، غايىسى ، ئۈمىدى ، ئەقىل - پاراستى ، ھايات قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى دانا قاراشلىرى بارغۇ!

مەن چوڭقۇر قىزىقىش ئىلكىدە يەنە بۇ كىتابنى قايتا - قايتا ئوقۇپ ھاياتلىق ئۈچۈن قىبلىنەما قىلغۇدەك جاۋابلارغا ئېرىشتىم . ھايات مۇساپەمدە دۇچ كەلگەن نۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب تاپتىم . شۇنداق قىلىپ مەن يۈسۈپ بوۋامنىڭ روھىنى زىيارەت قىلىش شەرىپىگە ئېرىشتىم .

# بىرىنچى باب

## ئىلىمنىڭ ھىممىتى، ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ پالاكىتى توغرىسىدا

ئى قەدىرلىك ئوغلۇم، سېنىڭ كۆزۈڭ ئېچىلىپ، ئەقلىڭگە كېلىپ، قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىڭنى تونۇشتۇر. ئىنسان دۇنياغا تۆرىلىپ پەقەت ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن باشلاپلا پەن - مەدەنىيەتكە قەدەم قويغان. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەسلي بۈيۈك بولىدۇ. پەقەت ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان بىرلا پەرق بار، ئۇ بولسىمۇ — بىلىم. بىلىملىك ئادەم ھەرقاچان، ھەممە يەردە ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك سانىلىدۇ؛ بىلىمسىزلەر خار ۋە ئېتىبارسىز بولىدۇ. نادانلىقنىڭ يىلتىزى شۇنچىلىك ۋەھشىيكى، ئۇ يوقىلىش، ھالاكەت مەنبەسىدىن سۇ ئىچىدۇ. بىلىم ئىنساننى يۈكسەكلىككە، بۈيۈكلۈككە يەتكۈزىدۇ؛ يۈكسەكلىك، گۈزەللىكنىڭ دۈشمىنىمۇ بىلىمسىزلىكتۇر. سەن ئۆزۈڭ تۆۋەن ئورۇندا بولساڭمۇ، باشقىلار بىلەن ئوخشاشلا بىر ئىنسان ئىكەنلىكىڭنى تولۇق چۈشىنىشىڭ كېرەك. دەۋرداشلىرىڭدىن ئەقىل - پاراسەتتە تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇش نومۇسلۇق ئىش. سەن يۈكسىلىشنى، ئادەمدەك ياشاشنى بىلىشىڭ كېرەك. بۇنىڭ بىردىنبىر يولى بىلىمنى قەدىرلەش،

ئوقۇشنى ئۇلۇغلاش ۋە بۇ يولدا جان پىدا قىلىش . پەقەت مۇشۇلا
سېنى ئۇلۇغلۇق شۆھرىتى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ .

152 بىلىمنى بۈيۈك بىل ، ئوقۇشنى ئۇلۇغ ،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۈر قۇلنىمۇ تولۇق .

1958 ئادەم بالىلىرى ھەممە ئەسلى بۈيۈك ،
بىلىملە خىللىنىپ بولۇر كۆپ تۈزۈك .

بىلسەڭ ، سەن قانچىلىك بىلىملىكسەن ، ئەلگە شۇنچىلىك پايدىلىقسەن ؛ قانچىلىك نادانسەن ، ئەلگە شۇنچىلىك ئېغىر يۈكسەن ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئاپەتسەن ؛ سەن بۇ دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا قانچىلىك كۆپ بىلىشكە ئىگە بولساڭ ، شۇنچىلىك ئەركىنلىشىسەن ، ئۆزۈڭگىمۇ شۇنچىلىك يېقىنلىشالايسەن ؛ سەن نېمىنى چۈشەنمىسەڭ ، شۇ نەرسە مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان قىرغاق بولۇپ قېلىۋېرىدۇ .

بالام ، دۇنيادا بىلگىلى بولمايدىغان نەرسە يوق ، بىز تېخى بىلەلمىگەن نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ . ھېچبولمىغاندا ئۆزىنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ، ئەخلاق - پەزىلىتى ، مىللىي ئەنئەنىسىنى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى توغرىسىدا بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان ئادەمنى قانداقمۇ مۇكەممەل ئادەم دېگىلى بولسۇن ؟ بىلىم دېڭىزىغا كىرىشنىڭ ۋە مۇۋەپپەقىيەت قىرغىقىغا چىقىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشتۇر . بىلىم دېگەن چايناپ يېگۈزۈپ قويىدىغان نان ئەمەس ، ئالىي بىلىم چوققىسىغا چىقىشتا مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ

ئۆزىلا شەرت ئەمەس، ئۇ زور مۇشەققەت بىلەن ئېرىشكىلى بولىدىغان بايلىق، ئۆگىنىش ۋە بىلىش سەن ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ئەمەس. بەلكى ئۇ قەتئىي باش تارتىپ بولمايدىغان زۆرۈر شەرت. سەن بىلسەڭ بىلىم ئۆگىنىش كۈندىلىك ئاش ـ تاماقتىنمۇ مۇھىم، چۈنكى تاماق يېيىش سېنىڭ ھايات تۇرۇشۇڭغىلا كاپالەتلىك قىلىدۇ، بىلىم بولىسا سېنىڭ تىرىك «ئۆلۈك» بولۇپ قالماسلىقىڭغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئادەمنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى — بىلىش، پىكىر قىلىش، ئىزدىنىش؛ بىلىش، پىكىر قىلىش، ئىزدىنىش بار يەردە تەرەققىيات بار، ئادەم بار؛ ئەگەر ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولساڭ، ئىنسانىي ئالاھىدىلىكىڭدىن مەھرۇم قالىسەن. بىلىش ھوقۇقى ساڭا ئاتا قىلىنغان ئەڭ مۇقەددەس ھوقۇق، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇپ قالساڭ، ھەممە بەھرىمەنلىك ھوقۇقۇڭدىن مەھرۇم بولىسەن.

ئىنسانلار ھاياتلىق دۇنياسىغا قەدەم قويۇشى بىلەن ئارزۇ-ئۈمىد مەشۇتلىرىغا ئېسىلغان. ئۇلار مۇشۇ مەشۇتلارغا ئېسىلىپ ئۇزاق مەزگىل كۈرەش قىلدى. بىراق، ئۇلارغا سايىدەكلا ھەمراھ بولغان قاباھەتلىك زۇلۇم زەنجىرى ئۇلارنى قانىتى يوق قۇشقا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇلار ئاخىر بۇ قاباھەت زەنجىرىنى ئۈزۈشنىڭ ئالتۇن قانىتىغىمۇ ئىگە بولدى. ئادەملەر ھاياتتا ياشاش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال ئىلىمنى يولباشچى قىلىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندى. چۈنكى، ئىلىملا ساڭا ئەڭ توغرا يول باشلىغۇچى بولالايدۇ. ئىلىمنى قورال قىلساڭ، ھەرقانداق مۇشكۈللۈك ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيسەن.

302 كىشى ئوغلى سۈندى قوڭۇر يەرگە قول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەر نەرسىگە يول.

115 ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.

شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، بىلىمسىزلىك بەئەينى ساقايماس كېسەللىكتۇر. بۇ كېسەللىك ساڭا ھەر خىل ھاقارەت تامغىسىنى بېسىشقا قابىل. بۇ كېسەلگە ھەرقانداق تېۋىپمۇ داۋا تاپالمايدۇ. بۇنىڭ بىردىنبىر شىپاسى بىلىم ئىگىلەش. ئوغلۇم، سەن ئۆزۈڭگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان بۇ كېسەللىكتىن تېزرەك قۇتۇلۇشنىڭ پېيىگە كىرگىن. بولمىسا تىرىك «ئۆلۈك» بولۇپ قالىسەن. بۇ ھالدا سەندە ئادەملىك نىشانى قالمايدۇ. ئادەم ھامان ئۆلىدۇ، بۇنىڭ ئۈنچىۋالا دەھشەتلىكى يوق. دۇنيادا ئەڭ دەھشەتلىك ئۆلۈم — تىرىك تۇرۇپ ھايات دەرىخىنى ۋاقىتسىز غازاڭ قىلىش. كەچ كۈز كەلگەندە دەرەخلەرنىڭ غازاڭ بولۇشى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، يامىنى يازغا ئۇلىنىشا - ئۇلاشمايلا غازاڭ بولۇش. دېمەكچىمەنكى، ۋاقىتسىز غازاڭ بولۇشتىن ساقلانغان.

156 بىلىم مەنىسىن بىل، بىلىم نېمە دەر،
بىلىم ئۇ ساقايتۇر كېسەل بولسا ئەر.

ئوغلۇم، شۇنى ھەرگىز ئۇنتۇغۇچى بولما: دۇنيادا بىلىمدىن قىممەتلىك بايلىق يوق. سەن قولۇڭدىكى ئاز - تولا مال - دۇنيارىڭغا ئىشىنىپ مەيدەڭنى كەرمە! مال - دۇنيا ساڭا تولۇق بەخت - سائادەت ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ بولالمايدۇ. مال-دۇنيا سېنى ئارامىڭدا قويمايدۇ. ئۇ ساڭا ھەر خىل پالاكەتلەرنى ياغدۇرىدىغان مەنبە بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. سەن بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ياشىيالمايسەن. ئىقتىسادىي بايلىقمۇ ساڭا

مەڭگۈ باقىي ئەمەس . ئۇ ، ئوت كېتىش ، ئوغرىلىنىش ۋە قاراقچى تەرىپىدىن بۇلىنىش ، ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىپ بۇزۇپ - چېچىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سىنى خاراب قىلىشى مۇمكىن . بىراق ، بىلىم بۇ خىل ئاقىۋەتلەردىن ئەبەدىي خالىيدۇر . ئۇ قەلبىڭدە تۈگىمەس بايلىق بولۇپ قېلىۋېرىدۇ . ئىجتىھات قىلىپ بىلىمىڭنى تولۇقلاپ ، ئۇنى ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرساڭ ۋە ئەۋلادلىرىڭغا قالدۇرساڭ ، مەڭگۈلۈك نامىڭ قالىدۇ . قەبرەڭنى دەۋر شامالىلىرى ئۇچۇرۇپ كېتىپ ، ئۇنىڭدىن ئىز - نىشانە قالمىغان تەقدىردىمۇ ، روھىڭ ئەۋلادلىرىڭ قەلبىدە ئەبەدىي ياشايدۇ . بىلگىنكى ، بىلىم ئوغرى ئالالمايدىغان ھەم كۆيمەيدىغان ھېكمەتلىك گۆھەر .

313 بىلىم بايلىق ئول گادايلاشمايدىغان ،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان .

ئەي ئوغۇل ، بىلىمسىزلىك سەن ئۈچۈن ئېزىتقۇ ، ئۇ سېنى ئىنسان قېلىپىدىن چىقىرىدۇ ، ئەقىل بوستانىڭنى ئۇششۇتۇپ سارغايتىدۇ . بىلىم — قەبىھلىك ئۈچۈن سېلىنغان كىشەن .

314 كىشىگە ئەقىل ۋە بىلىمدۇر كىشەن ،
يامانلىق قىلالماس ئەر كىشەن بىلەن .

ئىنسان بالىسى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئەيىب — بىلىمسىزلىك ، دىلى قاراڭغۇلۇق ، نادانلىق ، كۆزى ئوچۇق قارىغۇلۇق . بىلىم كۆزى يوققا كۆز ، پۇتى يوققا پۇت ، قولى يوققا قول ، تىلى يوققا تىل بولالايدۇ . شۇڭا ، سەن ئۆزۈڭنىڭ بىلىمسىزلىكىڭدىن

نومۇس قىلىشىڭ كېرەك. دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى تاللىيالمىغان ئىنساندا ئىنسانىي تۇيغۇ كەم بولىدۇ ياكى بولمايدۇ.

260 جاھاندا نېمە بار بىلىمدىن قىممەت،
بىلىمسىز دېسە ئىنسان ئۇچۇن بەكمۇ سەت.

بىلىم ئىگىلەشكە ئىشتىياق بىلەن كىرىشكىن، بىلىمسىز كىشىنىڭ ھېچبىر كىشىگە پايدىسى تەگمەيدۇ. بىلىم-ھۈنەرسىز كىشى قۇرۇق خادىغا ئوخشايدۇ. قۇرۇق خادا ھەتتا ئۆزىگىمۇ سايە چۈشۈرەلمەيدۇ. ھۈنەر-بىلىم بىلەن ئادەم ھەقىقىي ئادەمدۇر. بولمىسا ھايۋاندىن ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ. ھەتتا ھايۋانمۇ بىلىمسىز ئىنساندىن ياخشىراق. سەن ئۆزۈڭنى كامالەتكە يەتكۈز. يۈزۈڭ يورۇق بولسۇن.

ئادەم كىيىم-كېچەك، چىراي-تۇرق بىلەنلا ئادەم ھېسابلانمايدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ بايلىق شۆھرىتىڭ بىلەن پەخىرلەنمە. ھەرقانداق شان-شەرەپ، ئابرۇي ئىلىم ئارقىلىق تىكلەنگەن شانۇ-شۆھرەتتىن ئۇلۇغ بولمايدۇ. سەن ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا قەدىرلىك بولۇۋەرمەيسەن. سەن ئاتا-ئاناڭدىن، ئەجدادىڭدىن قالغان نام-نەسەب بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەقىل-پاراسىتىڭ ۋە ئىلىم-ھۈنىرىڭ بىلەن ئېتىبارلانغان. ئۈچاڭدىكى كىيىم-كېچەك، زىبۇزىننەت قۇرۇق سۆلەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ سېنىڭ ئالىيلىقىڭغا گۇۋاھ بولالمايدۇ. ئەگەر ئۈستۈۋېشىڭ كاتتا بولۇپ، ئىچىڭ كاۋاك بولسا، ئۇنداقتا قۇرۇق ھەيكەلدىن پەرقلەنمەيسەن. ئەگەر يۇقىرىدىكى تاشقى سۈپەتلىرىڭگە ئىلىم-

پەن قۇشۇلسا كىمخابقا گۈل چەككەندەك بولىدۇ .

2452 قۇرۇق بىر بوياقلىق ھەيكەل — ئىلىمسىز ،
بىلىملىك كىشى ئورنى كۆكتە — ئېگىز .

دۇنيادا دوست تۇتۇش توغرا كەلسە ئالدى بىلەن ئىلىم ـ پەننى دوست تۇتقىن . ھەرقانداق دوست ساڭا ئىلىم ـ پەندەك مېھرىبان بولالمايدۇ . ئىلىم داۋاملىق ساڭا سايەڭدەكلا ھەمراھ بولۇپ ، ئېغىر ئەھۋالدا قالغاندا قولداش بولىدۇ . سەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمىسەڭ ، ئۇ سەندىن مەڭگۈ يۈز ئۆرۈمەيدۇ . ئۇ خۇددى سەن بىلەن ئاللا يولىدا قەسەم قىلىشقان قېرىنداشقا ئوخشاش . ئۇ سەندىن ياخشىلىق كۆرمىسىمۇ ، يامانلىق قولىنى سۇنمايدۇ . بىلىمسىزلىك سەن ئۈچۈن ئەڭ يامان دۈشمەن بولۇپ ، تۇرمۇشۇڭنى ، ئار ـ نومۇسىڭنى دەپسەندە قىلىدۇ . سېنى راۋاج تاپقۇزمايدۇ ، دوست ـ دۈشمىنىڭنىڭ ئالدىدا يەرگە قارىتىدۇ ، ھايات مەنزىلىڭنى زۇلمەت بىلەن تولدۇرىدۇ ، دۇنيادىكى مەئىشەت ئالەمنى سەن ئۈچۈن ھارام قىلىدۇ .

317 ئەقىلدۇر ساڭا ئاتا قىلىشقان ئاداش ،
بىلىم چىن مېھرىبان ساڭا قېرىنداش .

321 بىلىملىككە ئىلمى تولۇق تون ۋە ئاش ،
بىلىمسىزگە قىلىقى يامان بىر ئاداش .

ئوغلۇم ، ئالدىڭغا قارا ، ئىزىڭدا تەمتىرەپ قايمۇقۇپ يۈرمە ، يىراققا نەزەر سال ، ئورنۇڭغا قارا ، دەۋرىڭگە قارا! بىر دەۋردە ،

بىر ئەسىردە ياشاپ تۇرۇپ تۇرمۇشۇڭ، تەسەۋۋۇرۇڭ، مەقسىتىڭ، غايەڭنىڭ قايسى چۆل - جەزىرىلەردە قالغانلىقىنى ئويلا، سەنمۇ دەۋرداشلىرىڭنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇشقا تىرىشقىن. ھەسرەت - نادامەت، يىغا - زارىسىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق تەس تۈگۈننى ئىلىم - پەن ئارقىلىق يەشكىلى بولىدۇ. سەن تەن مۈلكىڭنى ئىلىم - پەن بىلەن سۇغىرىپ، ئەقىل كامالىتىڭنى پەلەككە يەتكۈزگىن، شۇندىلا ئاقىلىق ياشىيالايسەن. قارىغۇلارچە ئاقىسىز ياشاش ئادەم بالىسىغا خاس خۇسۇسىيەت ئەمەس. ئەقىل ئىنسانغا بىكارغا ئاتا قىلىنمىغان. شۇ ئەقىلنى ئىلىم بىلەن سۇغارسا بۇ دۇنيادىمۇ جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىلى بولىدۇ.

3168 بىلىملە بىشىلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل ئەقىل ئۇق، ئاقىلىق ياشىغىن.

كۆرمىدىڭمۇ، باشقىلار ئەقىل سارىيىنى ئىلىم - پەن نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، ياخشىلىق ۋە يۈكسەكلىكنىڭ يولىنى تاپتى. ئىلىم - پەن — بارلىق ياخشىلىقنىڭ خاسىيەتلىك مېۋىسى. سەن ئۇنىڭ بىلەن مۇئەللەق ئاسمان سارىيىنى ماكان تۇتالايسەن. ئىلىم ساڭا ئالتۇن قانات بولىدۇ.

208 پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپئى ئول،
ئىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

ئەي ئوغلۇم، ئىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلىگەيسەن. ئۇلار ئەڭ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان كىشىلەر. ئەڭ ئەزىز كىشىلەرنى

ھۆرمەت قىلساڭ، سەنمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ قالىسەن. ئىلىم ئىگىلىرىنى قەدىرلەشمۇ ئاڭلىقلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. نادان ئادەم ئادەمنىڭ قىممىتىنى پەرق ئېتىشكە ناقابىلدۇر. دۇنيادا ئەڭ ئاز نەرسىلەر ھەممىدىن ئەزىز، قىممەتلىك بولىدۇ. ئارىمىزدا بىلىملىك ئالىملار شۇنچە ئاز، بىلىمسىزلەر، نادانلار ناھايىتى كۆپ. بۇ ئەھۋالدىن ئەجەبلىنىش كېرەك. بىلىمسىزنى تاش دېسەك، بىلىملىكلەر گۆھەرگە ئوخشايدۇ. تاش بىلەن گۆھەرنىڭ پەرقىنى ئاجرىتالمىغان ئادەمنى ئەقىل ئىگىسى دېيىشكە بولمايدۇ. ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەر ھەرقانداق جايدا ئىززەتلىك ئورۇنغا مۇناسىپ، ئۇلارنى ئەزىزلەش پەرز.

199 بەك ئازدۇر بىلىملىك، تولا بىلىمسىز،
ئەقىلسىز تولادۇر، ئەقىللىق ئەزىز.

سەن ئىنساننى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىمەن دېسەڭ، ئۇنىڭ بەستىگە، كىيىم ـ كېچەكلىرىگە، ئىسمىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا قارىما. ئۇلار ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئىسپات بولالمايدۇ. ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ـ ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بىلىمى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئادەمنىڭ پەرقىمۇ شۇ كىشىنىڭ بىلىملىك ياكى بىلىمسىزلىكى بىلەن سىنىلىدۇ. بۇ گېپىمىزنىڭ ئۆزرى ئۈچۈن تۆۋەندىكى بېيىتنى ئاڭلا:

201 كىشىدىن كىشىنىڭ تولا پەرقى بار،
بىلىمدۇر بۇ پەرق، سۆز شۇ ئۆزرە بارار.

تارىخ بېتىنى ۋاراقلايدىغان بولساڭ، ئەڭ ئۇلۇغ سەلتەنەت

ئورنى بىلىملىكلەرنىڭ بولۇپ كەلدى. ئەگەر سەن بىلىم ئىگىلىرىنى قەدىرلىمىسەڭ، ئۇلارغا ھېچقانداق دەخلى يوق، سەن چالما دېسەڭ، باشقىلار ئالما دەپ قەدىرلەۋېرىدۇ. پەقەت ئۆزۈڭ جاھىللار جۈملىسىگە كىرىپ قالىسەن، بىلىم ئەھلىدىن ئالىدىغان بىلىم بايلىقىدىن ساڭا ھېچقانداق ئۈلۈش تەگمەيدۇ، خالاس.

220 قايىۇ ۋاقتا بولسۇن، بۇ كۈندىن بۇرۇن،
بىلىملىككە تەگدى بۇيۇكرەك ئورۇن.

پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر ئايلىنىپ، نادانلار قاتراپ، تۆر بىلىمسىزگە ئورۇن بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، خۇددى ساپ ئالتۇن لاي ئىچىدىمۇ ئۆز رەڭگىنى ھەم قىممىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالغىنىغا ئوخشاش، بىلىمسىزگە ئورۇن بەرگەن تۆر پەگاغا، بىلىملىككە تەگكەن پەگا بەربىر تۆرگە ئايلىنىدۇ.

262 بىلىمسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا كۆر،
بۇ تۆر بولدى پەگا، پەگا بولدى تۆر.

263 بولۇپ قالسا پەگا ئالىمغا ئورۇن،
بۇ پەگا بولۇر تۆر تېخى ئەڭ بۇرۇن.

چۈنكى، ئەسلىي ھۆرمەت ھەرقانداق كىشىنىڭ تەقى - تۇرقىنىڭ سالاپەتلىكلىكى، پىگورىسىنىڭ كېلىشكەنلىكىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى شۇ كىشىنىڭ بىلىمىگە ئاساسەن بولىدۇ. شۇڭا، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئورنى تۆردە بولۇشى ياكى پەگادا بولۇشىغا

قارىماي ، ئۇنىڭ بىلىمىگە ھۆرمەت قىل . نادانلار ، پۈرسەتپەرەسلەر ھەرقاچان ئالىمغا قارشى . نادانلار ، جاھىللار ئالىمدىن خۇددى ئەزرائىلنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورققاندەك قورقۇشىدۇ ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى كۆزلىشىدۇ . ئوغرى ئۈچۈن كېچىدە ئاينىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئەمەسمۇ ، جاھىللارنىڭ دۈشمەنلىكى ئۇلارنىڭ پۈرسەتپەرەسلىكىدىن تۇغۇلغان .

200 بىلىمسىز بىلىملىككە بولدى يېغى ،
نادانلار ئالىمغا قارشى ھەر چېغى .

ئوغلۇم ، جەمئىيەتتىكى ئالىملار توپى دېڭىزدىكى ماياكقا ئوخشاش خەلق كېمىسىگە يول كۆرسەتكۈچ چىراغ . ئۇلارنىڭ ئىلمى خەلقنى سائادەت يولىغا باشلايدۇ .

4353 ئۇلار قوي پادىسى ئىچرە سەركەدۇر ،
ئۇ باشلاپ ماڭسا قوي تۈز يولغا يۈرۈر .

ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى ھەقىقىي روناق تېپىش يولى . سەن ئۇلارغا ئەگەش ، ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتقىن . ئۇلارنىڭ بىلىمىدىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۆگىنىۋال ؛ سۆزى توغرا بولسىلا ، ھېكمەت بىلىپ ئەمەل قىل . ئۇلارنى ھەقىقەتنى سۆيگەندەك سۆيگىن . ئۇلار ئاق ـ قارىنى ، ھەق ـ ناھەقنى ، يارامىلىق ـ يارامسىزنى توغرا پەرق ئېتىدىغان ئاقىللاردۇر . شۇلارنىڭ يولىدا پاك ، بىغۇبار بول . ئالىملار ئىنسانىيەت دۇنياسىدا شۇنچىلىك قەدىرلەشكە مۇناسىپكى ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىلمى بولمىغاندا ئىدى ،

يەرگە ئۇرۇق تېرىلىپ ، ئاشلىق ياخشى ئۈنمىگەندەك ئىش بولار ئىدى .

4346 يوق ئەرسە جاھاندا ھېكىم ، ئىلىملىك ، تېرىپ ، ئۈنمەس ئەردى يەردە يېگۈلۈك .

ئەي ئوغلۇم ، يۇقىرىدا ئۇلۇغلىغان ئۇلۇغلاشلىرىمىز ، چىرايلىق مەدھىيىلىرىمىز ، قول باغلاشلىرىمىز ئۇلارغا نىسبەتەن چوڭ مەنىۋى ئىلھام ، لېكىن بۇ كۇپايە قىلمايدۇ ، توخۇيۇم كاكىلىسا ، لېكىن دان يېمىسە دېيىش يارىمايدۇ . ئالىملارنىڭ مەقسىتى ئەل - ۋەتەننىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ . سەن ھەقىقەتەن ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان بولساڭ ، ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ يولى بىلەن ھەمنەپەس بول . ئۇنىڭغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل ، ياردىمىڭنى ئايىما . ئۇنىڭ ئازراق خۇي - پەيلىدىن رەنجىپ ، تىل تەگكۈزگۈچى بولما . تۇرمۇش خاتىرجەملىكى بىلىم - كامالەتنىڭ ئۆزۈكى بولسا ، تۇرمۇشتىكى قىسىلىش كامالەت قەدىمىنىڭ تۈزىقى بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار تۇرمۇشتا قىسىلىپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن . ئۇلار نېمىگە ھاجەت بولسا ، ھاجىتىنى راۋا قىلىش كېرەك . ئەقىل ئىگىلىرى تۇرمۇشتا ئاسايىشلىقتا ئېرىشىپ ، بىلىم شەربەتلىرىنى جەمئىيەتكە تەقدىم ئەتسۇن . ئىلىم ئىگىلىرى قەدىرلىنىشكە ئەڭ ھەقلىق كىشىلەردۇر .

5553 ساقلا سەن ھەققىنى ، ئاش ئۆزۈق بېرىپ ، قالمىسۇن ئەي دانا ، ئۇلار قىسىلىپ .

ئى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئوغۇل ، ئىلىم - ھېكمەتتىن تىكلەنگەن ھۆرمەت ھەيكىلىنى كىبىرلىك توپانى بىلەن غەرق قىلمىغىن ، شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى ، ئىلىم - ھۈنەر باشقا ئىش ، خىسلەت يەنە باشقا بىر ئىش . ياخشى خىسلەت ھۆرمەت دەرىجەڭنى ياشارتىدۇ ؛ ھاكاۋۇرلۇق قەدىر - قىممىتىڭنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتىدۇ . سەن قانچىلىك كىچىك پېئىل بولساڭ ، تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كۆرۈنىسەن . مەيدەڭنى قانچە كەرسەڭ ، كىشىلەر نەزىرىدىن شۇنچە چۈشىسەن . دۇنيادا ئەل - جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشتىن ئارتۇقراق خۇشاللىق بولمىغىنىدەك ، ئۇلارنىڭ نەزەر - ئېتىبارىدىن چۈشۈپ قېلىشتىن ئارتۇق يوقىتىشمۇ يوق . ھۆرمەتكە مۇيەسسەر بولۇش ئانچە ئوڭاي ئەمەس ، لېكىن ئۇنى يوقىتىپ قويۇش بەكمۇ ئوڭاي . سەن قانچە بىلىملىك بولساڭمۇ ، ئۆزۈڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇما! ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇش يېڭىدىن - يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولىدۇ . كەمتەر بولساڭ ، باشقىلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگىمۇ سازاۋەر بولىسەن ، ھۆرمەتنى ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلىش — ئەڭ ياخشى كىشىلەرنىڭ خىسلىتى .

× × ×

— ئى ، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن دانىشمەن بوۋا ، يۇقىرىدا ئىلىم - پەننىڭ ساخاۋىتىدىن گۈلدەستە تىزىپ قەلبىمىزنى خۇش پۇراققا تولدۇردىڭىز . ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ قەدىر - قىممىتىدىن يىقىلماس پىرامىدا تۇرغۇزۇپ بەردىڭىز . ئەمدى ئىلىمنى قانداق جايغا ئىشلەتسە ، تېخىمۇ پارلايدىغانلىقى ھەققىدە تەلىم بېرىڭ!

— ئى ئوغلۇم ، ئاڭلا ، بىلىم ئىگىلەشتىن مەقسەت ئىككىدۇر : بىرى ، ھەسەل ھەرىسى بال يىغقاندەك ئەجىر بىلەن

تۇپلاش؛ يەنە بىرى، ئېھتىياج تۇغۇلغاندا چىقىرىش. سەن ئۇزاق ۋاقىت ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىلىم- ھېكمەت دېڭىزىدىن نۇرغۇن دۇر - گۆھەرلەرنى قەلب خەزىنەڭگە يىغدىڭ. ئەمدى ئۇنى ئورۇنلۇق جايغا ئىشلىتىش ئۈچۈن يەنە جاپالىق مەنزىللەرنى بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. خەزىنىدە دۇر - گۆھەرلەر تولۇپ ياتقىنى بىلەن ئۇنى ئىشلەتمىسە نېمە پايدا؟! خەلقىڭ بۇ قىممەتلىك ئىلىم ئۈنچىلىرىگە بەكمۇ موھتاج. سەن ئىلمىڭنى ئۆزۈڭنىڭ قەلب بوستانىنى بېزەش ئۈچۈنلا ئۆگەنگەن بولساڭ، ئۇنىڭ ھېچبىر قىممىتى بولمايدۇ. ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتى باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا. دېڭىزنىڭ ئاستىدىكى ئۈنچە - مەرۋايىتلار قانچە مۇشكۇلات بىلەن چىقىرىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدىن پايدىلانمىسا، ئادەتتىكى تاش - تۇپراقتىن ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ.

212 دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۈنچە كىشى،
قالۇر پەرقسىز بولۇپ ئۈنچە ساي تېشى.

سەن ئىلىم نۇرىڭ بىلەن ھاياتىڭنى نۇرلاندۇرىمەن دەيدىكەنسەن، ئىلىم بايلىقىڭنى تىلدىن ئىبارەت مۇقەددەس قورال بىلەن خەلقىڭ قەلبىگە چاچ. ئۇنىڭ نەتىجىسى ئۆزۈڭ ئۈچۈنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق بەخت - سائادەتنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، بىلىم قەلب سارىيىدا نەچچە مىڭ يىل ياتسىمۇ يورۇق بەرمەيدۇ، بۇ ئۆزۈڭگىمۇ پايدىسىز، ئەلۋەتتە.

214 گەر ئالىم ئىلمىنى چىقارمىسا تىل،
يورۇتماس ئۇنىڭ ئىلمى ياتسىمۇ يىل.

كۆرمىدىڭمۇ ، ئالتۇن يەر تېگىدىكى تاشقا ئوخشاش ئىدى ، يەر تېگىدىن چىقىرىلىشى بىلەن بەگلەرنىڭ بېشىغا تاج بولمىدىمۇ؟

213 قوڭۇر يەر تېگىدە ئالتۇن ئىدى تاش ،
گەر چىقسا بەگلەرگە بولۇر باشقا تاج .

ئى ئەقىل ئىگىسى ، ئەقىلنى ئۇلۇغ ، بىلىمنى بۈيۈك بىل . ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نەرسە ھېسابلىنىدۇ . ئۇنى خۇددى كۆز نۇرۇڭنى ئىشلەتكەندەك ، يورۇقلۇق ئۈچۈن سەرپ قىلغىن . ئەگەر ئىلمىڭنى بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلساڭ ، ئالتۇندىن ئېشەككە تاقا قىلغاندەك ، گۆھەرنى تاشقا ئۇرغاندەك بولىسەن . ئىلمىڭنى گۈزەل ئىستىقبال ئۈچۈن سەرپ قىلىپ ، ئىلىم - ھېكمىتىڭنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن كۆكتە تەڭ ئۇچقىن .

215 ئەقىل ۋە بىلىم ئول ئۇز نەرسىدۇر ئەڭ ،
ئەگەر بولسا ئىشلەت ، ئۇچۇپ كۆككە تەڭ .

— ئەي بوۋا ، ئىلىم دېگەن غايىبانە نەرسىمۇ ياكى تىرىشچانلىق كۆرسەتسىلا ئىگىلىگىلى بولىدىغان مۆجىزىمۇ ؟ بەزىلەر ، توغما ئەقلىي قابىلىيەت بولمىسا ، ھەرقانچە ئۆگەنگەن بىلەنمۇ نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ ، دەيدۇ . بۇ گەپنىڭ قانچىلىك ئاساسى بار ؟

— ئى ئوغلۇم ، ئېسىڭدە بولسۇنكى ، ئادەم ئانىسىنىڭ قورسىقىدىنلا ئالىملىق تاجىنى كىيىپ چۈشمەيدۇ . سىلەر ئالىملارنىڭ ئالىملىق شەرىپىنىڭ بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىق

ئارقىلىق كەلگەنلىكىنى بىلىشىڭلار كېرەك . بىلىم بىلىمنى قەدىرلىگۈچىلەرگە كۈلۈپ باقىدۇ . سەن ئىلىم - ھۈنەر كامالىتى بىلەن ئەل ئارىسىدا تونۇلغانلارنى ئەسلىدىنلا شۇنداق يارامىلىق تۇغۇلغان دەپ خاتا چۈشىنىپ قالما . دۇنيادا ھېچقانداق ئىنساننىڭ يەرگە چۈشۈپلا ھېكمەتتىن تىلى چىقمىغانغا ئوخشاش ، بىلىممۇ بىر قەترە - بىر قەتردىن يىغىلىپ ، ئاخىردا تەشنائى دىللارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغۇدەك شەربەت كۆلچىكىگە ئايلىنىدۇ .

4021 بىلىملىك تۇغۇلماس كىشى ، ئۆگىنۇر ،
تۇغۇلۇپ سۆزلىمەس تىل ، تۇرۇپ سۆز قىلۇر .

1820 ئۆسەر كۈنمۇ كۈن ، ئەقلىي كامىللىنۇر ،
نېمىكى خالىسا شۇنى ئۆگىنۇر .

ئەمما ، بىلىم ئىگىلەشتە مۇنداق مۇھىم ئىككى ئالدىنقى شەرت بولۇشى كېرەك : بىرى ، ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ئەس - ھوشى جايىدا ، ئەقلى تولۇق تۇغۇلۇشى كېرەك . ئەگەر تۇغۇلۇشىدىنلا ئەقلى كەمتۈك ، ھاڭۋاقتى تۇغۇلۇپ قالسا ، بۇنداقلار ھەرقانچە ئۆگەنسىمۇ تولۇق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ . ئۇ قانچە تىرىشقىنى بىلەنمۇ تىلەككە يېتەلىشى ناتايىن . ئەقلىي قابىلىيەت شۇنداق دەسمايىكى ، ئادەم بالىسى شۇ ئەقلىي قابىلىيەتكە تايىنىپ بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىق بارا - بارا كامالەتكە يېتىدۇ ؛ يەنە بىر شەرت شۇكى ، ئىلىم تىلىسەڭ ، ئىلىم - پەننىڭ يۇكسەك چوققىسىغا چىقىشنى نىشان قىلساڭ ، ئەقلىڭنىڭ ساپ ، بىغۇبار چاغلىرى بولغان بالىلىق ۋە ياشلىق مەۋسۇمىڭدىن تولۇق پايدىلان . ئۇ

چاغلاردا كۆڭلۈڭ غەيرىي خىياللار تۈزىقىدىن ئازاد، قەلب سەھنەڭ ئازادە بولىدۇ. قوبۇل قىلىش ۋە ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىڭ ھايات مەنزىلىڭنىڭ ئالتۇن چېغى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشلىق باھارىڭ بىكار قولدىن كەتكەن مەزگىلدە ئۆگىنەي دەپ ھەرقانچە كۈچەنسەڭمۇ، تۇرمۇش ۋە ئائىلىۋى ئىشلارنىڭ غېمى ساڭا تولۇق ئاراملىق بەرمەيدۇ. ياشلىق مەۋسۇمىنى قولدىن بەرسەڭ، كېيىنكى تىرىشچانلىقىڭ ياخشى مېۋە بەرمەيدۇ، پۇشايمان قىلىسەن، خالاس. كىچىكلىكىڭدىن تارتىپ ئىجتىھات بىلەن بىلىم ئىگىلەپ، چوڭ بولغاندا، ئۇنى ئەۋلادلىرىڭ ئۈچۈن سەرپ قىل.

1823 كىچىك چاغدا ئىنسان بىلىم ئۆگىنۇر،
چوڭايسا ئۇنۇڭلە تىلەككە يېتۇر.

× × ×

ئەي ئىلىم دۇنياسىنى كەزگەن، بىلىمسىزلىك جاھالىتىنىڭ ئاچچىق ساۋىقىنى سەزگەن قەدىرلىك بوۋا، ئىلىم ھېكمىتىدىن چاچقان دۇرلىرىڭىز قەلب بىنايىمىزغا نەقىش بولۇپ چېكىلدى. كۆز ئالدىمىزدىن نادانلىقتا دۇچ كەلگەن قاباھەتلىك كۈنلەرنى كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. سىز بىزگە دۇنيادىكى ھەرقانداق بەخت - سائادەتنىڭ پەقەت ئىلىم - پەن يولى ئارقىلىق ئاچقىلى بولىدىغان مەئىشەت خەزىنىسى ئىكەنلىكىنى تونۇتتىڭىز. سىز بىلىمنى قەدىرلەپ، ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەپ قەلب دۇنيايىمىزنى ئىلىم زىننىتى، ياق، بىلىم جەۋھەرلىرى بىلەن بېزەپ، ھايات بىنايىمىزنى قايتىدىن قۇرۇشقا ھەققانىي يوسۇندا دەۋەت قىلدىڭىز. ئەي بوۋا، بىز سىزدىن توققۇز ئەسىر كېيىن ياشاۋاتقان ئەۋلادلىرىڭىز. دۇنيا ئىلىم - پەن سەۋىيىسىدە سىز

ۋە بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىنمۇ زور يېڭىلىقلار مەيدانغا كەلدى . بىز بەكمۇ كېيىن قالدۇق ، باشقىلار پلانېتلارنى ماكان تۇتۇۋاتىدۇ . بىز تېخى تۈز يولدىمۇ راۋۇرۇس قەدەم تاشلاشقا جۈرئەت قىلالماۋاتىمىز . باشقىلار مىڭ يىللىدىن كېيىن كېلىدىغان ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ، يىراق كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاۋاتىدۇ . بىز بولساق ، تېخى قورساق ۋە كىيىم - كېچەكنىڭ غېمى بىلەن ئاۋارە .

ئەي بوۋا ، سىز خاتىرجەم بولۇڭكى ، بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق بىزنى داۋاملىق بەنت قىلالمايدۇ . سىز ئېيتقاندەك ، بىز باياشاتلىقنى ئىلىم - ئېرپان يولىدىن تېپىش ئۈچۈن بىر جان ئەمەس ، مىڭ جانىنىمۇ پىدا قىلىشقا تەييارمىز . بىزمۇ نادانلىقنىڭ جاھالەت پاتقىقىغا مەھكۇم بولۇۋېرىشىنى خالىمايمىز . ئادەم بولۇپ تۇغۇلغانىكەنمىز ، ئادەمدەك ياشاپ ، ئادەمدەك ئۆلىمىز .

ئەي بوۋا ، يەنە قانداق خاسىيەتلىك ئاقىلانە نەسىھەتلىرىڭىز بار ؟ بىز ئۇنى ئىشلىتىشكە ۋە جان - دىل بىلەن ئەمەل قىلىشقا تەييار . مۇددىئايىمىزنى ئېيتساق ، ئەمدى ئەقىل توغرۇلۇق چۈشەنچە بەرسىڭىز قانداق ؟

— ئوغلۇم ، ئەقىل ئادەمنى ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان تۈپكى نەرسە . كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئارتۇقچىلىقىدىن تولۇق پايدىلانمايدۇ ، ھەتتا ئۇنى بىلمەيدۇ . ئەقىل - پاراسەتنىڭ قىممىتى ۋە سۈپەتلىرى توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە بولماقچى بولساڭ كېيىنكى بابقا نەزىرىڭنى ئاغدۇرغايسەن .

# ئىككىنچى باب

## ئەقىلنىڭ قىممىتى ۋە سۈپەتلىرى توغرىسىدا

ئەي ئوغلۇم ، سەن ئۆزۈڭنىڭ بۇ ئالەمدىكى ئورنۇڭنى ۋە قىممىتىڭنى بىلەمسەن ؟ ئادەم بۇ ئالەمدىكى غايەت قۇدرەتلىك كۈچ ، بۇ دۇنيانىڭ روھى ھەم بېزىكى . چۈنكى ، ئۇ ئەقىل مۇقەددەسلىكى بىلەنلا پۈتۈن مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتتىن شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغدۇر . بۇ دۇنيا ئادەم بىلەنلا گۈزەللىكىنى نامايان قىلالايدۇ ۋە ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ . قاراپ باقساق ئىنسانىيەت تارىخىدا يۈز بەرگەن بارلىق مۆجىزىلەر ، بارلىق ئىختىرالار ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۈكسىلىشلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت ئەقلى قازانغان شان ـ شەرەپلەر ئىكەن . بىلىسەن ، ساڭا ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتتىن پايدىلىنىش ھوقۇقى ۋە شۇنىڭغا يەتكۈدەك ئەقىل كۈچى بېرىلگەن . ئادەمدە ئەقىل ۋە بىلىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ، ئاشۇنداق ئۇلۇغلۇق تاجىنى كىيدى ، ئەقىل ۋە بىلىم بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن تەس تۈگۈنلەر يېشىلدى .

ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر دىنبىر ئالاھىدىلىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئادەم پەقەت ئەقىل مۇقەددەسلىكى بىلەنلا دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتتىن ماھىيەتلىك ھالدا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . ئەقىل دېگەن ئىنسانغا

بىرىلگەن ئەڭ قىممەتلىك بايلىق . ئۇ بىزگە ئاتا قىلىنغان تەڭداشسىز كۈچ ۋە نۇر . ئادەمدە ئەقىل مۇقەددەسلىكى بولمىغاندا ئىدى ، ئىككى پۇتلۇق هايۋاندىن پەرقلەنمەس ئىدى . ئادەم هەرقانداق بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا ، ئۇنى بىلىم بىلەن باشلايدۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا ئەقىل بىلەن قوماندانلىق قىلىدۇ . چۈنكى ، بىلىم ئەقىل ئاتا قىلغان بىلىن نۆۋىتى كەلگەندە ئەقىلنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ . ئەقىل بىلەن قىلغان ئىش بۇزۇلماستۇر . ئەقىل كىشىگە ئەقىل ئۆگىتىدۇ ، ئەقىل يەنە ئەقىلگە يولباشچى بولىدۇ . كۆڭۈل بولمىسا كۆزمۇ تام تۆشۈكىگە ئوخشاش رولىنى يوقاتقاندەك ، ئەقىل بولمىسا كۆڭۈلمۇ ئۆز رولىنى يوقىتىدۇ . كۆزۈڭنى كۆڭۈل باشقۇرسا ، كۆڭۈلنى ئەقىل باشقۇرىدۇ . ئەقىل دېگەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭنىڭ ، بارلىق هەرىكەت - پائالىيەتلىرىڭنىڭ قوماندانلىقىنى ئۆتەيدۇ . قوماندان توشقان ، يارامىلىق بولسا ، هەرقانداق ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسى سەن ئۈچۈن هەر دائىم ئوچۇق بولىدۇ . ئەگەر قوماندان يارامسىز بولسا ، ئۇ هېسسىياتىڭ ، كۆڭلۈڭنىڭ ۋە نەپسىڭنىڭ ئېزىقتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدۇ - دە ، ساڭا هەرگىز مەقسەت دىدارىنى كۆرسەتمەيدۇ .

1991 - ئېرۇر پايدىسىز كۆز ، كۆڭۈل بولمىسا ،
كۆڭۈل پايدىسىزدۇر ، ئەقىل بولمىسا .

كونىلار ئەقىللىق ئادەمنى تىرىك هېسابلىسا ، ئەقىلسىز ئادەمنى ئۆلۈك هېسابلىغان . شۇڭا ، بالام ، ئۆزۈڭگە ئاتا قىلىنغان ئەقىلدىن ئىبارەت مۇقەددەس بايلىقتىن پايدىلىنالمىساڭ ، هاياتىڭدىنمۇ توغرا پايدىلىنالمايسەن . ئەقىل

دېگەن كۆزى يوققا كۆز، تىلى يوققا تىل، «ئۆلۈك» تەنگە جان بەخش ئېتىدۇ ئەمەسمۇ. شۇنچە قىممەتلىك بايلىقتىن جايىدا پايدىلىنالماسلىق، شۇنداق نۇرلۇق مەشئەلنى يورۇتماي قاراڭغۇ زۇلمەتكە پاتۇرۇپ قويۇش ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ جىنايىتى بولمامدۇ؟! ئەسلىدىن ئالغاندا، دۇنيادىكى ھەرقانداق مەھرۇملۇق ئەقىل بايلىقىنى نابۇت قىلىشتىن ئارتۇق بولمايدۇ. بالام، ئەقىل مۇنداق ئۈچ ئىشتىن نابۇت بولۇپ كېتىدۇ: بىرىنچى، ئەقىل ئۇ يامان، ئەسكى ئىشلارغا، قۇۋلۇق - شۇملۇق قىلىشقا ئىشلىتىش ئارقىلىق نابۇت بولىدۇ. بۇ خۇددى قىممەتلىك گۆھەرنى تاشقا ئۇرغانغا ئوخشاش ئەقىلسىزلىق. ئەقىل دېگەن ئىنسانغا يامان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياخشى، خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئاتا قىلىنغان؛ ئىككىنچى، ئەقىلنى نەپسىنىڭ ئىلكىگە تۇتۇپ بېرىش ئەقىلنى بۇلغايدىغان ئەڭ يامان كۈشەندىدۇر؛ ئۈچىنچى، خۇددى پىچاقنى بىلەپ تۇرمىسا گاللىشىپ قالغىنىغا ئوخشاش، ئەقىلنىڭ بىلىمى — بىلىش ۋە پىكىر قىلىش، ھەرىكەتمۇ پىكىر قىلىش بىلەن بولىدۇ، پىكىر قىلىش، ئىزدىنىش ۋە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ يورۇتۇشىدىن مەھرۇم قالغان ئەقىل قۇرۇق قاپاققا ئوخشاپ قالىدۇ. سەن ئۈچۈن بىر سائەتلىك پىكىر قىلىش ۋە ھەرىكەت بىر سائەتلىك چۈشەندۈرۈشتىن كۆپرەك نەرسە بېرىدۇ. بالام، ھەرقاچان ھەرىكەتتىن، پىكىر قىلىشتىن توختاپ قالمىغايسەن، ھەرقانداق قۇدرەتلىك كۈچمۇ سېنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ھوقۇقىڭغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزەلمەيدۇ. پىكىردە ۋە روھتىمۇ ئەركىن بولالمىساڭ، ھېچقانداق ئەركىنلىك قولۇڭدا بولمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئەقلى ئۆزىگە تەن، ئۆزۈڭنىڭ ئەقلى گەرچە ئاز بولسىمۇ ئۆزۈڭگە تەن.

باشقىلارنىڭ ئەقلى بىلەن قىلغان ئىشتىن ھېچقانچە چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايسەن، ھەرقانداق نەرسىنى ئارىيەت ئالغىلى بولغان بىلەن ئەقىل بىلەن بىلىمنى ئارىيەت ئالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆزۈڭنىڭ ئەقلى بىلەن ياشاشنى ئۆگەنگىن. ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئەقىلنى ئادىل ھاكىم ۋە كامىل مەسلىھەتچى بىلىپ، كۆپرەك ئويلاپ ئىش قىلىش كېرەك. ئەقىل مۇقەددەسلىكى سىنىڭ ئەڭ قىيىن ئەھۋاللاردىن ئۇڭۇشلۇق قۇتۇلۇپ چىقىشىڭغا يولباشچى ۋە مەسلىھەتچى بولىدۇ. ئەقىلسىزلىق سېنى ھەر قەدەمدە پالاكەت ۋە ئاپەت بىلەن ھالاك قىلىش يېيىدە بولىدۇ. مەن ساڭا بۇ خۇسۇستا مۇكەممەل ئاقىل، يېرىم ئاقىل، ئەقىلسىز جاھىل ئۈچ بېلىقنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەي.

## ئۈچ بېلىقنىڭ ھېكايىسى

يولدىن چەت بىر جايدا بىر كۆل بار ئىكەن. يولدىن يىراق بولغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ كۆزى بۇ كۆلگە ئانچە چۈشمەيدىكەن. بۇ كۆلدە ئۈچ بېلىق بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭلۇقى ۋە سېمىزلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىكەن. بۇ ئۈچ بېلىقنىڭ بىرى مۇكەممەل ئاقىل، يەنە بىرى يېرىم ئاقىل، ئۈچىنچىسى ئەقىلسىز جاھىل ئىكەن. بىر يىلى باھار مەزگىلىدە بۇ كۆلدىكى بېلىقلار ئىككى - ئۈچ بېلىقچىنىڭ نەزىرىنى تارتىپتۇ. ئۇلار بۇ كۆلدە بېلىق بارلىقىنى بىلىپ ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئەتىسى تور ئەپكېلىپ بېلىقلارنى تۇتماقچى بولۇپ ۋەدىلىشىپ، ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. بېلىقلار بۇ ئاپەت خەۋىرىدىن ۋاقىپ بولۇپ، كۆل ئىچىندە ھەسرەت ۋە غەم ئوتى بىلەن كۆيۈشكە باشلاپتۇ. كەچ

كىرىپتۇ. ھېلىقى مۇكەممەل ئاقىل — ۋەھىمىدىن ھوشيارلىق بىلىق جاپاكار زامانىنىڭ كۈلپەتلىرى ۋە ئىككى يۈزلىمە پەلەكنىڭ مۇشەققەتلىرىنى كۆپ كۆرۈپ، نۇرغۇن تەجرىبە ھاسىل قىلغاچقا، بېلىقچىلارنىڭ توردىن قۇتۇلۇشنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. دانالار ھەر ئىشقا قەدەم قويسا، ئىش بىناسىنىڭ ئۇلىنى مەھكەم سالىدۇ؛ ئەقىلسىزلار سالغان ئىش بىناسى ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ مۇكەممەل ئاقىل فارىسا كۆلنىڭ بىر تېرىقى بار بولۇپ، ئېرىق ئارقىلىق كەلگەن سۇ دەرياغا يېنىشما بولۇپ تۇرغانىكەن. قالغان ئىككى بېلىق پەرىشانلىق ۋە ئىزتىراپ بىلەن ئۆزىنى قىرغاقلارغا ئۇرۇپ تۇرۇۋېرىپتۇ، مۇكەممەل ئاقىل ئېرىق ئارقىلىق دەرياغا كېتىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندا بېلىقچىلار كېلىپ، ھېلىقى ئېرىقنى چىڭ باغلىۋېتىپتۇ، يېرىم ئاقىلنىڭ بىر ئاز ئەقىل - ھوشى بولسىمۇ، تەجرىبىسى بولمىغاچقا، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن كۆپ پۇشايمان يەپتۇ ۋە ئۆز - ئۆزىگە: «ۋادەرىخا، غەپلەتتە قاپتىمەن، غاپىللارنىڭ ئىشى مانا شۇنداق بولىدىكەن - دە! مەنمۇ مۇكەممەل ئاقىلدەك بالا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆز غېمىمنى يېگەن بولسام، بۇ بالا توردىن قۇتۇلۇپ كەتمەسمىدىم. ئاقىللارنىڭ: «تەدبىرنى ئىشتىن بۇرۇن كۆرمەك لازىم. ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ھەسرەت - نادامەت قىلچە پايدا بەرمەيدۇ»، دېگىنى راست ئىكەن ئەمەسمۇ» دەپتۇ. ئۇ يەنە ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ مۇنداق پىكىر يۈرگۈزۈپتۇ: «گەرچە پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسامۇ، لېكىن ھىيلە - مىكىر ئۈچۈن يەنە بىر پۇرسەت بارغۇ. «بالا كەلگەندە تەدبىرمۇ ئارا تۇرالمايدۇ»، دېيىلگەن بولسىمۇ، ئاقىل كىشى ئۆز ئىدراكىنىڭ مەنپەئىتىدىن ھېچ ۋاقىت نائۈمىد بولماسلىقى

كىرەك ۋە دۈشمەننىڭ يامانلىقىدىن مۇداپىئە كۆرۈشتە ھەرگىز تەخىر قىلىپ قاراپ تۇرماسلىقى كېرەك». ئۇ شۇلارنى خىيال قىپتۇ-دە، ئۆزىنى ئۆلگەندەك قىلىپ كۆرسىتىپ قورسىقىنى ئاسمانغا قىلىپ، ئېرىقنىڭ باغلانغان يېرىگە يېقىن بېرىپ تۇرۇپتۇ. بېلىقچىلاردىن بىرى ئۇنى كۆرۈپ «ئۆلۈك بېلىق ئوخشايدۇ» دەپ ئېلىپ قىرغاقىقا تاشلاپتۇ. بېلىق ئىككى ئېغىناپلا ئۆزىنى ئېرىققا تاشلاپ، جېنىنى ساق ـ سالامەت قۇتقۇزۇپ دەرياغا بېرىۋاپتۇ.

ئەمما، غەپلەتكە پاتقان ئەقىلسىز جاھىل ھەيران ۋە سەرسانلىق بىلەن ئوڭ ۋە سول تەرەپكە قېچىپ مۆكۈپ بېقىپتۇ، تېپىرلاپ يۇقىرى - تۆۋەن چۆكۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىرى ھېچ پايدا بەرمەي بېلىقچىلارنىڭ تورىغا چۈشۈپتۇ.

يۇقىرىقى ھېكايىدىن قىياس قىلغىنىكى، كىم ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۆزلىمەيدىكەن، ئۇ ئادەمنىڭ كۆزى كور ئەمەس، ئەقلى ئىشلىمەس دېيىش كېرەك. ئەقىللىق ئادەملەر ئۆتۈپ كەتكەن ۋە ئۆزىنىغا كەلمەيدىغان ئىش ئۈچۈن پەرياد چەكمەي، كەلگۈسى ئىشلار ئۈچۈن تەدبىر ئىزدەيدۇ. ئەقىلسىز ئادەملەر تۈنۈگۈن ئۈچۈن پەرياد چېكىپ، بۈگۈنكى پۇرسەتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىدۇ.

بالام، مەن ساڭا ئەقىللىقلىق ۋە ئەقىلسىزلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرقانچە كەلىمە سۆزلەپ بېرەي، ئىبرەت قىلغايسەن.

ئەقىللىق ئادەم ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدۇ، ئەقىلسىز ئادەم بىر ئىشنى يەتتە قېتىم ئىشلەيدۇ.

بىر ـ ئىشنى ئۇتۇقلۇق قىلىشنىڭ ئۆلچىمى قانداق ئىش قىلىۋاتقانلىقىدا ئەمەس، بەلكى شۇ ئىشنىڭ قانداق قىلىنغانلىقىغا

باغلىق . ئەقىللىق ئادەم ئۆزى قىلغان ئىشلار ئەۋلادلارغا ئاچچىق ساۋاق بولۇشتىن ئىلگىرى بۇرۇنقىلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئالىدۇ . بىر قېتىم سىنالغان ، تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئاچچىق ساۋاقنى قايتا ئۆزىگە سىناق قىلىش ئەڭ چوڭ ئەقىلسىزلىق ، بالام . ئەقىللىق ئادەم دۈشمەنگە ھەرگىز رەھىم-شەپقەت قىلمايدۇ . ئەقىلسىز ئادەم ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن دوستىنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ . ئەقىل ئىگىسى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپىغا ، ئوڭ - سولغا پاراسەت بىلەن بېقىپ ياشايدۇ ، ئەقىلسىز ئادەم غاپىللىق بىلەن ئۆزىنى نابۇت قىلىدۇ . ئەقىللىق ئادەم تەمە بىلەن باسماقتىكى دانىغا ئۆزىنى ئۇرمايدۇ ، دانىغا ئۆزىنى ئۇرغانىكەن ، ئەقىللىق ھېسابلانمايدۇ . ھۆكۈمالار : «ئۇچ خىل كىشى ھېكمەت دەرۋاسىدىن يىراق ، ئەقىل يولىدىن تاشقىرىدۇر» دېگەن . بۇنىڭ بىرىنچىسى ، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە ئىشىنىپ ، ھەرقانداق بالا كەلسە قارشى كېتىۋېرىدىغانلار ؛ ئىككىنچىسى ، تائام ۋە شارابنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك مىقدارىنى بىلمەيدىغانلار ۋە مەيدىسىنىڭ ھەزىم قىلىشقا ئاجىز كېلىشىنى ، ھەددىدىن ئارتۇق شارابنىڭ ئۆز جېنىغا ئېكەك سېلىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئىچىۋېرىدىغان ، يەۋېرىدىغانلار . شۈبھىسىزكى ، ئۇنداق كىشىلەر ئۆز جېنىنىڭ دۈشمىنىدۇر ؛ ئۈچىنچىسى ، ئاداۋەت ئەھلىنىڭ سۆزىگە مەغرۇر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىرىگە ئالدانغانلار . بۇنداق كىشىنىڭ ئىشى ئاخىر ھەسرەت - نادامەت ۋە پۇشايمان كەلتۈرىدۇ» .①

بالام ، ئەقىللىق ئادەم باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە

① «كەلىلە ۋە دېمنە» ، 636 - بەت .

مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇچۇن خوشال بولالايدۇ . ئەقىلسىز ئادەم بولسا ھەسەت ئوتىدا كۆيۈپ ئۆزىنى ئۆرتەيدۇ . ئەقىللىق ئادەم دوست - دۇشمەننى پەرقلەندۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ . ئەقىلسىز ئادەم دوستىنىڭ كۆڭلى ئاغرىتىپ ئىبىتقان سەمىمىي سۆزىدىن ئاغرىنىپ ، ئۇنى دۈشمەن تۇتىدۇ ، دۈشمەننىڭ قۇرۇق ماختاپ ئۇچۇرۇشىغا گول بولۇپ ئۆزىنى چاغلىماي ئۇچىدۇ ، چۈشۈشىنى بىلمەيدۇ . ئەقىللىق ئادەمگە نىسبەتەن ھەربىر كۈن يېڭى بىر ھاياتلىقتۇر ، ئەقىلسىز ئادەم ئۇچۇن پۈتۈن ھاياتى تىرىقتا ئاققان لاي سۇدەك مەنىسىز ۋە ئەھمىيەتسىزدۇر . ئەقىللىق ئادەم لېيىغانىنى سۇزۇلدۇرىدۇ ، بۇزۇلغاننى ئوڭشايدۇ ، تۈگۈنلەرنى يېشەلەيدۇ . ئۇ ھەرگىز ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىش تۇتمايدۇ ، پۈتۈن ئىشقا چارە بىلەن مۇۋاپىق پەيت تاپىدۇ . ئەقىل ھەر ئىشنى ئوڭ قىلىدۇ ، تەتۈر قىلمايدۇ .

بالام ، ئەقىللىقلىق بىلەن ئەقىلسىزلىق توغرىسىدىكى يۇقىرىقى ئالامەتلەرنى ئاڭلىدىڭ . بۇ دۇنيادا ئەقىل بىلەن ياشاشنى ، دۇنيانى ئەقىل بىلەن كۆزىتىشنى ئۆگەنگىن . ئەقىلنى ئىلىم بىلەن نۇرلاندۇرغىن . بىراق بالام ، ئوقۇغان بىلەنلا ئەقىللىق ، پاراسەتلىك بولۇپ كەتكىلى بولمايدۇ . تۇرمۇشتا خېلى كۆپ يۇقىرى مەلۇماتلىق ، بىلىملىك ئادەملەر بار ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئەقىللىق دېگىلى بولمايدۇ . بىر قىسىم ئادەملەر گەرچە تولۇق ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ ، ناھايىتى ئەقىللىق ۋە پاراسەتلىك . بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، ئەقىلنىڭ كۆپرەكىنى ئەمەلىيەتتىن ، تەجرىبە ۋە پىكىر قىلىشتىن ئالغىلى بولىدۇ . بىلىملا بولۇپ ، ئەقلى تەربىيىلىنىشى تۆۋەن بولسا ، ھالقىلىق پەيتلەردە يەنىلا ئەقىلسىزلىقنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ .

ئەي ئوغۇل ، ئەقىل (تەپەككۇر ئورگىنى ) ئادەم بەدىنىدىكى

ئەڭ ئۇلۇغ ئەزا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈستۈن مېڭىگە ئورۇنلاشقان[1]. ھەرقانداق نەرسىنىڭ بېشى تۆۋەن قىسمىدىكى ئەزالارغا قوماندانلىق قىلىدۇ، بۇ ھاياتلىقتىكى بىر قانۇنىيەت. ئەقىل يەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگىكى، ئۇ يامان، ئەسكى قىلىقلىرىڭ ئۈچۈن كىشەن بولىدۇ. ئۇ تېنىڭ ئۈچۈن تىرىكچىلىك يولى تاپىدۇ، جېنىڭ ئۈچۈن مەنىلەر ئىزدەيدۇ. شۇڭا، ئەقىللىق كىشى بىلەن ئەقىلسىز كىشىنىڭ تۈپ پەرقى شۇكى، ئەقىللىق تىرىك سانالسا، ئەقىلسىز ئۆلۈك بىلەن باراۋەر. ئادەمنىڭ تېنى گويا قاراڭغۇ تۈنگە ئوخشايدۇ، ئەقىل چىرىغى ئۇنى يورۇتىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەقىل يارىتىدۇ. ياخشىلىق بىلەن تېخىمۇ زورىيىدۇ. كىشىلەر مۇشۇ ئىككى خىل ئامىل ئارقىلىقلا يۈكسىلىدۇ ۋە توغرا يول تاپالايدۇ. ئەقىللىق ماختىلىدۇ، ئەقىلسىز ھامان قارغىلىدۇ. ئەقىل ياخشىلىقنىڭ ئۈچۈن كېچىك (ئۇلۇغ سۈدىن ئۆتىدىغان تېيىز ئورۇن) بولىدۇ، سەۋرلىك، سىلىق، يۇمشاق خۇلقلىق بولىدۇ. ھەرگىز ئالدىراقسانلىق، قوپاللىق بىلەن ئۆز قىممىتىنى تۆۋەنلىتىشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ دىلى ھەممە جانلىقلار (ئادەم، ھايۋانات بولسۇن) ئۈچۈن مېھرىبان. قەيەردە قالايمىقانچىلىق، بۇزۇقلۇق بولىدىكەن، ئۇ تۈزەيدۇ. چۈنكى، ئەقىلنىڭ سۆزى نەگە يەتمىسۇن، شۇ يەردە ئۆتىدۇ. ئەقىل مەنبەسىدىن چىققان سۆز ھامان كۆپچىلىك خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قاندۇرالايدۇ. كىشىلەر ئەقىلنىڭ سۆزى بىلەن ماڭسا پايدا ئالماي قالمايدۇ. ئەقىلنىڭ كۆزى ھەم شۇنداق ئۆتكۈركى، بىر قاراشتىلا خېلى يىراق كۆڭۈللەردە بولىدىغان

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مېڭىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئورنى توغرىسىدىكى بۇ دانا ھۆكمى پسىخولوگىيە تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئىشلارنى كۆرۈپ تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئىشقا كىرىشىشتە پۇختا قەدەم باسىدۇ. باسقان قەدەمدىن نەتىجە قازانماي تۇرۇپ ھەرگىز يالتايمايدۇ. ئۇ تېگىرقاش ئادەم ئالدايدىغان ئېزىتقۇ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ ھەرقانچە بولغانغان نەرسىلەرنى سۈزۈلدۈرەلەيدۇ، ھەرقانداق مۇشكۇل تۈگۈنلەرنى يېشەلەيدۇ، ھەر ئىشقا ئالدى - ئارقا، ئوڭ - سولدىن ئەتراپلىق باقىدۇ. پۈتۈن ئىشقا چارە بىلەن مۇۋاپىق ۋاقىت تاپىدۇ. ئەقىل ھەر ئىشنى ئوڭ ئىشلەيدۇ، تەتۈر ئىشلىمەيدۇ. ئۇنىڭ بارلىقى توغرىلىق، راستچىللىق بىلەن توشقان. ئۇ مەككارلىق، ئالدامچىلىقتىن خالىي. ئەقىلنىڭ ھەرقانداق ئىشى ئوچاي، دۇرۇسلۇق ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ. چۈنكى، بۇ ياۋاش، تىنچ، سەۋرلىك بولغاچقا، ئىشنى ئاۋۋال يېتەرلىك ئويلاپ، ئالماقلىق بىلەن قول تىقىدۇ، يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدۇ، قىلىقى موپسىپىتلاردەك ئېغىر - بېسىق، ئۆزى يىگىتتەك ھەزمۇت تۇرىدۇ، ھەرقانداق كىشى ئۇنى ياقتۇرىدۇ. ئەقىل كۆزى يوققا كۆز، «ئۆلۈك» تەنگە جان، گاچا تىلغا سۆز ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، ئەقىللىقلەر ئەقىلگە: «ئەي يولدىشىم، ئەجەب ياخشى قولدىشىم سەن، ھەرقانداق ئىشنى تۈزەيدىغان دېسە، ئەقىلسىزلەرمۇ پۇشايمان بىلەن: ئەي ئەقىل، سېنىڭسىز تولا غەم بىلەن ئۆتمەكتىمەن. سېنىڭدىن ماڭا بىر ئۈلۈش تەگمىدى، كىشى كۆڭلى سەنسىز ھايات ئەمەس ئىكەن، ھايات بولسىمۇ ساپاسى بولماس ئىكەن، دەپ پەريادلار چېكىدۇ.

ئوغلۇم، ئەقىل توغرىسىدىكى يۇقىرىقى بايانلارنى ئاڭلىدىڭ، بۇ دۇنيادا ئەقىللىي ياشاشنى، دۇنيانى ئەقىل بىلەن كۆزىتىشنى ئىنسانىي مەجبۇرىيىتىڭ قىلغىن. ئىلىم - پەن بىلەن ئەقىل گۈلىستانىڭنى بېزىگىن. ئەقىل قەيەردە بولسا ئىزدىگىن. ئەقىلنىڭ جايىدا بولسىلا ئۇنى ئىلىم بىلەن نۇرلاندۇر. ئۆگەنسەڭلا، ئەقلىي قابىلىيىتىڭ تۆۋەن بولسىمۇ، ئەقىل يولىنى

ئاچالايسەن . ئەقىل ئىگىسى ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغى ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، ئەقىل كىشى ئۈچۈن ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنىڭ مەنبەسى بولىدۇ . ئەقىلسىز كىشىلەرنى ئادەم دەپ ساناشقا ئەرزىمەيدۇ ھەم ئۇلارنىڭ سۆزىگە باشقىلارمۇ ئىشەنمەيدۇ ، دېمەككى ، ئاڭلاشنى خالىمايدۇ . ئەقىللىق كىشىلەرنى قانچە ھۆرمەتلىسە ، قەدىرلىسە ئەرزىيدۇ . قىممەتلىك نەرسىلەرنى قەدىرلەش پەرزدۇر .

1870 قىلىقتا قېرى ، ئۆزى ياشتۇر ئەقىل ،
ئەقىل قايا بولسا ئۇنىڭغا ئېسىل .

ئەقىلدىن مەھرۇم بولساڭ ھەممىدىن مەھرۇم بولىسەن ، ئەقىل يېتىشمىگەن ئەلدە ھەممە نەرسە يېتىشمەيدۇ . ئەقىلنى نابۇت قىلغان ئادەم مىڭ ھەسسە قاتىلدۇر ، قاتىل باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ ، ئەقىلنى نابۇت قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ قاتىلىدۇر .

بالام ، ئۇنتۇمىغىنكى ، ئەقلىڭدىن ئازمىساڭلا ، ھەرقانداق ئېزىتقۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقالايسەن . ئەقلىڭنى ئوغرىلايدىغان ئەڭ يامان ئېزىتقۇ غەزەپ ۋە ئالدىراڭغۇلۇقتۇر . ئەل ئارىسىدا «ئادەم غەزەپلەنگەندە ئەقلىدىن ئازىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار . ھەددىدىن ئارتۇق غەم - قايغۇمۇ تەپەككۇرىڭنى بوغۇپ ، تەدبىرىڭگە يۈگەن سالىدۇ ، زېھنىڭنى تېرىقتەك چاچىدۇ ، شۇڭا ھەر ئىشنى قىلغاندا تەمكىن بول ، قىزىققانلىقنى تاشلا ، ئەقلىڭ ھەرقاچان ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە بولسۇن .

× × ×

ئەي ، ئەقىل سۈرىتىنى پاساھەتلىك تىل بايلىقىڭىز بىلەن كۆز ئالدىمىزدا روشەن قىلغۇچى ئەقىل ئىگىسى بوۋا ، ئەقىل ئۈستىدە قىلغان روشەن سۈپەتلەشلىرىڭىز بىلەن بىز ئۇنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندەك ، قولىمىز بىلەن تۇتۇپ باققاندەك ،

ھەتتا ئەقىل بىلەن دوستلاشقاندەك بولدۇق . راست ، ئەقىل تەن مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ، كائىنات مۆجىزىلىرىنىڭ گۈل تاجى ئىكەن . ئەمما ، ئادەملەرنىڭ مىجەز - خۇلقى ، تۇرمۇش ئۇسۇلى ، ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ، ھايات مەقسەتلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى بىلەن ئەقىل پادىشاھىنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئىتىمۇ ئوخشاش بولمايدىكەن . ھازىرقى ھايات سەھنىسىدە نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئۆز ئەقلىگە ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ، خۇددى سىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك ، ئەقىل خەزىنىسىنى پەن - مەدەنىيەت كۈچىتى بىلەن بېزەپ ، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشنىڭ تەڭداشسىز قورالىغا ئايلاندۇردى . ئەپسۇسكى ، بەزىلەر ئۆزلىرىنى ئەقىل - پاراسەتتە كامالەت ئىگىسى دەپ ئاتىۋالغان بىلەن ھايات مەيدانىدا خۇددى تۇمان ئىچىدىكى شەيئىيدەك پىنھان ، سىرلىق ، ۋەھىمىلىك ياشايدۇ . ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى شۇنچىلىك زۇلمەتلىككى ، نەچچە مىڭ ھەسسە چوڭايتىپ كۆرسىتىدىغان مىكروسكوپلار بىلەنمۇ كۆڭلىگە پۈككەن قەبىھ خىياللار مەنزىرىسىنى پەرق ئېتىش تېزىقنى دان پىتى يۇغۇرۇپ نان ئېتىشتىنمۇ مۈشكۈل . ئۇلارنىڭ ئەقىل لەشكەرلىرى شۇنچىلىك ۋەھشىيكى ، ئۇ باشقىلارنى تۇزاققا چۈشۈرۈش ، باشقىلارغا ھىيلە - مىكىر ، سۇيىقەست ئىشلىتىش ، پىتنە - پاسات تېرىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ رەزىل شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ دەسمايىسى بولماقتا . بۇنداق كىشىلەر ئۆز ئەقلىنى بۇ دۇنياغا يامانلىق ئۇرۇقىنى چېچىشقا سەرپ قىلىپ ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل بوستانىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ . ئەقىلدىن ئىبارەت مۇقەددەس سەلتەنەت تەختىنى خەلققە بالايىئاپەت تۇغدۇرىدىغان دوزاخ ئوچىقىغا ئايلاندۇرىدۇ .

ئەي بوۋاق ، بىز ئەقلىمىزنى قەدىرلەيمىز ، ئۇنى سۆيىمىز ،

ئۇنى ھايات ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان ئىلىم - بىلىم مەشئىلى بىلەن تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ، گۈزەللىك يارىتىشنىڭ تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەت مۇئەككىلىگە ئايلاندۇرىمىزكى ، ھەرگىز مەنىسىز خىياللارنىڭ تۇمانلىرى ئىچىدە مەبۇد ، رەزىل مەقسەتلەر يولىدا نابۇت قىلمايمىز .

ئەي شەپقەتلىك بوۋا ، سىز ئەقىل (تەپەككۇر )نى ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك كۈچ - قۇدرەت دەپ تەرىپلىدىڭىز . ئۇنداقتا ئىنسان ھاياتى پەقەت مۇقەددەس ئەقىل نېسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن قىممەتلىكمۇ ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ، ھاياتنىڭ قىممەتلىك بولۇشىدىكى سەۋەب نەدە ؟ قانداق قىلغاندا ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ ؟

ئەي سۆيۈملۈك ئوغلۇم ، ئۇمىد يۇلتۇزۇم! ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزگەندە ئۇنى ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ ؟ دېگەن سوئالنى قويۇشنىڭ ئۆزىمۇ ھاياتنى قەدىرلەشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى باسقانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . سەن مەندىن ھاياتنىڭ قىممىتى توغرىسىدا سورىدىڭ . ئوغلۇم ، راست ، ئەقىل بولمىسا ھاياتنىڭ مەنىسى بولمايدىغانلىقى ھەقىقەت . ئەمما ، ھاياتلىق بولماي تۇرۇپ ئەقىلنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ، ھايات ئەقىلدىنمۇ قىممەتلىك ، ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى بىلگەندىلا ، ئەقىلنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ . ئۇنداقتا ، ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتى نېمىدە ، ئۇنى قانداق قىلغاندا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچىنچى بابقا دىققەت - ئېتىبارىڭنى مەركەزلەشتۈرگىن .

# ئۈچىنچى باب

## ھاياتلىقنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا

ئوغلۇم ، دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق — ھاياتلىق ، ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان شادلىق ، شېرىنلىك بولمايدۇ . چۈنكى ، ئىنسانغا ئۇ پەقەت بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدۇ . ئەگەر ھاياتلىق ئادەمگە ئىككى قېتىم نېسىپ بولسا ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈنچىلىك قىممىتى بولماس ئىدى . دۇنيادا يوقالغاندىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولغان نەرسىلەرنىڭ بىھۇدە نابۇت بولۇشى ئانچە ئەپسۇسلىنارلىق ئەمەس . لېكىن ، قايتا تەكرارلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ھاياتلىقنى بىھۇدە زايا قىلىۋېتىش بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش . شۇڭا ، بۇ بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلىش كېرەك ، ئۆمۈر كۆچىتىدىن ھاسىل بولغان مېۋىنىڭ باشقىلارغا بەرگەن بەھرى ياكى كەلتۈرگەن زەھرىگە قاراپ ، ئۇ كىشىنىڭ بۇ غەنىيمەت دۇنيادا تۇتقان ئورنىنى پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ . ئوغلۇم ، شۇنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىنكى ، سېنىڭ دۇنياغا تۆرىلىپ ياشاشتىكى مەقسىتىڭ ۋە ئۆمۈرلۈك نىشانىڭ ھەرگىز يەپ - ئىچىش ، ئېسىل كىيىنىش ، كەيپ - ئىشرەت قىلىش بىلەن ئۆمۈرنى مەنىسىز خورىتىش بولۇپ قالمىسۇن . ئۇلارنىڭ ھەممىسى باسقان ھەربىر

قەدەم ئىزىڭغا سۆرەم سېلىپ، ھايات مۇساپەڭدىن ھېچقانداق نىشانە قالدۇرمايدۇ. دۇنياغا تۆرىلىپ ھېچقانداق ھاياتلىق ئىزناسى قالدۇرالمىغان ئادەمنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايدۇ، سېنىڭ قۇرۇق ئۇستىخىنىڭ ھايات سەيناسىدا ھېچقانداق بىر قىممەتكە ئىگە ئەمەس. ئۇنداق جان ئىگىسىنىڭ دۇنياغا كەلگىنىنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق.

بالام، سەن بۇ دۇنياغا — بۇ زېمىنغا يۈك بولۇش ئۈچۈن تۆرەلمىدىڭ. شۇڭا، سەن بۇ ھاياتلىقنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بېغىشلىغىن. بۇ ھاياتلىقتا مۇشەققەتسىز راھەت بولمايدۇ، مۇشەققەتسىز ئېرىشكەن راھەتمۇ ھەقىقىي پاراغەت ھېسابلانمايدۇ. ھايات دېگەن شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق سۈيىدەك تىپتىنچ بولمايدۇ، سەن ھايات ئېقىنىنى ئۆركەشلىك ھەم قىيانلىق دەريا دەپ قىياس قىلغىن. ھەر خىل خېيىمخەتەرگە ھازىرلىق قىل. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ھاياتىڭ تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. ھېچقانداق ئادەم بۇ دۇنياغا مۇكەممەللىك تاجىنى كىيىپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ دولقۇنلۇق قايناملىرىدا پىشىپ، بارا - بارا تاكامۇللىشىپ بارىدۇ. ھاياتىنىڭ مەنىسىمۇ ھايات دولقۇنلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، مەلۇم بىر ئىشتا كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق زاھىر بولىدۇ. بالام، ئازراق نەرسىنى بىلىۋېلىپ، چەللىدە ئات چاپقۇچى بولما، شۇنى بىلگىنكى، سەن ئۆزۈڭنى كامالەت ئىگىسى دەپ قارىغان كۈنىڭدىن باشلاپلا، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ دەپنە قىلىش يولىغا ماڭىسەن. تىنىمسىز ئىزدىنىشنى ئۆزۈڭگە مىزان قىل، ئۆزۈڭنى مەڭگۈ ئوقۇغۇچىمەن، دەپ ھېسابلا، شۇندىلا ئۆزۈڭگە قاتتىق تەلەپ قويالايسەن، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ چۈشەپ قويمايسەن. ئىنسان ھاياتىنىڭ تىنىم تاپماسلىق ۋە تەشۋىشتىن ئىبارەت

ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندىلا ئەقىلسىزلىقتىن قۇتۇلغان بولىدۇ . ھاياتنى ئەڭ مەنىسىز ۋە ئەڭ يىرگىنچلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ھەر خىل يوللىرى بار . بۇ ئېزىتقۇ يولغا باشلاپ ماڭىدىغان ئەڭ قاباھەتلىك يول نەپسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا ئەسىر بولۇپ ، پەقەت نەپسى ئۈچۈنلا ياشايدىغان مەخلۇققا ئايلىنىپ قىلىشتۇر . ھاياتىڭنى ئابدالنىڭ خالتىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويماي ، بەلكى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك تىرىشىشىڭ زۆرۈر .

سەن ئەتە ئۇنداق قىلىۋېتىمەن ، ئۆگۈنلۈككە بۇنداق قىلىۋېتىمەن ، دەپ قۇرۇق داۋراڭ بىلەن كۈنىڭنى زايا قىلما . ئەتە ئۈچۈن بۈگۈن ئۇل قويمىساڭ ، ئەتە قويغان خىشىڭ چاك باسمايدۇ - دە ، ئاخىر ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي ، ئۆمرۈڭ يوقلۇق مەغرىبىگە ئولتۇرىدۇ ، دۇنيادا ئەبەدىي ياشاش مۇمكىن ئەمەس . ئىنسان ھامان بىر كۈنى تۇپراققا قوشۇلۇش ئاقىۋىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ . ئۆتمۈشكە قاراپ باق : شەدداتمۇ بۇ دۇنياغا بېھىش ياساتقانىدى ، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولدى ؟ دېمەككى ، نۇھ ئەلەيھىسسالامدەك ئۇزاق ياشاش شەرىپىگە ئىگە بولغانلارمۇ ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامدەك كۆككە چىققانلارمۇ ، نوشىرۋاندەك پىخسىقلىق بىلەن خەزىنە تولدۇرغانلارمۇ ... ئاخىر ئىككى پارچە كېپەنلىك خامدىن باشقا نەرسىگە ئىگە بولالمىدىغۇ ! شۇنداق ھېكايە قىلىپتۇلەركى ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئۆلۈش ئالدىدا : «مەن ئۆلگەندە ئىككى قولۇمنى تاۋۇتتىن چىقىرىپ قويۇڭلار ، شۇنچە دۇنيانى سورىغان ئىسكەندەرمۇ ئۇ ئالەمگە قۇرۇق قول كېتىپتۇ ، دەپ قالسۇن» دېگەن .

6553 يالاڭغاچ تۇغۇلدۇم ، شۇ خىل يەرگە كىرگۈزىم ،
نېچۈن دۇنياغا ئۆزنى مۇنچە ئىسىتتىم ؟

ئەي ئوغلۇم، بۇ مىسال شۇ سەۋەبتىن كەلتۈرۈلدىكى، مال-دۇنيا ساڭا مەڭگۈلۈك بولالمايدۇ. شۇڭا، مال - دۇنياغا ئانچە قىزىقما. ئەگەر مال - دۇنيايىڭ بولسا ياخشىلىق يولىدا سەرپ قىلغىن. ھەرقانداق بايلىق تۈگەيدۇ، مەڭگۈگە قالىدىغىنى ياخشى سۆز، ياخشى ئەمەل. بىلگىنكى، مۆتىۋەرلەرنىڭ بەزىسى زۇلۇمنى قورال قىلىپ يامان ئاتاقتا تونۇلسا، يەنە بەزىسى ياخشى ئەمەل بىلەن شۆھرەتلىك نام ئالىدۇ.

114 نېچۈن يىغسا دۇنيا تۈگەيدۇ يوقاپ،
قالۇر سۆز پۈتۈلسە، جاھانغا تاراپ.

بالام، سېنىڭ ھاياتىڭ جەمئىيەتكە، مىللەتكە ۋە ۋەتەنگە تەئەللۇق. سەن مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشمەك بولساڭ، خەلقىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يىقىلمايدىغان پىرامىدا ياسىغىن. سەن ئۈچۈن ھايات ئەڭ قىممەتلىك پۇرسەت. پۇرسەتنى قولدىن بەردىڭ دېگەن گەپ ھاياتنى قولدىن بەردىڭ دېگەن سۆز. سېنىڭ ھەتتا بارلىق خۇشاللىقىڭ ۋە بەخت - سائادىتىڭ ئاشۇ پۇرسەت ئىچىدە نامايان بولىدۇ. سەن بىر تامچە بالام، ئەل دېگەن چوڭ دېڭىز، دېڭىزدىن ئايرىلغان تامچىنىڭ ھالى قانداق بولماقچى. شۇڭا، سېنىڭ ھاياتىڭمۇ شۇ ئەل بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەنىلىك بولىدۇ، سەن ھاياتىڭنى ئەل ئۈچۈن پايدىسىز ۋە ئەھمىيەتسىز دەپ قارىغىنىڭدا، پۈتۈن نەرسىلەر ساڭا مەنىسىز بولۇپ تۇيۇلىدۇ. سەنمۇ مەۋجۇتلۇقىڭنى يوقىتىسەن. بۇ ياخشىلىق پىرامىداسى سېنى ئەل قەلبىدە ئەبەدىي ياشاشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ. ئادەم ھاياتلىقىدا ياخشى ئەمەل بىلەن ياشىسا، ئۇنىڭ ئالىيجاناب روھى ئەۋلادلار قەلبىدە ئەبەدىي ساقلىنىدۇ، خەلقى بىلەن بىللە ياشايدۇ. چۈنكى، تەن — تىرىكلىكنىڭ مەلۇم

مەزگىللىك تۇيغۇسى ، ئۇ ھەرگىزمۇ مەڭگۈلۈك تۇيغۇ بولالمايدۇ . شۇڭا ، تىرىكلىك مەزگىللىكنى بولمىغۇر مەشغۇلاتلار بىلەن بۇلغىما ، بولمىسا ھاياتلىق سەھنىسىدە ھېچقانداق ئورۇنغا ئىگە بولالمايسەن . قىسقىسى ، ھايۋاندىن قىلچە پەرقىڭ بولماي قالىدۇ . ھايات ئۇچۇن ھېچقانداق رولى يوق ئادەمنىڭ مۇردىدىن نېمە پەرقى ؟! ئوغلۇم ، ھاياتتا نېمە تېرىسا شۇنىڭغا ئىگە بولۇش قانۇنىيىتى ئۆزگەرمەستۇر . ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بۇ دۇنياغا كېلىپ نېمىدىن بەھرىمەن بولغانلىقى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى نېمىلەرنى قالدۇرالىغانلىقىغا باغلىقتۇر . سەن ھايات دەرىخىڭدىن قانداق مېۋە بېرەلىگەن بولساڭ سېنىڭ قىممىتىڭ شۇنىڭغا تەڭ .

سەن ھاياتىڭ پەقەت ئۆزىڭگىلا تەئەللۇق ئەمەسلىكىنى چۈشەن بالام ، سەن بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي بىر كىرەكلىك ئادەم ئىكەنلىكىڭنى نامايان قىلغىن . ئۆزۈڭنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى قىممىتىڭنى بىلىش ساڭا زور سائادەت بەخش ئېتىدۇ . چۈنكى ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن كىشىدىنمۇ ھاياتنى چوڭقۇرراق چۈشىنىپ ياشىغان ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن ھېسابلىنىدۇ . سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈنلا ياشايمەن دەپ قارىما ، ھاياتىڭ سەن ئۈچۈن ئېرىنىۋاتقان شام ئەمەس ، ئۆزى ئۈچۈن ياشاش ھايات ئەمەس . ئەتراپىڭدىكى بىرەر قۇردىشىڭ ۋە بىرەر ئۈلپىتىڭنىڭ بەختسىزلىكىنى كۆرگەندە ، ئۆزۈڭنىڭمۇ بەختسىز ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلالىساڭ ، قەلبىڭدە ھەقىقىي ئىنسانلىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ ، دەپ بىل .

بالام ، بۇ جەمئىيەتتە ھەربىر ئادەمنىڭ ناھايىتى ئېغىر قەرزى بولىدۇ . بىز مۇشۇ تۇپراقتا ئۆسۈپ چوڭ بولدۇق ، مۇشۇ تۇپراقتىن ئوزۇقلاندۇق . خەلق بىلەن بىزگە ياشىدۇق ، خەلق بىزگە تۇرمۇش ، روھ بەردى ۋە ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزنى تونۇتتى .

ئەل - ۋەتەنىمىز، دوست - بۇرادەرىمىز تۇرمۇشىمىزنىڭ قانداق مەززىسى بولسۇن. ئوغلۇم، بىزنىڭ يەنە ئۆتكەنكى ئەجدادلارنىڭ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئالدىدىمۇ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىمىز ۋە قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرزىمىز بار. بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا بىر داستىخان. بىزدىن بۇرۇنقىلار بۇ داستىخانغا داخىل بولغان. ئۇلار يەپ - ئىچكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىزگىمۇ مول نېمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەمدى بىز بۇ نېمەت داستىخىنىنى قۇرۇقداپ قويماي، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن مول نېمەتلەرنى راسلاپ قويۇشىمىز كېرەك. مانا بۇ ئىنساب بالام، مانا بۇ مەڭگۈلۈك ئىزچىللىق ۋە تەرەققىياتنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى.

سەن مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى، مەن قانچىلىك ياخشىلىق قىلالايتتىم، دەپ ئۈمىدسىزلەنمە، ئۈمىدسىزلىك بىر كېسەللىك، ئۇ ئادەمنى زەئىپلىك ۋە خورلۇق پاتقىقىغا تىقىدۇ. ئۈمىدسىزلىك ئەقىلدە راۋاج تاپالماسلىقتا ئىپلىپ بارىدۇ. بىر كۈن ياشىساڭمۇ ئۈمىد كۆلچىكىنى قۇرۇتماي ئۆلگىن. ئادەمنىڭ هايات دەرىخى - ئۈمىد، ئارزۇ بۇلىقىدىن سۇغىرىلىدىغانلىقىنى هەرگىز كۆڭۈل سەهىپەڭدىن ئۆچۈرمە. ئۈمىدسىزلىك — جاهالەتنىڭ ئانىسى، ئۈمىد بولسا سائادەتنىڭ قانىتى.

3702 كىشى ماڭسا مەقسەتكە ئۈمىدلىنىپ،
تىلەككە يېتەر، يولدا قالماس هېرىپ.

3703 تىلەككە يېتىشكە ئەر بولسا دادىل،
هېرىپ قالماي بولۇر مەقسەتكە نائىل.

بالىلىرىم، مەجبۇرىيەت ئاستىدىكى خۇشاللىقتىن ئۆز

ئىختىيارىچە تارتقان خورلۇق ئەۋزەل ، زورلاپ يېگەن ئاشمۇ سىڭمەيدۇ ھەم ئاشقازاننى بۇزىدۇ . سىلەر ھايات يولۇڭلارنى ئۆزۈڭلار تېپىپ ماڭالايدىغان بولۇڭلار . باشقىلارنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتىڭلار سىلەرگە مەڭگۈلۈك دوست بولالمايدۇ . كۆڭلۇڭلار تارتقان ئىشقا قول تىقىڭلار ، دىلغا ياقمىغان يولغا قەدەم قويسا ، قىلغان ئىش ئىلگىرى باسمايدۇ ، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان مەنزىلمۇ ئۇزاق بىلىنىدۇ ، ئوڭاي ئىش مۈشكۈل تۇيۇلىدۇ . ئەگەر ئادەمنى ئۈمىد يېتەكلەيدىغان بولسا ، مەقسەت - نىشانىغىمۇ تېز يېتىدۇ ھەم يولدا ھېرىپ قالمايدۇ . دىل تارتمىغان يەرگە قەدەم قويۇش ، كۆڭۈل خاھىشى يول قويمىغان ھۈنەر - كەسىپ بىلەن مەشغۇل بولۇش كىشىگە روھىي بېسىم بولىدۇ - دە ، شۇغۇللىنىۋاتقان ئىش ئىنتايىن مۈشكۈل ، يەنى ئەڭ يېقىن قىرغاقمۇ ناھايىتى ئۇزاق ، ئەڭ ئاسان كەسىپمۇ ناھايىتى قىيىن تۇيۇلىدۇ .

5046 كۆڭۈل تارتمىغان يەرگە قويسا ئاياق ،
يېقىن بولسا يەر قانچە ، بولغاي يىراق .

بىراق ، مۇنداق بىر شەرتنىمۇ ھايات بابىڭلارنىڭ مۇھىم بىر پاراگرافى قىلىڭلار : قىممەت بىلەن پۇرسەت ھېچقاچان ئارزۇ - ئۈمىدنى زارلىنىش ۋە قۇرۇق سېغىنىشلارغا تېگىشكەن ئادەمگە ياردەمگە كەلمەيدۇ . ئەگەر ئادەمنىڭ نىيىتى چىڭ ، ھەرىكىتى دادىل بولىدىكەن ، قىسمەت ئۇنىڭغا ھەر دائىم يار - يۆلەك بولىدۇ .

ئوغلۇم ، ياشلىق — ھايات كۆچىتىدىن مۆجىزە يارىتىش پۇرسىتى ، مۆجىزە ئەجىرسىز نەپ بەرمەيدىغان ئۆلپەت ، مېھنەتسىز مېۋە بەرمەيدىغان كۆچەت . ياشلىقنى قەدىرلەشنى

بىلىش ھاياتنى مەنىگە ئىگە قىلىشتۇر.

سەن ھەربىر تىنىقىڭنى مەنىلەر خەزىنىسىنى قېزىشنىڭ سەرمايىسى قىلغىن. ئەلىشىر نەۋائىي «ھەربىر نەپەس غەنىيمەتتۇر، ھەربىر نەپەس غەنىيمەت» دېگەن. بىراق نۇرغۇن باللار باللىقنىڭ شېرىن شوخلۇقىغا ئەسىر بولۇپ كېتىپ، باللىقنىڭ قانداق قىلىپ ياشلىققا ئالمىشىپ قالغانلىقىنى سېزەلمەي قالىدۇ. ياشلىق مەۋسۇمىغا كەلگەندە، ياشلىق غۇرۇرى ۋە كۈچ - قۇدرىتى ئۇنىڭغا قېرىلىقنىڭ مۇشەققىتىنى ئويلاشقا پۇرسەت بەرمەيدۇ. نەتىجىدە، ھەش - پەش دېگۈچە ئۆمۈر گۈلشىنى خازان بولۇپ، قاقشال دەرەختكە ئوخشاش ئۆزىگىمۇ سايە تاشلىيالمايدىغان ئەھۋالغا قالىدۇ - دە، كېيىنگە بۇرۇلۇپ باسقان ھايات مەنزىلىگە قاراپ قىلچە ھايات نىشانى قالمىغانلىقىنى، ھەربىر قەدىمىنى غەپلەتتىن سۆرەم سېلىپ باسقانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا، شەيخ سەئدى: «ئادەم بۇ دۇنياغا ئىككى قېتىم تۆرەلمەيدۇ، شۇ بىر قېتىممۇ ياشاشنى بىلمىسە بولامدۇ» دېگەن. روسسونىڭ بىر سۆزى يادىمدا، ئۇ: «بەزى ئادەملەر يۈز ياشتا قەبرىگە كىرىدۇ - يۇ، ئەسلىدە بولسا تۇغۇلۇپلا ئۆلگەن بولىدۇ» دېگەن. بالام، بۇ دۇنيادا «ئادەممەن» دەپ تۇرۇپ، ئادەمدەك ياشىيالماي، ئۆلۈك بىلەن تىرىكلىكنىڭ ئارىلىقىدا نەپەسلىنىشنىلا بىلىدىغان «تىرىك» ئۆلۈك ھاياتىنى قانداقمۇ ھاياتلىق دېگىلى بولسۇن. دېموكرىتنىڭ بىر سۆزىنى ئېيتىپ بېرەي: «ئەخمىقانە، مەنىسىز، قانائەتسىز ياشاش زادى ياشاش ئەمەس، بەلكى ئاستا - ئاستا ئۆلۈش دېمەكتۇر». شۇڭا، بالام، ئۆتكەن كۈنۈڭ ئۈچۈن ياش تۆكمە، ئەتەڭ ئۈچۈن غەم يېمە. ھەربىر كۈنۈڭنى ياخشى ئۆتكۈزەلىسەڭ، ئۇ ئۆتمۈشۈڭگە كاپالەت، ئەتەڭگە كۆۋرۈك بولىدۇ.

ئۆزۈڭگە سوئال قويۇپ باققىن :
بۈگۈن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ بۈگۈنكى بىر كۈنۈڭدىن رازىمۇسەن؟ بۈگۈنۈڭدىن رازى ۋە مەمنۇن بولالىساڭ ئەتەڭ خەيرلىك بولىدۇ .

بالام ، ئەگەر بۈگۈنۈڭ ئۇتۇقلۇق بولغان بولسا ، بۇ كۈنلۈك ئۆمرۈڭنىڭ قىممىتى بولىدۇ . ئەگەر بۈگۈن بۇ ھاياتلىقتىن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمىساڭ ياكى ھېچ ئىش قىلمىغان بولساڭ ، شۇ كۈنلۈك ھاياتىڭنى ئۆلگەن ھايات دەپ ، ئۆمرۈڭدىن چىقىرىۋەت . بۈگۈنكى ئىشىڭنى بۈگۈن قىلىۋالمىساڭ ، ئەتىكى يۈكۈڭنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويىدۇ . ھەر كۈنى ئاشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە ، ئاخىر بۇ كۈنلۈك قالدۇقلار سېنى بېسىپ ، سېنى ئالغا باستۇرالمايدۇ . ھەر كۈنلۈك ئىشىڭنى شۇ كۈنى ئورۇنداپ بولساڭ ، كۈندىن - كۈنگە بىلىدىغانلىرىڭ كۆپىيىپ بارىدۇ ھەم يەڭگىللەپ قالىسەن .

بالام ، «ئەتە» دېگەن سۆز ھورۇن ، دۆت ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالداشتىكى باھانىسى . ئۆز ئىشىڭنىڭ ۋاقتىنى ئۆزۈڭ سورىساڭ ، خۇددى ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆزى ئوغرىلىغان ئادەمگە ئوخشاپ قالامسەن؟ ئىش دېگەن بۈگۈن خەجلىمەي ئەتە خەجلەي دەپ ئاياپ قويىدىغان پۇل ئەمەس . بۈگۈنىڭ كەتسە بىر كۈنلۈك ئۆمرۈڭ كەتتى دېگەن گەپ ، ئۆمۈرمۇ قايتىلانمايدۇ ، ۋاقىتمۇ كەينىگە يانمايدۇ . شۇڭا ، ھەرقانداق ئىشقا كەڭ قورساق بولساڭمۇ ۋاقىتقا خەسىس بول .
بالام ، «ۋاقتى ئۆتكەندە ئوقۇلغان سۈرە ياسىنىڭ ئەھمىيىتى يوق» دېگەن تەمسىلنى قەلبىڭگە پۈكۈۋالغىن . ھەرقانداق كىچىك ئىشقا ئېتىبارسىز قارىساڭ ، چوڭ ئىشلاردىمۇ مەغلۇپ بولىسەن . «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويساڭ ، ئىشىڭ

ئىلگىرى باسمايدۇ» . پىفاگور : ئەتىسىگەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئۆزۈڭدىن «بۈگۈن نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك ؟ » ، كەچقۇرۇن يېتىشتىن بۇرۇن «بۈگۈن نېمە ئىش قىلدىم ؟ » دەپ سورا ، دېگەن . ئۆزۈڭنىڭ كۈنلىرىڭنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ تۇرغىن . ئەگەر سەن ئەقىللىق بولىدىغان بولساڭ ، بىكار ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۈنلىرىڭ ئۈچۈن تىت - تىت بولساڭ ، ئازابلانساڭ ئەرزىيدۇ .

161 جىمىكى ئىشىڭنى ئەقىل بىرلە قىل ،
بىلىم بىرلە ۋاقتىڭنى ساقلاشنى بىل .

ۋاقىت — نالە - پەريادلىق يېلىنىشلەر ۋە ئاھۇ نادامەتلىك ياشلار بىلەن ئارقىغا يانمايدىغان رەھىمسىز دەريا . ئۆتۈپ نېتىۋاتقان كۈنلەرنى بەقەت ئاي ۋە يىللار دېمە . ئۇ سېنىڭ ئۆمرۈڭنى خوراتقۇچى يالماۋۇز . ئاي ۋە يىللار داۋاملىق يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ . ئۆمرۈڭنىڭ يېڭىلانغىنىنى كۆردۈڭمۇ ؟ ! شۇڭا ، ياشلىق باھارىڭ كەتمەستىن بۇرۇن ، ئۇنىڭدىن تۇزۇماس گۈللەرنى ئېچىلدۇرغىن .

360 تېرىش ، توغرا يولدىن ئاداشما ھامان ،
يىگىتلىك كەتمىسۇن بىكار ، پايدىلان .

361 ئەزىز تۇت يىگىتلىكنى ، تېز كەتكۈسى ،
تۇتساڭمۇ قانچە چىڭ ئاخىر قاچقۇسى .

بالام ، ۋاقىت ھەم سېنىڭ قەدىر - قىممىتىڭنى جارى قىلىشىڭنىڭ دەسمايىسى ، ھەم ھاياتىڭنى شامالغا سورۇيدىغان

يالماۋۇز . نەۋائىي بوۋاڭ شۇڭا : «ۋاقىت ئۆتكۈر قىلىچتۇر» دېگەن . دۇنيادا ئېرىشمەكچى بولغان ئۇلۇغۋار مەقسەتلىرىڭگە ۋاقىت بىلەن ياشاش ئىقتىدارىڭنى بىرلەشتۈرگىنىڭدىلا يېتەلەيسەن . ۋاقىتنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يەتمىسەڭ ، ۋاقىتقا ئېتىبارسىز قارىساڭ ، ئېرىشىش مۇمكىن بولغان مۇمكىنچىلىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم بولىسەن . دارۋىن شۇنداق دېگەن : «ئۆز ۋاقتىنىڭ ھېچبولمىغاندا بىر سائىتىنى بوشقا ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئادەمنى ھاياتىنىڭ پۈتۈن قەدىر - قىممىتىنى تېخى چۈشىنىپ يېتىش دەرىجىسىگە بارمىغان دېيىسە بولىدۇ» . ۋاقىتىڭدىن ئاقىلانىلىك بىلەن پايدىلىنىش قىممىتىڭنى بارغانسېرى ئاشۇرىدۇ . بالام ، ھازىرقى تۇرمۇش رىتىمىغە نىسبەتەن بىر كۈنۈڭگە سەل قارىساڭ ، ئىككى كۈن سەرپ قىلىپمۇ يېتەلمەيسەن . ۋاقىتقا سۇس قارىساڭ كۆپىنچە ئۆزۈڭ بىلەن ئۆزۈڭ چېلىشىۋاتقاندەك كۆپىنچە كېلىشمەسلىكلەر بىلەن ئېلىشىشقا كېتىسەن . بىكارچىلىق بولسا تىرىشچانلىقىڭنى كېمەيتىپ ، ئۆزۈڭنى يارىماسلار قاتارىغا تارتىدۇ .

بالام ، ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلغان بولساڭ ، ئۆزۈڭنىڭ ۋاقتىنى قەدىرلەش بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنىمۇ قەدىرلە . باشقىلارنىڭ سېنىڭ ۋاقتىڭنى ئوغرىلىشىغا يول قويما . سەن مەدەنىيەتلىك ئادەملەر بىلەن ئارىلاش ، ئۇلارنى دوست تۇت . مەدەنىيەتلىك ئادەملەرنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى ئۇلار ھەرگىز سېنىڭ ۋاقتىڭغا خىيانەت قىلمايدۇ . ھەرقانداق باھانە - بىلەن ۋاقتىڭغا ھۆرمەت قىلمىغان ئادەمنىڭ دوستلۇق دەۋاسى يالغان ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىكمەن دېگىنى تۇرۇق گەپ .

بالام ، سەن بايلىق تېجەش ۋە بايانىق ئىزدەشتىن بۇرۇن ۋاقتىڭنى تېجە . بەزى ھاللاردا بىر كۈنلۈك ئەھمىيەتلىك ھاياتىڭ

ساڭا مەڭگۈلۈك شان - شەرەپ ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ، يەنە بەزى ھاللاردا يۈز يىللىق ئۆمۈر ساڭا لەنەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن .

ھاياتىڭنىڭ مۇقەددەس گۈل - غۇنچىسى ياشلىق باھارىدا ئېچىلىپ خۇش پۇراق چاچىدۇ . بۇ گۈل ئۆمرۈڭدە بىر ەر قېتىم ئېچىلماي قۇرۇپ كەتسە ، بەك ئېچىنىشلىق بولىدۇ . ئەزىز ئەرسىنى خار قىلىش ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز - ئۆزىنى زار قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ . ھاياتتا نېمىنىڭ توغرا ، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ، قايسى قەدەمنىڭ ساخاۋەتلىك ، قايسى قەدەمنىڭ پالاكەتلىك ، قايسى مەنزىلنىڭ نۇرلۇق ، قايسى مەنزىلنىڭ قاباھەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي ، قارىغۇلارچە باسقان قەدەم نىجاسەت پاتقىقىغا ئاپىرىپ ، پۇشايمان زىنجىرىنى يۈرىكىڭگە تىقىدۇ . بۇ زىنجىر تا مەڭگۈگە ساڭا ئازاب سالىدۇ . چۈنكى ، پۇشايمان — كۆزىدىن يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇتتۇر .

1174 كىبىرەكلىك ئىشىم بارچە يەردە قويۇپ ،
كىبىرەكسىزنى قىلدىم ھەۋەسكە چۈشۈپ .

1175 تىرىكلىك — بورانداەك ئۆتەر ئۇ كېچىپ ،
ئىگرايمەن ئۆزۈمگە بىكار ئېچىنىپ .

ئەي ئوغلۇم ، باشقىلارنىڭ ساۋىقىدىن ئىبرەت ئېلىش ھايات تاۋىقىدىن نۇسرەت ئېلىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولىدۇ . قېنى ئاڭلا ، تۆۋەندىكىلەر مېنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىمغا قارىتىلغان ئېچىنىشلىق ئاھۇزارىم ، پۇشايمان ئەلىمىم :

ھەي ياشلىق ، ئى ھايات ، سېنى ئۆتكۈنچى بولۇپتەك ،

ئۆچقۇر بوراندەك تۈگەتتىم . ئەي يىگىتلىك چاغلىرىم ، ئىسىت! سېنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەي ئەجەبمۇ تېز قاچۇرۇپ قويدىما . قىراندەك ياشلىق! قايتا بىر مۇيەسسەر بولۇشقا مۇمكىن بولسىدى ، سېنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسرار ئىدىم . بۇنى مىڭ قېتىم دېسەممۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ . چۈنكى ، ئۇ مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى . ئۇنى جاھان ئالتىمىدىن ھەرقانچە ئاقتۇرسامۇ ، مەنىسىزلىك بىلەن قالدۇرغان يامان داغلاردىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيمەن . ھاياتنىڭ سۆيۈنچى جان بولسا ، ئۇنىڭ ياخشىلىقى ياشلىق مەزگىلىدە ئىكەن ، مەن بۇنى ئەجەب بىلمەپتىمەن . بالىلىرىم ، مەن قېرىلىقىمدىن ئۆكۈنمەيمەن ، ئۆمرۈم توغرىلىق بىلەن ، مەنىلىك ئۆتكەن بولسا ئەيىب يوق ئىدى ، پەقەت بىكار زايا كەتكەن ئۆمرۈمگىلا ئېچىنىمەن . مەن ھازىر تەن قۇرۇلۇشۇمدىكى گۈزەللىكنى يوقاتتىم ، ياشلىقىمدىكى ئەرغۇۋاندەك قىزىل مەڭزىم زەپىراندەك سارغايدى ، ئايدەك نۇرانە يۈزلىرىم كۆرۈمسىزلىشىپ ، قورۇقلارغا ماكان بولدى . باھار چېچەكلىرىدەك ياشلىق باھارىم ۋاقتى يېتىپ خازان بولدى ، چىناردەك بويۇممۇ يادەك ئېگىلدى .

371 بويۇم ئىدى ئوقتەك ، كۆڭۈل ئىدى يا ؛
كۆڭۈلنى قىلغۇچە ئوق ، بويۇم بولدى يا .

ھەي ئىسىت ، ئەجەب زايا قىپتىمەن بۇ ھايات كۆچىتىنى . ئەمدى پۇشايماندا كۆزۈمدىن قان - ياش ئاققۇزماقتىمەن . يېمەك-ئىچمەككە كەلسەم ، قاپ - تاغاردا بىرنى يەپ - ئىچىپتىمەن . ھەۋەس قوغلىشىپ كۆپلىگەن چاڭ - توزانلارنى توزىتىپتىمەن ، كايىپ تىللاپتىمەن ، رەنجىتىپتىمەن نەچچە كىشىنى ، ھەتتا

گۇناھسىزلارغىمۇ قول ھەم تىلىمنى ئۇزارتىپتىمەن . بۇنىڭ بىلەن خۇددى ياۋنى يەڭگەن ئەردەك چوڭ سۆزلەپ كېرىلىپتىمەن ، مەغرۇر غادىيىپتىمەن . ھەۋەس - ئارزۇنى قوغلىشىپ شۇنچە يۈگۈرۈپ قۇترىغان بۆرىدەك جاھاننى ئىگىراتتىم . كىشىلەرنى قورقۇتۇپ - قاقشىتىپ ، يېنىدىكى يولغا زورلۇق قىلدىم ، بىرگە ئازار بېرىپ ، يەنە بىرىنى قاقشاتتىم . مانا ئەمدى مەستلىكتىن ئويغانغاندەك ، ئىزىمغا قارىسام خەلقئالەم ئالدىدا يۈزۈمنى كۆتۈرۈشكە ماجالىم يوق . مانا ئەمدى قېنى بۇ دۇنيا ، بۇ تۇتىيا . مەن زادى بۇ ھاياتتا نېمىگە ئېرىشتىم ؟ مەن پەقەت پۇشايمان داغلىرىدىن باشقا ھېچنېمىگە مۇيەسسەر بولالمىدىم . ئەمدى ئىگە بولىدىغىنىم كىشىلەرنىڭ ماڭا ئوقۇغان لەنەت - نەپرىتى . مانا ئەمدى ئۆلۈم ئەلچىسى ئىشىكىمنى قېقىۋاتىدۇ . ئەمدى قىلغان - ئەتكەن يامانلىقلىرىمنى ياخشىلىق بىلەن يۇياي دېسەم ، نەدە دەرمان بولسۇن ؟ ئەمدى مېنىڭ ئېرىشىدىغىنىم پەقەت ئىككى پارچە خامدىن باشقا نېمە بولاتتى ؟ كېرەكسىز تېنىمنى قۇرت - قوڭغۇزلارغا يەم قىلىش مېنىڭ بىر ئۆمۈر قاتراپ يۈرگىنىمنىڭ نەتىجىسى بولىدىغان ئوخشايدۇ .

ئوغلۇم ، يۇقىرىقى ئاچچىق پۇشايمان نالىسىدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدىكى ، بۇ دۇنياغا ئادەمنىڭ كەلمىكى بىلەن كەتمىكى ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت . شۇ سەۋەبتىن ، ئۆلۈم ئانچە دەھشەتلىك ئەمەس . ئەڭ دەھشەتلىك بولغىنى يېتىش مۇمكىن بولغان ئۇلۇغۋار ئارزۇ - ئارمانىنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە دەپنە بولۇپ كېتىشى . ئادەم قېرىغان چاغدا جان قايغۇسىدىن باشقا نەرسىگە كۈچى يەتمەيدۇ . ئۇ چاغدا بارماق چىشلىگەن بىلەن پايدا يوق . غايە قولغا چىقمايدىغان سايە ئەمەس ، ئۇنى ئىرادىلىك ئادەملەرلا

تىرىشچانلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ئادەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەڭ ئۇلۇغۋار ئىشلار يولىدا كۈرەش بىلەن ئۆتكەن ھاياتىدىن پەخىرلىنىدىغان بولسۇن؛ خازان بولۇشتىن بۇرۇن ئەجرىڭلاردىن ئېرىشكەن شانۇ شەۋكىتىڭلار بىلەن ئەبەدىيلىك تەختىدىن ئورۇن ئېلىشقا ئالدىراڭلار. بۇ تەختنىڭ مۇقەددەس جايى خەلق قەلبى. خەلق مەڭگۈ ئۆلمەستۇر. ئۇلارنىڭ قەلب خاتىرىسىگە نەقىشلەنگەن خاتىرە مۇنارى ئۆرۈلمەيدۇ ۋە ئۆچمەيدۇ.

× × ×

قەدىرلىك يۇسۇپ بوۋا، سىزنىڭ ھاياتنى قەدىرلەش، ئۇنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىك توغرىسىدىكى قىممەتلىك تەلىملىرىڭىز، ھاياتنى قەدىرلىمەي مەنىسىز ھەۋەسنىڭ ئەسىرى قىلىش، قىممەتلىك ھاياتنى ئەرزىمەس ئىشلارنىڭ مەستخۇشلۇقىدا خار قىلىشنىڭ ئىنسانغا ئېلىپ كېلىدىغان ھالاكىتى ھەققىدىكى تەۋەررۈك ساۋاقلىرىڭىز ۋۇجۇدىمىزدىن ئورۇن ئالغان بەڭۋاشلىق ئېزىتقۇسىغا يۈگەن سالدى. راست، ئىنسان ئۈچۈن ھايات ئەڭ قىممەتلىك. بىراق، بىز ھاياتىمىزنىڭ قىممىتىنى ناھايىتى تار دائىرىدە چۈشىنىمىز. بىرمۇنچە كىشىلەر ھاياتنىڭ مەنىسىنى پەقەت چاكىنا ھەۋەستىن، كەيپ - ساپا، ئويۇن - تاماشىدىن، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتىن ئىزدەيدۇ. بەزى كىشىلەر كۆزى ئوچۇقلا بولسا، قول - پۇتى مىدىرلاپلا تۇرسا شۇنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىنى ھايات چاغلايدۇ. يەنە بەزىلەر ئەتە - ئۆگۈن ھاياتلىق شامىنىڭ ئۆچۈپ، مەڭگۈلۈك قاراڭغۇلۇققا يۈز تۇتىدىغانلىقىنى ئەقلىخانىسىگە سىغدۇرالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار نەپسانىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك، تۆھمەتخورلۇق، ئىككى يۈزلىمىلىك، پىتنىخورلۇق بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق غۇرۇرىنى

يەرگە ئۇرىدۇ . ئەل نەزىرىدە تۇكۇرۇك قاچىسىغا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ هار ئالمايدۇ ، نومۇسسىزلىق ، ۋىجدانسىزلىق بىلەن بۇ زېمىندىكى ئىنسانلار ئۇچۇن هاقارەت ئېلىپ كېلىدۇ . ئەي قەدىرلىك بوۋا ، بىز هەرگىز ئۇنداق ئازغۇن مەخلۇقلار ماڭغان هالاكەت يولىغا قەدەم قويمايمىز . قىممەتلىك هايات بوستانىمىزنى ۋاقىتسىز خازان قىلمايمىز . بىز سىزنىڭ تەۋسىيەلىرىڭىزدىن شۇنداق بىر هەقىقەتنى هېس قىلالىدۇقكى ، هاياتىمىزنى هالال ، پاك مەشغۇلاتقا سەرپ قىلىپ ، ئەقىل گۈلىستانىمىزدا بىلىم ئۇرۇقلىرىدىن گۈل ئاچقۇزۇپ ، هېسسىيات تۇلپارىمىزغا ئۇلۇغۋار ئىستەكنى قانات قىلىپ ، يەر يۈزىدە ئىنسانلار ئۈچۈن بەخت - سائادەت ئىشىكى ئېچىشقا تىرىشساقلا ، هاياتىمىزنىڭ هەقىقىي قىممىتى جارى بولىدىكەن . ئۇنداق بولمىسا ، ياشىشىمىزنىڭ هېچقانداق رولى بولمايدىكەن .

بوۋا ، بىزمۇ ئالدىمىزدا هايۋاندىن پەرقسىز ئادىمىي جانلارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز . ئۇلار ئۆزى هاقارەتلىنىۋاتسىمۇ ، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن مۇكاپاتتەك شەرەپ بىلىدۇ ، ئالدىنىۋاتسىمۇ ئۆزى ئۈچۈن خورلۇق هېس قىلمايدۇ ، هەتتا ئۇلاردا ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى هېس قىلىش تۇيغۇسى مەۋجۇت ئەمەس . ئادەملىكنى بىلمىگەن مەخلۇقتىن قانداقمۇ ئادەملىكنى تەلەپ قىلغىلى بولسۇن ؟ بوۋا ، بىز يەنىلا ئادەملىك هېسلاردىن مەهرۇم ، هاقارەتكە مەهكۇم هالەتتە هاياتىمىزنى نابۇت قىلىنىشىنى خالىمايمىز ، بىراق سىزنىڭ مۆجىزات خەزىنىڭىزدىن ساخاۋەت داستىخىنىمىزغا تۆكۈلگەن ئۈنچە - گۆھەرلەر كىچىككىمىزدىن تارتىپ مېڭىمىز قەلئەسىدە ئۇۋا تىزغان غەلىتە تەربىيە - تەۋسىيەلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ ئىككى قىلىچ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندىكىدەك هەر خىل سادالارنى چىقىرىپ ، قەلبىمىزدە

دىلىغۇللۇق ، ۋۇجۇدىمىزدا قايمۇقۇش ، ھېسسىياتىمىزدا داۋالغۇش ، چۈشەنچىمىزدە قارىمۇقارشىلىق پەيدا قىلىپ ، كۆڭۈل خاھىشىمىزنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى ، بۇ قالايمىقانچىلىق تۇگۈنچىكىنى يېشىشكە بولغان كۈچلۈك ئىنتىزارلىق بىزنى سىزدىن مۇنداق بىر سوئالنى سوراشقا مەجبۇر قىلدى :

بوۋا ، ئاتا ـ ئانىمىز بىزگە : «ئوماق قوزىلىرىم ، سىلەر بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئەگۈشتىرىمىز . سىلەر بىزنىڭ كۆزىمىز يۇمۇلغۇچە تازا ئەركىن ئويناپ كۈلۈۋېلىڭلار . بىز مال-دۇنيانى پەقەت سىلەرنى دەپلا يىمەي ـ ئىچمەي يىغىۋاتىمىز . بىزدىن كېيىن قالساڭلار تازا بەخىرامان خەجلەيسىلەر . پۇل بولسىلا جاڭگالدا شورپا . چوڭ بولغاندىن كېيىن ، قولۇڭلار يەتسىلا مال ـ دۇنيانىڭ غېمىنى قىلىڭلار ، خار بولمايسىلەر . ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كىمنىڭ پۇلى بولسا گېپى ئوڭ . تۆر ھامان شۇنىڭكى» دەيدۇ . بۇ توغرىمۇ ؟

ئوغلۇم ، بۇ سوئال ياخشى قويۇلدى ، مېنىڭچە ئاتا ـ ئانىلارغا بالىلار تەربىيىسى توغرىسىدا بېرىدىغان مەسلىھەتىم بار ئىدى . راست ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرگە سىڭدۈرگەن ئەجرى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ھەرقانداق مىللەت ۋە خەلقنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك جىددىي مەسىلە . بۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش — ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇھىم ۋەزىپە . بۇ ۋەزىپىنى قانداق ئورۇندىسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئازراق چۈشەنچە ھاسىل قىلماقنى تەلەپ قىلساڭ ، تۆۋەندىكى بابقا قارا .

# تۆتىنچى باب

## ئاتا - ئانىلارغا مەسلىھەت ، باللارغا ئىبرەت

ئەي «بالا - بالا» دەپ يۈرەك باغرىنى كاۋاپ ، ۋۇجۇدىنى خاراب قىلىدىغان ، بالا ئۈچۈن كۆز قارىچۇقىدىن يول بېرىپ ، كۆز ياشلىرىدىن كۆل ياسايدىغان مېھرىبان ئاتا - ئانىلار! سىلەرگە چىن ھېسداشلىقتا تولغان قەلبىم لەۋھەسىدىن تۆۋەندىكى سۆزۈمنى يادىكار قالدۇراي .

ئەي مېھرى ئاتەش ئاتا - ئانىلار ، سىلەر ئۆمۈرلۈك ھايات دەپتىرىڭلارغا ئۈمىد سىياھلىرى بىلەن دەردۇ مېھنەت رەقەملىرىدىن «پەرزەنت» دېگەن نەقىشنى چېكىسىلەر . چۈنكى ، بالا سىلەرنىڭ پۇشتۇڭلار ، ئىزباسارىڭلار ، سىلەر يېتەلمىگەن ئۈمىد مەنزىلىگە تۇغ - ئەلەم قادايدىغان ئۈمىد چىرىغىڭلار. ئەجدادلار ئېچىپ بەرگەن ھاياتلىق يولى پەرزەنتىڭلارنىڭ ئۇلۇغ - سولىغا قاراپ ، داۋاملىشىش ياكى تاماملىنىش تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . سىلەر ھەر كىمنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىنى ، ئۇلۇغلىنىشىنى ياكى خارلىنىشىنى ، ھىممەتلىك ياكى ھىممەتسىز بولۇشىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە مۆتلەق پۈتۈلگەن دېمەڭلار ، بۇ سەۋەب ئالىمى . پەرزەنتىڭىزنىڭ يامان سۈپەتلىرىنى كۆرسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئەمەل ئەينىكىگە قارا . پەرزەنت سېنىڭكى ، ياخشى تەربىيىلىسەڭمۇ ، يامان تەربىيىلىسەڭمۇ

قولۇڭدىن كېلىدۇ .

1225 ئوغۇل - قىز خۇي - پەيلى بولسا يامان ،
يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان .

ئەي ئاتا - ئانا بولغۇچى كىشى ، دۇنيادا ھېچقانداق بىر ئاتا- ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ يارامسىز مەخلۇق بولۇپ قېلىشىنى تىلىمەيدۇ . بىراق ، تەربىيىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەن ئاخىرقى نەتىجىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ . پەرزەنتىڭلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن باتۇر ، كۈچلۈك بولۇشى ، مەنىۋى جەھەتتىن قورقماس ، جاسارەتلىك ، ئىرادىلىك ، ئەدەپلىك بولۇشى سىلەرنىڭ ئۇلارنى كىچىكىدىن تارتىپ قانداق تەربىيىلىگەنلىكىڭلارغا باغلىق . ئەگەر كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرۈلگەن ، تەربىيىلەش ئۇسۇلى جايىدا بولغان بولسا ، بالىلار خۇي - پەيلى جەھەتتىن ياخشى بولىدۇ . ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلگەن بولسا ، توسۇن ئاتتەك باشقۇرماق تەس بولۇپ قالىدۇ- دە ، ئاتا - ئانا بولغۇچىلارغا كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرد - ئەلەم يۈكىنى يۈكلەيدۇ . ئەگەر پەرزەنتىڭلارنى ئۆز غاپىللىقىڭلارنىڭ قۇربانى قىلماي ، ھاياتىڭلارنىڭ بەرناسى قىلماقنى تىلىسەڭلار ، ئۇلارنى كىچىكىدىن تارتىپ چىڭ تۇتۇپ ، ياخشى تەربىيىلەشنى ئادەت قىلىڭلار . دەرەخمۇ كىچىك چېغىدىن تارتىپ ئوبدان پەرۋىش قىلىنىپ ، ياۋا شاخلىرى پۇتاپ - چاتاپ تۇرۇلسا ، يارامىلىق بولۇپ ئۆسىدۇ . ئەگەر بالىلىرىڭلارغا كىچىكىدىن تارتىپ ئەدەپ يۈگىنىنى سالماي ، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان بولساڭلار ، ئارزۇ - ئۈمىد دەرىخىڭلار بورانغا يولۇققان كۆز شاخلىرىدەك قاقشال بولۇپ قالىدۇ . ئۇ چاغدا پۇشايماندا

لىپۈنگلارنى چىشلىسەڭلارمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ .

1220 ئەگەر چىلڭ تۇتۇلماس ئىكەن بۇ ئوغۇل ،
بولۇر زايە ، ئاندىن سەن ئۆزگىنى كۆڭۈل .

كۆپنى كۆرگەن ، بېشىدىن ئاچچىق ساۋاقلار ئۆتكەن دانا كىشىلەرنىڭ بالىنىڭ ئەركە چوڭ بولۇپ قالغاندىن كېيىن ، كەلتۈرىدىغان ئاچچىق ئەلىمى توغرىسىدا ئېيتقان تۆۋەندىكى بېيىتلىرى نەسىھەت بولۇپ قالسۇن :

1223 كىمنىڭكى بولۇر ئەركە ئوغلى - قىزى ،
چېكىپ ئاھ ۋە ھەسرەتتە يىغلار ئۆزى .

بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانا بولغۇچىلار ئۆز بالىلىرى ئالدىدا بىر ئەينەك بولۇشى لازىم . سىلەر پەرزەنتىڭلارغا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خىسلەتلىرى بىلەن ئۈلگە بولۇڭلار . ئۇلار سىلەردىن ئادەمگەرچىلىكنىڭ قائىدىلىرىنى ۋە ھالال ياشاشنىڭ ساخاۋەتلىرىنى ئۆگەنسۇن ، رەسۇلىللا : «ئاتا ئۆز پەرزەنتىگە ياخشى خۇلق ۋە ئەدەپتىن قىممەتلىك مىراس قالدۇرالمايدۇ» دېگەن . سىلەر پەرزەنتىڭلارنىڭ بىغۇبار قەلب دەرياسىغا شەخسىيەتچىلىك ، نەپسانىيەتچىلىك ، ئىككى يۈزلىمىچىلىك لاتقا ئەخلەتلىرىنى توشقۇزۇشتىن ، پۇل - مال ھېرسمەنلىكى بەدنىلىگە خائىنلىق ، ساتقۇنلۇق ، پەسكەشلىك قىلىدىغان رەزىللەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار . ئەگەر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساڭلار ، ئۇ سىلەرگىمۇ جۇملىدىن ئۆز ئېلىگىمۇ ئاھانەت - ھاقارەت

كەلتۈرىدىغان قارانىيەت بولۇپ چىقىدۇ . قارانىيەتنىڭ ئاخىر ئىگە بولىدىغىنى پەقەتلا ھالاكەت . ھالاكەت ئۇ تورىغا چۈشكەن چاغدا ، ئاندىن : «ئاتا ـ ئانام ياخشىراق تەربىيىلەپ قويغان بولسا ، مۇشۇ ھالغا چۈشمەس ئىدىم » دەپ سىلەردىن ئۆمۈر بويى نارازى بولىدۇ . سىلەر بالىلىرىڭلارنى كىچىكىدە خۇش قىلىمەن دېسەڭلار ، ئاخىرقى ھېسابتا بالا ـ قازا گىردابىغا بېرىشىنىڭ يول تەييارلىقىنى قىلىپ بەرگەن بولۇپ قالماسلىقىڭلار! ئەي ئاتا ـ ئانىلار ، شۇڭا سىلەر پەرزەنتىڭلارنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىغا خەلق ، ۋەتەن مەنپەئىتىنى ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىڭلار . شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزۈڭلارلا سۆيۈنۈپ قالماي ، خەلقمۇ ، ۋەتەنمۇ خاتىرجەم بولىدۇ . ئۇنىڭ ئەكسى بولىدىكەن :

5768 ئانا ئالسا يوشۇرۇنچە ئوغرى سۇ ،
ئوغۇل تۇغسا ئەلگە بولۇر ئاپەت ئۇ .

دېگەندەك ئىش بولىدۇ . يۇقىرىقىدەك ئەھۋال كۆرۈلسە ، نېمىدەپ جاۋاب بەرگۈلۈك ؟

ئەي ئاتا ـ ئانىلار ، يۇقىرىقىدەك ئاقىۋەتلەرنىڭ تۈپ يىلتىزى بىلىمسىزلىك ، نادانلىق . شۇڭا ، پەرزەنتىڭلارنى يارامسىق قىلىپ تەربىيىلەشنى ئويلايدىكەنسىلەر ، ئەڭ ئاۋۋال ئىلىم ـ مەرىپەت بۇلىقىدا سۇغىرىشنى ئۇنتۇماڭلار . ئادەمنىڭ كىچىكلىكى تۆمۈرنىڭ قىزىق ۋاقتىدىكى ھالىتىگە ئوخشايدۇ . قاياققا سوزسا شۇ ياققا سوزغىلى ، نېمە سوقماقچى بولسا شۇنى سوققىلى بولىدۇ . ئەگەر تۆمۈر سوۋۇپ كەتسە ، ھەرقانچە ئۇرغان بىلەن ھېچبىر نەتىجە چىقمايدۇ . شۇڭا ، پەرزەنتىڭلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ ئىلىم ئۆگىنىشى ئۈچۈن باش قاتۇرۇڭلار .

1493 ئوغۇلنى كىچىكتە ئوقۇتماق زۆرۈر،
كىچىكلىكتە بىلسە ئۆتۈقلۇق بولۇر.

1495 كىچىك چاغدا بىلسە بالا نېمىنى،
قېرىپ ئۆلگۈچە ئۇنتۇماس ئۇنى.

بالىلارنىڭ كۆڭلىنىڭ بۆلۈنمەسلىكى، ئارىدا قالماسلىقى، تارتىنچاق - جۈرئەتسىز بولۇپ قالماسلىقى قاتارلىقلارنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن تەربىيىلەڭلار، چۈنكى ئۆز قول ئۆز قول، باشقىلارنىڭ قولى تۇز قول بولۇپ، دېگەن نىشانغا يەتمەيدۇ. باشقا ئادەملەرنىڭ بالىلىرىڭغا سەندىن ئارتۇق كۆيۈنۈپ كېتىشى ناتايىن. ئۆز قولۇڭدا يارامىلىق بولۇپ چىقسا پەخىرلىنىسەن، يارامسىز بولۇپ قالسىمۇ تاپا قىلمايسەن. باشقىلارنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ كېرەكسىز بولۇپ قالسا، باشقىلار سېنىڭ تاپا - تەنەڭدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەگەر بالا باققۇچى ئالماقچى بولساڭمۇ ئەخلاقلىق، تەجرىبىلىك، كۆيۈمچان ئادەمنى ئال. شۇنىڭدا پەرزەنتىڭمۇ پاك ۋە ساغلام ئۆسەلەيدۇ.

4504 تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز - ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

4505 ئېرىغ پاخشىنى ئال ئىنىگە قىلىپ،
ئوغۇل - قىز ئۆسەر پاك ۋە ساغلام بولۇپ.

تەربىيىنىڭ ئىككىنچى قەدىمى ئوغۇل - قىز پەرزەنتلەرگە ئىلىم - بىلىم بىلەن ئەدەپ - ئەخلاق دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ،

ئۇلارنى ھەقىقىي ئىنسانىي گۈزەللىك باغچىسىغا باشلاشتۇر . ئەدەپ - ئەخلاق ئىنسان بالىسىغا ھەر ئىككىلا دۇنيادا قولداش بولۇپ ، ئۇنى خارلىق ئازابىدىن ساقلايدۇ ؛ ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسى بىلەن شاد قىلىدۇ ؛ كۆڭلىنى ناپاك خىياللاردىن ئازاد قىلىپ ، ئالىيجانابلىق خىسلىتىنى يارىتىدۇ . پەرزەنتلىرىڭلارغا مال - دۇنيا مىراس قالدۇرىمەن دەپ ، ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئىلىم- ھۈنەردىن ۋە ئەخلاق دۇرلىرىدىن مەھرۇم قىلماڭلار . مال - دۇنيا ئادەمنى ئەبەدىيلىك بەخت ساھىلىغا باشلاپ بارالمايدۇ ، بەلكى ئۆمۈر ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۆتىدۇ . چۈنكى ، ئادەم مال - دۇنيا توپلاشقا بېرىلىپ كەتسە ھەممىنى ئېسىدىن چىقىرىدۇ . ۋاقتى كېلىپ موھتاجلىق تېغى شىللىسىدىن باسقاندا ، قۇتۇلۇشقا ئامال قىلالمايدۇ . ئەگەر ئىلىم - ھۈنەردىن خەۋەردار بولسا ، مال - دۇنيا دېگەن ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ . ئەگەر بېشىغا كۈن چۈشۈپ قالسا ، ھۈنەر - ئىلىمنىڭ شاپائىتى بىلەن خارلىق توپىسىنى چېكىشلەشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ . پەرزەنتىڭلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ، قاتتىق قوللۇق بىلەن ئەدەپلىمىسەڭلار ، كۆزۈڭلار يۇمۇلغاندىن كېيىن ، جەمئىيەت ، قانۇن ئۇنىڭغا تۈرلۈك جەبىر - چاپالار بىلەن تەربىيەت بېرىدۇ . ئۇ چاغدا مال - مۈلكىڭلار ، ئابرۇيىڭلار ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ . شۇڭا ، سىلەردىن قالىدىغان قىممەتلىك مىراس — ياخشى تەلىم - تەربىيە بولسۇن . ياخشى تەلىم - تەربىيىنىڭ كۆچىتىنى قۇرۇماستۇر . ئەي باغرى جاراھەتلەنگەن قەدىرلىك ئاتا - ئانىلار ، مال - دۇنيا كىمنى تەشۋىشتىن خالاس قىلغان ، ئىلىم - ھېكمەت كىمنى خارلىق ئازگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالمىغان ؟

4508 پەزىلەتنى قويماي ئوغۇلغا ئۆگەت ،
ئاتا مال بەرگۈسى يىغىپ پەزىلەت .

4506 ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەپ ،
بىرۇر بۇ ئاتا ئىككى دۇنيادا نەپ .

ئەگەر سەن پەرزەنتىڭنى بىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلساڭ ، ئۇنى بارلىق ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىدىن مەھرۇم قىلغان بولىسەن ، بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيالىق بەختىنى قارا قىلىسەن .

شۇنىمۇ مەقسەت سەھىپەڭلاردىن يىراقتا قالدۇرماڭلاركى ، ئوغۇل ـ قىزلىرىڭلار بوي ـ بەستتە كامالەت نىشانىسىنى بەرگەندە غەپلەت ئۇيقۇسىدا مۇگىدىمەڭلار ، سىلەرنى قارا باسىدۇ . بۇ يامان چۈشنىڭ رېئاللىقىنى قىز ـ ئوغلۇڭلاردىن كۆرۈسىلەر . پەرزەنتىڭلارنىڭ تەلەپ خالتىسىنى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن بوغساڭلار ، ئۆز ـ ئۆزۈڭلارنى ئەلەم يۇغۇچى بىلەنمۇ يۇيۇپ بولالمايسىلەر . شۇڭا ، قىز چوڭ بولسا ئۆزى خالىغان ئەرگە بەرمەك ، ئوغۇل بالاغەتكە يەتسە كۆڭلى خالىغان جايدىن ئۆيلەپ قويماق پەرزدۇر . ئاتا ـ ئانا شۇندىلا خاتىرجەملىك ياستۇقىغا باش قويالايدۇ .

4507 ئوغۇلنى ئۆيلەندۇر ، قىزنى ئەرگە بەر ،
ياشا دەرد ـ ئەلەمسىز ، ئايا قۇتلۇق ئەر .

كۆپلىگەن ئاتا ـ ئانىلار ئوغۇل ـ قىزلىرى بالاغەتكە يەتسىمۇ ، بىپەرۋالىق قىلغانلىقى ئۈچۈن نادامەت پاتقىقىغا پاتقان ،

يۈرىكى كۆسەيدەك پۇچىلانغان . قىز - ئوغۇلنىڭ غېمى ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن قەرز ھېسابلىنىدۇ . قەرزنى ئادا قىلمىغانلىقمۇ پەرزگە ئەمەل قىلماسلىققا ئوخشاش گۇناھتۇر .

1164 ئوغۇل - قىز غېمى بۇ تۈۋى يوق دېڭىز ،
ئوغۇل - قىز غېمىدىن سارغايدى مېڭىز .

ئەي بارلىق خۇشاللىقنى بالا خاپىلىقىدا يوغان ئاتا - ئانىلار ، مۇنداق پەيت ئۆمرۈڭلاردىكى تەشۋىش بىلەن تولغان ، خاتىرجەمسىزلىك ئورۇن تۇتقان ھالقىلىق مەزگىل . مۇنداق ۋاقىتتا ئادەم ئەندىشە ۋە ساراسىمىدىن خالىي بولالمايدۇ . ئەي ئاتا ، بالىلىرىڭنىڭ ئالدىدا ئېتىبارسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلە ، پەرزەنت دېگەن ھەرقاچان ئاتا - ئانىدىن ھېيىقىدىغان بولۇش كېرەك . ھېيىقىشنىڭ ئۆزىمۇ ئەدەپ - ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدۇ . پەرزەنتلەر بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تېگىشلىك پەردىشەپ بولسۇن . ھايا يوقلۇپ كېتىشتىن ئاۋۋال ئېتىكىڭنى ياپ ، قىزنىڭ بويىغا يەتكەندە ئۆيۈڭدە بەك ئۇزاق تۇرۇپ قالمىسۇن ، ئۇنى دەرھال تاقلىق ھالىتىدىن جۇپلۇك ھەرەمخانىسىغا ئۇزاتقىن ، شۇندا بېشىڭدىكى غەم تېشىمنى ئېلىۋەتكەن بولىسەن . ئەگەر پەرزەنتىڭ ئۆيۈڭدە بەك ئۇزاق تۇرۇپ قالسا ، جەبىر - جاپا ھۆۋقۇشى شىللەڭ مۇنبىرىدە بەزمە قۇرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن مۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ :

4510 قىزنىڭ ئۆيدە ئەرسىز ئۇزاق تۇرمىغاي ،
ئۆلەرسەن پۇشايماندا سەن ئاغرىماي .

× × ×

رەھمەت سىزگە ، ھەي زامان ھادىسىلىرىدىن قەلبىنى كۆيگەن ، ھايات تەجرىبىلىرىدىن نېسىۋە كۆرگەن ، ساخاۋەت مەنزىلىگە يەتكەن ، پالاكەت دەشتىنى كەزگەن ، تەجرىبە ئۇرۇقىنى ھاياتنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا چاچقان دانىشمەن كىشى! پەرزەنت تەربىيىسى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ كۆرۈشى توغرىسىدىكى تەۋسىيەلىرىڭىز ھەقىقەتەن دىل يارىمىزنى داۋالايدىغان شىپالىق دورا ، ئەلەم قىيانلىرىمىزغا سېلىنغان كېمە بولدى . كۆڭلىمىزدىكى تەشۋىش تۇمانلىرى خاسىيەتلىك تەلىملىرىڭىز بىلەن تارقاشقا يۈز تۇتتى . كۆكسىمىز قەپەسىگە ئۇۋا تىزغان ، ئەقلىمىزنى ئوۋلىغان قاباھەتلىك خىياللار زاۋال مەغرىبىگە ئولتۇرماققا يۈزلەندى . راست ، بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزنى ھېرىسمەنلىك ، ئاچ كۆزلۈك ، پىتنە - پاسات ، مەنىسىز كاسات خىياللار سۈيى بىلەن سۇغارغان چاغلىرىمىز بولدى . ئۇلارنى ئەلنىڭ پەرزەنتى قىلماي ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي مۈلكى ئورنىدا قىلىۋاپتۇق ، شۇڭا ئۇلار ئوقۇماقنى تەرك ئېتىپ ، ھورۇنلۇق ، لوكچەكلىك ، ئەخلاقسىزلىق ، نادانلىققا ئەسىر بولدى . غايە ئورنىغا سايە ، ئامانلىق ئورنىغا تىنچسىزلىق ئالمىشىپ ، كۆڭلىمىز پاراكەندىچىلىك تىكەنلىرى بىلەن تىتىلدى . بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىز تۈپەيلى كېلىپ چىققان بۇ ئەھۋاللاردىن تولىمۇ ئۇيالدۇق . ئەي بوۋا ، سىزنىڭ دانا تەربىيىڭىز ئۇيقۇمىزنى ئاچتى ، ھوشىمىزنى تاپقۇزدى . بىز ھەقىقىي ئاتا - ئانىلىق بۇرچىمىزنى خەلق ۋە ۋەتەن مەنپەئەتى بىناسىغا ئۇل قىلىمىز . پەرزەنتىمىزنىڭ تەپەككۇر قۇياشى خەلق قەلبىگە نۇر ، ۋەتەن زېمىنىغا گۈل چېچىشى ئۈچۈن ۋىجدانىمىز كېپىل بولسۇن!

ئەي بوۋا، ئەمدىكى يەنە بىر ئىلتىماسىمىز بار. بىزگە ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە تەجرىبە خەزىنىڭىزدىن دۇرلار تۆكسىڭىز ئىكەن، بىزدە ھازىر ئائىلە زىددىيەتلىرىنىڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىنماسلىقى سەۋەبلىك نۇرغۇن ئائىلىلەر ۋەيران بولدى، مىڭلىغان باللار يېتىم قېلىۋاتىدۇ. ئېغىر بۇزۇلۇشقا يۈزلەنگەن ئائىلە كرىزىسى، مىللىتىمىزنىڭ ساغلام «ھۈجەيرىسى»نى كېرەكتىن چىقارماقتا،

## بەشىنچى باب

# نىكاھ مۇقەددەسلىكى ۋە ئائىلە بەختى توغرىسىدا

ئەي قىز ، نىكاھ مۇقەددەسلىك سۈپىتى بىلەن ساڭا پاكلىق ۋە ھەقىقىي مەنىدىكى ئاياللىق خىسلىتىنى بەخش ئېتىدۇ . سەندە ئۇنى تۇتۇشقا بولغان چوڭ روھىي تەييارلىق بولۇشى كېرەك . سەن باشقا بىر ئائىلىگە بارىسەن . ئۇ ئائىلىگە پەزىلەت ، گۈزەللىك ، ئالىيجانابلىقنى ۋە پاكلىقنى ئېلىپ كىر ، ھەرگىزمۇ سەندىن ناپاكلىق سادىر بولۇپ قالمىسۇن . بىر قېتىم بولسىمۇ ، ئازراق خاتالىققىمۇ يول قويماسلىق كېرەك . ئەر - خوتۇن ئارىسىدا ئەدەپ ، ھايا ، پاكلىق بولغاندا ، نىكاھ ئىمتىمۇ بەركاماللىق بىلەن ياشايدۇ ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . سەن ئۆز ساداقىتىڭ ، سەمىمىيلىكىڭ ۋە كۆيۈمچانلىقىڭ بىلەن ئېرىڭنىڭ مۇھەببىتىنى تېخىمۇ لاۋۇلدىتالايسەن ، ئائىلىدىكى ھۆرمىتىڭمۇ يۇقىرى بولىدۇ . ئەگەر ئەقىلسىزلىق قىلىپ مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولۇپ قالساڭ ، ئۇ ئۆي سەن ئۈچۈن دوزاخقا ئايلىنىدۇ . سەندىن مۇھەببىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئادەم ھەرقاچان سېنىڭ ئەيىبىڭنى ئىزدەپ تۇرىدۇ ، ياخشى ئىشلىرىڭمۇ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدۇ ، ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىڭمۇ ئەرزىمەس ئىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۆيدە جېدەل قورۇمايدۇ ، بۇ رەۋىشتە ئۆتكەن تۇرمۇشنىڭ قىلچە لەززىتى بولمايدۇ . شۇڭا ،

بۇلىمىغۇر يامان ئىشلاردىن، ھاياسىزلىقلاردىن، ئەدەپسىزلىكلەردىن بەك ئېھتىيات قىل. يامان كۆرۈپ قېلىش بىر قاباھەت قىزىم، تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىن.

قىزىم، ئېرىڭگە ئىتائەت قىلغىن. ئېرىڭنىڭ ئۆزۈڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىل، ھەرگىز ئېرىڭگە خىيانەت قىلما، ھەرگىز ئەرزىمىگەن ئىشلار ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چەكمە. بولۇپمۇ ئېرىڭنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا تېگىدىغان ئىش - ھەرىكەت ۋە گەپ - سۆزلەرنى قىلما، يوق ئىشلار ئۈچۈن ئۇنى ئەڭلىكتە قويما، كىيىم - كېچەك ۋە گالنى دەپ ھەرگىز ئۆزۈڭنى بۇزما. ھاياتنىڭ مەقسىتىنى ياسىنىش دەپ قارايدىغان ئاياللارنىڭ ھاياتىدىنمۇ بەختسىز ھايات بولمايدۇ. چىراي، كىيىم - كېچەك، زىبۇزىنەت بىلەن بېزىنىش بىر دەملىك ئۆتكۈنچى جىلۋە، بۇنىڭغا تايىنىپلا بىراۋنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئورۇن تۇتۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۆمۈرلۈك مەپتۇنكار جىلۋە قەلب گۈزەللىكى ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. قەلب گۈزەللىكى ھەتتا سەت چىرايىغىمۇ كۆركەملىك بەخش ئېتىدۇ. قىلىقىنىڭ سەت، قەلبىنىڭ ناپاك بولۇشى ئەڭ گۈزەل رۇخسارغىمۇ كىشىنى غەش قىلغۇدەك قارا داغ چۈشۈرىدۇ. ھەددىدىن ئارتۇق ھەشەم - دەرەم گۈزەللىكنىڭ ئېھتىياجى ئەمەس، ئاددىي - ساددىلىق گۈزەللىككە تېخىمۇ بەك يارىشىدۇ، گۈزەللىككە باشقا پەزىلەتلەر قوشۇلغاندا، ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك تېخىمۇ جىلۋىگەر گۈزەللىك نامايان بولىدۇ. رۇخسارى گۈزەل غۇنچىدەك تۇرۇپ، پەزىلەتسىز بولسا، گۆھەرنى نىجاسەتكە ئاتقانلىق بولىدۇ، قىزىم.

قىزىم، كونىلاردا «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر

قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن گەپ بار. مال ـ دۇنيا بىلەنمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان گۈزەل ۋە بەختلىك تۇرمۇشنى ياخشى خۇلق ـ مىجەز بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئېرىڭ بىلەن ياخشى ئۆت ياكى يامان ئۆت، ساڭا ياخشىلىق قىلسۇن ياكى يامانلىق قىلسۇن، ھەتتا ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولساڭمۇ، ھەرگىز ئېرىڭنىڭ چوڭ ـ كىچىك سىرىنى ئاشكارىلىمىغىن. ئۇ سېنىڭ ئېرىڭگە قىلغان زىيانكەشلىكىڭ بولۇپ قالماي، بەلكى ئۆزۈڭگە قىلغان زىيانكەشلىكىڭ بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەر سېنى ئەسكى، ناچار خوتۇن ئىكەن، دەپ سەندىن قاچىدۇ. ھەرقانچە ئاچچىقىڭ كەلسىمۇ ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ئېغىزىڭدىن ئەسكى، ناچار سۆزلەرنى چىقارغۇچى بولما. ئېرىڭگە قول ئۇزارتما. ناچار، ئەسكى سۆز بىھايا خوتۇنلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدۇ، ئۇنداق ئاياللارنى كىشىلەر جەددال ئايال دەپ ئاتايدۇ. تۇرمۇشتا قانائەتلىك بولغىن، بۇ سېنىڭ بەختلىك بولۇشۇڭنىڭ ياخشى يولى، قانائەتلىك بولۇش ئاياللارنىڭ ئەڭ مۇھىم پەزىلەتلىرىدىن بىرى. ئېرىڭ باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن، ئۆزۈڭنى مەڭگۈلۈك ئېرىڭگە ئاتىغىن. ئېرىڭ باي بولۇپ كەتكەندە، كۆرەڭلەپ قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىۋالساڭ، ئېرىڭنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ ـ چاچساڭ، ئۇنى ئېلىپ بەرمىدىڭ، بۇنى ئېلىپ بەرمىدىڭ دەپ خاپا قىلساڭ، سەن ئەڭ ئەسكى خوتۇن ھېسابلىنىسەن. ئىمكان بار بارىغا قانائەت قىلىپ، تېجەشلىك، ئىقتىسادچىل بولساڭ، ئۆيۈڭ تېخىمۇ باياشاتلىققا تولىدۇ، كۆڭلۈڭمۇ ئارامىدا بولىدۇ. بىر قۇر كىيىم ئۈچۈن ھەرگىز خاپىلىقنى سېتىۋالىدىغان بىشەم خوتۇنلاردىن بولۇپ قالما. ئەگەر ئېرىڭ كەمبەغەللىشىپ كەتسە، سەنمۇ تىرىشىپ ئۇنىڭغا ياردەم بەر، ئىلھام بەر، كۆڭلىنى ياسا، ھەرگىز ئېرىڭنى گاداي،

سەندىن نىمە خوۋلۇق كۆردۇم ، ساڭا نىمە ئۇچۇن تېگىپ قالغان بولغىيتتىم دەپ ئىرىڭنى خىجالەت قىلىپ ، ئۆزۈڭنى گۇناھكار قىلما . ھەرقانداق تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا بەرداشلىق بەرگىن . ئىرى نامراتلاشسا ، يۈز ئۆرۈگەن خوتۇن ئەڭ ئىپلاس خوتۇن ھېسابلىنىدۇ . خوتۇننىڭ ئەڭ ئىپسىلىـــــى ئىرى يامان كۈنگە قالغاندا ، دائىم ئۇنىڭغا تەقدىرداش بولالىغان خوتۇندۇر . قىزىم ، قانائەتسىزلىـــك يامان كېسەل . ئۇ سىنـــــــى ئاچ كۆزلۈك ، نەپسانىيەتچىلىككە گىرىپتار قىلىـــدۇ . سەن ئۆزۈڭنىـــڭ تۇرمۇشىنى ھەرگىز باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا سېلىشتۇرۇپ ، «ئۇلار ئۇنداق ئىكەن ، بۇلار بۇنداق ئىكەن ، ئۇنىڭ ئىرى مۇنداق ئىكەن ، بۇنىڭ ئىرى بۇنداق ئىكەن» دېگەندەك گەپ - سۆزلەرنى قىلما . باشقىلارغا ئىرىڭنىڭ يامان گېپىنى قىلما ، ياخشى گېپىنى قىل . ئۆزۈڭنىڭ تۇرمۇشىنى بىل . «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن گەپ بارغۇ . باشقىلارغا سېلىشتۇرغان بىلـــەن تۇرمۇشۇڭ باشقىچە ئۆزگىـــرىپ قالمايدۇ ، ئەكسىـــچە كۆڭۈلسىزلىككە سەۋەب بولىدۇ . «ئاياللىنىڭ ۋەزىپىســـــى ئەر كىشىنىڭ قەلب دىتىنى ، ئۇنىڭدىكى ئالىيجاناب ھېس - تۇيغۇنى يالقۇنجىتىش ، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ۋە يۈكسەكلىـــك ھەمدە بۇيۇكلۈككە بولغان قىزىقىشىنـــــى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشتىـــن ئىبارەت ، ئاياللىنىڭ قىممىتى ئەنە شۇ . بۇ قىسمەت ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەستۇر (بېلىنسكىي) . سېنىڭ ئاياللارغا خاس نازاكىتىڭ ئىرىڭگە قانات بېغىشلىسۇن ، ئۆزۈڭنـــــى تاشلىــــۋەتمە ، ئۆي ئىچىڭىمۇ پاكىز ، رەتلىك كىيىنىپ يۈرگىن ، ھەرگىز ئەرلىك دەۋاسى قىلما ، ئايال كىشى ئاخىرىغىچە ئاياللىقىنى قىلالىسا ، ئۇ كۆپرەك ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ . ئەگەر سەن ئۆزۈڭدىكى ئاياللىـــق پەزىلەتلەردىن يىـــراقلاپ ، ئەرلىـــك

خىسلەتلىرىنى كۆچەيتىشكە ئۇرۇنساڭ، بۇ ھال ئۆزۈڭگە زىيان يەتكۈزىدۇ. مەردلىك ئەرلەر ئۈچۈن كۆپرەك يارىشىدۇ، ئاياللار ئۈچۈن بولسا ئەيىب سانىلىدۇ. مال - دۇنيانىڭ قەدرىگە يەتكەن ئايال بىر چىمدىم ئۇننىمۇ بۇزمايدۇ، ناننى ھاجەتتىن ئارتۇق سۇندۇرمايدۇ، نان پارچىلىرىنى خالىغان جايغا تاشلىمايدۇ. قىزىم، شۇ بىر نان ئۈچۈن قانچىلىك ئەجىر كەتكەنلىكىنى ئەسلەش كېرەك. بىر بۇردا نان ئۈچۈن دۇنيادا قانچىلىغان كىشىلەر جان بەرمەكتە. ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر كىشىگە دالىدا يولۇققان بىر چامادان پۇلدىن كۆرە بىر بۇردا نان ئەۋزەلغۇ. ئەگەر سېنىڭ ئىسراپخورلۇقۇڭ سەۋەبلىك ئېرىڭنىڭ ئىشتىنى تىزىدىن ئاشماي ناتوغرا يولغا ماڭغۇدەك بولسا، بۇنىڭ گۇناھىمۇ ساڭا بولىدۇ.

قىزىم، پاكلىقنى ئادەت قىل، شەخسىي تازىلىققا بەك ئەھمىيەت بەرگىن، ھەرگىز تاھارەتسىز يۈرۈپ قالما. ناپاكلىق شۇملۇقنى ۋە بەختسىزلىكنى چىللايدۇ. ئېرىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭگە خۇش پۇراق نەرسىلەرنى چېچىپ، ئۆزۈڭدىنكى بەزى يات پۇراقلارنى ھەيدەشكە تىرىشقىن. سەن شۇنى چۈشەنگىنكى، كۆڭۈل دېگەن تولىمۇ نازۇك، كىچىككىنە ئىش ئىسسىقتا، كىچىككىنە ئىش سوۋۇشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، ياخشى بىر ئايال بولماق تولىمۇ قىيىن. ھەرقانداق ئىشتا پىلىسىراتتىن ماڭغاندەك ئېھتىيات بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. ئېرىڭنىمۇ پاكىز تۇتقىن، يۈرۈش - تۇرۇشتا ئاگاھ بول. ھەرقانداق قىلساڭ قىلىپ، ئېرىڭنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈڭگە مايىل قىل، شۇندىلا ئېرىڭنى قولۇڭدا تۇتۇپ تۇرالايسەن. ئېرىڭنى قولۇڭدىن بېرىپ قويۇش ياكى قولۇڭدا تۇتۇپ تۇرۇش پەقەتلا ئۆزۈڭگە باغلىق. ئېرىڭنىڭ كۆڭلى سەندىن سۇ ئىچمىسە، چوقۇم باشقا بىرىگە

كۆڭۈل بىرىشكە مەجبۇر بولىدۇ . قولدىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ قايتۇرۇپ كەلمىكىڭ تولىمۇ تەس .

قىزىم ، سەن ھەمسۆھبەتتە بولىدىغان ئايالLARنى ئوبدان تاللىغىن . پەزىلەتلىك ، ياخشى خۇلقلىق خوتۇنلار بىلەن سۆھبەت قىل . بۇزۇق ، سۇخەنچى خوتۇنلارنى ھەرگىز ئۆيۈڭگە يولاتما . ياخشىلار بىلەن بولغان سۆھبەت ياخشىلىقتا سەۋەب بولسا ، يامانلار بىلەن بولغان سۆھبەت يامانلىقتا سەۋەب بولىدۇ ، يامان خوتۇن خوتۇن ئەمەس ، بەجايىكى بىشەم شەيتاندۇر . ئۆزۈم ياخشى بولغاندىكىن ، ئۇنىڭ يامانلىقىنىڭ نېمە زىيىنى ؟ دېمىگىن .

ھېكايە قىلىنىشىچە : كاتتا بىر سودىگەر بىر چاكار سېتىۋالدى . چاكار ساتقۇچى :

— بۇ قۇلنىڭ بىر ئەيىبى بار ، ئۇ بولسىمۇ سۇخەنچىلىكتۇر ، — دېدى .

— قۇل سۇخەنچى بولسا نېمە بولاتتى ؟ — دېدى سودىگەر .

چاكار سودىگەرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا ، سودىگەرنىڭ خوتۇنىغا :

— ھەي ئاغچام ، خوجايىنىنىڭ سىزنى قويۇپ بىرىپ بىر خوتۇن ئېلىش نىيىتى بار ئىكەن ، — دېدى ، ئاغچا بەك پەرىشان بولدى . ئۇ يەنە :

— مەن تىلسىم بىلىمەن ، ئەگەر خالىسىڭىز خوجايىننى سىزگە مۇھەببەتلىك قىلاي ، — دېگەنىدى ، ئاغچا خۇش بولۇپ كېتىپ ئۇ چاكارغا كۆپ ئىلتىپاتلار قىلدى . ئۇ بىر كۈنى :

— غوجام ئۇخلىغاندا ، ئۇستىرا بىلەن ساقىلىنىڭ ئۇچىدىن كېسىپ ماڭا بېرىڭ ، ئۇنىڭغا ئەپسۇن دۇئاسى ئوقۇپ بېرەي ، ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىڭ ، — دېدى . ئاندىن سودىگەرنىڭ قېشىغا كېلىپ :

— ھەي خوجايىن ، سىزنىڭ مەندە تۈز ھەققىڭىز بار ، مەن بىر خەۋەر ئاڭلىدىم ، ئېيتمىسام ساداقەتسىزلىك بولىدۇ ، خوتۇنىڭىز بىر كىشىگە كۆڭۈل بېرىپتۇ ، ئۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىپتۇ . ئەگەر بۇ گېپىمگە ئىشەنمىسىڭىز ئۆيگە بېرىپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋېلىڭ ، نېمىلەرنى كۆرەرسىز كىن ، — دېدى . خوجايىن ئۆيىگە كىرىپ ئاش - تائام يەپ ، تەكىيگە باش قويۇپ ئۇخلىغان بولۇپ ياتتى . خوتۇنى ئەمدى ئۇخلىغاندۇ ، دەپ ئۇستىرىغا ئىنتىلدى ، خوجايىن دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ، خوتۇنىنىڭ قولىدىن تۇتتى ، ئۇستىرىنى تارتىۋېلىپ خوتۇنىنىڭ بېشىنى كەستى . خوتۇنىنىڭ تۇغقانلىرى كېلىپ ، شاھقا ئەرزنامە سۇنۇپ ، ئايالىنىڭ خۇن ھەققىي ئۈچۈن ئۇ سودىگەرنى ئۆلتۈرگۈزدى . ئۇ سوخەنچى غۇلامنىڭ شۇملۇقىدىن ئەر - خوتۇن ئۆلۈپ ئەسلىي - ۋەسلى ۋەيران بولدى .

كۆردۈڭكى ، شەيتان بىلەن بولغان دوستلۇقتىن كىم پايدا كۆرگەن . يامان خوتۇنلارنىڭ ھىيلە - مىكرىسى ئىبلىسنىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ ، بالام . بۇنداق خوتۇنلار ئىز باسقان ئۆيدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلىدۇ ، ئىناق ، مۇھەببەتلىك تۇرمۇش جاڭجالغا ئايلىنىدۇ . بەختسىزلىك بەختنىڭ ئورنىنى باسىدۇ . ھەرقانچە زېرەك بولساڭمۇ ، ئۇنىڭ پىتنە - پاساتلىرىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولىسەن . ئۆزۈڭنى ھەرقانچە تارتاي دېسەڭمۇ ، بارا - بارا ئۇنىڭ سېھرىي يىپىغا ئىلىنىپ قالىسەن . ئۇ ھە دېگەندە سېنى ماختايدۇ ، باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىدۇ ، ساڭا ئىنتايىن كۆيۈنۈۋاتقاندەك پوستۇڭغا كىرىپ ئاندىن قېنىڭنى ئىچىدۇ .

قىزىم ، ئۆزۈڭنى ۋە ئېرىڭنى بەختلىك قىلاي دېسەڭ ، قارنى - كۆكسۈڭنى كەڭ قىل . قېيناتا ، قېيىنانىلىرىڭنى بەك ھۆرمەت قىل . چۈنكى ، ئۇلار سېنىڭ ئىككىنچى ئاتا - ئاناڭ ،

ئېرىڭنىڭ مېھرىبان ئانىسى ۋە دادىسى. سەن ئۇلارغا چىن كۆڭلۈڭدىن ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلدۈرەلىسەڭ، ئېرىڭمۇ سەندىن خۇرسەن بولىدۇ، سېنى سۆيىدۇ. سەن ئۇلارغا ئۆز قىزىڭدەك كۆيۈن. پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ قوي، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بەر، كۆڭلى قانداق غىزا تارتىدۇ، سوراپ تۇرغىن، ھەرگىز ئۆز بېشىمچىلىق قىلما، كىچىك ئىشلاردا بولسىمۇ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىغىن، سىرتتا ھەرگىز ئۆيىنىڭ گېپىنى قىلما. ئۆيدە بولغان ئىشلارنى تالادا كۆتۈرۈپ يۈرسەڭ، كۆڭلۈڭ ئارام تاپمايدۇ. بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچرىساڭ، ئىچىڭدە بىل، ئاتا - ئاناڭغىمۇ ئېيتقۇچى بولما. ئۇنداق قىلمىساڭ، بىر كۆڭۈلسىزلىكنى چوڭايتىپ نەچچە قىلىۋالىسەن. ئارىغا بىر قېتىم سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالسا، ئۇنى ئېلىۋېتىش تولىمۇ تەسكە چۈشىدۇ. كىچىككىنە ئىشنى باھانە قىلىپ، كۆدە - كۆرپەڭنى كۆتۈرۈپ يامانلىما. ئەگەر ئاشۇ ئۆينى مەڭگۈ تۇتۇش نىيىتىڭ بولىدىغان بولسا، خېلى چوڭ ئىشلار بولسىمۇ يامانلىما، ئاشۇ ئۆيگە ئىككىنچى بارماسلىققا نىيەت قىلغان بولساڭ، ئاندىن يامانلا.

ئېرىڭنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرىگە ھەم ياخشى مۇئامىلىدە بول، ئۇلارنى ھۆرمەتلە. «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى» دېگەندەك، ئۇلارغا چوڭ ئىشلار قىلىپ بېرەلمىسەڭمۇ، ئېغىزىڭدا بولسىمۇ كۆڭلۈڭنى ئىزھار قىل. ئۆزۈڭنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوستلىرىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولساڭ، ئېرىڭنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، دوست - بۇرادەرلىرى ۋە مېھمانلىرىغا ئوخشاش پوزىتسىيىدە بول، ھەتتا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىل. ئۇمۇ ئەلۋەتتە ئېرىڭنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلغىنىڭ ھەم ئۆزۈڭنىڭ

قەدىر- قىممىتىڭنى ساقلىغىنىڭ بولىدۇ .

× × ×

ئەي ئوغۇل ، ئۆيلىنىش ئەر ئۈچۈن سۈننەت ، ئادەمنىڭ بەختى ئائىلىدە كۆكلەيدۇ . شۇڭا ، قۇرامىڭغا يەتكەن بولساڭ ، تۇرمۇش ئىشىنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلا ، كۆڭۈلگىمۇ قارا ، ئەڭ مۇھىمى ئەقلىڭ بىلەن ئىش تۇتقىن . نىكاھتىن بۇرۇن كۆزۈڭنى ئوبدان ئېچىپ قارىمساڭ ، تويدىن كېيىن كۆزۈڭنى ئېچىشقىمۇ پېتىنالمايسەن . ھەرگىزمۇ بىر قىزنى ئۇنىڭ قەددى-قامىتى ۋە چىرايىنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپلا نىكاھىڭغا ئالما . بۇنداق قىلساڭ ، بازاردىن نەرسىنى زۆرۈرىيەتسىز بولسىمۇ ، كۆزىگە ياخشى كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن سېتىۋالغان ھاماقەتكە ئوخشاپ قالىسەن ، سەن ئالماقچى بولغان خوتۇن سېنىڭ ئۆمۈرلۈك جوراڭ بولىدۇ . بالىلىرىڭنىڭ ئانىسى ، ئائىلەڭنىڭ ، جەمەتىڭنىڭ بىر ئەزاسى بولىدۇ . شۇڭا ، كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئەڭ سەرخىلىنى تاپقىن ، ئالىدىنقى شەرت ئۇنىڭ تېگى - زاتى پاك ، ياخشى ، ئۇياتلىق ، تەقۋادار ، پاكىز بولسۇن ؛ ئۆي ئىشلىرىغا پىشقان ، ئاش - تاماققا ئۇستا بولسۇن . باشقىلارنىڭ قولى تەگمىگەن ، سەندىن باشقا ئەر يۈزىنى كۆرمىگەن بولسۇن ، ئۇنداق خوتۇن سېنىلا سۆيىدۇ ، باشقىلارنى بىلمەيدۇ ، ناشايان ئىشلارنى ئويلىمايدۇ . خوتۇن ئالغاندا تەمە بىلەن ئېگىز ئوقۇرغا ئېسىلىپ قالما . بولمىسا خوتۇنۇڭنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالىسەن . قەدىمكى كىتابلاردا خوتۇن ئېلىشتا مۇنداق بەش شەرتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى تەكىتلەشكەن : بىرىنچى ، نەسەبى ئۇلۇغ ، ئۆزى ساھىبجامال ۋە پاك بولغان خوتۇنلار ؛ ئىككىنچى ، ئۆزى دانا ، ئېغىر - بېسىق ، ئەقىدىلىك ۋە كۆڭۈللۈك بولغان خوتۇنلار ؛ ئۈچىنچى ، ھەمىشە تەرەپدارلىق ، ۋاپادارلىق قىلىدىغان ،

نەسىھەتكۈيلۇق ، شەپقەتلىك خوتۇنلار؛ تۆتىنچى ، يۈزى قۇتلۇق، سۆزى مۇبارەك ۋە ئايىغى يارىشىدىغان خوتۇنلار؛ بەشىنچى ، ئۆزىگە خاھى زىيىنى يەتسۇن ، خاھى پايدا كەلسۇن ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، قانداق يول بىلەن بولسۇن، ئېرىگە پايدا كەلتۇرۇشنى كۆزلەيدىغان خوتۇنلار. مانا بۇلار مەڭگۈلۈكتۇركى، ئۇلار ئۇچۇن غەم يېمەك راۋادۇر.

ھەي ئوغۇل ، سەن بىر ئائىلىنىڭ ئىگىسى بولغاندىن كېيىن ، ئەمدى بالىلىق ساياقلىقىڭنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئەرلىك خىسلىتىڭنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئائىلەڭنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشكە بەل باغلىشىڭ زۆرۈر. بىزدە ئائىلىسىنى بەختلىك قىلالمىغان، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلىيەلمىگەن ئەرنى تولۇق مەنىدىكى ئەر ھېسابلىمايمىز. بالىلىق بولساڭ، كېيىن دەرد - ھەسرەت يۈكىنى يۈدمەي دېسەڭ، پەرزەنتلىرىڭنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلە، ئۇلارغا ئەدەپ - قائىدە ۋە بىلىم ئۆگىتىپ، بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا ئۇچۇن دۇرۇس يول ئېچىپ بەر. بالىلىرىڭغا تۇرلۇك ھۇنەر - سەنئەت ئۆگەتكىن ، ھۇنەر ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۇچۇن تۈگىمەس بايلىق بولىدۇ. بالىلىرىڭ بىكار تەلەپ، ياۋا بولۇپ قالمىسۇن، باشباشتاق، تەنتەك بالىنىڭ دەردى يامان بولىدۇ.

ئەي ئوغۇل ، خوتۇنۇڭغا ھەر قاچان كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرغىن ، ئۇنى ھەرگىزمۇ يالغۇز سىرتلارغا چىقارما، ئۆيۈڭگە يات ئەرلەرنى يولاتما ، ئۇنىڭغا يات ئەرنىڭ كۆزى چۈشسە پۈتۈن مىزان بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، كۆز كۆرمىسە كۆڭۈل تەقەززا قىلمايدۇ، كۆزگە ئىنكەنسەن كۆڭلۈك يۈگۈرىدۇ، كۆڭۈلنى تىزگىنلەش ئۇچۇن كۆزنى تىزگىنلەش كېرەك. ھەرگىز ئەر - ئايالنى ھەمداستىخان قىلما، بۇ مىزانغا خىلاپلىق قىلساڭ، ھەممە

تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بىكارغا كېتىدۇ. خوتۇن كىشى دېگەن بىر گۆشتۇركى، ئۇنى تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن ساقلاش لازىم، بولمىسا پۇراپ قالىدۇ - دە، ئۇنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. خوتۇنۇڭنى ھەرگىز پۇل، مال، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتىن قىسما، تەقۋادار ئايالىڭ بولسا ئۇنى قەدىرلە، نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى ھازىر قىلىپ بەرگىن، ئۇنى ھۆرمەتلە، ئۇنىڭغا سىلىق، ياخشى مۇئامىلە قىل، قاتتىقلىق قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ قويما. ئەرزىمەس ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭغا ئازار بەرمە. ئايالىڭنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى بىل، ئۆزۈڭگە قانداق تەلەپ قويساڭ، ئايالىڭغىمۇ شۇنداق تەلەپ قوي. ئايالىڭنىڭ نەزىرىدە قىممىتىڭنى ساقلاشنى بىل، چاكىنا، خەسىس بولما، ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىل. ھەرگىزمۇ خوتۇن نامۇناسىپ تەلەپلەرنى قويۇۋەرسە، «ھە» دەۋېرىدىغان يۇمشاق باش بولۇپ قالما، خوتۇنۇڭنىڭ تەلىپى توغرا بولسا قوبۇل قىل، ئەگەر مۇناسىپ بولمىغان گەپ - سۆزلەر بولسا، دەرھال سەممىي نەسىھەت قىل، قول تەگكۈزمە، بىلىشىڭ كېرەككى، گەپ ئۆتمىگەن خوتۇنغا ھەرگىزمۇ تاياق ئۆتمەيدۇ. خوتۇنۇڭغا قاتتىق تەلەپ قوي، ئەر - خوتۇنچىلىقتا بىر - بىرىگە ئىگە بولمىسا بولمايدۇ، ئورتاق مەنپەئەت قارىشى بولمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئىقتىسادىي بىرلىك بولمىغان ئائىلە ئىشەنچلىك ئائىلە ئەمەس، ھەرقانداق مۇھىم ئىشلاردا قاتتىقراق، ئادەتتىكى ئىشلاردا كەڭ قورساق بولغىنىڭ ياخشى، ئۆي ئىشلىرىغا كۆپ ئارىلىشىۋالما، ئاياللار بۇنى ياقتۇرمايدۇ. ئايالىڭ سەن ئۈچۈن ھەرقانچە ئىشەنچلىك بولغان تەقدىردىمۇ دېيىشكە بولمايدىغان ئىچكى سىرلىرىڭنى ئايالىڭغا ئېيتمىغىن، بۇ قەدىمكىلەردىن قالغان تەجرىبە - ساۋاق.

ئەي ئوغۇل ، كونىلاردا «كوچا سۆيگۈسى ئۆيۈڭنى بەربات قىلار ، ئۆيۈڭنى خوتۇن مېھرى ئاۋات قىلار» دېگەن گەپ بار . ھەرگىزمۇ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ، مۇقەددەس نىكاھقا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلمىغىن . «كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ ، كۆڭۈل ھەر جايغا باشلايدۇ ، سەمەرقەنت ئالمىسىدەك ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ» . پاك ئايالىڭدىن ئالغان لەززەتنى باشقا ھەرقانداق بىر خوتۇن ساڭا بېرەلمەيدۇ . پاكلىقتىن مۇقەددەس نەرسە يوق ، ئۆزۈڭنى ھەرگىز بۇلغىما ، بۇنداق سۆھبەت ئەرلىك ئوتۇڭنى سائەتمۇسائەت ئۆچۈرۈشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ .

3608 — خوتۇن سۆھبىتى ئۇ ئەرلىك ئوتىن ئۆچۈرمەك ئۇچۇندۇر ، بىر ەر سائەتتىن .

خۇددى يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك ، بۇ قۇدۇقنى كولاپ ھەرگىز ئايىغىغا چىقالمايسەن . بۇ كوچىغا كىرگەن قايسى بىر ئەرنىڭ كۆنى قارايمىغان ، تارىختا نى - نى ئەرلەرنى تىرىك كۆمگەن نەرسە ئەنە شۇ نەپسى ھەۋەستۇر . پەقەت ھاياتىنىڭ مەنىسىنى مۇشۇ يولدىن ئىزدىمەكچى بولغان ئەرلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!

× × ×

ئەي ، بىپەرۋالىق قىلىپ پەرزەنتلەرنىڭ دەرادبەدەر ئەلەم ياشلىرىدىن سەل ياسىغان ئاتا - ئانىلار ، قىزلىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى نىكاھلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا ئائىلە ۋە نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىنى تونۇتۇشۇڭلار كېرەك . سىلەر ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ ياخشى پەزىلەت ئۈلگىسى بولۇڭلار . خەلق ئارىسىدا

«قىزنى بۇزغان ئانىسى» دېگەن يەكۈن بار. ئانىنىڭ خۇلق - مىجەزى قىزغا، ئاتىسىنىڭ مىجەز - خۇلقى ئوغۇلغا بەك چوڭقۇر ئىز سالىدۇ، ئۇلارنى قولۇڭدىن چىقارغۇچە ئۇلارغا ئائىلە ئىشلىرىنى ۋە ئائىلىدە پەزىلەت قائىدىلىرىنى پۇختا ئۆگەتكىن. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يېتىلدۈرگەن ياخشى پەزىلەتنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن كېلىدىغان قارا كۈنلەرنىڭ ئالدىنى ئالالايسەن.

پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ مۇھەببىتىگە، تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىڭلار، ئائىلە ھەرگىزمۇ مۇھەببەتسىز مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولالمايدۇ. مۇھەببەت پەرزەنتلەرنى ھەرقانداق قىيىن شارائىتلارغا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. مۇھەببەت ئۇچقۇندىغان كۆزلەر ئالدىدا قۇسۇر ۋە ئەيىب كۆرۈنمەيدۇ. ئەگەر پەرزەنتىڭىز مۇھەببەتسىز نىكاھقا زورلانغاندا، ئۇلار گەرچە ھەرقانچە باياشات تۇرمۇش ئىچىدە ياشىسىمۇ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يەنىلا بىر كەملىك ھېس قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ كەملىكنى سىلەر ھەرگىزمۇ تولدۇرۇشقا قادىر بولالمايسىلەر. شۇنىڭ بىلەن كېچىككىنە كۆڭۈلسىزلىكمۇ ئۇلارغا كۆتۈرگۈسىز ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، نىكاھ ئىشىدا ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ خاھىشىنى پەرزەنتلىرىڭلارغا تېڭىپ، ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىگە سەۋەبچى بولۇپ قالماڭلار. نىكاھ ئىشىدا پەرزەنتلەرنىڭ خاھىشىغىلا قويۇپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ. بالىلار گۆدەكلىك قىلىپ، ھېسسىيات قوزغىلىشىپلا، چىراي - تۇرقى، بايلىقى ئۈچۈنلا توي قىلماقچى بولغان بولسا، ئۇلارنى بۇ نىكاھتىن توسۇشقا ھەقلىقسىلەر. نىكاھ ئىشىدا چىراي - تۇرقى، بايلىق ياكى كەمبەغەللىكنى ئۆلچەم قىلىش خاتا. نىكاھتا پەزىلەت بىلەن نەسەبكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش

كېرەك . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ «ياخشى ئورۇقتىن چاتاق چىقمايدۇ» دېگەن . شۇڭا ، قىزىڭنى ياخشى ئائىلىگە چىقار ، ئوغلۇڭنى ياخشى ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلەندۈرگىن .

دېموكرىتنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار : «ياخشى كۈيئوغۇلغا ئېرىشكەن كىشى ئوغۇللۇق بولىدۇ ، ناچار كۈيئوغۇلغا يولۇققان ئادەم قىزىدىنمۇ ئايرىلىدۇ » . شۇنىڭدەك ، ياخشى كېلىنگە ئېرىشسىڭىز قىزلىق بولۇپ قالىسىز ، ناچار كېلىنگە دۇچ كەلسىڭىز ئوغلىڭىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالىسىز .

سىلەر بىلىسىلەر ، «نىكاھ غايىب» دېگەن گەپ بار . ئادەم خۇددى قاچان تۇغۇلۇپ ، قاچان ئۆلۈشىنى تاللىۋالالمىغىنىدەك ئوخشاش ، ھېچقانداق ئادەم ئۆمرىدە كىم بىلەن توي قىلىپ بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈشىنى تاللىۋالالمايدۇ . قىزلارنىڭ ياخشى بىلەن يامىنى بولغىنىغا ئوخشاش ، ئوغۇللارنىڭمۇ ياخشىسى ۋە يامىنى بولىدۇ ، ياخشى قىز بىلەن ياخشى ئوغۇل نىسلەرنىڭ جەمەتىڭلاردىلا يۇرتۇڭلاردىلا بولۇپ قالماي ، باشقا جەمەت ۋە باشقا يۇرتلاردىمۇ بار . نىكاھ مەسىلىسىدە ھەرگىز تار يۇرتپەرەسلىك ۋە جەمەتپەرەسلىك ئىدىيىدە بولماسلىقىڭلار كېرەك .

قىزىڭلارنى تۇرمۇشقا چىقاردىڭلار ، سىلەر ئوغلۇڭلارنى ئۆيلەندىڭلار ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئائىلىنى بىرلەشتۈرگەن ۋە ئىككى ئائىلىنى تۇغقان قىلىپ باغلىغان بىر رىشتە بارلىققا كەلدى . ئۆيۈڭلارغا باشقا ئۆيدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ، باشقا بىر ئاتا - ئانا بېقىپ كۆزىنىڭ قارىچۇقىدەك ئاسراپ ، پەپىلەپ چوڭ قىلغان بىر ئەتىۋارلىق قىز — سىلەرنىڭ ئەتىۋار ئوغلۇڭلارغا ئايال بولىدىغان ، سۆيۈملۈك نەۋرەڭلەرگە ئانا بولىدىغان بىر قىز كىردى . كېلىنلىك بولۇش سىلەر ئۈچۈنمۇ تۇرمۇشۇڭلاردىكى يېڭى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ . بىر ئۇقۇمۇشلۇق

كىشى بۇ ھالەتنى سۈرەتلەپ : «بىز بۇرۇن چەللىدە ئىدۇق ، ئەمدى ئۆي تۇتتۇق» دېگەنىدى . ئەمدى سىلەر قۇدا - باجىلىق بولدۇڭلار ، جامائەت ئالدىدىكى ئورنۇڭلارمۇ كۆتۈرۈلدى ؛ بۇ سىلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ قانداق تۇتۇش ھەققىدە يېڭى مەجبۇرىيەتلەرنى ئارتىدۇ . قۇدىلار بەك نازۇك ، ئۇلارغا نىسبەتەن باشقىلار بىلەن قىلغان مۇئامىلىدە بولغىنى بولمايدۇ . پەيغەمبىرىمىزمۇ قۇدىسىنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشۈپتىكەن . شۇڭا ، قۇدىلار ئارا ئىززەت - ئىكرام ، ئۆز ئارا قەدىر - قىممىتىنى قىلىش ئىنتايىن مۇھىم . قۇدىلار ئارا كۆڭۈل چىگىلىپ قالسا ، يېڭى بىر ئائىلىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا ئەكس تەسىر بېرىدۇ . كېلىنچىلار سىلەرنىڭكىگە كېلىپ سىلەرنى ئانا ، دادا دېگەنىكەن ، ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزۈڭلارنىڭ قىزىغا ئوخشاش ، ھەتتا ئۆزۈڭلارنىڭ قىزىڭىزنىمۇ چارە كۆرۈپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . كېلىن قىزغا قىزىڭلارغا تۇۋلىغاندەك تۇۋلىغىلى ، ئاچچىقلاپ خاپا بولغىلى بولمايدۇ . ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭغا بۇ يېڭى ئائىلىگە كۆنۈشۈش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىڭلار . ئۇ قىز تېخى تۇنۇگۈن ئەركىن ، شوخ ، غەمسىز قىز ئىدى . مانا بۈگۈن ئىككى ياش بىر ياستۇققا باش قويۇش بىلەن سىلەرنىڭ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى ، يېڭى بىر ئائىلىنىڭ بېشى بولۇپ ، بىر ئائىلىنىڭ يېرىم مەجبۇرىيىتى ئارتىلدى . ئۇنىڭ بۇ يېڭى مۇھىتقا كۆنۈشى ئۈچۈن بىر مەزگىل كېرەك . بۇ جەرياندا سىلەر ياخشى پەزىلەتلىرىڭلار ۋە كەڭ قورساقلىقىڭلار بىلەن ئۇ قىزغا مېھرىبانلىقىڭلارنى يەتكۈزۈڭلار . ئۇ قىز سىلەردىن سۆيۈنسۇن ، ئۇنىڭ بەزى يېتەرسىزلىكلىرى سېزىلسە ، سەمىمىيلىك بىلەن نەسىھەت قىلىپ تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم قىلىڭلار ، ئۆي ئىشلىرىغا

پېشمىغان تەرەپلىرى بولسا، بۇنىڭغا خاپا بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ. سىلەر ئىككىنچى ئاتا - ئانىسى سۈپىتىدە تەلىم بېرىپ ئۆگىتىڭلار. ئۇلار تېخى گۆدەك، تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق. تۇگۈن بالا ئىدى، بۈگۈن ئانا بولۇۋاتىدۇ. ھەممە ئىشلارنى سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلاردەك قىلالىشى ناتايىن. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىزغا ھەرگىز ئازار بەرمەڭلار. سىلەر كېلىنىڭلارغا ئازار بەرگەن، يوق يەردىن پۇتاق تېپىپ زەربە بەرگەن ۋاقىتتا ئوغلۇڭلارنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىنى، سىلەرگە قانداق قارايدىغانلىقىنى ھەم ئويلاپ قويۇڭلار، بەلكىم سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلار ئۈچۈن سىلەر تەرەپتە تۇرغان بولار، لېكىن ھەقىقىي كۆڭلىگە كىرىپ باقساڭلار، ئوغلۇڭلار سىلەرنىڭ يولسىزلىقىڭلاردىن نارازى بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ئۆزۈڭلارنىڭ قىزىنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈڭلار، سىلەر كېلىنىڭلارغا يامان كۆز بىلەن قاراۋاتقاندا، باشقىلارمۇ سىلەرنىڭ قىزىڭلارغا يامان كۆز بىلەن قارىسا، ئازار بەرسە، ئۆزۈڭلارنىڭ يۈرىكى قانچىلىك ئېچىشىدىغانلىقىنى كۆڭۈل ئەينىكىڭلاردىن ئۆتكۈزۈڭلار. ئۆزۈڭلارغا راۋا كۆرمىگەننى، ھەرگىزمۇ باشقىلارغا راۋا كۆرمەڭلار. سىلەر ئىمكان بار كېلىن بىلەن يۈزلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار. بەزى ئىشلار بولسا ئوغلۇڭلارغا ئېيتىپ نەسىھەت قىلىشنى تاپشۇرۇڭلار، ھەرگىزمۇ سىرتتا كېلىنىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن، باشقىلار ھەرگىز ياخشى كېلىننى سىزگە تەپكىلىپ بەرمەيدۇ، ئەكسىچە سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارىلىغانلىقىڭىز بولۇپ قالىدۇ. «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» دېگەندەك، ھەر ئىش بولسا ئۆي ئىچىدە تۈگەتكەن ياخشى. داۋراڭ سالغاندىن نېمە پايدا؟

× × ×

ئەي ئوغلۇم، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيىسى ھەقىقىي ساغلام بولىدىغان بولسا، ئۇتىڭ تىلىكى خەلقنىڭ ئۈمىدى بىلەن ئوخشاش. ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ يارامىلىق قىلىقىدىن بىرەرىنى كۆرسە، يىپىنىڭ نەپەس ئېلىپ «شۈكۈر» دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسىنى پەرزەنت بولغۇچى بىلىشى كېرەك. ئاتا- ئانىلار ئۆز پەرزەنتىنىڭ داۋاملىق ھالال ئىش قىلىشىنى تىلەيدۇ ۋە پەرزەنتتىن خاتىرجەم بولماقنى بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىش دەپ چۈشىنىدۇ. ئوغلۇم، سەن شۇنى چۈشەنگىنكى، دۇنيادا ئۆز بالىسىنىڭ يارامسىز، ئەقىلسىز، ھىممەتسىز، قەدىرسىز بولۇپ قېلىشىنى تىلەيدىغان بىرمۇ ئاتا - ئانا يوق. ھەرقانداق ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ بەختى، كەلگۈسى تەقدىرىنىڭ ئوڭ بولۇشى ئۈيىدا. ئوغلۇم، ئاتا - ئاناڭ سېنىڭ پەخرىڭ ھەم ھىمايىچىڭ. بىلگىنكى، بۇ دۇنيادا ئاتا - ئاناڭدىن كۆيۈملۈكرەك يەنە بىرى يوق. شۇڭا، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاتا- ئاناڭدىن ئاغرىنىپ، رەنج توقۇمىنى قارىنىڭغا ئالما. ئاتا - ئاناڭ بەزىدە خاھىشىڭغا يول قويماسلىقى، قولىنىڭ قىسقىلىقى بىلەن تەلەپ - ئېھتىياجىڭنى قاندۇرالماسلىقى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئاناڭنى ئەيىبلەمسەن؟ بىلگىنكى، ئاتا - ئاناڭ ھەرگىز تەلىپىڭنى قاندۇرماسلىق ۋە سېنى نارازى قىلىش نىيىتىدە ئەمەس. ئاتا - ئاناڭنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشنى بىلىشىڭ كېرەك. سەن ئاتا - ئاناڭنىڭ ياخشى پەند - نەسىھەتلىرىنى كۆڭلۈڭ ۋارىقىغا پۈتۈۋال. ياخشى پەند - نەسىھەت ئېغىر كۈنلەرگە قالغان ۋاقتىڭدا ساڭا قولداش ۋە يولداش بولىدۇ. ئۇقۇشماستىن يامان كويلارغا سالماقچى بولسا، ئەقىل - ھوشۇڭ بىلەن ئويلاپ، ئەدەپ بىلەن رەت قىل.

1568 ئاتا پەندىنى سەن قاتتىق تۇت قاتتىق،
كۆنۈڭ قۇتلۇق بولۇر كۈنسايىن تاتتىق.

ئۆزۈڭنىڭمۇ پەرزەنت تۆرىدىن پەرزەنتلىك بولۇش پەگاسىغا چۈشۈشۈڭنى ئويلىغىن - دە، ئاتا - ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى ياخشى بىجىرىپ، ئۇلارنى رازى قىل. ئاتا - ئاناڭنى رازى قىلساڭ، جامائەت ئالدىدىمۇ كۆڭلۈڭ يورۇق، يۈزۈڭ ئوچۇق بولىدۇ. ئەگەر ئاتا - ئاناڭنى رازى قىلمىساڭ، سەنمۇ ئاخىرى خار بولىسەن. ئاتا - ئانىسىنى رازى قىلالمىغان ئادەم باشقا بىرىگىمۇ ياخشىلىق قولىنى سۇنمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. خارلىق بوسۇغىسىغا دەسسىشىڭنىڭ مۇقەددىمىسى شۇ. دۇنيادا ھېچقانداق يېقىن ئادىمى بولمىغان ئادەمنىڭ كۈنى جەھەننەمدىن پەرقلەنمەيدۇ. بۇ گەپلەرنىڭ مىسالى ئۈچۈن مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇ:

1569 خىزمەتلەر خوش قىلساڭ ئاتا - ئاناڭنى،
تاپارسەن تۇمەنىڭ كۆپ پايدا - ئاسىغ[1].

ئەي ئوغلۇم، ئاتا - ئاناڭمۇ، سەنمۇ بۇ ئالەمگە ئەبەدىيلىك لىباسىنى كىيىپ چۈشمىگەن. ئاتا - ئاناڭنىڭ ئۆلۈمى ساڭا شۇنداق ئىبرەت سەبىرسىنى بەرسۇنكى، ئۆزۈڭنىڭمۇ تىرىكلىك يورۇقلۇقى، يوقىلىش قاراڭغۇلۇقىغا مەھكۇم ئىكەنلىكىڭنى ئەقىل ئەينىكىڭدە كۆرۈپ تۇرغىن. ئاتاڭنىڭ ۋەسىيىتى ھاياتىڭنىڭ يولباشچىسى بولسۇن، ئاتاڭنىڭ ئۈمىدىنى كېرەكلىك ئىشلار، ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئاقلا. بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى

① ئاسىغ — پايدا - مەنپەئەت.

ئەلگە جان پىدا قىلىش .

5161 ئىززەت تۇت ھاياتنى ، كىبىرەك ئىشقا سال ،
قىلىپ ئەلگە ئېھسان ، ساۋابىنى ئال .

يۇقىرىقى نەسىھەتلەرنىڭ خۇلاسىسىنى تۆۋەندىكى بېيىتلاردىن تاپ :

5156 ئۆلەر چاغدا ئاتاڭ ۋە بەلكى شۇئان —
دېگەندۇر ، كۆر ، ئوغلۇم بول ئويغاق ھامان .

5157 ئۆلۈم تۇتتى ، كەتتىم كېلەر ساڭىمۇ ،
تىرىشقىن ، كېيىن سەن ياخشى نام قازان .

× × ×

ئەي ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلۇغ خىسلەتلىرىنى ئەسكەرتىپ ، ئاتا ـ بالىلىق مېھرىنى قەلبىمىزگە سالغۇچى بەخت ئەلچىسى بوۋا ، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بىزنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈش داۋامىدىكى جاپا ـ مۇشەققىتىنى ، ئۇلارنىڭ بىزدىن كۈتىدىغان چەكسىز ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ھېكمەتلىك تىللىڭىز بىلەن چۈشەندۈردىڭىز ھەم بىزگە ئۇلارنىڭ تىلەك ـ ئارزۇلىرىنى ئاقلاش بۇرچىمىزنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ئۇقتۇردىڭىز . راست ، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن چەككەن جاپا ـ مۇشەققەت تۇپەيلى مۆكچەيگەن بەللىرىنى رۇسلاشقا ، بىز ئۈچۈن جاراھەتلەنگەن كۆڭۈل يارىسىنى داۋالاشقا ئاجىزمىز . ئەي بوۋا ، بىز سىزنىڭ تەربىيەت خىتابلىرىڭىزنى كۆڭلىمىزگە مەھكەم پۈكۈپ ، ئەجدادىمىزنىڭ ئۈمىد مەشئىلىنى مەڭگۈ ئۆچۈرمەيمىز . ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ئەجرى

بەدىلىگە ياخشى خۇلق ، ياخشى ئەمەللەر بىلەن ۋەتىنىمىز ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرۈش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرىمىز .

قەدىرلىك بوۋا ، سىزنىڭ ھەربىر سۆزىڭىز دىل بەھرىمىزنى ئېچىۋاتىدۇ . ۋۇجۇدىمىزغا كۈچ ، قەلبىمىزگە ئىشەنچ ، ئەقلىمىزگە يېڭى تەدبىر بەخش ئېتىۋاتىدۇ . يۇقىرىدا بىزگە ئىلىم - ھېكمەتنى تەرىپلەپ چۈشەندۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ خاسىيىتى ئارقىلىق ۋۇجۇدىمىزنى ئەقىل قۇياشى بىلەن يورۇتتىڭىز . ئەمدى يەنە بىر ئۆتۈنۈشىمىز شۇكى ، بىزگە ھاياتنىڭ زىبۇزىننىتى ، تۇرمۇش بىناسىغا سەلتەنەت ئاتا قىلغۇچى دەپ تونۇلغان ئەخلاق بابىدىن ساۋاق بەرسىڭىز . ئەخلاقسىزلىق — ئىلىمنىڭ دۈشمىنى ، بولۇپمۇ ھاراق - شاراب ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ كۈشەندىسى ، دېگەن گەپنىڭ مەنىسى نېمە ؟ ھاراق نېمە ئۈچۈن ئىنسانغا زىيانلىق ؟

ئوغلۇم ، راست ، ئەخلاقسىزلىق ۋە ھاراققا بېرىلىش ئىنساننىڭ ، بولۇپمۇ بىلىملىك كىشلەرنىڭ شۇغۇللىنىدىغان ئىشى ئەمەس . ئۇ كىشىنى ھالاكەت تۈزىقىغا ئىلىندۇرىدىغان قىلتاق . بۇ مېنىڭ سۆزۈملا ئەمەس ، ئۇزاق مەزگىللىك تۇرمۇشنىڭ سىنىقى ، ئەگەر تەپسىلىرەك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش تىلىكىڭ بولسا تۆۋەندىكى بابقا قارا .

# ئالتىنچى باب

## ئىچىملىك ۋە چېكىملىككە بېرىلگۈچىلەر توغرىسىدا

ئوغلۇم، ئىنساننىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى ئۆزىگە پايدىلىق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشتۇر. بەزى كىشىلەر ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي قىلىدۇ. بۇ سەۋەنلىك. ئەگەر بىلىپ تۇرۇپ زەھەرلىك يىلاننى تۇتسا، بۇ قاراملىق ۋە بىغەرەزلىك بولىدۇ. شۇنى بىلگىنكى، هاراق — هاياتنىڭ دۇشمىنى، ئەخلاقسىزلىقنىڭ مەنبەسى، بىلىم ۋە بىلىملىك كىشىلەرنىڭ كۈشەندىسى، دۆلەتنىڭ هالاكىتى، ئىنسان ئار ـ نومۇسىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشى ئۈچۈن قۇرۇلغان تۇزاق. ئادەم ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ نەرسە ياۋۇز دۇشمەن: بىرىنچى، يالغانچىلىق؛ ئىككىنچى، ۋەدىدە تۇرماسلىق؛ ئۈچىنچى، هاراققا بېرىلىش.

339 ئۈچىنچى، هاراققا بولۇش مۇپتىلا،
بۇ ئەر ئۆمرى شەكسىز كېتەر بوشقىلا.

بۇ بېيىتنىڭ مەنىسىنى چۈشەن. هاراق دېگەن بىر ئېزىتقۇ. ئېزىتقۇنىڭ كەينىدىن ماڭساڭ ئۆزۈڭگە تۇيدۇرماي ئۆمرۈڭنى نابۇت قىلىدۇ، ئۆمۈر ئىزىڭدىن هېچقانداق نىشانە قالمايدۇ.

پەقەت كۆرىدىغىنىڭ رەسۋاچىلىق بىلەن تىقىلغان ئازگال. سەن بىر دەملىك كەيپىڭ ھوزۇرى ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بۇلغىما، ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر دەملىك خۇشاللىق ئۈچۈن ئۆزىنى بۇزۇش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس.

ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن ئاقىۋىتىنى ئويلاش زۆرۈر. كۆرمىدىڭمۇ، ھاراققا قۇل بولغان كىشىلەرنىڭ كۈنلىرى مەيخانىدىكى ئىشرەتگاھلاردا ئىت كەبى قوسۇق يالاش بىلەن ئۆتۈۋاتقىنىنى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز خاھىشىدىكى ئىشمىدى؟ ياق! ئۇ ئەقلىنى ئوغرىلاتقان، ھوش - كاللىسىنى يوقاتقان. چۈنكى، ھاراققا سالام بەرگەن ئادەم ئەقلى، ئار - نومۇسى بىلەن خوشلىشىشى كېرەك. ئوغلۇم، ھېلى سەندىن دۈشمەنلىرىڭ ئېتىكىگە باش قويامسەن؟ دەپ سورىسا، ئاللا - بىللا ياق، دەيسەن. ئۇنداقتا، ھاراققا باش قويغانلىقىڭنىڭ ئۆزىمۇ دۈشمىنىڭنىڭ ئايىغىغا ئۆز ئىختىيارىڭچە تاشلانغانلىقىڭ ئەمەسمۇ؟ دانا كىشىلەر شۇنداق تەرىپلىشىدۇكى:

1337 مەي ئىچمە، زىنادىن سەن ئەيلە ھەزەر،
بۇ ئىشلار گادايلىق تونىنى كەيدۈرەر.

1338 ھاراق مىڭ گۇناھقا پاتۇرغاي سېنى،
قاچار بەخت زىنادىن، يۈزۈڭ تۆكۈلەر.

بۇ ئىبرەتلىك سۆزنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل. ياخشى ھەمراھ ھەرقاچان سېنى يەرگە قاراتمايدۇ. ھاراق ئىچكەن كىشى ئۆز ئىختىيارىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ھاراق سېنىڭ بەختىڭنى شامالغا سورۇيدىغان، يۈزۈڭگە ھاقارەت تىغىنى ئۇرىدىغان بۇزۇقلۇق

(زىناخورلۇق، پىتنە ـ پاسات، ئەسكىلىك ... ۋەھاكازا) پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويىدۇ. خاراب بولمىغۇچە بۇ پاتقاقتىن بېشىڭنى تارتالمايسەن! سەن ئۆزۈڭنى بەك ئەقىللىق، دانىشمەن دەپ مەغرۇرلانما. ھەرقانداق ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىمۇ مەيگە بېشىنى تىقسا، ھەممە ئىشى تاپتىن چىقىدۇ. ھەرقانداق ھايالىق، ئۆز خۇلقلۇق، سىلىق بولساڭمۇ، مەي ئىچكەندىن كېيىن پەسكەش قىلىق قىلمايمەن دېيەلمەيسەن. ئوغلۇم، گۆھەرنى تاشقا ئۇرۇشتىن نېمە نەتىجە چىقىدۇ. دۇنيادا ئاڭ ـ بىلىم، ئەقىل ـ ھوش، ئۇياتتىن قىممەتلىك ۋە پاك نەرسە ئاز تېپىلىدۇ. ئۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ھاراققا تېگىشىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس.

2653 كىشى ئاڭ ـ بىلىم، ھوش، ئۇياتنى ئېرىغ،
نىجىس بۇ ھاراققا بېرۇر ۋادەرىخ!

بالام، مەن ھەيرانمەن، كىشىلەر نېمە ئۈچۈن شۇ نىجىس ھاراققا بېشىنى تىقىپ ئەقىل ـ ئىدراكقا تورمۇز، ھاياتىغا ئېكەك سالىدىغاندۇ؟ ئۇلۇغلارنىڭ: تەن كېسەللىكى بولغاندەك ياشاش شەكلى ۋە روھىدىمۇ كېسەللىك بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ تېخى ئۇنى سىلەر «ياشاش» دەپ چۈشەندۈرىدىكەنسىلەر. بەزىلەر ھاياجاندا ھاراق كۆتۈرەلەيدىغانلىقى، بىر كۈندە نەچچە قاپ تاماكا چېكىدىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدىكەن ۋە پو ئاتىدىكەن. بۇ نېمىدېگەن زەئىپلىك. بۇ خۇددى چوشقىنىڭ يۇندىدا يۇيۇلۇشىدىن پەخىرلەنگىنىدەك ئىش ئەمەسمۇ؟ سەن ئۇنداقلارنىڭ «ياشاش» ۋە «بەخت» زوقىغا قانداق قارايسەن؟

ئەي ئوغلۇم، مېنىڭ قارىشىمچە، ئىچىملىك، چېكىملىكنى

ياشاش، «بەخت» دەپ چۈشەنگەن كىشىلەر بۇ دۇنيادىن بەزگەن، ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى چۈشەنمىگەن، ياشاش ئېھتىيدارى يوق، پەخىرلەنگۈدەك دەسمايىسىمۇ يوق بىكار تەلەپ، ھورۇن ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بەزلەش ئۈچۈن تېپىۋالغان ئەڭ نومۇسسىز ۋە مەنىسىز مەشغۇلاتى. ھاراقكەشلەر ۋە بەڭگىلەرنىڭ باھانە ـ سەۋەبلىرى، ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشلىرىمۇ ھاراق بىلەن تاماكا ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ جىنايىتىنى ئاقلاپ بولالمايدۇ. بالام، تارىختا نۇرغۇن باھادىر ئوغلانلار مانا شۇ ھاراق تۈپەيلى بىئەجەل بېشىدىن جۇدا بولغان، ھەتتا نۇرغۇن دۆلەتلەرمۇ ئىچىملىك كاساپىتىدىن زاۋاللىققا پاتقان. ھازىرغىچە بۇ ئىبلىس ئىنساننىڭ بەختىگە، ئىستىقبالىغا سۇنغان زەھەرلىك قارا قولىنى تارتقىنى يوق. ھاراقكەشلىك ۋە بەڭگىلىك خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشايدۇ. ئۇ سېنى نابۇت قىلىپلا قالماي، بەلكى بۇ ئىللەت ئەتراپىڭدىكىلەرگە يۇقىدۇ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ مىراس بولۇپ قالىدۇ. بالام، يامان ئادەت كۈچىدەك دەھشەتلىك زالىم يوق، ئەڭ كۈچلۈك ئىرادە بىلەن ئۇنىڭدىن ئازاد بولالمىساڭ، ھەرگىزمۇ ئەركىن بولالمايسەن. سەن كىشىلەرنىڭ ئادەتلىنىپ قاپتىمەن، تاشلاش بەك قىيىن ئىكەن، دېگەن گەپلىرىگە ئىشەنمە. بۇ دۇنيادا ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق. شۇنى بىلگىنكى، ئۆزنۇڭ، ئىمتىيازىڭ ھەرقانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بىلەن قىلىقىڭ ۋە ياشاش ئۇسۇلىڭنى ئۆزگەرتمىسەڭ، ھېچقاچان ئۆزۈڭنىڭ قىممىتىڭنى يۇقىرى كۆتۈرەلمەيسەن. چۈنكى، ئىچىملىك ۋە چېكىملىك مەشغۇلاتى ۋىجدانىنى بۇلغايدىغان، ھاياتىڭغا، ئەخلاقىڭغا داغ چۈشۈرىدىغان ئاپەت. ئىرادەڭگە قارشى ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەستلىكىنىڭ بېشى بىلەن بولىدۇ.

ھەرقانچە ھوشيار ، ئەقىللىق ئادەملەرمۇ نىجىس ھاراقنا بېشىنى تىقتىمۇ ، ئەقلى بىلەن خوشلىشىدۇ . بىلسەڭ ، مەستلىك دېگەندە ئادەم ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيدۇ ، كونتروللۇقىنى يوقىتىدۇ . بىلگىنكى ، ئۆزىنى ئۇنتۇش ، كونتروللۇقىنى يوقىتىش سارائلىقنىڭ مۇھىم ئالامىتىدۇر . شۇڭا ، سىنېكا : «مەستلىك — ئۆزى خالاپ ساراڭ بولۇش دېمەكتۇر» دېگەن . بۇ خۇسۇستا ساڭا بىر مىسال ئېلىپ بېرەي :

قەدىمكى زاماندا بىر تېۋىپ ھاراقنى كەشىپ قىلىپ ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ - دە ، شۇنداق ئاجايىپ بىر دورىنى كەشىپ قىلغانلىقىنى ، بۇ دورىنىڭ ئەمالارنىڭ كۆزىنى ئاچالايدىغانلىقىنى ، پالەچنى ساقايتالايدىغانلىقىنى ، ھەتتا گادايىنى باي قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

بۇنىڭغا ھەيران قالغان پادىشاھ بىر ئەما ، بىر پالەچ ، بىر گادايىنى ئوردىغا كەلتۈرۈپ كېلىپ تەجرىبە قىپتۇ . تېۋىپ ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر پىيالىدىن ھاراق بېرىپتۇ . ھاراق ئۇلارنى ئەمدىلا كەيپ قىلىشقا باشلىغاندا ھاراق تولدۇرۇلغان پىيالىدىن بىرنى ئەما كىشىگە تۇتقۇپتۇ . بۇ ئىككى كۆزى ئەما كىشى قولىدىكى بۇ پىيالىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن تۇتقان ھالدا :

— ۋاي - ۋۇي ، رەڭگىنىڭ نېمانچە پاكىز ، سۈزۈك ، گۈزەل نەرسە سەن ، — دەپ ھاراقنى توختىماي ماختاپتۇ .

بۇ چاغدا ئىككى پۇتىنى قىمىرلىتالماي ياتقان پالەچ زەمبىلدە يېتىپ تۇرۇپ :

— ھەي قارىغۇ ، پىيالىنى تېزرەك بوشات ، بولمىسا ھازىر قارنىڭغا بىر تېپىپ ، پۇتۇن بەدىنىڭنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىماي يەنە ، — دەپتۇ .

ھاراق كوچى بىلەن كەيپى ئۆرلەپ ئولتۇرغان گاداي بولسا:

— ھەي پالەچ، بۇ قارىغۇنى تېزرەك پەشۋا بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆرۈۋەت، ئۇنىڭ خۇنىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن، — دەپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئوردا ئەھلى ھەيران بولۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ. پادىشاھ ھاراقنىڭ ئادەمدە شۇنچىلىك كەيپىيات پەيدا قىلىپ، جېدەل - ماجىرا چىقىرىدىغانلىقىنى سېزىپ، تېۋىپقا ھاراق ياساشنىڭ سىرلىرىنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىماسلىقنى بۇيرۇپتۇ.

بۇ ھېكايىدىن ۋە تۇرمۇشتىن قىياس قىلغىنىمىزكى، ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ كۆزى كۆرمەيدىغاننى كۆرىدۇ، قارىمايدىغانغا قارايدۇ، پۇتى ماڭمايدىغان يولغا ماڭىدۇ، قولى تۇتمايدىغاننى تۇتىدۇ، ئېغىزى دېمەيدىغاننى دەيدۇ، دۈشمىنىگە دوستلۇق ئىزھار قىلىدۇ، دوستىنى بولسا ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالىدۇ. ھاراق سېنى يۇقىرىقىدەك ئىرادەڭگە، ۋىجدانىڭغا قارشى جىنلارنىڭ ئۇسسۇلىنى ئوينىتىپ، خەلقئالەم ئالدىدا كۈلكىگە قويۇش بىلەن قانائەت قىلمايدۇ. ئۇ ۋەھشىيلەشكەندە ئىشتان - كۆڭلەكلىرىڭنى سالدۇرۇپ، ئانىدىن تۇغما ھالدا جامائەت ئالدىدا سازايى قىلالايدۇ، قولۇڭغا پىچاق ئالدۇرۇپ باشقىلارغا سالدۇرۇپ ئۆمۈر خامىنىڭغا ئوت قويالايدۇ. تۇرمۇشتىكى ھاراق كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلەر ئاز ئەمەس، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغىن.

ھاراقنىڭ كەيپى بىلەن بوراندا قالغان قاغىدەك ئەگىپ، پوشقىدەك ۋارقىراپ - جارقىراپ بازار - كوچىلاردا يۈرگەن ھاياسىز مەستلەر، ئۇلاردىن مەرەزدىن قاچقاندەك قېچىۋاتقان خالايىقلار مېنىڭ ساڭا قىلغان نەسىھەتلىرىمدىنمۇ ياخشىراق تەربىيە بولالايدىغۇ. كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ باق، كوچىلاردا قۇسۇپ يېتىپ قالغان، بېشىدا ئىتلار قۇسۇقلىرىنى يالاۋاتقان

مەسىلەرنىڭ شۇ ھالى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىمىدى؟ شۇنداق تەمبەل ئەركەكلەرنىڭ ھۆركىرەپ يىغلاپ، ئازاب دەريالىرىدا ئېقىپ كونتروللۇقىنى يوقىتىپ ماشىنىلارغا ئۆزىنى ئۇرۇشى، دەريالارغا ئۆزىنى تاشلىشى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىمىدى؟

بالام، بەزى ئادەملەر «زەھەر زەھەرنى ئالىدۇ»، دەردنى ھاراق بىلەن يۇغىلى بولىدۇ، دەپ قۇرۇق باھانە كۆرسىتىدىكەن. بۇنداق ئېرىتقۇ گەپلەرگە ھەرگىز ئىشەنمە. يۇقىرىقى پاجىئەلەر دەرد - ھەسرەتتىن ئازاد بولغانلىق بولامدۇ؟ ياق، بالام، مەستلىك دەرد ئۈستىگە دەرد قوشىدۇ. قەلبىڭدىكى يارىنى تېخىمۇ تاتىلايدۇ. ئەقىل بېغىڭنى خازانغا ئايلاندۇرىدۇ. چۈنكى، ھاراق بىر شەيتانكى، ئۇنىڭ ئالدى بىلەن ھەپىلىشىدىغىنى سېنىڭ ئەقىل - پاراسىتىڭ. ئەقىل تىزگىنىڭنى ھاراققا تۇتقۇزغانىكەنسەن، ئۆزۈڭ بىلەن، بەخت بىلەن خوشلاشمىقىڭ لازىمدۇر. مەستلىكنى «ياشاش، بەخت» دەپ قارىغان ئادەملەرنىڭ ھالىغا ۋاي دە. ئۇلار ئالدى بىلەن قىممەتلىك ۋاقتىنى قۇرۇقتىن - قۇرۇق مەنىسىز قۇربان قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادنى شامالغا سورۇيدۇ، ئاخىرىدا موھتاجلىقتا قەرزگە بوغۇلىدۇ. ئوغۇل بالا ئۈچۈن قەرز كۆتۈرۈش مۈشكۈل بولغان تاش بالام، شۇڭا ئاقىللار «قەرز — يۈزىگە چۈشكەن داغ» دەپ بىكار ئېيتمىغان - دە. ئۈچىنچى تەرەپتىن، ئائىلىسىنى ۋە باللىرىنى ۋەيران، ئاتا - ئانىسىنى سەرسان قىلىدۇ. ئاخىرىدا يۈرەك زەئىپلىشىدۇ، جىگەر قېتىشىدۇ، نېرۋا ئاجىزلىشىدۇ، پۈتۈن بەدەن كېسەللىك تورىغا چىرمىشىدۇ. ئاخىرىدا ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈشكە سەۋەب بولىدۇ. ئۇلارنىڭ «بەخت»، «ياشاش» دېگىنى مۇشۇمۇ بالام؟

دېمەكچىمەنكى بالام، ھاراقتىن، چېكىملىكتىن بەخت

ئىزدىگەن ئادەم ئەڭ نادان ، هاماقەت ئادەم . يامان كەيپلەرنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن ئاشۇنداق نادان ، ئەخمەق ئادەملەرنى كۆتۈرۈپ باسىدۇ . «مەينىڭ ئىپتىشىچە ، ئۇنى ئىچكەن ئادەم تۆت سۈپەتكە ئىگە بولىدىكەن . دەسلەپتە ئۇ تاۋۇسقا ئايلىنىپ ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىدىكەن ، ھەرىكەتلىرى راۋان ، ئۆزىنى ئۇلۇغۋار ھېس قىلىدىكەن . كېيىن ، مايمۇن قىياپىتىگە كىرىپ ھەممە ئادەم بىلەن چاقچاقلىشىپ قىزىقچى بولۇشقا باشلايدىكەن . ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا شىرغا ئايلىنىپ ئۆزىگە مۇنار تىكلەيدىكەن ، مەغرۇرلۇقى تۇتۇپ ، ئۆز كۈچىگە ئىشىنىپ كېتىدىكەن . لېكىن ، ئاخىرىدا چوشقىغا ئايلىنىپ ، ئەخلەتتە چوشقىدەك ئېغىناپ ياتىدىكەن» (ئەبۇل خاراچ ) . مانا بۇ پۇل خەجلەپ ئەقىلسىزلىقنى ، جېدەلنى ، يۈزىنى قارا قىلىشنى ، موھتاجلىقنى سېتىۋالىدىغان بىغەرەزلىكتىن ھەزەر قىلغىن .

ئىنسان ئىجاد قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان . سىلەرنىڭ كاللاڭلار چوڭقۇر تەپەككۇر ھەرىكىتى ئارقىلىق گۈزەل نەرسىلەرنى يارىتىش ، شۇنداقلا دۇنيانى ئۆزگەرتىش ۋە گۈللەندۈرۈشتەك مۇھىم ئىشلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بەكمۇ ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى كېرەك . ھاراقنىڭ تەپەككۇرنى تورمۇزلاپ ، مېڭە قۇۋۋىتىڭلارنى زەئىپلەشتۈرۈشىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭلار . ھاراق ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ، ھاراقنىڭ ھەقىقىي ئىتى — جېدەل - غوۋغا ؛ ھاراقكەشلىك ئالىمنى زالىم ، بىلىملىكنى نادان ، دانانى كىچىك بالا قىلىپ قويىدۇ .

2650 ھاراق ئىچسە ئالىم ئىلىمسىز بولۇر ،
ئىلىمسىز مەست بولسا نېمىلەر قىلۇر ؟

هاراقنى دوست تۇتساڭ ، بىلىم سەندىن يىراقلىشىدۇ . جاھىللار ساڭا يېقىنلىششنى ئىزدەيدۇ . ئۇ چاغدا سېنى ئالىم دېگىلى بولامدۇ ؟ ئالىم بىلىم بىلەن، ئالىم ئەمەسمۇ ؟ سەن ھەقىقىي بىلىم ئەھلى بولىدىغان بولساڭ ، ھاراقنىلا ئەمەس ، ھەتتا ھاراقەشكىمۇ يېقىن يولىما . ئۇنىڭغا سىر ئېيتما . ھاراقكەش ۋاپاسىز ، ئۇياتسىز ، پەس بولىدۇ . پەس تەبىئەتلىك كىشىلەردىن ۋاپا كۈرمەن دېيىشمۇ ئەخمەقنىڭ چۈشى . چۈنكى ، ئۇ بىرىنچىدىن ، ۋاپاسىزلىق قىلىپ سېنى ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا بارمىقىڭنى چىشلىتىدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، سېنىمۇ كىشىلەر شۇ خىل كىشىلەر جۈملىسىدىن سانايدۇ ، ساڭا قوشۇلۇشتىن پەرھىز تۇتىدۇ ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقاندىن كېيىن ئايرىلمىقىڭ تەس بولىدۇ . ئۇنىڭ قورۇق ۋەز - نەسىھەتلىرى بىلەن كۆنۈڭ كەلگۈن سۆيىدەك نىشانسىز ، مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ . ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلىشىنىڭ ، بەخت - سائادىتىنى دەپسەندە قىلىپ ، خاتىرجەم روزىغارىغا ئۆز قولى بىلەن ئوت يېقىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبچىسى ئۆز سىرىنى پاش قىلىش . ھاراق قېرىنىڭغا كىردىمۇ ، سىرىڭ تالاغا چىقىدۇ . كۆڭلۈڭدىكى يوشۇرۇن سىر سىرتقا چىقىشى بىلەن ئوت يانغىنى بولۇپ ئۆزۈڭنى كۆل قىلىدۇ .

ئوغلۇم ، ئەتراپىڭغا باق ، ھاراقنا بېرىلگەن ئادەمنىڭ خانىۋەيران بولمىغىنىنى كۆرگىنىڭ بارمۇ ؟ كۆپلىگەن باتۇر سەركەردىلەر ، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان سەلتەنەت ئىگىلىرى ھاراق ، ئەيش - ئىشرەت تۈپەيلى ھالاكەت ئازگىلىدىن ئورۇن تۇتقان ، ھاراق بولمىغۇر خىياللارغا سالالايدۇ . دىلىڭ خالىمىغان ئىشقا ، جاھىلنىڭ ھەر ئالدىغان قىلىقلارغا باشلىيالايدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئەل - جامائەت ئالدىدا تەلۋە ، ئەخمەق ئاتىلىسەن .

2655 مەي ئىچمە ، مەي ئىچسە كىتۇر دەۋلىتى ،
مەي ئىچسە بولۇر تەلۋە ، ئەخمەق ئىتى .

ئوغلۇم ، يۇقىرىقى سۆزلىرىمنى قەلب دەپتىرىڭگە پۈتۈۋالغىن . ھاياتىڭ ئازار ۋە ئازابسىز ئۆتسۇن ، سەندىن ئەل-جامائەتمۇ خاتىرجەم بولسۇن . ئەل خاتىرجەم بولسا ، سەنمۇ خاتىرجەم بولىسەن . «خاتىرجەملىك كۆلىدىن سۇغىرىلغان بەخت ھەقىقىي بەخت بولىدۇ . مەيخورلۇق ساڭا خاتىرجەمسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغان يول ، ھەرگىز ئۇنى بەخت يولى دەپ كىرىپ قالما . خاتىرجەم ، ئازادە ، گۈزەل ۋە مەنىلىك ھايات ساڭا يار بولسۇن!

× × ×

ئەي بوۋا ، سىزنىڭ ھاراقنىڭ كاساپىتى توغرىسىدا ئېيتقان دانا سۆزلىرىڭىز ھاراق ۋە چېكىملىككە بولغان ئىشتىياق تىزگىنىمىزنى تارتىپ ، كۆز ئالدىمىزدىكى ھاراقتىن تۆكۈلگەن ئەلەم ياشلىرىنى ئەسلىتىپ ، قۇرۇق ھەۋەس قىزغىنلىقىدىن كۆزىمىزگە تولغان قان داغلىرىنى سۈرتۈۋەتتى . ھاراققا قارىتا غەزەپ ئوتىمىزنى تۇتاشتۇردى . راست ، ھاراق شورۇنىغا بىر كىردۇقمۇ ، سۇغۇرۇلۇپ چىقىش تەس كېلىدىكەن . ساختىلىقلار بىلەن تولغان قەلب ئىزھارلىرىنى ئاڭلاپ ، باشتا بىزارلىق ھېس قىلساق ، بارا - بارا ئۆزىمىز مۇشۇ ساماغا چۈشۈپ كېتىپ ، بىرنەچچە كۈنلەپ ئۇيقۇنى ھارام قىلىدىكەنمىز . ئۇيقۇسىزلىق باشلىرىمىزنى زىڭىلدىتىپ ، پۇت - قوللىرىمىزنى بوشىتىپ ، ئىشتىيىمىزنى بوغۇپ ، ئەقلىي ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتىمىزنى زاسا زەئىپلەشتۈرىدىكەنكى ، ئاخىر ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز نىرۋا ئاجىزلىق ، جىگەر ، ئاشقازان ، يۈرەك كېسەللىكلىرىنى

تېپىۋالىدىكەنمىز. نەتىجىدە، ھايات بىنايىمىزنىڭ ئۇلىغا ئۆز قولىمىز بىلەن پالتا سالىدىكەنمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىچىملىك بىلەن دەلدەڭشىپ سىرتلاردا يۈرسەك كىشىلەر ھاماقەت، دەلتىلىكتە ئەيىبلەيدىكەن. يىقىلىپ يېتىپ قالساق، خۇددى نىجاسەتتىن قاچقاندەك يىرگىنچ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئىش قىلىپ ھاراق ئادەمنى قىلىپتىن چىقىرىپ، بارلىق ئەسكىلىككە يولداش قىلىدىكەن. بولدى، بۇنداق ھاراقنى ئىچىپ تاپقان ھۇزۇر ئۇنىڭ خاپىلىقىغا، ۋەيرانچىلىقىغا، زىيانلىرىغا ياماقمۇ بولالمايدىكەن.

ئەي بوۋا، مەن ھەرقانداق ئىشقا قول تىقسام، ھاپىلا - شاپىلا تۈگىتىشكە ئالدىرايمەن. ئۇ ئىشىمنىڭ ئوڭ بولۇشى ياكى تەتۈر بولۇشى بىلەن كارىم بولمايدۇ. پەقەت ئىتتىك پۈتسىلا بولدى، ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە كۆز سېلىپ كەلسە، بىكاردىن - بىكار ۋاقىت ئىسراپ بولىدۇ - دە، باشقا ئىشلارغا دەخلى يېتىدۇ، دەپ قارايمەن. باشقىلار بۇ خاھىشىمغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ھە دېگەندە تەنبىھ بېرىشىدۇ. ئۇلار مېنى تەنتەك، ئالدىراڭغۇ دەپ ئەيىبلىشىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرلىك غۇرۇرۇم غالىب كەلسە كېرەك، غەزەپ بىلەن ئۆزۈمنى سۇرلۇك كۆرسىتىشكە تىرىشىمەن. ئازراق ئىش زىتىمغا تەگسىلا سەپرايىم ئۆرلەپ، غەزىپىم قايناپ تاشىدۇ، ھەممە ئىشتىن بىراقلا ۋاز كېچىمەن. بىراق، باشقىلار مېنى پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالىدىغان ئەقىلسىز ئادەم دەپ ئەيىبلىمەكچى بولۇشىدۇ. ئەي يول كۆرسەتكۈچى بوۋا، ئېيتىپ بېقىڭا، مەن زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ سىز غەزەپ بىلەن ئالدىراڭغۇلۇقنى ئەقىلنى ئىزدىن چىقىرىدۇ، دېدىڭىز. بۇ ھەقتە تەربىيە بەرسىڭىز ئىكەن.

ئوغلۇم ، ھەرقانداق ئىشنىڭ بىر قېلىپى بولىدۇ . قېلىپتىن چىقىپ كەتكەن ئىش بۇزۇلماي قالمايدۇ . بەزى ئىشلار بار ، چاققانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ . چاققانلىق قىلىدىغان ۋاقىتتا بوشاڭلىق ، سۆرەلمىلىك قىلساڭ ئىشلىرىڭ ئاقسايدۇ . بەزى ئىشلاردا ئېغىر - بېسىقلىق پەرز . يەڭگىللىك بىلەن ئالدىراپ قىلساڭ ئىشىڭ پۇختا بولمايلا قالماستىن ، يەنە ئوڭغا تارتمايدۇ . ئەمدى ئاچچىقلىنىش توغرىسىدىكى گەپكە كەلسەڭ ، ئۇمۇ يولىدا بولغىنى تۈزۈك . ئاچچىق ، غەزەپ دېگەن ئىنساندا بار تەبىئىي خۇسۇسىيەت . بىراق ، ئۇنى كۆرگەنلا يەرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . غەزەپ ھېسسىياتنىڭ تۇرتكىسىدە پەيدا بولىدۇ ، ئەلۋەتتە ھېسسىياتنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ . ئەمما ، ھېسسىيات ئەقىلنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشى كېرەك ، بولمىسا غەزەپتىن ئادەمنىڭ كۆزى ھېچقانداق نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ . شۇڭا ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ ، ئەقىل بىلەن ئىش تۇتقىنىڭ مۇۋاپىق . ئەگەر غەزەپ ۋە ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ پايدا - زىيانلىرى توغرىسىدا كۆپرەك چۈشەنچە تەلەپ قىلساڭ تۆۋەندىكى بابقا قارىغىن .

# يەتتىنچى باب

## ئالدىراقسانلىق بىلەن غەزەپنىڭ مەقسەت تېگىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قۇياشىنى كۆرسەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

ئوغلۇم، كۆكسۈڭ مېھرابىنى پۇشايمان تىغى بىلەن زەخىملەندۈرمەسلىكنى ئىزدىسەڭ، ئالدىراپ غەزەپلىنىشتەك يامان ئادەتكە ئۆگىنىپ قالما. سەن «غەزەپ — ئەقىلنىڭ دۈشمىنى»، «يولۋاسنى يەڭگەن ئەر باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن ئەر باتۇر» دېگەن ھېكمەتلەرنى ئاڭلىغىن. ئەقىلگىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى غەزەپ تىغى بىلەن كۆتمەك قىلماي، مۇراد نېسۋەڭنى ئاچچىق توپانىغا غەرق قىلماي دېسەڭ، غەزەپ ئېتىڭغا ئېغىرلىق يۈگىنىنى سالغىن. ئاچچىق دولقۇنىغا تەمكىنلىكتىن توسما بىنا قىلغىن: شۇنداق قىلساڭ ھوشۇڭ داۋاملىق ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئىشلىرىڭ كۆڭۈللۈك، مەقسەتلىرىڭ ئۈنۈملۈك بولىدۇ. خەلق ئالدىدىمۇ ياخشى ئاتاققا ئىگە بولىسەن. ئېيتقىنا، غەزەپ بىلەن ئېتىلغان ئوقنىڭ ئۈمىد نىشانىغا تەگكىنىنى نەدە كۆرگەن؟ بۇنداق ۋاقىتتا غەزەپنىڭ ئوتى كۆڭلۈڭ ئوچىقىدا لاۋۇلداپ كۆيۈپ، تۈتۈنى دىمىغىڭنىڭ مورىسىدىن ئۆرلەپ، يېنىكلىكنىڭ ئىسى ئەقلىڭ ئەينىكىنى قارايتىۋېتىدۇ.

322 ئەي ئاقىل، غەزەپنى قىل ئۆزدىن يىراق،
ئاچچىقتىن يىراق بول، ئال ياخشى ئاتاق.

شۇڭا بىلگىنكى، دۇنيادىكى نامۇناسىپ قىلىقنىڭ بىرى قوپاللىق، ئىتتىكلىك بولۇپ، بۇ خىل يامان مىجەز ۋۇجۇدۇڭ قەلئەسىدىن ئورۇن تۇتتىمۇ، كۆڭلۈڭ ئارامى بۇزۇلىدۇ. داۋاملىق پاراكەندىچىلىك بىلەن ئۆز گۆشۈڭنى ئۆزۈڭ يەيسەن.

332 غەزەپ بىرلە ئاچچىق كىشىگە يامان،
چېكەر تەن ھەمىشە بۇلاردىن زىيان.

ئاچچىقنىڭ زىيادە بولۇشى مۇنداق ئۈچ خىل زىيانغا باش بولىدۇ: بىرىنچىدىن، قىزىققان ئىنسان ھەرقانچە بىلىملىك بولسىمۇ بىلىمسىز سانىلىدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ بىلىمى بىلەن ئەقلى بىر قۇتىدىكى ئىككى گۆھەر. غەزەپ تېشى قۇتىغا ئۇرۇلسا، ھەر ئىككى گۆھەرنىڭ ئۇۋالماسلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولامدۇ؟

334 قىزىققان بولسا ئىنسان بىلىمسىز بولۇر،
غەزەپلەنسە ئادەم ئەقلىدىن قالۇر.

ئىككىنچىدىن، ئەل ئارىسىدا قەدىرسىزلىك نەزىرى بىلەن قارىلىسەن. چۈنكى، بىكارلا ئاچچىقلاپ، ئورۇنسىز يەرلەردە چېچىلىپ يۇرۇش سەۋەبىدىن چىققان ھەربىر سۆزۈڭ جامائەت كۆڭلىنى غەش، ساڭا بولغان ئىشەنچىسىنى پەس قىلىدۇ. ئەلنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكەن ئادەم كۆپ چاغلاردا ئۆزىنى ھەم

رەنجىتمەي قالمايدۇ . ئەل قەلبى ئىنسان قەدرى - قىممىتىنىڭ تارازىسى ، بۇ تارازىغا چۈشمەيدىغان ئادەم جەمئىيەت يۈزىدە تېپىلماس . ئەگەر يۇقىرىقىدەك خاھىشلار يىغىلىۋەرسە ، سائادەت تېشى پالاكەت سىزىقى تەرەپكە سۈرۈلىدۇ - دە ، مۇبارەك سائادەت سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ . تۆۋەندىكى بېيىتلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىلغان :

342 بىكارغا چېچىلىپ ، ئاچچىقلاش بىرى ،
تىلىن ئاچسا يارا بولۇر ئەل دىلى .

343 كىشىدە يىغىلسا بۇ نەرسىلەرگەر ،
مۇبارەك سائادەت ئۇنىڭدىن تېزەر .

ئۈچىنچىدىن ، غەزەپ - ئاچچىقنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىي مىجەز - خۇلقىڭغا مۇناسىپ بولمىغان ، مەقسەت قەدىمىڭنى توسىدىغان پالاكەت ئارغامچىسىغا پۇتلىشىسەن - دە ، ئۆز بۇرنۇڭنى ئۆزۈڭ قان قىلىسەن . ئوغلۇم ، مىجەزىڭ تاۋۇسى ۋۇجۇدۇڭ ئۇۋىسىدىن غەزەپ ھۇۋقۇشىغا ئورۇن بەرمىسەن دېسەڭ ئېغىرلىق شەۋكىتى بىلەن ئۆپكەڭنى بېسىۋال .

ئوغلۇم ، ئالدىراقسانلىق بىلەن غەزەپ بىر پىيالىكە چۈشكەن ئىككى خەمەك . ئالدىراقسانلىقمۇ ئەقلىڭنى ئوغرىلايدۇ . ھەرقانداق ۋاقىتتا ئالدىرىغان ئىش پۇختا بولمايدۇ . ئەقىلسىزنىڭ ئالدىرىماي ئويلاپ تاپقان تەدبىرى سېنىڭ ئالدىراقسانلىقتا ، قىزىققانلىقتا قىلغان ئەجرىڭدىن ئۈستۈن تۇرۇشى مۇمكىن . ئەقىللىق كىشىلەر ھېچقانداق ئىش بىناسىنى تەنتەكلىك ئۇلىغا

قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئاقىللارنىڭ «ئالدىرىمىساڭ غورىدىن ھالۋا پىشىدۇ» ، «ئالدىرىغان يولدا قالار ، ئالدىرىمىغان ئۆتۈپ چىقار» دېگەن ھېكمەتلىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر .

585 بېسىقلىق ، سىلىقلىق ئاقىل خۇلقى ئول ،
ئەقىلسىز كىشىلەر تائىم يىلقى ئول .

ئالدىراقسانلىق ئىنسانغا پۇشايماندىن باشقىنى ئاتا قىلمايدۇ . ھەربىر قەدىمىڭنى ئويلاپ ، مۇستەھكەم باسساڭ ئىشىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ . ئۆزۈڭمۇ مەمنۇن بولىسەن . مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان تەقدىردىمۇ سەۋەنلىك يۈز بەرمەيدۇ .

587 ئالدىراش قىلما ئىش ، سەۋر بىرلە قىل ،
ئالدىراش قىلغان ئىش ئاڭنا پۇشمان بىل .

ئەي ئوغلۇم ، كىشىلەر يارامسىز مىجەز - خۇلق دېگەندە ، ئالدى بىلەن ئالدىراڭغۇلۇقنى سانايدۇ . ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن ئاچچىقى يامانلىق بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قوشكېزەكلەردۇر . ئۇلار بىر - بىرىنىڭ قولداشى ، غەزەپلىنىشنىڭ پىلتىسى ئالدىراڭغۇلۇق . ئالدىراڭغۇلۇق ۋە غەزەپ ساڭا ئەڭ يامان مەسلىھەتچى . يامان مەسلىھەتچى ھېچقاچان ساڭا ياخشى يول كۆرسەتمەيدۇ . بۇ بېيىتلارغا كۆز سال !

849 بىرى ئاچ كۆز ، تەمەخور ۋە تويماس ئۆزى ،
بىرى ئالدىراڭغۇ ، ئۇياتسىز كۆزى .

850 ھەر ئىشتا غەزەپكار ، ئاچچىقى يامان ،
قول ئەگرى ، ھاراقتا بىرىلسە ھەر ئان .

× × ×

ئەي بوۋا ، سىز ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش ۋە ئاچچىقلىنىشنىڭ ئىنسانغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى توغرىسىدا تەربىيەت بېرىپ ، كۆڭلىمىزگە ئىبرەتلىك ساۋاقلارنى سالدىڭىز . ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش ۋە غەزەپلىنىش نەتىجىسىدە ، بوران ئۇچۇرغان ئەخلەتلەردەك ئاخىرەت جايىمىزنىڭ چوڭقۇر خەندەكلەر بولىدىغانلىقى ؛ ئېغىرلىق ۋە سەۋر - تاقەتنىڭ خاسىيىتى بىلەن مۇراد تېگىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قۇياشى بىزگە يۈز ئاچىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھېكمەتنى بىلىۋالدۇق .

ئەي بوۋا ، ئەخلاق قامۇسىدا ، تەمەگەرلىكتىن ساقلىنىش ، كۆزنى توق تۇتۇش توغرىسىدىكى ھېكمەتلەر جەۋھىرى ئەخلاقنىڭ مۇھىم بىر جۇملىسى سانىلىپ قەيت قىلىنغانىكەن . كۆڭلىمىز مۇشۇ بابتىمۇ ئازراق بەھرە ئېلىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتىدۇ . تەمەگەرلىكنىڭ ئىنسان ئەخلاقىغا مۇناسىپ بولمىغان تەرەپلىرى قايسى ؟ ئۇ ئىنساننى قانداق ھاقارەت قامچىسى بىلەن ئۇرۇپ خار قىلىدۇ ؟

ئوغلۇم ، بەزى كىشىلەر تەمە خالتىسىنى يۇدۇۋېلىپ ، ئۆزلىرىنى تەلەپچان ، ئۈمىدلىك دەپ مەغرۇرلىنىدۇ . تەمە زۆرۈرىيىتىدىن قىلغان خۇشامەتنى ئادەمگەرچىلىك دەپ مەدھىيىلىشىدۇ . ياق ، تەمەگەرلىك دېگەن پەسكەشلىككە باش ئېگىدىغان بەتقىلىق ئىشتۇر . تۆۋەندىكى بابتىن ئۆزۈڭگە تېگىشلىك تەرەپلەرنى قوبۇل قىلىۋال .

# سەككىزىنچى باب

## كۆزى توق بولۇش ، تەمە خالتىسىنى تاشلاش توغرىسىدا

ئەي ئوغلۇم، سەن باي بولۇپ، ھاياتىڭنىڭ ساڭا تېگىشلىك بەرىكىتىدىن بەھرىمەن بولماقچى بولساڭ، تۇرمۇشۇڭنى بېيىتىشتىن ئاۋۋال كۆڭۈل ئايۋىنىڭنى بېيىتقىن. دۇنيادا ئەڭ شەۋكەتلىك بايلىق — كۆڭۈل بايلىقى.

2618 تولۇق باي بولايىن دېسەڭ ھۇنۇزسەن ،
كۆڭۈل بايلىقىنى ئىستە، ئەي ئەرەن .

كۆڭۈل بايلىقىدىن مەھرۇم بولساڭ، ھېرىسلىك سۈپۈرگەڭ بىلەن دۇنيادىكى بارلىق بايلىقلارنى سۈپۈرۈۋالساڭمۇ، يەنىلا بايلىق مەرتىۋىسىگە يېتەلمەيسەن. كۆزۈڭنىڭ ئاچلىقى، بايلىق تەمەسى قانائەت شېرىتمىسىنى ھەرگىز ئەتمەيدۇ. ئۆمۈر بويى بايلىق، بەخت - سائادەت دېگەننىڭ يۈزىنى خىيال ئەينىكىدىمۇ كۆرەلمەيسەن. كۆزى ئاچلىق بىر خىل يامان كېسەل. جىسمانىي جەھەتتىكى ئېغىر كېسەل قۇۋۋەتتىن ئاجىزلاشتۇرسا، كۆز ئاچلىق كېسىلى مەنىۋىيىتىڭنى پەسلەشتۈرىدۇ، كۆڭۈل ئازادىلىكىڭنى بۇزۇپ، تەمە، ھېرىس ۋەسۋەسىسىنى ھەمراھ قىلىپ، پۈتۈن دۇنيانى يىغىپ بەرسىمۇ قانائەت تەشەككۈرنى

ئېيتمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. كۆز ئاچلىقى كىمنى پېقىر قىلسا، ئۇنى جاھان توقلۇقىمۇ باي قىلالمايدۇ. خەزىنىسى مال - دۇنيا بىلەن لىق تولغان خانلارمۇ ھېرىسلىك كۆزىنى يارتمىسا، ئۇ يەنىلا قۇلدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئۇ ھېرىس ۋە تەمە زەنجىرىگە باغلانغان مال - دۇنيا ۋە بايلىقنىڭ قۇلى. ئوغلۇم، بۇ زەنجىرگە باغلىنىپ قالما. باغلىنىپ قالساڭ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تىلىڭ گاچا، كۆزۈڭ قارىغۇ، قولۇڭ تۇتماس، پۇتۇڭ باسماس بولۇپ، ئۆزۈڭنىڭ ئادەملىك غۇرۇرۇڭنى ئەرزىمەس نەرسە ئۈچۈن قۇربان قىلىسەن، ئاچ كۆزلۈك خۇددى تۇۋى يوق غازغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا جاھاننىڭ نېمەتلىرىنى تاشلىسىمۇ ئۇ مەڭگۈ توشمايدۇ. كۆزى توقلۇق ئۇلۇغلۇقنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى. كۆزى توقنىڭ قولى قۇرۇق بولسىمۇ، كۆڭلى تەمە ۋە ھەسرەتتىن ئازاد. قۇللۇق زەنجىرىدىكى بايلىقتىن ھۆرلۈك قوينىدىكى نامراتلىق ئۇلۇغ. ھاياتتا بەخت دەپ ئەركىن - ئازادلىكنى ئېيتىمىز. ئوغلۇم، ئەركىن - ئازادلىكنى ھەرگىز قولۇڭدىن بېرىپ قويما. ئەگەر تەمە زەنجىرىدە قۇل بولغان بولساڭ، كۆڭۈل - كۆكسۈڭنى كېڭەيتسەڭ، بۇ زەنجىردىن قۇتۇلىسەن.

2619 نىچە بولسىمۇ قۇل، كۆزى توق — ئۇ، خان،
ھېرىس بەگلىكدىن قۇل ياخشى ھامان.

2620 قايۇ خان ھېرىستۇر گادايدۇر - گاداي،
قايۇ قۇل كۆزى توق — ئۇ خان كۆڭلى باي.

ئوغلۇم، كۆڭلۈك بايلىقى — تېنىڭ ئازادلىقى. بۇ

ئۇلۇغلۇق قېنىڭ تەركىبىدە بولسا ، ئۇنى مۇقەددەس بىلىپ چىڭ ساقلىغىن ، بۇ ئۇلۇغلۇق سېنى ھەرقانداق ئېغىر كۈنلەرگە ئۇچرىساڭ چىدايدىغان ، ئىجادلىق مەنزىلىگە يەتسەڭمۇ مەغرۇرلۇق ، كىبىرلىك تاجى بىلەن ئالاھىدە بولۇۋالمايدىغان ياخشى خاراكتېر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ . ئەگەر كۆڭلۈڭ بايلىقىنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇلۇغلىساڭ ، مۇنداق ئىككى پايدىغا ئىگە بولىسەن : بىرى ، باشقىلار سېنىڭ نەپسى ھېرىسمەنلىكىڭدىن پەيدا بولغان زەئىپلىكىڭدىن پايدىلىنىپ ، سېنى ئالدام خالتىسىغا كىرگۈزەلمەيدۇ . كۆڭۈل بايلىقىڭ ئۇلارنىڭ قەبىھ دامىدىن سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ ؛ يەنە بىرى ، ئۆزۈڭنى پاك تۇتالايسەن . باشقىلارنىڭ مەسخىرە كۈلكىسىگە قالمايسەن . ئابرۇيۇڭ ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە بولىدۇ .

2722 كۆزى توق كىشى مالغا سالماس كۆزىن ،
مال ئولسا ، ئۇ مالغا ئالدانماس ئۆزىن .

ئوغلۇم ، ئاچ كۆزلۈك تەمەخورلۇق بىلەن بىر تۇغقان . خۇدا ساقلىسۇن ، تەمە رىشتىسى بىلەن چۈشەپ قويۇلۇشتىن . چۈنكى ، ئاچ كۆزلۈكنىڭ كامالەت دەرىجىسى — تەمە . دۇنيادىكى قۇللۇقنىڭ تۈرلىرىمۇ بەك كۆپ ، ئۇنىڭ قەبىھ ۋە رەزىلى — تەمە قۇللۇقى . ئىجتىمائىيەتتە ئەخلاقسىزلىقنىڭ خىللىرىمۇ خىلمۇخىل ، ئۇنىڭ بىر خىلى — تەمەخورلۇق . ھەرقانداق قۇللۇقتىن تەدبىر ھىيلىسى بىلەن قۇتۇلۇش مۇمكىن . بىراق ، تەمە قۇللۇقىغا ئەسىر بولغان كىشى ھايات دەرىخى قايرىلمىغۇچە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشى تەس .

2616 كىمكى تەمەگە بولسا ئەسىر - قۇل ،
قۇتۇلغاي ئۇنىڭدىن ئۆلۈم بىرلە ئۇل .

ئەگەر سەن ئازادە كۆڭۈل ، مۇستەقىل ئىرادە بىلەن مەنىۋىيىتىڭنى ئازاد قىلىمەن دەيدىكەنسەن ، تەمە مەقسىتىدىن سۇنۇلغان قولۇڭنى مۇستەقىل ياشاشقا بولغان ئىرادە خەنجىرىڭ بىلەن چېپىپ تاشلا . بەختىنىڭ ئۆزىمۇ كۆڭۈل ئازادىلىكىدە كۆڭلۈڭ ئازاد بولسا ئاندىن بەخت گۈلۈڭ ئېچىلىدۇ . تەمە دېگەن باشقىلاردىن پاناھ تىلەش ، مەدەت ئىزدەش ، باشقىلارغا قول سۇنۇش دېگەن سۆز . مۇنداق تەقدىرگە قالغان ئادەم خورلۇق زورلۇق بىلەن ھايات ئۆتكۈزۈشكە مەھكۇم . باشقىلارغا تەمە قولۇڭنى سۇنۇش ئۈچۈن ، بېشىڭ ئۇنىڭ ئايىغى بىلەن تەڭ بولۇشى زۆرۈر . ئەڭ بۇيۇك نەرسە كۆزى توقلۇق . ئەڭ نومۇس ئىش تەمەخورلۇق . تەمە ۋە ئاچ كۆزلۈك بىلەن ھەرگىز ئۆز ئىختىيارىڭنى باشقىلارنىڭ ئىلكىگە تاشلىما .

2724 تەمەگەر قۇل ئېرۇر گەر بولسىمۇ خان ،
بولۇر پەس تەمەگەر كىشى ھەرقاچان .

قەلەندەرلىك خالتاڭنى بوينۇڭدىن تاشلا ، شىجائەت بەلۋېغىنى بېلىڭگە باغلا . پېشانەڭدىكى تەمەخورلۇق تامغىسىنى شىجائەت تەرىڭ بىلەن يۇيۇۋەت . تەمەخورنىڭ نېنىنىڭ پۈتۈن بولغىنىنى نەدە كۆرگەن ؟ تەمەخورنىڭ ھەقىقىي دوستى بولمايدۇ . شۇڭا ، تەمەخور ساڭا ھەرقانچە دوستلۇق داۋاسىنى قىلسىمۇ ، يېقىنلاشما . ئۇنىڭ دوستلۇق داۋاسى پەقەت مېلىڭ تەمەسى بولۇپ ، ساڭا ھەرگىز ۋاپا يولىنى كۆرسەتمەيدۇ . كۆزى تو

كىشىلەر مال ـ دۇنيانى كۆزلەپ ، ئۆزىنى بۇلغىمايدۇ . كۆزى توق ، تەمەدىن يىراق كىشىلەر بىلەن يېقىنلىق قىل ، ھېرىسمەن بىلەن ھەرگىز دوستلۇق قولىنى تۇتۇشما . ئۇ ساڭا ئاخىر دۈشمەن بولۇپ ، تۈگىمەس جاپالارنى چېكىشىڭگە سەۋەبچى بولىدۇ . تەمەخورلارنىڭ سەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى پەقەت مەنپەئەت مۇناسىۋىتى .

4214 تەمەخورغا بولما يېقىن سەن تېخى ،
ساڭا ئۇ ، شۈبھىسىز بولۇر بىر يېغى .

4215 تەمەخور سېنىڭدىن كۆرسە تەپئىنى ،
ئاتايدۇ سېنى ئۇ ئاكا يا ئىنى .

4216 ئەگەر كۆرمىسە نەپ ئۇ ئۆرۈپ يۈزىن ،
تۇغۇلۇپ كۆرمىگەندەك تارتار ئۇ ئۆزىن .

ئوغلۇم ، يوقىرىقىلار كۆزى ئاچلىق ، تەمەخورلۇق ھەققىدىكى ئىككى كەلىمە سۆز . ئاچلىقتىن ئۆلەي دېسەڭمۇ ، نائەھلى ، پەسكەشلەرگە تەمە كۆزۈڭدە باقمىغايسەن . ۋىجدانىڭ ئۆز ئىلكىدە تۇرۇپ ، ھېچقاچان ئاچ كۆزلۈك بىلەن نومۇسسىزلىق ئىچىدە ئاقمىغايسەن . تەمەدە ئىبرىشكەن بۇغداي نېنىڭدىن ئەجرىڭدىن يېتىشكەن زاغرا نېنىڭ ئارتۇق . ئالدىنقىسىنىڭ مىننىتى بار ، كېيىنكىسىنىڭ ئىززىتى . ئەگەر ئەجىر نېمىتىڭ ئېھتىياج تەلىپىڭگە يەتمەي قىيىنىلىپ قالساڭ ، ئادەمنى ، ئىنسانىي مۇناسىۋەتنى مال ـ دۇنيادىن يۇقىرى قويىدىغان پەزىلەتلىك كىشىلەرگە باش قوي . ئۇ سېنى

ئۇمىدسىز قويمايدۇ .

× × ×

ئەي بىزنىڭ ئار - نومۇسىمىزنى ، ئىنسانىي غۇرۇرىمىزنى قوغداشقا كۆپ ھەرىكەت قىلغان ۋىجدانلىق بوۋا ، ئىنساننىڭ قەددىنى پۈكۈپ يەر بىلەن تەڭ قىلىدىغان ، ئۆز ئېتىقادىنى ، ئەركىنلىكىنى ھېرىس قۇللۇقىغا ئالماشتۇرىدىغان ئاچ كۆزلۈك ۋە تەمەخورلۇققا ئۇرغان پەشۋايىڭىز بىزنى ھەقىقەتەنمۇ تەسىرلەندۈردى . بىز ھەرگىز تەمەدىن توقۇلغان داستىخانغا ۋىجدانىمىزنى تۆكۈپ ، ناكەس ، ۋاپاسىز ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا توپىغا مىلىنىپ ، قەدىر - قىممىتىمىزنى ئۇلارنىڭ يەكسان قىلىشىغا تاشلاپ بەرمەيمىز . كۆڭۈل - كۆكسىمىزنى توق تۇتۇپ ، ھەرقانداق مەنپەئەت ، بايلىق ئالدىدا ئۆزىمىزنى بۇلغىمايمىز . مال - دۇنيا دېگەننى تېپىۋالغىلى بولىدۇ . بىراق ، ۋىجدان ، نومۇس دەپسەندە بولسا ، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس . بىر كۈن ياشىساقمۇ ۋىجدان بىلەن ياشايمىزكى ، ھەرگىز ئار - نومۇسىمىزنى تەمە قۇللۇقىنىڭ قۇربانى قىلمايمىز .

بوۋا ، ئەمدى يەنە مۇنداق بىر تىلىكىمىز بار . جەمئىيەتتە كىشىلەر كۆرەلمەسلىك ئاداۋىتى بىلەن پىتنە - پاساتنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقۇچىلارنى «كۆيدۈرگە ··· كۈندىلىك ئوزۇقى ئەخلەت - چاۋار» دەپ ئەيىبلىشىدۇ . ئۇلار ئۆزىنى كۆيدۈرەمدۇ ياكى باشقىلارنىمۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقى ئەخلەت - چاۋار دېيىلىدۇ ؟

ئوغلۇم ، بۇ سوئالنى ياخشى سورىدىڭ ، سوئالىڭغا كۆڭۈلدىكىدەك جاۋاب تاپماقچى بولساڭ تۆۋەندىكى بابقا قارىغىن .

## توققۇزىنچى باب

## كۆرەلمەسلىك ۋە پىتنە - پاساتنىڭ ئەڭ رەزىل كېسەللىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئەي ئەقىللىق ئوغلۇم ، سەن خاتىرجەملىكنى ، تەن ساقلىقىڭنى ئارزۇ قىلامسەن ؟ ئۇنداق بولسا ، كۆرەلمەسلىك ۋىرۇسىدىن ئاپىرىدە بولىدىغان بىر خىل ساقايماس كېسەللىك بار . ئۇنىڭ ئېتى «ھەسەت» دېيىلىدۇ . ئۇ كېسەللىكنىڭ ۋۇجۇدىڭ قەلئەسىگە كىرىپ ، تېنىڭ مەملىكىتىنى خانىۋەيران قىلىشىدىن ھەزەر ئەيلە . دۇنيادا كېسەللىكمۇ كۆپ . بىراق ، ھەر كېسەللىكنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق شىپالىق دورىسى بولىدۇ . ئەپسۇسكى ، كۆرەلمەسلىك ۋىرۇسىدىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكنىڭ داۋاسى يوق . ئۇ خۇددى زەھەرلىك قۇرتقا ئوخشاش ئىچىڭگە كىرىپ ، قىم - قىملىق بالاسىغا مۇپتىلا قىلىدۇ . ئۇ سىنى ئارامسىزلىق نەشتىرى بىلەن قىينايدۇ . ھەرقانداق بىر كىشىدە ياخشىلىقنىڭ ، ئارتۇقچىلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى قەلب ئەينىكىڭدە كۆردۈڭمۇ ، ئىچىڭ زەھەر بىلەن توشىدۇ . بۇ كېسەللىك تەرەققىي قىلىپ ھەتتا ئۆزۈڭنىڭ ياخشىلىقىڭنى ، مەنپەئىتىڭنى كۆرسەڭمۇ ھەسەت قىلىدىغان باسقۇچقا يېتىسەن . ئوغلۇم ، بۇ كېسەللىككە يولۇققان ئادەم ئۆلۈم ئەلچىسى جېنىنى ئالغانغا قەدەر ساقايمايدۇ .

4253 ھەسەت بىر كېسەلدۇر، داۋاسى ئۇزاق،
ئۆزىنى ئۆزى يەپ، سىزەر ئۇ ئاداق.

ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېيىش ئادەم بالىسىغا نېسىپ بولمىغان. بىراق، پىتنە - پاسات ۋە ھەسەت ئۆزۈڭنىڭ گۆشىنى ئۆزۈڭگە يېگۈزىدۇ. قۇرت يېگەن ياغاچتەك ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ ۋەيران بولىسەن. پىتنە - پاسات يەنە شۇنداق بىر ئوتكى، ئۇنىڭ كۆيۈشى بىلەن ھۆل - قۇرۇقنىڭ ھەممىسى خاراباتە دەشتىدە بەربات بولىدۇ. ھەسەت ئوتى ساڭا تۇتاشقان بولسا، پاسات پىلىكى ئارقىلىق ئوتنىڭ ئىچىدىكى سەن ۋە تېشىدىكى باشقىلارمۇ تەڭ كۆيىدۇ. ئېنىقكى، ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگەندىن ئىچىدە كۆيگەن بەتتەرەك كۆيىدۇ. باشقىلارنى كۆيدۈرىمەن دەپ ئۆزىنى پۇچىلاش ئەقىللىقلەرنىڭ ئىشى ئەمەس؛ يەنە بىر تەرەپتىن، باشقىلارنىڭ يارىسىنى ئېچىش بىلەن ھەرگىز ياخشى ئاتالمايسەن. باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى سۆزلەش پەزىلەت بولسا، قۇسۇر ئىزدەش خەسىسلىك. ئىناۋەت غولۇڭ، ئابرۇي يىلتىزىڭ پىتنە - پاسات ئوتى بىلەن كۆيۈپ كۇل بولىدۇ. سائادەت تاپساڭ پىتنە - پاساتتىن دەرھال قاچقىن. ئۆزۈڭ ھەسەتخور بولمىساڭمۇ، باشقىلارنىڭ پىتنە - پاسات تورىغا ئىلىنىپ قالساڭ، بىكاردىن-بىكار كۆيۈپ كېتىسەن.

4411 تۆپىڭ - يىلتىزىڭنى پاساتلىق قىرار،
بۇ ياخشى ئىزىڭنى پاساتلىق بۇزار.

ئاڭلا، بىلىم بىلەن ئىشقا قول سالغان سىلىق خۇيلۇق ئەر ئەجەبمۇ ياخشى ئېيتقانىكەن:

4414 پاساتنىڭ يېنىغا يېقىن بارمىغىل ،
پاسات نەدە بولسا ، خارلىق شۇندا ، بىل .

ئوغلۇم ، ئاڭلىدىڭ ، باشقىلارغا قىلغان يامانلىق ئۆزۈڭگىمۇ ئامانلىق بەرمەيدۇ . دانالار باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپ ، شۇ ياخشىلىقنىڭ ھۇزۇرىدا شادلىنىش بەختتۇر ، دېگەنىكەن . باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆز كەسپىڭ قىلىۋال . ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ يامانلىق قىلما . يامانلىق قىلمىغانلىقىڭنىڭ ئۆزى ياخشىلىق سانىلىدۇ . ئەقلى - ھوشۇڭ جايىدا ، قولۇڭ ئۇزۇن بولسا ، ياخشىلىقنىڭ ھەمراھى بولغىن . بۇ ھەمراھ ساڭا قاچاندا بولمىسۇن نەپ بېرىدۇ . ھاياتىڭ قىيىنچىلىق دەھشىتىدە قالغاندا ، يار - يۆلەك بولۇپ ، ئاسايىشلىق ساھىلىگە باشلايدۇ . يامانلىق كۆزلىسەڭ ، يەنىلا ھېچقانداق پايدا ئالالمايسەن .

4252 تىرىشقىن سەن ئەمدى ئەي كۆڭلۈم كۈنى ،
كىشىگە ھەسەت قىلما ، يورگىل كۈنى .

4256 كىچىك يەتسە ھەممىگە ياخشىلىق قىل ،
يانار ياخشىلىق ھەم شۇبھە قىلماغىل .

ئوغلۇم ، بىلگىنكى ، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى سېنىڭ خۇشاللىقىڭ ، غەم - قايغۇسى سېنىڭ غەم - قايغۇڭ بولسۇن .

4257 كىشىلەر سۆيۈنسە سۆيۈنگىن سەن ھەم ،
غەم - قايغۇ يەتسە گەر ، يېگىل سەنمۇ غەم .

ئەگەر ياخشىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈپ ، ھەسەت بىلەن

كۆيدۈرمەكچى بولساڭ ، قايغۇسىنى كۆرسەڭ ، مەن ئەجەب شۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىدىم - ھە ؟ دەپ كۈلسەڭ ، بۇ ئىنسانلىق ئەمەس . سەن شۇ دەۋرداشلىرىڭ بىلەن بىر سەپەرنىڭ كىشىلىرى ، سەپەرداش كىشىلەر بىر - بىرىگە قولداش بولمىسا بولمايدۇ . مۇبادا پۇتۇڭ لايغا پېتىپ قالسا ، سەپەرداشلىرىڭ تارتمىسا ھالاك بولماي قالالتىڭمۇ . سەن شۇ ئادەملەر بىلەن ئادەم . ھەرقانداق خۇشاللىقنىڭ كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشتۇرغاندىلا ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بولىدۇ . ئەگەر ئۆزۈڭنىڭ قەلبىنى بىغۇبار ساقلىماقنىڭ كويىدا بولساڭ ، مۇنداق ئىككى خىل تائىپە بىلەن قوشۇلۇشنى تەرك ئەت :

4272 بىرى دۇر چېقىمچى ، پىتنە - پاساتچى ،
بىرى ئىككى يۈزلۈك ، ئۆز مەنپەئەتچى .

ئۇلار قەلبىڭنى ھىيلە دامى بىلەن ئوۋلاپ ، پاسات ئازگىلىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ . كۆڭۈل ئارامىڭ ساراسىمىگە چۈشىدۇ . ئۇلار ھەر دائىم كوچىلاردا شامال ئۇچۇرۇپ يۈرگەن ئەخلەت - چاۋارلارنى تېرىپ كېلىپ ، كۆڭلۈڭنى غەشلىك بىلەن تولدۇرىدۇ . ئەپقاچتى گەپلەر بەئەينى ئۇچۇپ يۈرگەن ئەخلەت - چاۋارغا ئوخشايدۇ . ئەخلەت - چاۋارلار يەڭگىل بولغانلىقى ئۈچۈن سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرىدۇ . ئەپقاچتى گەپلەرمۇ لەيلىمە بولغاچقا ، پاساتچىلارنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرىدۇ . ھەرقانداق ئىشنى ئەقلىڭ تارازىسىغا سېلىپ كۆرۈپ ئاندىن ئۇنىڭغا باھا بەرگىن ، ھەتتا ئاڭلىماققا ئىشەنچلىكتەك تۇرغان گەپلەرگە ئىشىنىپلا نىشانىڭنى ئۆزگەرتىپ ، ياخشى ئادەملەرگە دۈشمەن بولۇپ قالما ؛ كېيىن پوكۇنچىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كۆڭلۈمدە غۇم ساقلاپتىمەن ، دېسەڭمۇ يارا ئىزى ساقىيىپ كەتمەيدۇ . يامان

كىشىلەرنىڭ، ئۆز مەنپەئەتچى مەخلۇقلارنىڭ توقۇلما گەپلىرىگە ئىشىنىۋەرسەڭ، ئۆز كۆڭلۈڭنى ياپتا گەپلەرنىڭ قۇربانى قىلىسەن. ئۆزۈڭدە ھەرقانداق كىشىگە نىسبەتەن مۇستەقىل قاراش بولسۇن. كىشىلەرگە ياتلارنىڭ كۆزى بىلەن قارىساڭ، ئۆزۈڭدە مۇستەقىل كۆڭۈل بولمىغان، باشقىلارنىڭ كۆڭلى بىلەن ياشىغان بولۇپ قالىسەن ئوغلۇم، كۆڭلۈڭنىمۇ باشقىلارغا بېقىندا قىلساڭ، ھاياتىڭدا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تىراگېدىيە بولمايدۇ. كۆڭۈل مۇقەددەسلىكى ئۆز ئىلكىڭدە بولسۇن، ساڭا خۇشال ھايات نېسىپ بولغاي. ھەسەت ۋە پىتنە ـ پاسات كىشىلىكىڭنى چىرىتمىسۇن.

4276 خۇشال ھاياتتا ياشىماقنى دېسەڭ،
تىرىشقىن، ھەسەتتىن يىراق بول ئۆزۈڭ.

× × ×

ئەي بوۋا، چېقىمچىلىق، پىتنە ـ پاسات خاھى مەندە بولسۇن، خاھى خەقتە بولسۇن، ئوخشاشلا ئاپەت ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ كۆڭلى ۋەسۋەسە ئىچىدە ئۆتىدىكەن. يۈرىكى داۋاملىق مۇجۇلۇپ، سىقىلىپ بىئاراملىق ئىچىدە ئازابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاپەت ياخشىلارنى ياخشىلار بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ ئارىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدىكەن، دوستلۇق ۋە ئىشەنچ كۆزىگە توپا چېچىپ، يامانلارنىڭ ھىيلىسى بىلەن ياخشىلارغا ئۇۋال قىلىدىكەن. ئەي بوۋا، بىز ھەرگىز ئەسكىلەر باشلىغان يولغا ماڭمايمىز. ئىتتىپاقسىزلىق، پىتنە ـ پاسات يىلتىزىنى مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىق شەمشىرى بىلەن قومۇرۇپ تاشلاپ، دۈشمەنلەرنىڭ سامانلىرىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ بېرىشكە ھەرگىز يوچۇق ئېچىپ بەرمەيمىز.

6494 كۆزەتسۇن بىر ئاللا بۇ ئىمانىمىز ،
يوقالسۇن بۇ پىتنە بەلا ، يامان ئىز .

× × ×

ئەي سۆيۈملۈك بوۋا ، يۇقىرىدا دوستلۇق گۈلىستانىنى ئۇششۇتۇپ ، دۈشمەنلىك تىكىنى تېرىيدىغان ھەسەت ۋە پىتنە ـ پاساتنىڭ قاباھەتلىك ئاقىۋىتىدىن بىزنى خەۋەردار قىلدىڭىز . ئەمدى ئېيتىڭا ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ دوستى ھەم دۈشمىنى بولىدۇ . ئەمما ، ھەر ئىككىلا خىل ئادەم يەنىلا سىر . بىر قاراشتىلا كىمنىڭ دوست ، كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش مۈشكۈل . دۈشمەنمۇ ئەلۋەتتە دوستلۇق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا چىقىدۇ . ئۇنداق بولسا ، قانداق قىلغاندا دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق ئايرىغىلى بولىدۇ ؟ كېيىن يەنە قانداق قىلغاندا ، دوستلۇقنىڭ ساداقىتىگە ئېرىشكىلى ، دۈشمەننىڭ ئاپىتىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ ؟

ئەي قەدىرلىك ئوغلۇم ، سەن مەندىن دوستلۇقنىڭ سۈپىتى ۋە دۈشمەنلىكنىڭ ئاپىتى توغرىسىدا سورىدىڭ . «دوستلۇق» دېگەن ئىبارىنى تىلغا ئېلىش ئوڭاي بولغان بىلەن دوستلۇق ساداقىتىنى دىلغا ئېلىش ئۇنچە ئوڭاي ئېرىشكىلى بولىدىغان مەنئۇى بايلىق ئەمەس . دۈشمەنلىك ھەقىقەتەن قارا نەرسە . ئەپسۇسكى ، ئۇنى تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش قىيىن . ئوغلۇم ، دوستلۇقنى قەدىرلەش ، دۈشمەندىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا ئەلىم ئالماقچى بولساڭ تۆۋەندىكى بابقا قارا .

# ئونىنچى باب

## دوستلۇقنى قەدىرلەش ، دۈشمەندىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا

ئوغلۇم ، سەن ھەقىقىي دوستلۇق كەمرىنى بېلىڭگە باغلىغان بولساڭ ، ۋاپا قالقىنىڭ بىلەن دوستۇڭغا كەلگەن جاپا تىغىنى توسقايسەن . دەرەخ يىلتىزى بىلەن ياشىرىدۇ ، ئادەم يارۇ بۇرادەرلىرى بىلەن دېگەندەك ، سەن ئۇچۇن يەككە - يېگانىلىكتىن ، بۇرادەرسىزلىكتىن ئېغىر يۈك بولمايدۇ . ھەرقانداق خۇشاللىقنىڭ ، بەختنىڭ گۈلى دوست - بۇرادەرلىرىڭ بىلەن بولغان ھەمسۆھبەتلىك ۋە ھەمدەمىلىك تۇپرىقىدا ئېچىلىدۇ . ھەرقانداق ئېغىر يۈكنى دوستۇڭ بىلەن تەڭ كۆتۈرسەڭ ، ھارغىنلىق ھېس قىلمايسەن . ئوغلۇم ، ھەرگىز ياۋايىلىقنى ئادەت قىلما . ئادەم دېگەن ئادەم بىلەن ئادەم بولىدۇ . ئادەم بولغان ئادەمدە مىڭ كىشىنىڭ ئىشى ، ئادەم بولمىغان ئادەمدە كىشىنىڭ نېمە ئىشى ؛ سەن داۋاملىق بىر خىلدا ئۆتمەن دېيەلمەيسەن . قېرىيسەن ، ئاجىزلايسەن ، كېسەللىك مۇشەققىتىنى تارتىسەن . ئۆلۈم - يېتىم ؛ توي - تۆكۈنىڭ بولىدۇ . مۇشۇنداق ۋاقىتتا دوستۇڭ يولداش ھەم قولداش بولمىسا ، سۆيۈك چۆلدە ، ئىشىڭ كۆلدە بولۇپ ، تويۇڭ تويدەك ، ئۆلۈمىڭ ئۆلۈمدەك بولمايدۇ .

3330 ئادەم ئوغلى ئۆتمەس يالغۇز - يەككە تەن ،
ئۆزۈڭ مۇندا يالغۇز ئاغرىماسمۇ سەن .

ئەگەر ئادىشىڭ يوق بولسا، تاللاپ ياخشى ئادەمدىن دوست تۇتقىن. ئادىشىڭ ياخشى بولسا، ئۇ ساڭا قۇياشتەك ئەسقاتىدۇ. بۇ دۇنيالىقتا ساڭا ھەقىقىي يار - يۆلەك بولىدىغان قولداش — قېرىنداش بىلەن ئادىشىڭ. بىر تۇغقان قېرىندىشى ۋاپادار كىشىلەرنىڭ شان - شۆھرىتى ھەم يۇقىرى بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەم جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشى زۆرۈر. بۇ ئورۇننىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرەڭنىڭ كەڭ - تارلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. دوستۇڭ كۆپ بولسا، سۆزۈڭمۇ پۈتۈن بولىدۇ، قولۇڭمۇ ئۇزىرايدۇ.

3173 قاياشلىق كىشىنىڭ شان - شۆھرىتى چوڭ،
ئاداشلىق كىشىنىڭ سۆزى، ئىتى چوڭ.

يالغۇز يۈرۈش ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەت ئەمەس، بەلكى ياۋايىلىقنىڭ بەلگىسى. ياۋايى ئادەمدىن كىشىلەرگە ھېچقانداق ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئادەمگە ھېچقانداق نەپ يەتكۈزمىگەن ئىنساننى ئۆلۈك دەپ قاراش كېرەك. يالغۇزلۇق قۇرۇق خادىغا ئوخشايدۇ، قۇرۇق خادا باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ سايە تاشلىمايدۇ. ھەقىقىي يىگىتلىك دوست، يار - بۇرادەرلىرىگە، ئەلگە يەتكۈزگەن مەنپەئىتى بىلەن جىلۋىلىنىدۇ. ئۆلۈك ئادەمدىن ياخشىلىق كۈتۈشكە بولمىغاندەك، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى راۋا كۆرمىگەن ئادەمنى دوست تۇتۇشمۇ خاتا. سەن دوستۇڭدىن مەنپەئەت ئالغان بولساڭ، سەنمۇ دوستۇڭغا بېرىدىغان مەنپەئىتىڭنى ئۇنتۇپ قالما. ئەلدىن ئەلگە نەپ دېگەن ئەنە شۇ.

3408 كىشىگە نەپئى يوق كىشىلەر ئۆلۈك،
يىگىت بولسا، ئەلگە نەپئى بەرگۈلۈك.

دوستنىڭ كۆپ بولۇشىدىن قورققۇلۇق ئەمەس. ئۆزۈڭ ياخشى بولساڭ، باشقىلارمۇ ساڭا يېقىنلىشىشنى ئىزدەيدۇ، دوستۇڭ كۆپىيىدۇ. دوستى كۆپ ئادەمنىڭ تۇرمۇش تىرىكچىلىكىنىڭ ئاقسىغانلىقىنى نەدە كۆرگەن. ھەتتا ئۇنىڭ نامى تارىلىپ، ئىشلىرىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ بېرىدۇ. دوستلۇق ھەرقانداق تىلەكلىرىڭگە يۆلەك بولىدۇ. «تامنىڭ غوجا تېمى بولسا، تام يىقىلمايدۇ ئەمەسمۇ؟» ھەقىقىي دوستۇڭ سېنىڭ ئېغىر كۈنلىرىڭدە ئۆزىنى پىدا قىلالايدۇ.

3411 ئېغىر كۈنلەردە دوستلار پىدالار ئۆزىن،
سۆيۈنچتە سۆيۈنۈپ يۈرۈتۈر كۆزىن.

يارامىلىق دوستۇڭ ياخشى پەزىلەتلىرىڭ بولسا ئەلگە يايىدۇ. قۇسۇرۇڭنى كۆرسە چاۋاكىنى چىتقا يايمايدۇ. دوستلۇق رىشتىنى ئۈزمەيمەن دېسەڭ، باشقىلارغا يېرىك - قاتتىق سۆزلىگۈچى بولما. يېرىك سۆز دوستۇڭنىڭ كۆڭلىنى خۇددى تاشقا ئوخشاش بېسىپ تۇرىدۇ. بۇ تاش ئۇزاق يىللاردىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى تەس. سېنى بىراۋ سۆكسە، سەنمۇ بىراۋنى سۆكسەڭ، دۇرۇسلۇق ئەمەس. سەن باشقىلارنى ماختىغىن. شۇندىلا كىشىلەر ئۇنى نادان، سېنى ئەقىللىق دەيدۇ. باشقىلار ساڭا جاپا قىلسا، سەن ۋاپا يولىنى تۇت. ۋاپا — مەردلەرنىڭ ئادىتى. جاپا — پاسىقلارنىڭ قىلمىشى. يېقىن قاياشلىرىڭ سەندىن يىراقلاشسا، ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاش. چۈنكى، دوستۇڭنىڭ سەندىن ئۆزىنى تارتىشىغا سەندىن ئاز - تولا كۆڭلى

قالغانلىقى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئال- دە ، يېقىنلىقىنى قولغا كەلتۈرگىن .

ئوغلۇم ، سەمىمىي دوستلۇق، شەرىپىگە ئېرىشەي ، دۈشمەنلىك كۆڭۈلسىزلىكىدىن ساقلىناي دېسەڭ ، قانداق ئادەملەرگە دوستلۇق ئىزھار قىلىش ، قانداق خۇسۇسىيەتلىك ئادەمدىن ئۆزۈڭنى چەتكە تارتىشنى بىلگىن . ئىسسىقدە بولسۇنكى ، بىلىپ - بىلمەي يامانغا كۆڭۈل باغلاپ ، ئۇنىڭدىن ۋاپا ئۈمىدىنى كۈتمە ، ئۇنداق قىلساڭ ، توغرا يولۇڭدىن ئېزىققان بولىسەن . يامان ئاتاقتا قالىسەن . يامان ئاتاقتىن ھەزەر ئەيلەپ ، ياخشى نام قازىناي دېسەڭ ، يامانغا قوشۇلماسلىقتا تىرىشقىن . ھەركىم ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئادەمنى دوست تۇتۇشى لازىم . ئۆزۈڭدىن يۇقىرى ئادەمنى دوست تۇتىمەن دېسەڭ ، بىرى ، دوستۇڭنىڭ بويۇنتاۋلىق قىلىپ ، سېنى رەنجىتىشىدىن خالىي بولىمەن دېيەلمەيسەن ؛ يەنە بىرى ، تەڭ كېلىشنى ئويلاپ ، مۇشەققەت تارتىپ قالىسەن . ئۇ ساڭا ئاسماندىن قارىسا ، سەن ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قارىساڭ ، بۇنى قانداقمۇ ھەقىقىي دوستلۇق دېگىلى بولىدۇ؟ دوستلۇق دېگەن باراۋەرلىكتە مۇستەھكەم بولىدۇ . ئۇچار قۇشلارمۇ بىلىپ ئۆز مۇناسىپلىرىنى تاپىدۇ . سەن ئادەم ، قوشۇلىدىغان ئادىمىڭنى ياخشى ئايرىمىساڭ بولمايدۇ . باشقىلارنى دەڭسىيەلمىگەن ئادەم ئۆزىنىمۇ تولۇق چۈشەنمىگەن بولىدۇ . ئادەم ئۆزىنى ئۆزى چۈشىنەلمىسە ، باشقىلارنى چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس . ئوغلۇم ، دوستلۇق مۇنداق ئىككى خىل مەقسەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ : بىرى ، غەرەزسىز ھەقىقىي دوستلۇق ، مۇنداق دوستلۇقتا قۇسۇر ياكى ئەگرىلىككە ئورۇن بولمايدۇ . ئۇ سەندىن نەپ تەگسۇن ، نەپ تەگمىسۇن دوستلۇق رىشتىنى ئۈزمەيدۇ ؛ يەنە بىرى ، پەقەت سەندىن ئالىدىغان نەپ - مەنپەئەت ئاساسىغا قۇرۇلغان دوستلۇق .

مۇنداق مەقسەت بىلەن قولۇڭنى تۇتقانلارنىڭ قەلبىدە باراۋەرلىك، سەمىمىيلىك، راستچىللىق ۋە ئەخلاق بولمايدۇ. ئۇ پەقەت ساڭا تەمەگەرلىك بىلەن يېقىنلىشى مۇمكىن. سەندىن مەنپەئەت سايىسى چۈشمىسە يېقىنلىش تىركىشىشكە ئۆزگىرىدۇ، ھەتتا ساڭا دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇلار مەنپەئەت بولسا، سەندىن سايىدەك ئايرىلالمايدۇ. بېشىڭغا كۈن چۈشسە ئۇلارنى ئىزدەپمۇ تاپالمايسەن. مۇنداق كىشىلەرگە ھەرگىز دوست بولغۇلۇق ئەمەس. ئۇنداق ئادەم مەنپەئەت قوغلىشىپ دۈشمىنىڭگىمۇ دوستلۇق ئىزھار قىلىشتىن يانمايدۇ. شۇڭا، ئۇ سىرىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قالمىسۇن.

4203 تۇتار دوستنى نەپئى ئۈچۈن ئۇ بىرى،
بۇ دوستلۇق نېگىزسىز، ئېرۇر مەجبۇرى.

ئوغلۇم، دوست تۇتۇپ سىناق تارازىسىغا سالماقچى بولساڭ، پايدا - زىياندا سىنا، ئەركەك - چىشىسى ئايرىلىدۇ. سىناقتا ئىشەنچلىك چىقسا قەدىرلە. دوستلۇقنىڭ يەنە بىر شەرتى ئىتتىك تېرىكمەسلىكتۇر. قاش - قاپاقلىرىڭنى تۈرۈپ تىرىكتۇرسەڭ، ساڭا سادىق دوست بولسا، سەۋرچانلىق، سەمىمىيلىك خىسلىتى بىلەن كۆڭلۈڭنى ياسايدۇ؛ ساداقەتمەنلىك چاپىنىنى سېلىپلا، تېرىكىپ پەش قاقمايدۇ. سادىق بولمىسا، يەل تۈپتەك ئاسمانغا سەكرەيدۇ، ئىتتىكلا سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئىنسانىي دوستلۇقنىڭ يەنە بىر مۇھىم شەرتى — دوست ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىماسلىق.

ئوغلۇم، دوست تۇتقاندىن كېيىن، ئەمدى ئۇنىڭ يۈكىنى كۆتۈرمەك ئېغىر. بۇ ھەقتە دانىشمەنلەر شۇنداق مىسال قىلىشىدۇكى، كىشى كۆڭلى نازۇكلۇقتا گوياكى شىشىگە

ئوخشايدۇ . ئۇنى ئوبدان ئاۋايلىمىسا ئاسانلا سۇنۇپ كېتىدۇ . سۇنغان شىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇشكۇل . كۆڭۈل يەنە شۇنداق نەرسىكى ، ئىسسىقتا ئېرىپ ، سوغۇقتا مۇزلايدۇ . ئارىدا نورماللىقنى ساقلا . ئىككى ئارىدا ئازراق چەك بولمىسا بولمايدۇ . چۈنكى ، ھەرقانداق يېقىن دوستۇڭنىڭ مېھرىبانلىقى ئۆزۈڭگە بولغان مېھرىبانلىقىڭدەك شېرىن بولمايدۇ . دوستۇڭنىڭ كۆڭلى سۇنسا ، دۈشمەنلىك دۇبۇلغىسىنى كىيىشى مۇمكىن . ئۇ ۋاقىتتا روزىغارىڭ ئاراملىق لەززىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ ، كۈنلىرىڭ تىنچسىزلىقتا ، تۇرمۇشۇڭ بىتاپلىقتا يۈز تۇتۇپ ، ھەرقاچان زىياندىن خالىي بولالمايسەن .

ئوغلۇم ، ئەمدى قانداق ئادەم ئاسان دۈشمەنلىك بولۇپ قالىدىغاندۇ ؟ دەيسەن . شۇنداق ئادەم ئاسان دۈشمەنلىك بولۇپ قالىدۇكى ھەم دۈشمەنلىك ئوقىغا يولۇقۇپ تۇرىدۇكى ، بۇ كىشىنىڭ نەسەبى يۇقىرى ، پەزىلىتى يۈكسەك ، بىلىم شۆھرىتى ئۈستۈن ، جەمئىيەتتىكى ئورنى - تەسىرى كەڭ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر . چۈنكى ، دۈشمەنلىك پايدا - مەنپەئەتتە كۆرەلمەسلىك ئوتى ۋە يېتىشەلمەسلىك زەھىرىدىن سۇغىرىلغان تىغ بولۇپ ، ئېھتىيات قالقىنىنى تۇتمىساڭ ، كۆكسۈڭ دۈشمەن تىغىنىڭ نىشانى بولۇپ قالىدۇ . يامان ، كېرەكسىز ئادەمنىڭ دۈشمىنى بولمايدۇ . چۈنكى ، كېرەكسىز ئادەم — ئۆلۈك تائىپەدۇر . كاللىسى بار ئادەم ھەرگىز ئۆلۈك بىلەن تالىشىپ دۈشمەنلىشىپ ئولتۇرمايدۇ . يامان ئادەمنىڭ ئۆزى ئۆزىگە دۈشمەن . ئۇنداق ئادەملەر بىلەن ئىلاج بولسا دۈشمەنلەشمە ، ئەگەر دۈشمەنلىك بولۇپ قالساڭ ، ئۇنىڭدىن قورقما . دۈشمىنىڭنىڭ سېنىڭ ئاجىزلىقىڭنى بىلىپ قالمىغاي . سېنىڭ مەردلىكىڭ ، باتۇرلۇقۇڭ قەبىھ ياۋ بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا سىنىلىدۇ . مەردنى مەيداندا سىنا دېگەندەك ، دۈشمەنلىك رىقابىتى بولمىغۇچە

باتۇر ۋە مەردلىكىڭنى كىم بىلىدۇ؟

3419 دۈشمەنلەر كۆرەشكەن ئەر شۆھرەت تاپۇر ،
دۈشمەنسىز ئەر ئاتى قوپالماي باتۇر .

ئەمما ، دۈشمەننى ئاجىز ، ئۆزۈڭنى كۈچلۈك چاغلاپ ، مەن دۇنيادا تەڭداشسىز دەپ قاراپ تەييارلىقسىز تۇرما . دۈشمەن سىرىڭنى بىلىۋالسا ، ھەددىدىن ئاشىدۇ . ئاجىزلىقىڭ ئۇنىڭغا چوڭ ياردەم قىلىدۇ . ئۆزۈڭنى ئالاھىدە كۈچلۈك كۆرسىتىشكە تىرىشقىن . ئۆز دۈشمىنىنىڭ ئالدىدا بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ كۆڭلىنىڭ قانچىلىك قارا بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس . دوستۇڭ ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ ، ئۇنى كۆپ سانىما . دوست كۆپلۈك قىلمايدۇ . دۈشمەن گەرچە ئاجىز ۋە ئاز بولسىمۇ ، ئېھتىيات دۇبۇلغاڭنى بېشىڭدىن ھەرگىز ئالغۇچى بولما .

3490 يېغى بىر بولسىمۇ مىڭدۇر زىيىنى ،
مىڭ بولسىمۇ دوستنى ، ئاز دەپ بىل ئۇنى .

كۆردۈڭمۇ؟ چۈشىنىمۇ پىلنىڭ يوغان دۈشمىنى بولالايدۇ . ئۇلار توپلىشىپ چېقىشۋەرگەندىن كېيىن پىلمۇ سەكرەپ كېتىدۇ . دۈشمىنىنى يېڭىپ ، بېشىنى تۆۋەن قىلغان ئەرلەر نېمە دەيدۇ دەڭلا : دۈشمەندىن غاپىل بولما ، ئۆزۈڭ نېرى تۇر ، غاپىللىقتىن پايدىلىنىپ تورۇڭغا چۈشۇر . ئۇ قول سالغۇچە سەن قول سالمىساڭ ئۆلگۈرەلمەيسەن . دۈشمەننى كەمسىتمە ، ئۇنى زور ۋە كۈچلۈك بىل . دۈشمەن تاياق تۇتسا ، سەن قالقان ۋە نەيزە بىلەن تاقابىل تۇر . ئاگاھ بولغىنكى ، دوستۇڭ دۈشمەن بولۇپ

قالمىسۇن. ئۆز ئىچىڭدىن چىققان دۈشمەن ئىچ - تېشىڭنىڭ سىرىنى بىلىدۇ. شۇڭا، مېلىڭنى كۆزلىسىمۇ ئالالايدۇ، جېنىڭنى قەستلىسىمۇ تۇيدۇرمايدۇ. ئۆزۈڭنى قانچىلىك كۆزەتسەڭ، ھەمراھىڭنى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆزەتكىن. دوست تۇتۇشقۇ ئاسان، كۆزەتمەك بەك قىيىن. يامانلاشماق ئاسان، ياراشماق قىيىن.

ئوغلۇم، يۇقىرىقى بايانلارنى ئاڭلىدىڭ. ئەمدى دوستلۇقنىڭ ۋاپاسىنى ئىزدىسەڭ، دۈشمەنىنىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلماقنى تىلىسەڭ، مۇنداق بىرنەچچە تەرەپنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىڭنىڭ مىزانى قىل. ئىككى خىل ئادەمگە قوشۇلۇشتىن ئۆزۈڭنى نېرى تۇت: بىرى، چېقىمچى، پىتنە - پاساتچى؛ يەنە بىرى، ئىككى يۈزلىمچى، ئۆز مەنپەئەتچى. يەنە سەن مەيخورغا نىسبەتەن ھەرگىز دوستلۇق تەمەسىدە بولما. ئۇنىڭدىن ۋاپا دىدارىنى كۆرەلمەيسەن. ئەقىلسىز، نادان دوستقا كۆڭۈل بەرگۈچى بولما. نادان ئادەم ياخشى - ياماننى پەرق ئېتەلمەي، سېنى دۈشمىنىڭگە ساتىدۇ. سەندىن نەپ تەگمىسىلا سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئابرۇيۇڭنى دەپسەندە قىلىدۇ. جەڭگى - جېدەل، غوۋغادىن خالىي بولاي دېسەڭ، ئەدەپسىز - پەس ئادەملەرگە قوشۇلما. مىجەزى چۇس، قوپال ئادەمگىمۇ يېقىنلىق قاچىسىنى سۇنما. ئۇنداق ئادەم غەزەپلەنسىلا يېقىنلىق تاۋىقىڭنى چاقىدۇ. خۇشاللىقىڭنى تىلىسەڭ، ھەسەتخور بولما. بىراۋدىن كۆڭلۈڭ قېلىپ، ئۆزۈڭنى تارتماقچى بولساڭ، نېمە سورىسا بەرمەي، سۆزۈڭنى يىرىك قىل. يامان ئاتلىق كىشىلەرگە قوشۇلما. ياخشىغا قوشۇلساڭ يالىسى، يامانغا قوشۇلساڭ قارىسى يۇقىدۇ دېگەندەك، ئۇلارنىڭ قىلىقى ساڭىمۇ قارىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئاق نەرسىگە قارا تۇكاي يۇقىدۇ ئەمەسمۇ؟ يامانغا قوشۇلساڭ، بىرى، خۇلقۇڭمۇ يامانلىق تەرەپكە ئۆزگىرىدۇ؛ يەنە بىرى،

ئۆزۈڭمۇ يامان ئاتلىق بولسەن ، خەلق سېنىمۇ ئەسكى ، يامان كىشىلەرنىڭ قاتارىدا سانايدۇ . ئوغلۇم ، مەن بۇ دۇنيادا يامانغا قوشۇلۇپ ، ئىشى بۇزۇلۇپ ھەسرەت چەككەن ئادەملەرنى كۆپ كۆردۇم . ئۇلار يامانغا قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن يامان ئاتاققا قېلىپ ، يۈزىنى كەتكۈزدى . ئۆمرۈم ئۇزاق بولسۇن دېسەڭ ، سېخىي بول . سۆيۈملۈك بولاي دېسەڭ ، كۆڭلۈڭ بىلەن تىلىڭ بىر ، سۆزۈڭ چۈچۈك بولسۇن . قەدىرلىك بولاي دېسەڭ ، باشقىلارنى قەدىرلەشنى بىل . باي بولۇشنى ئىزدىسەڭ ، قانائەتنى ئۆزۈڭگە ئاشنا قىل . ماختاشقا سازاۋەر بولاي دېسەڭ ، مىجەز - خۇلقۇڭنى تۈز ، يۈزۈڭنى ئوچۇق قىل . زەخمەت چەكمەي دېسەڭ ، سىرىڭنى ئاشكارا قىلما . كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە يېقىنلاتماقچى بولساڭ ، تەمەسىز ياشىغىن . ئەزىز بولاي دېسەڭ ، ھەر ئىشتا باشقىلارغا موھتاجلىق قولۇڭنى سۇنماي ، ئۆز ئىشىڭنى ئۆزۈڭ ھەل قىلىشقا تىرىش . ئابرۇيۇم بىلەن ياشاي دېسەڭ ، تىلىڭدىن ھەرگىز يالغاننى چىقارما ، كىشىلەرنى چاقما ، قۇرۇق - ئۇششاق سۆزلىمە ، كىنە ساقلىما ؛ ئۆزۈڭدىن چوڭلارنىڭ سۆزىنى ئالدىراپ رەت قىلما ؛ بەرگەن جاۋابىڭ يېرىك بولمىسۇن ، ئۇلۇغلاردىن بەخت تىلىسەڭ ، ئۇلارنى ھۆرمەت قىل . تەڭتۇشلىرىڭ بىلەن بېرىش - كېلىش قىل . سەن ئۆز دېمەتلىكلىرىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ ، كۆڭلۈڭدىكى گېپىڭنى دېيەلەيسەن ، قىسىلمايسەن .

× × ×

ئى ، دوست ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان ، دۈشمەن خەنجىرىگە ئەقىل - پاراستى قالقان بولغان ھوشيار بوۋا ، دوستلۇقنى بىلىش ۋە قەدىرلەش ، دۈشمەندىن ھەر ۋاقىت ھەزەر ئەيلەش ، ياخشىلارنىڭ ۋاپاسىغا ئېرىشىش ، يامانلارنىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلۇش توغرىسىدا دانا سۆزلىرىڭىز

كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈردى . تۈرمۈش ، ئىجتىمائىي ھايات مۇرەككەپ تورغا ئوخشايدىكەن . ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكى شۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەشكىل قىلغان ئادەمنىڭ ھەر خىللىقى ، مۇرەككەپلىكى ۋە ئىگىز ـ پەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن . مۇنداق مۇرەككەپ تۈرمۈش تورى ئىچىدە مۇناسىپ ، توغرا يولنى تاللاپ مېڭىشنى بىلىش ھايات مۇساپىمىزدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ھالقا ئىكەن . ئەي بوۋا ، بىز ئىتتىپاقلىق ، دوستلۇق گۈللىرىنى ھەممە يەردە پورەكلەپ ئېچىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاۋانگارتلاردىن بولىمىز . ھەرگىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئارىسىغا دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچمايمىز ، دۈشمەننىڭ تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى پاراسەت بىلەن ئېچىپ تاشلايمىز . دۈشمەننىڭ مەككارلىق تونىنى كىيىۋېلىپ ، دوستلۇق گۈلى ئارىسىغا تىكەن بولۇپ ئۈنۈشكە ھەرگىزمۇ يول قويمايمىز .

ئەي دانىشمەن بوۋا ، يەنە كۆڭلۈمگە بىر سوئال كېلىۋاتىدۇ . تىل — ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئالاقە ۋاسىتىسى . بۇ ۋاسىتىدىن قانداق قىلغاندا توغرا پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىڭىز .

بولىدۇ ئوغلۇم ، ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى بېيىتنى سېنىڭ دىققىتىڭگە سۇنۇپ ، ئاندىن سۆزۈمنى باشلاي :

274 ئەقىل كۆركى تىلدۇر ، بۇ تىل كۆركى سۆز ،
كىشى كۆركى يۈزدۇر ، بۇ يۈز كۆركى كۆز .

# ئون بىرىنچى باب

## تىل بايلىقىدىن توغرا پايدىلىنىش توغرىسىدا

بالام ، ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى بولىدۇ . تىلنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ مەنىسىدە ، مەنىسىز تىلنى بىر چاڭگال لاي بىلىش كېرەك . ئەمما ، ھەرقانداق ئەزىز نەرسىلەرمۇ زۆرۈرىيەتسىز چاغدا ئىشلىتىلسە ، قەدىر - قىممەتكە ئېرىشەلمەيدۇ . تىل سېنى ئەرمۇ قىلىدۇ ، يەرمۇ قىلىدۇ . ئورۇنسىز يەردە گەپدانلىق قىلىشتىن ، ھەرقانداق سورۇندا كۆپ سۆزلەشتىن ھەزەر ئەيلە . كۆپ سۆزلىمە . ئادەم كۆپ سۆزلەش بىلەن ئالىم بولمايدۇ ، كۆپ ئاڭلاش بىلەن بىلىم سەردارى بولىدۇ .

1015 كۆپ سۆز بىلەن بولماس ئالىم كىشى ،
كۆپ ئاڭلاپ بولۇر ئۇ ئالىم تۆر بېشى .

ئىككى ئىش ئەقىلسىز جۈملىسىگە كىرىدۇ : بىرى ، زۆرۈر چاغدا سۆزلىمەسلىك ؛ يەنە بىرى ، ئورۇنسىز چاغدا كۆپ سۆزلەپ چېكىدىن ئېشىپ كېتىش . قىسقا ، ئورۇنلۇق سۆز ئەيىبنى ياپىدۇ ، ئۇزۇن سۆز نادانلىقىڭغا شاھىد بولىدۇ . ئورۇنسىز چاغدا قىلىنغان سۆز ھەرقانچە قىممەتلىك ۋە پاساھەتلىك بولسىمۇ ،

باشقىلارغا تېتىمايدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە بىئاراملىق جاپاسىنى سالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپ گەپ قىلغان كىشىدە ئەيىب ھەم كۆپ كۆرۈلىدۇ: ئالدى بىلەن دېيىلمەيدىغان سۆزلەرنىمۇ دەپ قالىسەن؛ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرگىمۇ ئورۇن بېرىپ قالىسەن؛ يەنە بىرى، ئۆزۈڭنىڭ بەزى پىنھان سىرلىرىڭنىمۇ ئاشكارىلاپ قويىسەن. ئۆزۈڭ بىلىدىغان، ئۆزۈڭگە مۇناسىپ سۆز بولسا سۆزلىگىن. ئىمكان بار سورۇنغا قاراپ گەپ قىل. ھەرگىز ئۆزۈڭنىڭ پىكرىنى يورغىلاتما، بەلكى سورۇندا سەندىنمۇ بىلىملىك، ئەقىللىق ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن. سۆزلىرىڭ ئۇلارنى قايىل قىلالىغۇدەك، ئۇلارغا نەپ بەرگۈدەك بولسا، ئۇلارنى ھاياتنىڭ مەلۇم تەرىپى توغرىسىدىكى چۈشەنچىدىن مەنپەئەتدار قىلالىساڭ، سەنمۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرە ئالالىساڭ، بۇ سۆھبەت ئەھمىيەتلىك بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۆزۈڭلا ۋالاقشىپ باشقىلارغا پۇرسەت بەرمىسەڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار سەندىن قاچىدۇ، سېنى سۆھبەتكە قاتناشتۇرمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنداق سۆھبەتلەردىن ئالىدىغان مەنپەئەتتىنمۇ قۇرۇق قالىسەن.

بالام، مۇمكىن بولسا دانالارنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بول، نادانلارنىڭ سۆھبىتىدىن قاچ. ئالىملارنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولساڭ ئاڭلاشنى ۋەزىپە قىلغىن. ئالىملارنىڭ سۆزى بۇلاق سۈيىدەك ساپ ۋە ئارامبەخش بولۇپ، چاڭقىغان دىللارغا شىپالىق بېرىدۇ. سەن چوڭلارنىڭ گېپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئۇلاردىن مۇناسىپ سۆزلەرنى ئۆگىنىۋال.

972 بىلىملىك سۆزى يەرگە سۇدەك بولۇر،
ئېقىتسا سۇنى يەردە نېمەت ئۈنۈر.

بىلىم ئەھلىدىن ئېشتكەن مەنپەئەتلىك سۆزلەرنى بىلىمسىز كىشىگە ئېيتقىن. ئۇ ئۆزىنىڭ نادانلىقىدىن چۆچۈپ، بىلىم ئېلىشقا يۈزلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن» دېگەن گەپ بار. بىلىملىكلەرنىڭ سۆزى باھار يامغۇرىغا ئوخشاش كۆڭۈل ئېتىزلىرىنى ياشارتىدۇ. مۇراد گۈللىرىنى ئېچىلدۇرىدۇ. ئالىملارنىڭ سۆزى ساپ ۋە ئارامبەخش بولۇپ، چاڭقىغان دىللارغا شىپالىق بېرىدۇ. سەن چوڭلارنىڭ گېپىگە ھەرگىز قوشۇق سالما، ئۇلارنىڭ گېپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ مۇناسىپ بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋال. دانىشمەنلەر شۇنداق دېگەنكى، ھېچكىم ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، بىركىم سۆزلەۋاتقاندا قوشۇق سېلىپ گېپىنى بۆلۈۋېتىش ئەڭ چوڭ نادانلىق. بالام، سۆزلەشنىلا بىلىپ، باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلماسلىق ئەخلاقسىزلىق. بىلسەڭ، ئاڭلاش سۆزلەشكە قارىغاندا، ساڭا كۆپرەك نەپ، قەدىر-قىممەت بېرىدۇ، سېنى سۆزدە يېڭىلىشىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئېرىشىدىغان مەنپەئەتتىن بەھرىسىز قويمايدۇ.

بالام، بىلىدىغان نەرسىلىرىڭ بولسا كىشىلەردىن يوشۇرما. بىلمەيدىغان ئىشلار ھەققىدە گەپ بولغاندا ئېغىز ئاچما. ئۆزۈڭگە روشەن بولغان چۈشەنچىلەر ھەققىدە پىكىر قىل. سەن ئۇچۇن غۇۋا نەرسىلەر توغرىسىدا گەپ بولغاندا تىلىڭنى تارت. بالام، باشقىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇلارنىڭ تىلىغا، تىلىدا ئىپادىلىنىۋاتقان مەنىگە قاراپ باھا بەرگىن، ھەرگىز ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچىكىگە قاراپلا قارىغۇلارچە چوقۇنما ياكى مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارىما. ھېكايە قىلىنىشىچە، ئۇلۇغ ئالىم فارابى شامغا قىلغان بىر قېتىملىق سەپىرىدە سەيفۇل

دەۋلەنىڭ ئوردىسىغا[1] قەدەم تەشرىپ قىپتۇ. بۇ چاغدا ياش پادىشاھنىڭ سارىيىغا توپلانغان مۇتىۋەرلەر ھەر خىل ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلىشىۋاتقانىكەن. ئۇلار ئۈستىگە تۈركىي كىيىم كىيگەن، پۇتىغا زەرپۇل دەپ ئاتىلىدىغان ئۇچى ئۇچلۇق ئۆتۈك كىيگەن بۇ كىشىنى تونۇمايتتى. پادىشاھ بۇ ناتونۇش كىشىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندا، فارابىي پادىشاھتىن «خالىغان جايدىمۇ ياكى بەلگىلەنگەن جايدىمۇ؟» دەپ سورىغان. سەيفۇل دەۋلە خالىغان جايدا ئولتۇرۇڭ، دەپ ئىجازەت بەرگەن. فارابىي كىشىلەر ئالدىدىن ئۆتۈپ، توپتوغرا سەيفۇل دەۋلە يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرغان. سەيفۇل دەۋلەنىڭ يېنىدىكى مۇھاپىزەتچى ئەمىر ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان ئايرىم بىر تىل بىلەن سەيفۇل دەۋلەگە «بۇ شەيخ ئەدەپسىزلىك قىلدى، مەن ئۇنىڭغا بىرقانچە سوئال قويۇپ كۆرەي، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇنىڭ جازاسىنى بېرىپ، ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرايلى» دېگەن. فارابىي بۇ تىلنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، دەرھال: «ئەمىر ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ھەرقانداق ئىشقا پەقەت ئۇنىڭ ئاخىرىدىلا باھا بېرىش كېرەك» دەيدۇ. سەيفۇل دەۋلە فارابىدىن «سىز بۇ تىلنى بىلەمسىز؟» دەپ سورىغاندا، فارابىي «بىلىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سۆھبەت باشلىنىپ كېتىپتۇ. ھەر خىل ئىلمىي تېمىلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. پەقەت فارابىلا بۇ مەسىلىلەرگە روشەن ئىزاھات بېرەلەپتۇ. سورۇن ئەھلى ئۇنىڭغا قايىل بوپتۇ. دېمەك، بالام، ئادەم ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالىغاندىلا سۆھبەتكە سۆز قىستۇرۇشى،

---

[1] سەيفۇل دەۋلە — شىمالىي سۇرىيە ھۆكۈمرانى، ھەمەدان سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى، 943 ـ يىلى دەمەشقنى پايتەخت قىلغان.

تۈمەن مەنىلەرنىڭ تۈگۈنىنى بىر سۆز بىلەن يېشىش كېرەك. كۆپىنچە ئادەم ئۆزىنى ئادەتتە ۋۇجۇد قەپىسىگە سولاپ قويۇپ ياشايدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ كىملەر بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقى ۋە تىلىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ قەلب گۆھىرىنى ئېچىش مۇمكىن. كۆڭۈللەرنىڭ غىلاپقا قارىماي، پىچاققا قارا دېگىنى مانا شۇ. قاپنىڭ ئىچىدە بىگىزنى يوشۇرۇپ قالالمايسەن. قەلب ئۆيۈڭنى پاكىز تازىلاپ، سۆزلىرىڭنى گۈزەل، چىرايلىق، قىسقا، مەنىلىك قىلغىن. تىل دېگەن قەلبنىڭ مېۋىسى، بالام.

ئوغلۇم، كۆپ سۆزلەش دېگەنلىك سورالماستىن، زۆرۈرىيەتسىز چاغدا توختىماي سۆزلەۋېرىشتۇر. ئۇنداق سۆز ھەرقانچە قىممەتلىك، گۈزەل بولسىمۇ، ئېتىبارغا ئېلىنمىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە باشقىلارنى زېرىكتۈرۈپ بىزار قىلىپ قويىدۇ. كۆڭۈلگە بىئاراملىق جاپاسىنى سالىدۇ. شۇڭا، سورۇن تاللاپ، مۇۋاپىق جايدا، ئېنىق ۋە ئىخچام، مەزمۇنلۇق سۆزلە. ئەگەر تىلىڭ ئىشىكىنى كەڭرى ئېچىۋەتسەڭ، مۇنداق ئىككى زىياندىن خالىي بولالمايسەن: بىرى، كۆپ سۆز بىلەن، دېيىلمەيدىغان سىرىڭمۇ تېشىغا چىقىپ كېتىدۇ ــ دە، دۈشمەنلىرىڭ سىرىڭدىن پايدىلىنىپ سېنى ھالاك قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، يالغان ــ ياۋىداق سۆزلەرنىمۇ دەپ قالىسەن. بىلگىنكى، يالغان سۆز سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى. بۇ يۈزۈڭگە قارا سۈرتۈشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ. ئەگەر بىر كىشى لازىم تېپىپ سېنى چاقىرتقان بولسا، ئاۋۋال چاقىرغۇچى سۆز ئاچسۇن، ئاندىن سەن توغرا جاۋابىنى بەر. سورالماستا ئالدىراپ سۆز ئاچساڭ ئەدەپسىز، تۇترۇقسىز، شاللاق ئاتىلىسەن. سوراشنى ئەركەك دېسەڭ، چۈشىنىپ بەرگەن جاۋاب ئايال بولىدۇ. ئايال بىلەن ئەر قوشۇلسا ئوغۇل بىنا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ سوئال بىلەن

جاۋابتىن چىققان خاسىيەت .

978. كىشى سۆزلىمەككە سورالماق كېرەك ،
سورالمىسا سۆزنى دېمەسلىك كېرەك .

يەنە بىرى : يېرىك ، قوپال سۆزلۈك بولما . يېرىك سۆزگىمۇ يۇمشاق جاۋاب بېرىشكە ئادەتلەن . تىلىڭ توغرا سۆز ئۈچۈن تەۋرىسۇن .

مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇشنىڭ بىر شەرتى كىشىلەردىن ئۆز ئارا مۇئامىلە ، مۇناسىۋەت قىلغاندا ، ناھايىتى ئىلمىي ، سىلىق ، خۇشخۇي ، ئوچۇق - يورۇق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . ھە دېگەندە تووۋلاپ - ۋارقىراش ، كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن ئېغىزىغا ئەسكى تىللارنى ئېلىپ ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىش ، قوپاللىق ، تېرىككەكلىك ۋە قىزىل ئۆپكىلىك قىلىش مەدەنىيەتسىزلىك ، ياۋايىلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ .

بالام ، سىلىق ، ياخشى ، گۈزەل سۆزلۈك بول . تىل ياخشى ، چىرايلىق سۆزلەش ئۈچۈن ئاتا قىلىنغان . ئادەمنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەزاسى تىل بىلەن قەلب ، بۇ گۆھەرنى ئەسكى ، ناچار ، قوپال سۆزلەرنى قىلىپ بۇلغىساڭ ، گۆھەرنى نىجاسەتكە ئاتقاندەك ئىش بولمامدۇ . دانالار ، «ئاغزىغا كەلگىننى دېمەك نادانىنىڭ ئىشى ، ئالدىغا كەلگەننى يېمەك ھايۋاننىڭ ئىشى» (نەۋائىي ) دېگەن . قوپال مۇئامىلە ئوچۇق قەلبلەرنى تاقاپ قولۇپ سالىدۇ . يۇمشاق سۆز تاشنى ئېزىپ يۇمشىتىدۇ . «تىل تىغى بىلەن گۇناھسىز ئادەمگە ئازار بېرىش ساغلام قان تومۇرغا نەشتەر ئۇرۇپ نابۇت قىلغانغا ئوخشاش» (نەۋائىي ) بولسا يىرىك سۆزگىمۇ يۇمشاق جاۋاب بېرىشكە ئادەتلەنگىن . ئۇ چاغدا باشقىلار

سىنى ئەقىللىق، مەدەنىيەتلىك ھېسابلايدۇ، قارشى تەرەپنى ئەدەپسىزلىك، مەدەنىيەتسىزلىكتە ئەيىبلەيدۇ. ھەرقانداق سۆزنى قىلغاندا، مەقسەتلىك، نىشانلىق قىلىپ دەل جايىغا تەگكۈزگىن. سۆزۈڭگە ھەردائىم ھېزى بول. ئوغلۇم، ھەرقانداق سۆزۈڭ مەقسەتلىك، ئورۇنلۇق بولسۇن. ئۇ نەدىن چىقتى، نەگە بارىدۇ؟ بىلىپ، ئويلاپ ئاندىن سۆزلە. سۆزنىڭ قانچىلىكىنى دېيىش، قانچىلىكىنى دېمەسلىك، نېمىنى دېيىش، نېمىنى دېمەسلىك كېرەكلىكى ھەققىدە ئەقىل بىلەن ئويدان كېڭەشكىن. تىل ئەقىلدىن چىققىنى ياخشى.

بالام، قۇرۇق چۇقان - سۈرەن، ۋارقىراپ - جارقىراشلار بىلەن ھېچ ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، بەلكى ئىشلىرىڭنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا، ئاقىللار دېگەنكى: تاتلىق سۆزلۈك سويار دۈشمەن پوستىنىنى، قوپال سۆزلۈك دۈشمەن قىلار دوستىنىنى. قوپاللىق خۇددى قىڭغىرلىقتەك روھىي مېيىپلىكنىڭ ئالامىتى، بالام. ئۇنداق ئادەت ئىززەت- ھۆرمىتىڭنى يەرگە ئۇرىدۇ. ئەگەر ئىشەنمىسەڭ قوپال، يىرىك سۆزلۈك ئادەملەرنىڭ ساڭا قىلغان مۇئامىلىسىگە قاراپ باق ياكى قوپاللىق قىلغان ۋاقتىڭدا ئەينەككە قاراپ باققىن، مېنىڭ نەزىرىمدە قوپال، يىرىك تىللىق، چېچىلغاق ئادەم نېرۋىسىدىن يېرىم كەتكەن ئادەمدۇر.

بالام، تىلىڭنىكى قوپاللىقنىڭ يەنە بىرى ئورۇنسىز سوئالدۇر. ئورۇنسىز سوئالمۇ قوپال جاۋابقا سەۋەب بولىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەت ئەكس ساداغا ئوخشايدۇ. سەن باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلساڭ، شۇنداق جاۋابقا ئېرىشىسەن. ھېكايەتلەردە ئېيتىلىشىچە: بىر جوھۇت بىر مۇسۇلمان بىلەن سۆز تالىشىپ قاپتۇ. مۇسۇلمان دەپتۇكى: «ئەگەر بۇ نەرسەمدىن

ساختىلىق كۆرۈلسە، جوھۇت بولۇپ ئۆلەي». شۇ چاغدا جوھۇتمۇ ئاچچىق بىلەن: «ئەگەر سۆزۈم يالغان بولسا، (تەۋرات)، بىلەن قەسەمكى، سەندەك بىر مۇسۇلمان بولۇپ كېتەي». دېمەك، باشقىلارنىڭ زىتىغا تەگسەڭ، سەنمۇ ئاچچىق تىل ئاڭلايسەن. سەن باشقىلاردىن بىزار بولساڭ، باشقىلار سەندىن يۈز ھەسسە بىزار بولۇشى مۇمكىن. سەن باشقىلارنى مەنسىتمىسەڭ، باشقىلارمۇ سېنى مەنسىتمەيدۇ. ھېكايە قىلىنىشچە: بىر تۇتى قۇشنى قاغا بىلەن بىر قەپەسكە سولاپ قويغانىكەن. تۇتى قاغىنىڭ يېقىمسىز كۆرۈنۈشىدىن يىرگىنىپ شۇنداق دەپتۇ: «بۇنىڭ تەلەتى نېمىدېگەن سەت، قىياپىتى نېمىدېگەن خۇنۈك، تۇرقى نېمىدېگەن يىرگىنچلىك، قىلىقى نېمىدېگەن ئەسكى! ئەي جۇدالىق قاغىسى، كاشكى ئارىمىز ئىككى مەشرىق ئارىلىقىدەك يىراق بولۇپ قالسىچۇ!» شۇنىسى قىزىقكى، قاغىمۇ تۇتى بىلەن بىللە بولۇپ قالغىنىغا جېنىدىن بىزار بولۇپ خاپىچىلىقتا قالغان. ئۇمۇ «لاھەۋلە» ئوقۇپ، ① پەلەكنىڭ تەتۈر چۆرگىلىگەنلىكىدىن نالە قىلغان ۋە مەيۈسلۈك قولىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ مۇنداق دېگەن: «بۇ نېمىدېگەن شور پېشانىلىك، نېمىدېگەن تەلىيى كاجلىق، نېمىدېگەن تۇراقسىز كۈنلەر! مەن باشقا قاغىلار بىلەن بىللە باغنىڭ تاملىرىدا سۆلەت بىلەن يۈرگەن بولسام، ئۆزۈمنىڭ قەدىر - قىممىتىگە لايىق بىر ئىش بولماتتىمۇ؟! مەن نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم. ئۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن تەقدىر مېنى ئاشۇنداق بىر مەنمەنچى، ئەخمەق، ۋالاقتەڭكۈر نائەھلىنىڭ سۆھبىتىگە مۇپتىلا قىلىپ، مۇشۇنداق بالا - قازاغا، رەنجىگە گىرىپتار قىلدى!»

---

① لاھەۋلە — بۇ يەردە خۇدا مېنى قۇتقۇزغىن دېگەن مەنىدە.

سۆرتنىڭ بولسا تامنىڭ قېشىدا ،
ھېچ كىشى كەلمەي ، ئارقىغا يانار .
جەننەتتە بولسا گەر تۇرار جايىڭ ،
كىشى دوزاخنى قىلار ئىختىيار .

بالام ، قوپاللىقنىڭ يەنە بىرى باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ۋە لەقىمىنى ئاتاپ گەپ قىلىشتۇر . «ساقنى تاز دېسە كۆلگۈسى كېلۇر ، تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلۇر» دېگەن گەپ بار . باشقىلارنىڭ ئەزان توۋلاپ قويغان ئىسمىنى تولۇق ئاتاپ چاقىرساڭ ، يېقىنلىق ئىپادە قىلغان بولىسەن . لەقىمىنى ئاتاپ ھاقارەت قىلساڭ ، قەلبىگە داغ سالىسەن . ھەتتا دۈشمىنىڭ بولسىمۇ توغرا سۆز قىل ، قوپال ، يىرىك سۆز قىلما . قوپاللىقنىڭ ئاجىزلىقىڭنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ . كونىلارنىڭ بىر ئەقىدىسى باركى ، «يۇمشاق قۇرت قاتتىق ياغاچنى يەيدۇ» . ھەرقانچە ئۇرۇش - تالاش قىلىپ قالساڭمۇ ، تىل - ھاقارەت ئىشلەتمە . كىشىنىڭ ئەيىبىنى دېمە . بۇ سېنى زەئىپ - بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ . ئوغلۇم ، ئەگەر تىلنىڭ جايىدا سۆز قىلىشنى بىلسەڭ كۆپ مەنپەئەت كۆرىسەن . بۇزرۇكلار تىل ھەققىدە مۇنداق دېگەن : «تىل ئىشىكتە ياتقان ئارسلاندۇركى ، ئېھتىيات ئىشىكىڭنى مەھكەم ئەتمىسەڭ ، بېشىڭنى يەيدۇ . شۇ قىزىل تىل دىققەت قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك كۆپ باشلارنى يېدى . ئاۋايلىمىساڭ يەنە باشلارنى چاينىماي يېيىشكە قابىل . بېشىڭنى قىزىل تىلىڭنىڭ يېمىي قىلماي دېسەڭ ، سۆزۈڭنى كۆزەتكىن . ئالىم بولساڭ ، ئۆز تىلىڭغا ھاكىم بول . سۆز ئېيتىلماستا ساڭا قول ، ئېغىزدىن چىققاندىن كېيىن سېنى قۇل قىلىدۇ . سۆزنى

قىلغاندا ئالدىرىماي، توختىتۋېلىپ قىلغان تۈزۈك. ئالدىراپ قىلغان سۆزنى قايتۇرۇۋالماق ئاتقان ئوقنى قايتۇرۇۋالماقتا ئوخشاش مۇشكۇل. شۇڭا، كىرەكلىك سۆزنى يوشۇرماسلىق، ئەھمىيەتسىز سۆز بولسا ئېغىزدىن چىقارماسلىق لازىمدۇر. قىزىل تىل بىر دەريادۇركى، ئۇنى جايى ـ جايىغا ئاچسا، گۈزەل بوستانلاردىكى بۇلاق سۇلىرىدەك كۆڭۈلگە ئىچىغا راھەت بەخش ئېتىدۇ. ئۇنى بىراقلا قويۇۋەتسەڭ، ئۇ سەل بولۇپ، روزىغارىڭنى توپان بالاسىغا تاشلايدۇ. ئۆمرۈڭنى ئىزتىراپ پالتىسى بىلەن قىسقارتىدۇ.

964 قىزىل تىل قىلۇر قىسقا ياشلىق سېنى، تىلىمسەڭ ئىسكەنلىكنى، چىڭ تۇت ئۇنى.

بالام، ھەرقانداق سۆزنى دېگەندە ئېھتىيات بىلەن سۆزلىگىن. «ئېغىزدىن چىققان سۆز ئورنىدىن چاچرىغان كۆز» دېگەن گەپ بار. سۆز دېگەن ئاتقان ئوققا ئوخشاش قايتۇرۇۋېلىش مۇشكۇل. «زۇۋانغا كەلدى زىيانغا كەلدى» دېگەن مەسەل بار. ئورۇنلۇق سۆز نۇرغۇن گىرەلەرنى ئېچىۋېتىدۇ، ئورۇنسىز سۆز قىلغۇچى ئېغىر زەنجىرگە باغلىنىدۇ. ئاڭلىغانمىدىڭ؟ بەدەنگە جان كىرگۈزىدىغان سۆزمۇ بار، ئېيتقۇچىنىڭ بېشىنى شامالغا سورۇۋېدىغان سۆزمۇ بار. ھېكايە قىلىشتۇرلەركى: بىر پادىشاھ چۈشىدە ئوتتۇز ئىككى تال چىشى پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ كېتىپ چۈشەپ قاپتۇ، بۇ چۈشىنى مۇنەججىم ـ تەبىرچىلەرگە ئۆرۈتكەنىكەن، بىر مۇنەججىم ناھايىتى قوپاللىق بىلەن: «ئائىلىلىرى، پۈتۈن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى سىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدىكەن» دەپ تەبىر بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن

شاھ بۇ مۇنەججىمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇ ؛ يەنە بىر مۇنەججىم بۇ چۈشكە مۇنداق تەبىر بېرىپتۇ : «ئالىيلىرى ، سىلى پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەنلا» . بۇ تەبىر شاھقا ماقۇل كەپتۇ ۋە نۇرغۇن مۇكاپات بېرىپتۇ .

كۆردۈڭمۇ ؟ ھەر ئىككى تەبىرنىڭ خۇلاسىسى ئەمەلىيەتتە ئوخشاش لېكىن ، گەپنى ئورۇنلۇق قىلالماي ، قوپال تىل ئىشلەتكىنى ئۈچۈن بىرى بېشىنى بەردى ، يەنە بىرى ئەقىل بىلەن گەپكە ماھارەت لىباسىنى كىيدۈرگەنلىكى ئۈچۈن مۇكاپاتقا ئېرىشتى .

بالام ، يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلغىنكى ، سۆزلىگەندە ھايا بىلەن سۆزلىگىن . ئادەمگە ھاياسىزلىق بەك ئەيىبتۇر . دېدىم دەپ ھەممە گەپنى ئوچۇق دېيىشكە بولمايدۇ ھەم ھەممە ئەزانى تىلغا ئېلىۋېرىش تېخىمۇ يارىمايدۇ . قىز - ئوغۇللار ئارىسىدا دەيدىغان گەپمۇ ، دېمەيدىغان گەپمۇ بولىدۇ . چوڭلارنىڭ ئارىسىدا دەيدىغان گەپمۇ ، دېمەيدىغان گەپمۇ بولىدۇ . ھەرقانداق سورۇندا ھايا بىلەن سۆزلىگۈلۈك ، ھايا بىلەن ئىنسان قاتارىدا سەن ، ھايا كۆتۈرۈلسە ھايۋان سانىلىسەن ؛ ھەتتا كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالساڭمۇ ، ئەتراپىڭغا بېقىپ ھايا بىلەن تىل يارغىن . باشقىلارنىڭ ھاياسىزلىقىدىن ئىبرەت ئالغىن . ھاياسىز ئادەم كىشىلەرگە ئەڭ سەت كۆرۈنىدۇ . ئەگەر ھاياسىزلارنىڭ سورۇنىغا كىرىپ قالغۇدەك بولساڭ ، ئۆزۈڭنى ئېلىپ قاچ ، بولمىسا كۆڭلۈڭنى غەش قىلىۋالىسەن . ھايا پەردىسى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن يەردە ئەدەپ - قائىدىگە ئورۇن قالمايدۇ . ئۇيغۇرلاردا «ھايا يوق يەردە ئىمان يوق» دېگەن گەپ بارغۇ . ھاياسىز ئادەم ئەڭ پەزىلەتسىز ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، نادان ، پەزىلەتسىز ئادەملەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالما . ئۇرۇشساڭ ھەرگىز ئۇلاردىن ھايا كۈتمە .

شۇڭا، مەھمۇد قەشقەرى بوۋىمىز شۇنداق ئاگاھلاندۇرغانكى: «ياۋاش بىلەن ئۇرۇش، يۈزسىز بىلەن ئېيتىشما؛ ياۋاش ئېغىرىڭنى كۆتۈرىدۇ، يۈزسىز بولسا سېنى شەرمەندە قىلىدۇ.»[1]

ئەي ئوغۇل، ھەزىل - چاقچاق بار يەردە ھايا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «چاقچاقنىڭ ئاخىرى جاقجاق» دېگەن گەپ بار. بالام، ھەرقانداق ھەزىل - چاقچاق يوللۇق، ئوتتۇراھال بولغىنى ياخشى. قوپال، يىرىك، ئەپسانە چاقچاق ئادەمنى ھاڭغا سۆرەيدۇ. ئەگەر ئويۇنغا چاقچاق قىلماق بولساڭ، گۈزەل، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئارام بېرىدىغان، دىلنى يېشىدىغان چاقچاقلارنى قىل، قىزىق لەتىپىلەرنى سۆزلە، ھەرگىز ئەپسانە، قوپال، ھاياسىز لەتىپىلەرنى سۆزلەپ كىشىلەرنى كۈلدۈرىمەن دېمە. پەقەت چىرايلىق گەپلەر بىلەن باشقىلارنى ئۆزىگە تارتىشقا قۇربى يەتمىگەن كىشىلا ئاشۇنداق ھاياسىز چاقچاق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھاياسىز چاقچاق قىلىدىغان ئادەم يۈزسىز بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنداق ئادەملەردىن ئۆزۈڭنى تارتمىقىڭ لازىم. ئەگەر قۇربىتىڭ يەتسە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىپ ئۇۋلىيالىغۇدەك گۈزەل چاقچاقلارنى قىل. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەزى چاغلاردا ساھابىلەرگە ھەق سۆزلەر بىلەن چاقچاق قىلاتتى ۋە لەتىپە سۆزلەيتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆيىدە بىر قېرى خوتۇن بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ قېرى خوتۇن: «يا رەسۇلۇللا، ماڭا شاپائەت قىلسىلا، ئاللاتائالا مېنى جەننەتكە كىرگۈزسۇن» دېدى. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرى خوتۇنلار

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 296 - بەت.

جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېدى. بىچارە قېرى يىغلاپ تاشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەي موماي، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، مېنىڭ سۆزۈم ھەق سۆزدۇر، يالغان ئەمەس. قىيامەت كۈنى بارلىق خەق مەيلى ياش، مەيلى قېرى بولسۇن، گۆردىن تىرىلىپ قوپقاندا ھەممىسى ياشلىق، يىگىتلىك ھالىتىدە قوپار، تەڭرى بەندىلىرىنى جەننەتكە كىرگۈزگەندە ياش، يىگىتلىك ھالىتىدە كىرگۈزەر» دېدى.

ئوغلۇم، لەتىپە چاقچاق قىلساڭ، چاقچاقنى چۈشىنەلەيدىغان، چاقچىقىڭغا يولىدا چاقچاق قايتۇرالايدىغان كىشىلەر بىلەن قىل. چۈنكى، چاقچاق دېگەنمۇ ئەقىل - پاراسەت بىلەن بولىدۇ. نادان ئادەملەر چاقچاقنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلمەيدۇ ھەم چۈشەنمەي ساڭا تىل سالىدۇ. چاقچاق قىلغاندا باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى شىپىي كەلتۈرۈپ قىلما، بۇ چاقچاق ئەمەس، باشقىلارغا قىلغان ھاقارەت بولىدۇ. بالام، ساق ئادەمنىڭ مەست بىلەن چاقچاقلىشىشى تولىمۇ كۈلكىلىك ھال. ئاقىل بولساڭ ھەرگىز مەست ئادەم بىلەن گەپ تالاشما ھەم چاقچاقلاشما.

ئوغلۇم، ئانا تىلىڭنى قەدىرلىگەيسەن، بۇ سەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم تەلەپ. ئانا تىلىڭغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئىش قىلما. ئانا تىلىڭغا ھاقارەت كەلتۈرۈشكىمۇ يول قويما.

ئوغلۇم، ئانا تىل بىر مىللەتنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى بايلىقى، ئەجدادلارنىڭ تەۋەررۈكى ۋە ئامانىتى. تىل بىر مىللەتنىڭ روھى، جېنى ھەم ئورتاق مۈلكى، تىل بىلەن تەپەككۇر قان بىلەن گۆشتەك يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ، تىل بايلىقى تەپەككۇر بايلىقى دېگەن گەپ. شۇڭا، تىلنى مىللەتنىڭ جېنى دەپ بىلمەك كېرەك. بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ

تۇرۇشى ، ئۇلار ياراتقان پارلاق مەدەنىيەتنىڭ ۋە ئۇلۇغۋار ئەنئەنىنىڭ ئىزچىل داۋاملىششى تىلدىن ئىبارەت قورالغا باغلىق . ئەگەر بىر مىللەتنىڭ تىلى يوقالسا ، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىمۇ ۋە مەدەنىيىتىمۇ يوقىلىدۇ ، شۇڭا خەلقنىڭ تىلىغا قىلىنغان ھاقارەت شۇ خەلقنىڭ قەلبىگە ۋە مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن ھاقارەت ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، ئانا تىلنى قوغداش ئۈچۈن بولغان كۈرەش ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىكنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ . ھەرگىز ئانا تىلغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئىش قىلما . ئۇيغۇر تىلى ھەرگىزمۇ دۇنيادىكى ئىلغار ، مەدەنىي تىللاردىن كەينىدە قالىدىغان تىل ئەمەس . پىفاگور شۇنداق دېگەنىكەن : «بىر مىللەتكە تەۋە بولغان ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىك نەرسىنىڭ تىل ئىكەنلىكىنى بىلگىنىڭدە ، ئاندىن ئۆزۈڭنى بىلەلەيسەن» . تىلنى يوقاتقان مىللەت — مەدەنىيىتىنىمۇ ، ئاخىر ئۆزىنىمۇ يوقىتىدۇ . بىر ئادەمنىڭ ئانا تىلغا تۇتقان پوزىتسىيىسى مىللەتكە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئالامەت . ئانا تىل شۇ مىللەتنىڭ قەلبىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان رىشتە . ئانا تىلىڭلا سېنى خەلق بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرالايدۇ . شۇڭا ، ئەلىشىر نەۋائىي بوۋاڭ : «تىلغا ئېتىبارسىز قارىغانلىقىڭ ئەلگە ئېتىبارسىز قارىغانلىقىڭدۇر» دېگەن . ئانا تىل نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرىقى ئەجدادلارنىڭ روھى ۋە تەپەككۇرىنىڭ جانلىق سىماسى بولۇپ ، ئانا تىلىڭ ئارقىلىق خەلقىڭ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالماسلىقىڭ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ھال ؟!

بالام ، ئانا تىلدا سۆزلىمەي ، باشقا تىللاردا سۆزلىشىشنى مەدەنىيلىك ھېسابلايدىغان ئادەملەرگە ئۇچرىساڭ ، جۇرئەتلىك نەسىھەت قىل . ئۇلار نەشىھىتىڭگە كىرمىسە ئۇلار بىلەن ئارىلاشما ، ئۆزىنىڭ تىلىدىن يانغان ، تانغان ئادەم ساڭا ۋاپا

قىلمايدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ ئۆز تىلىنى ئاڭلاشقىمۇ سەۋەبى ۋە سالاھىيىتى يوق، ئانا تىلغا ئاسىيلىق قىلغانلىق مىللەتكە، مىللىي مەدەنىيەتكە ۋە ئەجدادلارغا ئاسىيلىق قىلغانلىق بولىدۇ، بۇ گېپىمنى ھەرگىز ئۇنتۇما.

بالام، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ۋە بىرەر چەت ئەل تىلىنى كۆڭۈل قويۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىۋالغىن. بۇ سېنىڭ دۇنيا بىلەن، دۇنيا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىشىڭ، باشقا مىللەتلەر ۋە دۇنيا خەلقى بىلەن قەلب ئالماشتۇرۇشۇڭدا ئالتۇن كۆۋرۈك بولىدۇ. ھازىرقى دۇنيادا يالغۇز ئانا تىلىنىلا بىلىپ، باشقا بىرەر تىل بىلمىگەن ئادەمنى يېرىم ئادەم دەيمىز. قوش تىللىق ئادەمنى قوش قاناتلىق قۇش دەپ تەسەۋۋۇر قىل. باشقا تىللارنى ھەرگىز ئانا تىلىڭنىڭ ئۈستىگە قويما. چەت ئەل تىلىنى بىلەتتىم دەپ ئۆزۈڭگە تەمەننا قويۇپ، ئانا تىلىڭنى كەمسىتمە. ئانا تىلىڭنى كەمسىتكەنلىكىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭنى، مىللىتىڭنى كەمسىتكەنلىكىڭ بولىدۇ. كۆپ تىللىق بولۇش ئادەمنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بىراق، ئۆز تىلىڭدا ھېسسىياتىڭنى ئېنىق، روشەن، جانلىق بايان قىلىپ بېرەلمىسەڭ، سېنى مەدەنىيەتلىك دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا، ئانا تىلىڭنى پۇختا ئۆگەنگىن، تىلىڭنى قانچىلىك بېيىتساڭ، تەپەككۇرۇڭ شۇنچىلىك ئۆتكۈرلىشىدۇ.

بالام، بىلسەڭ ئىدى، ئۇيغۇر تىلى ئىپادىلەش كۈچىگە باي، ئەركىن، جانلىق، گۈزەل، راۋان تىل. ئۇ قەلبىڭدىكى ھەرقانداق چوڭقۇر مەنىلەرنى ئەڭ روشەن ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدۇ. ئانا تىل بىلەن يۈز سۆزنىڭ تۈگۈنىنى بىر سۆز بىلەن يەشكىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئانا تىلىڭنىڭ قەدرىگە يېتىكىن ۋە ئۇنى بېيىتىش ئۈچۈن تىرىشقىن.

سۆز خەزىنىسىدىن ياخشى سۆزمۇ، يامان سۆزمۇ،

زەھەرلىك سۆزمۇ ، شېرىن سۆزمۇ چىقىدۇ . پايدىلىق سۆز بىلەن زىيانلىق سۆزنى پەرق ئېتىپ سۆزلەشنى بىلسەڭ ، قەلب دېڭىزىڭدىن راستچىللىق ، ھەققانىيەت ، پاكلىق ۋە ئادالەت ئۈنچىلىرىنى ياغدۇرساڭ ، ئۇنىڭ پايدىسى مۆلچەرلىگۈسىز . ئەقىل بىلەن ئېيتىلغان سۆزنىڭ ھېكمىتى بىلەن ، ئەڭ تۆۋەن يەردە تۇرغان كىشى ئىززەت قولى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ ھۆرمەت تۆرىگە ئېرىشىدۇ . سۆزلەشتىمۇ نورماللىقنى ساقلىغايسەن . پەقەت سۆزلىمەسلىكمۇ بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ ئىپادىسى . گەپ قىلماس ئادەملەرنى كىشىلەر گاچا دەپ ئاتىشىدۇ . كۆپ سۆزلەشمۇ سېنى لاۋزىلاشتۇرۇپ قويىدۇ . كۆپ سۆزلەيدىغان كىشىلەرنى مەمەدانىلىق قۇسۇرى بىلەن ئەيىبلىشىدۇ . تىلىڭ سۆزلىمىسە ھەرقانچە بىلىمىڭ بولسىمۇ ، ئىچىڭدە قېلىۋېرىدۇ . تىل بولمىغان بولسا ، ئىنسانلار قانداق قىلىپ مەقسەت دىدارىنى كۆرۈپ ، ھاجەت تەلىپىنى قاندۇرالايتتى ؟ ئالىملارمۇ تىلى ئارقىلىقلا مۆجىزاتلارنى يارىتالايدۇ ئەمەسمۇ ! تىل پەقەت دۇرۇس سۆزلەش ئۈچۈن يارىتىلغان ، ئۇنى زەھەرلىك قورالغا ئايلاندۇرۇۋالما . تۇغۇلغان ئادەم ئۆلىدۇ . بىلگىنىكى ، سۆز يادىكار قالىدۇ . ئىنسانغا بەخت يارىتىدىغان سۆزۈڭ بولسا ، سۆزلەپ يادىكار قالدۇر ، مەڭگۈ ئۆلمەس بولۇپ قالىسەن .

× × ×

ئەي قەلبىنى مەنىلەر خەزىنىسى ، ھاياتىنى سائادەت ئىزناسى قىلغان شەپقەتلىك بوۋا ، تىل ھەققىدىكى دانا پىكىرلىرىڭىز قەلبىمىزگە نەقىش بولۇپ چېكىلدى . ئېيتقىنىڭىزدەك ، تىل بىزگە ياخشى سۆزلەش ، مەنىلىك سۆزلەش ئۈچۈن يارىتىلغانىكەن . ئەپسۇسكى ، بەزى زاماندىشلىرىمىز تىلنى باشقىلارغا ھاقارەت قىلىش ، تۆھمەت چاپلاش ، پىتنە - پاسات تارقىتىش ، ئالدامچىلىق ، ياسالمىلىق ، يالغانچىلىق ، كاززاپلىق

قىلىشقا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنىڭ ۋاسىتىسى قىلىپ تىلغا داغ چۈشۈرىدۇ. بەزى ئىنسانلارنىڭ تىلى شۇنچىلىك قوپال ۋە تېتىقسىزكى، ئۇلارنى ياۋايى دۇنيانىڭ ئادەملىرىمىكىن دەپ قالىسىز. ئۇلاردا ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئادەمگەرچىلىك دېگەننىڭ سايىسىنىمۇ چېلىقتۇرۇش تەس، ھەتتا قىلچىلىك مەنپەئەت ئۈچۈن شۇنچىلىك رەزىل تىل بىلەن بىر-بىرىنىڭ يۈرىكىگە تىغ ئۇرۇشىدۇكى، قاراپ تۇرغان ئادەمنىڭمۇ تېنى جۇغۇلدايدۇ.

مەنمۇ ئويلاپ قالىمەن بوۋا، ئىنساننىڭ كۆڭلى بەك نازۇك. كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن ئاغرىغان كۆڭۈلنى مىڭ تىللا بېرىپمۇ ئالغىلى بولمايدۇ. بىراق، بوۋا، بىز سىزگە شۇنداق ۋەدە بېرىمىزكى، قەلبىمىزنى ئىنسانىي ئەخلاق بىلەن تولدۇرۇپ، زاماندىشلىرىمىزنىڭ قەلبىگە مېھرىبانلىق، سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن جىلۋە بېرىمىز. بىر-بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى زەھەرلىك تىللار بىلەن ئازابلىمايمىز. قوپال، تۇترۇقسىز سۆزلەرنى قەلبىمىز سەيناسىدىن پاك-پاكىز تازىلىۋېتىمىز.

ئەي قەدىرلىك بوۋا، مەندەك بىر نادان ئوغلىڭىزنىڭ بىر تىلىكى بار ئىدى. يۇقىرىدا ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقى بولغان تىلنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئورۇنسىز سۆزنىڭ زىيىنى توغرىسىدا ئېيتقان تەۋەررۈك بايانلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، بۇ ھېكمەتلەرنى قەلبىم دەپتىرىگە پۈتۈۋالدىم. ئىنسانلار ئۆزى ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان تىلنى؛ مەقسەت-مۇددىئالىرىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، ھېسسىياتلىرىنى، چوڭقۇر-نازۇك تۇيغۇلىرىنى ۋە باي تەسەۋۋۇرلىرىنى ئاغزاكى ئىپادە بىلەنلا ئەمەس، يەنە ئۇنى ھەرپ شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ ئالاقە قىلىدىغان بىر ئۇلۇغ مۆجىزىنى يارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەھنىسىدە ئاجايىپ بىر سەھىپە ئاچقانىكەن. بۇ خاسىيەتلىك قورال كۆزى يوققا كۆز، ئەقىلسىزگە ئەقىل؛

بىلىمسىزگە بىلىم ئاتا قىلىپ، قەلب قاراڭغۇلۇقىنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتۇشنىڭ ھېكمەتلىك ئەڭگۈشتىرى بولدى. شۇنداق بولسىمۇ زامانداشلىرىمدىن خېلى كۆپ كىشىلەر بۇ ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولغىنى يوق. گەرچە ئۇلارنىڭ كۆزى مۆلدۈرلەپ تۇرسىمۇ قارىغۇدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئىنسانىيەت ياراتقان بىلىم بايلىقىدىن خەۋەرسىز ھالدا ئاڭسىز يۇرۇشىدۇ. ھېتتا يېزىق ئۆگىنىپ، بۇ قورالدىن پايدىلىنىپ دۇنيا بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، دۇنيادىكى يېڭى مەدەنىيەت يۈكسەكلىكىدىن ۋاقىپ بولۇپ، باشقىلار بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشمايدۇ. ئۇلار خۇددى قۇدۇق ئاستىدىكى پاقىغا ئوخشاش، دۇنيانىڭ چوڭلۇقى ۋە مەئىشىتى مۇشۇلا ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، تېخىمۇ گۈزەل دۇنيا ۋە ئۇلۇغ مەئىشەتنىڭ بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر قانداق قىلىپ گۈزەل، يېڭى دۇنيا يارىتىش شەرىپىگە ئېرىشەلىسۇن؟ بوۋا، سىز بىزگە يېزىقنىڭ خاسىيىتى ۋە رولى توغرىسىدا ئۇنتۇلماس دەرس بەرسىڭىز، بىز ھاياتىبەخش سۆزلىرىڭىزدىن ئىلھام ۋە مەدەت ئېلىپ، ۋۇجۇدىمىزدىكى ساۋاتسىزلىق دېگەننى يۇيۇش، قارىغۇلۇق جاراھىتىنى داۋالاش ئۈچۈن روھىي مەدەتكە ئىگە بولساق.

× × ×

ئوغلۇم: ئىنسانلار يېزىق ئىجاد قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ئىزلىرىنى خاتىرىلەپ قالدۇرۇشقا باشلىغانلىقىغا نەچچە مىڭ يىللار بولدى. يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بىلەن ئىنسانلار مەدەنىيەت جەھەتتە زور بىر قەدەم ئىلگىرىلەپلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدى. بىزنىڭ ئاتا-

بوۋىلىرىمىزمۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى بۇرۇنلا يېزىق ئىجاد قىلىپ ، مەدەنىيەت قولۇپىغا ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى سالغانىدى . سەن ھازىر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەلگەن بىر دەۋرىدە ياشاپ تۇرۇۋاتىسەن . ساۋاتسىزلىقتىن زارلانساڭ ، ئۆزۈڭ ئۈچۈن كۆتۈرگۈسىز نومۇس بولۇپ قالماي ، بەلكى يەنە ئۆزۈڭنىڭ ئىنساني قىممىتىڭنى خار قىلغان بولىسەن . سەن بىلەن دەۋرداش بولغان باشقا ئىنسانلار بىلەن بىر زېمىندا ياشاپ تۇرۇۋاتقان ، ئوخشاش ئىنساني كاللىغا ، ئوخشاش ئىنساني تۈزۈلۈشكە ۋە ئىنسان يەيدىغان يېمەكلىككە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق ، باشقىلار ئىگە بولغان ئىنساني ئىقتىدارغا ۋە ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە بولالمىساڭ ، ئەلۋەتتە باشقىلار ئېرىشكەن ئۇلۇغلۇققا ئىگە بولالمايسەن . باشقا ئىنسان بالىلىرى ئۆزىنى بىلىپ بولۇش بىلەنلا قالماي ، باشقا پلانېتلار دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ئالەم بوشلۇقىدا سەير قىلىپ يۈرسۇنۇ ، سەن ئۆزۈڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى ، ھاياتلىقنىڭ ، دۇنيانىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بول . بۇنداقتا سەن بىلەن يۈكسەلگەن ئىنسانلار ئارىسىدا ناھايىتى زور ئارىلىق پەيدا بولىدۇ - دە ، سەن ئۆز تەبىئىتىڭ بىلەن ئۆتمۈشكە مەنسۇپ بولىساڭ ، باشقىلار ئۆزىنىڭ يۈكسەك كامالىتى بىلەن كەلگۈسىگە مەنسۇپ بولىدۇ . بۇنداق بولغاندا ، باشقىلار ئالدىدا ئادەملىك قىممىتىڭ بولمايدۇ . مەن باشتا دېگەندەك ، ھەرقانداق قىممەت ۋە ئۇلۇغلۇق بىلىملىك ، ئەقىللىق كىشىلەرگە مەنسۇپ . ئوغلۇم ، سەن ساۋاتسىزلىق ۋە بىلىمسىزلىكتىن ئىبارەت ھاقارەت تامغىسىنى يېزىق ۋە بىلىم تىغلىرى بىلەن ئۆچۈرۈشنى خالىساڭ ، تۆۋەندىكى بايانلارغا قۇلاق سېلىپ ئىلھام ئال .

# ئون ئىككىنچى باب

## يېزىقنىڭ خاسىيىتى ۋە خەتتاتلىق سەنئىتى توغرىسىدا

ئوغلۇم، يۇقىرىدا تىل توغرىسىدىكى بايانلارنى ئاڭلىدىڭ. ئىنسانلار يېزىقنى ئىجاد قىلىپ قوللانغۇچە بولغان ناھايىتى ئۇزاق ھايات مۇساپىسىدە ئۆزلىرىنىڭ مەقسەت - مۇددىئالىرىنى، ئالاقە - ئۇچۇرلىرىنى ئاغزاكى تىل ئارقىلىق ئۇقتۇراتتى. بىراق، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئالاقىسىدە ناھايىتى كۆپ قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، كىشىلەر ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى بۇ قولايسىزلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىلغار بىر ۋاسىتىگە موھتاج بولدى. بۇنداق زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ئۇلار يېزىقنى يارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىنى غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى ۋە ئىزچىللىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى قورالغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ئالاقە پەقەت ئاغزاكى شەكىل بىلەن چەكلەنمەستىن، بەلكى يېزىقتا خاتىرىلەنگەن تىل بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. قاراپ كۆر، ئادەم ئۆز قەلبىدىكى بىلىم بايلىقىنى ھەرپ رىشتىلىرىگە مارجاندەك تىزىپ يورۇقلۇق مۇنبىرىگە چىقىرالايدۇ ۋە ئەۋلادلىرىغا مىراس قىلىپ قالدۇرالايدۇ. ئادەم ئۆز قەلبىنىڭ ئەڭ نازۇك تۇيغۇلىرىنى، بالقىغان ھېسسىيات دولقۇنلىرىنى،

قانات قاققان تەسەۋۋۇرلىرىنى يېزىق قۇرلىرىدا ئاشكارا قىلىپ ، كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالالايدۇ . بۇنداق ئۇنۇمنى يېزىقسىز قولغا كەلتۈرۈش تولىمۇ مۈشكۈل . ئىپادە قىلىنغان تەقدىردىمۇ ، بۈگۈن ئېيتىلغان سۆزۈڭ ئەتە ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ . قىممىتى يېزىقتا قالدۇرۇلغاندەك زور بولمايدۇ ، ھايات قەدىمىكىمۇ يېزىق مەدەنىيىتى دەۋرىدىكىدەك تېز بولمايدۇ . يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بىلىش ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي قىممىتىنى مەڭگۈ ئىنسانىيەت بىلەن بىرگە ساقلاپ قالالايدۇ . سەن ئۆزۈڭنىڭ تارىخىنىمۇ ، ئەدەبىياتىڭنىمۇ ، مەدەنىيىتىڭنىمۇ مانا شۇ يېزىق خەزىنىسىدىن تاپالايسەن . ئەگەر پۈتۈكچىلەر ، ئالىملار ، تارىخچىلار خاسىيەتلىك قەلىمى بىلەن پۈتۈپ قويمىغان بولسا ، ئەجدادلىرىڭ باسقان شانلىق مۇساپىلەرنى ، يارىتقان ئىلىم ـ ھېكمەتلەرنى ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قانداق بىلەلەيتتىڭ ؟ شۇنى بىلگىنكى ، ئىنسانلاردا يېزىق ئىجاد قىلىنمىغان ، تارىخىي پاكىتلار يېزىق بىلەن خاتىرىلەپ قالدۇرۇلمىغان بولسا ، ئاغزاكى ئېيتىپ كەلگەن سۆزلەرگە ھېچكىممۇ ئىشەنمىگەن بولاتتى .

2700 يازۇ بولمىسا ئەردى ئىنسان ئارا ،

دېيىلگەن سۆزگە كىم پۈتەتتى ، قارا !

ئوغلۇم ، يېزىقنى بىلىشىڭ پەقەت ئۆتمۈشنى بىلىشىڭ ئۈچۈن ئەمەس بولۇپ قالماي ، بەلكى دەۋرنى بىلىشىڭ ئۈچۈنمۇ خاسىيەتلىك جاھاننامە . ھەرقانداق دۆلەتتە يۇقىرىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرى يېزىق بىلەن تارقىلىدۇ ، دۆلەت باشقۇرغۇچى خانلارمۇ يېزىقتىن پايدىلىنىپ ئەل ئىشىنى تىزگىنلەيدۇ .

يېزىقسىز ئەلنىڭ ئىشلىرى ئىلگىرى باسمايدۇ. باشقا ئەللەر بىلەن بولغان تۈرلۈك ئالاقە ئىشلىرىمۇ — مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، سودا - سېتىق، سىياسىي مۇناسىۋەت قاتارلىقلارمۇ يېزىقنى ۋاستە قىلىدۇ.

2701 كىشى ئەلدىن ئەلگە ئەۋەتۇر خەۋەر،
يازۇ بولمىسا سۆز نىچۈك سۆزلىنەر.

جاھان بىنا بولغاندىن تارتىپ ئەل - يۇرتنى باشقۇرۇش، تۈزەشنىڭ مۇھىم قورالى ئىككى بولۇپ كەلدى: بىرى ئەلەم، يەنە بىرى قەلەم. ئەل بېگى ئەلەمگە تايىنىپ دۆلەت ئالالايدۇ ۋە دۆلەتنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرالايدۇ؛ قەلەم مەملىكەتنى تۈزەپ، تەرتىپكە سېلىپ، مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈم ئورنىتىپ ئەلنى بېيىتىشنىڭ ئەڭگۈشتىرى بولىدۇ. بۇ ئىككىسىدىن ئايرىلغان مەملىكەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

ئوغلۇم، گەپنى ئېيتماقلىق ۋە ئاڭلىماقلىق بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئاڭلىغاننى ئىشلىتىش، تەجرىبە - ساۋاقتىن ئىبرەت ئېلىش كېرەك. شۇنى چۈشەنگىنكى، يېزىقنى تونۇش ۋە ئوقۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنىڭ ھاجەتلىرىڭ ئۈچۈن تولۇق پايدىلىنىشتا ئەقىل ۋە بىلىم بولمىسا بولمايدۇ. بىلىمسىز، ئەقىلسىز ئادەم ئۈچۈن يېزىقنىڭ ھېچقانداق رولى بولمايدۇ. چۈنكى، خەت بىلەن ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارنىڭ ئىچكى مەنىلىرىنى ئىلىم - پاراسەتكە تايىنىپ چۈشەنمىسە، ئۇ ئەگرى - بۈگرى سىزىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۆزۈڭ بىلىمسىز تۇرۇپ پۈتۈكچىلىك بىلەن شۇغۇللانساڭمۇ قەغەز يۈزىگە قارا سىياھتىن باشقا نەرسە تامىمايدۇ. كىشىدىكى ئىلىم - پاراسەت بىلەن خەتتىكى بالاغەت بىر قاتاردا تۇرىدۇ.

ئۆزۈڭ بىلىملىك بولۇپ ئەقىلىڭ توشقان بولسىمۇ ، خېتىڭ بالاغەت مەرتىۋىسىگە يەتمىسە ، تۇرلۇك يېڭىلىنىشلاردىن خالىي بولالمايسەن . خېتىڭدىكى گۈزەللىك ۋە يېتۈكلۈك تىلىڭنىڭ مەقسەت دىدارىنى كۆڭۈل ئەينىكىگە روشەن چۈشۈرىدۇ - دە ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرەلەيسەن .

2694 خېتى ئۈز يېزىلسا ، كۆڭۈل ئېچىلۇر ،
ئوقۇغانچە ئاندىن كۆڭۈل ئاۋۇتۇر .

ئەي ئوغۇل ، ساۋاتسىزلىق قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلۇپ ، ساۋات گۈلىستانىغا كىرىپ ، هايات مەنىسىنى تاپقايسەن . چەتتاتلىقتا گۈزەل ، يېقىملىق ئۇسلۇب يارىتىپ ، كىشىلەر قەلبىگە سەنئەت زوقىنى ئاتا قىلغايسەن .

× × ×

ئەي يېزىق كامالىتىدىن زەر تۆكۈپ ، ئاق قەغەزنى هېكمەت دۇرلىرى بىلەن زىننەتلىگەن سەنئەتسۆيەر بوۋا ، يېزىقنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن غايەت زور پايدىسى بىلەن ساۋاتسىزلىقنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرىدىغان هاقارىتىنى كۈندەك روشەن پاكىتلار بىلەن يورۇتۇپ ، بىزگە ساۋاتسىزلىق بالاسى كەلتۈرگەن ئاچچىق زىيانلارنى ئەسلەتتىڭىز . راست ، چەمئىيىتىمىزدىمۇ مىڭلىغان كىشىلەر يەنىلا ساۋاتسىزلىق چۆلىدە تېنەپ - تەمتىرەپ ، نادانلىق مۇئەككىلىگە ئەسىر بولۇپ ، هاياتلىق دۇنياسىنىڭ سائادەت چىمەنىدىن بەهرىسىز ، گۈزەل ئىستىقبالىدىن خەۋەرسىز ياشاۋاتىدۇ . كۆرمىدىڭىزمۇ ؟ سىز بىز ئۈچۈن هايات دەستۇرى قىلىپ تەقدىم ئەتكەن قىممەتلىك مىراسىڭىزدىن زاماننداشلىرىمىزنىڭ بىرمۇنچىسى خەۋەرسىز ، ئۇلار

ئۇچۇن بۇ نۇرانە كىتابىڭىز قارىسى سىياھ، ئىقى قەغەز، ھەتتا ئازراق خەت تونۇغانلىرىمۇ بىلىمسىزلىك بالاسىدىن ئەسىرىڭىزنىڭ ئىچكى مەنىلىرىنى چۈشىنىپ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. سىز كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭىزدىن ئۇلۇغۋار ئۈمىدلەرنى، تەگداشسىز ئۇتۇقلارنى كۈتۈپ، نادان، بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، گۈزەل ئىستىقباللىق ھايات مەنزىلىگە باشلىسۇن دېگەن ئۈمىدتە بۇ ئەسەرنى يازغان ھەمدە:

350 كىتاب ئاتى قويدۇم قۇتادغۇبىلىك،

قۇتاتسۇن ئوقۇچىغا تۇتسۇن ئىلىنگ.

دېگەن تىلەكلىرىڭىزنى ئىشەنچ بىلەن قۇرلارغا تىزغانىدىڭىز. بىز سىزنىڭ بۇ ئالىيجاناب ئۈمىدلىرىڭىزنى ئاڭلىغان چېغىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ غاپىللىقتىن تارتقان زىيانلىرىمىز، ساۋاتسىزلىق بىخۇتلۇقىدا قولدىن بېرىپ قويغان ھايات مەنىلىرىمىزنى ئەسلەپ، كۆڭلىمىز ئاچچىق ئەلەمدىن ئۆرتەندى، يۈزلىرىمىز ئىزادىن قىزاردى، بېشىمىز خىجىللىقتا يەرگە چۈشتى. بىزنى كەچۈرۈڭ. بىز يەنىلا ئىنسانلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقتىن ئىبارەت جاھالەتكە مەھكۇم قىلغۇچى جەددالنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلىشنى خالىمايمىز. شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، خەلقىمىز ئىرادە ۋە جۈرئەت دۇلدۇلىغا مىنىپ، ئۈمىد گۈلىستانىغا يېتەلەيدۇ.

× × ×

ئەي ئۇستازلارنىڭ ئۇستازى بوۋا، بىزنى ساۋاتسىزلىق قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ساۋاتلىق بولۇشنىڭ مەنىۋى ئالتۇن قەلىمىگە ئېرىشتۈردىڭىز. ئەمدىكى تىلىكىمىز، ھازىر

بىز مەكتەپنى «مەرىپەت باغچىسى» دەپ ئاتايمىز . ئوقۇتقۇچىنى مەرىپەت بىغىدىكى باغۋەن دەپ قارايمىز . ئۇلار بىزنىڭ قەلبىمىزدىن ئىبارەت ئاق قەغەزگە ئىلىمدىن ئىبارەت ھېكمەت نەقىشلىرىنى چېكىپ ، قەلبىمىزنى مەنىلەر خەزىنىسىگە ئايلاندۇردۇ .

ئەي مۇتەپەككۇر بوۋا ، ئەۋلادلارنى ساۋاتسىزلىق ، نادانلىق قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، مەرىپەت يورۇقلۇقىغا ئېلىپ چىقىش ، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ ياشاش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، ئۇلارنى ئادەمدەك ياشاش ، ھاياتنىڭ ئۇلۇغ نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلاش ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈستىگە تىرەلگەن ، ۋىجدانىغا ھاۋالە قىلىنغان مۇقەددەس ئىش ئىكەن . سىز ماڭا ئوقۇتقۇچىنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك بۇرچى ۋە مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىرلىرىڭىزنى بايان قىلىپ بەرسىڭىز ئىكەن .

ئوغلۇم ، توغرا ئېيتتىڭ ، مىللەتنىڭ ئۈمىدى ۋە كېلەچىكى مۇئەللىملەرنىڭ قولىدا ، ئۇستاز يارامسىز بولسا ئەۋلادلار يارامسىز بولىدۇ . بۇ توغرىدا چۈشەنچىگە ئىگە بولماقنى ئىزدىسەڭ تۆۋەندىكى بابقا نەزىرىڭنى ئاغدۇرغايسەن .

# ئون ئۈچىنچى باب

## ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرى ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى توغرىسىدا

بالام ، سەن ئوقۇتقۇچى بولدۇڭ . ئوقۇتقۇچى دېگەن «مىللەتنىڭ ، ئەۋلادلارنىڭ ئۇستازى» . «ئۇستاز» دېگەن بۇ شەۋكەتلىك نامنى هالال ئەجرىڭ بىلەن ئاقلاشقا تىرىشقايسەن . ئوقۇتقۇچىلىق مەسئۇلىيىتى ئەڭ ئېغىر خىزمەت ، چۈنكى سەن ياكى يېڭى بىر ئۇلۇغ ئىنسانني يارىتىسەن ، ياكى ئەۋلادلارنى نابۇت قىلىسەن . ئېسىڭدە بولسۇنكى ، ئوقۇتقۇچىنىڭ هەربىر سۆزى ۋە هەربىر هەرىكىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئىز قالدۇرىدۇ ، سەندىن نەمۇنە قالغان ياخشى بىر سۆز جەمئىيەتنىڭ هەرقايسى قاتلىمىدا يادلىنىدۇ . ئەگەر سەن سۆزۈڭ ياكى هەرىكىتىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەسىر بەرگەن بولساڭ ، ئۇ مەڭگۈ يۇغىلى بولمايدىغان داغقا ، ساقايتقىلى بولمايدىغان جاراھەتكە ئايلىنىپ قالىدىكەن . بالام ، ئەقلىڭ بولسا مۇنبەردە ئۆتكەن هەربىر سائەتنى پۇرسەت ۋە ئامەت دەپ بىلگىن ، خەلق ۋە مېھرىبان ئاتا - ئانىلار سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنى ساڭا ئىشىنىپ تاپشۇردى ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى تولۇق ئاقلاشقا تىرىشقىن ، بۇ مەسۇمە بالىلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى مەلۇم جەھەتتە سېنىڭ قولۇڭدا . ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى ئاخىرقى هېسابتا ئۇلارنىڭ قانداق تەربىيىلىنىشىگە باغلىق ، ئۇلارنىڭ قانداق

خاراكتېردىكى ئادەم بولۇشىمۇ ئۇلارنىڭ قانداق خاراكتېردە تەربىيىلەنگەنلىكىگە باغلىق .

ياخشى تەلىم - تەربىيىگە ئىگە بولالىسىلا ئادەم دېگەن ئاجايىپ بۈيۈك مۆجىزىگە ئايلىنىدىكەن . ئەگەر ياخشى تەلىم - تەربىيىدىن مەھرۇم بولسا قاپقارا ئاپەتكە ئايلىنىدىكەن ، نادانلىق دېگەن قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئوخشايدىكەن بالام . سەن ئالدىڭدا ساڭا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ قەلبىنى چۈشەنگىن . ئۇلارنىڭ چاڭقىغان ، تەلەپچان روھىغا ئىلىم - پەندىن سۇنماس قانات بەرگىن . ئۇلارغا ئىشەنچتىن يىقىلماس پىرامىدا ئاتا قىلغىن ، ئۇلارغا ئىشەنچ بەرگەن چېغىڭدىلا ئۇلار ئاندىن سەندىن ھالقىپ كېتەلەيدۇ ، تەرەققىيات دېگەن مانا شۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ . بالىلار ساڭا ، ئۆگەنگەن ئىلىم - پەن بىلىملىرىگە ، ئۆزىگە ئىشەنسۇن . ئۇلار كەلگۈسىمىزنىڭ تۈۋرۈكىگە ۋە يارامىلىق ئىزباسارلىرىغا ئايلانسۇن . پەرزەنتلىرىمىز زېرەك ، ئەقىللىق ، جاسارەتلىك . كەم نەرسە شۇكى ، ئۇلار كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيىلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئەقىل بۇلىقى ياخشى ئېچىلمايۋاتىدۇ ، ئادىمىيلىك بۈيۈك ئىقتىدارى تولۇق جارى بولمايۋاتىدۇ . بىلسەڭ ئادەم ئاجايىپ بۈيۈك مۆجىزە ، ئۇنىڭدا تەڭداشسىز يوشۇرۇن سېھرىي كۈچ مۇجەسسەم . ئوقۇتقۇچى دېگەننىڭ ۋەزىپىسى مانا شۇ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ، ئەقىل بۇلىقىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ئۈچۈن ئاساس سېلىش . بۇ ۋەزىپە ھەرگىزمۇ شەكىللىۋازلىق ، ئۆلۈك ، قاتمال ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ئورۇندىلىدىغان ئىش ئەمەس بالام ، ئوقۇتقۇچى دېگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرىشى ، ئۇلارغا تۇرمۇشنى ، ھاياتنى ھەر تەرەپتىن چۈشىنىش ئىمكانىيىتىنى بېرىشى ، ئۇلارنىڭ ياشاش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك . دەرسلىكتىكى ھەربىر مەسىلە پەقەت

ھاياتتىكى بىرەر تامچە ، ئوقۇتۇشتىكى مەقسەت دەرسلىكتىكى نەرسىنى ئۆلۈكلا قويۇپ قويۇش ئەمەس ، بەلكى شۇ تامچە ئارقىلىق بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ھايات دېڭىزىغا باشلاپ كىرىش ، ئۇنى ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىشنىڭ پەقەت بىر يىپ ئۇچى قىلىش كېرەك . چۈنكى ، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا فورما بولۇپ قالغان قاتمال پرىنسىپلار، رامكا بولۇپ قالغان كونا نەزەرىيىلەرنى قارىغۇلارچە يادلاتسا ، ئۇنى تەكرار ـ تەكرار دېگۈزۈپ ، كىتابنى ئىبارىلەر چېگرىسىغا بەند قىلىپ قويسا بولمايدۇ ، بەلكى ئۇلارنى يېڭىلىق يارىتىشقا ، پىكىر قىلىشقا ، قانائەتسىزلىككە ئۆگىتىش كېرەك . چۈنكى ، ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىمۇ ئۇنىڭ پىكىر قىلىشىدىن ، ھەرگىزمۇ تۇتى قۇشتەك نېمىنى ئۆگەتسە شۇنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاۋېرىش ئەمەس . پېداگوگىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان ۋەزىپىسىمۇ ئوقۇتۇش ئارقىلىق بىرى ياشاشنى ئۆگىتىش بولسا ، يەنە بىرى ، پىكىر قىلىشنى ئۆگىتىش ئەمەسمۇ؟ بىلىشنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان تۈپ ۋەزىپىسى — بۇ دۇنيانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ، ئۆز ھېسسىياتى ۋە چۈشەنچىسى بويىچە باھالاش ، ئۆز مەقسەت ، نىشانىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئۆزگە بويسۇندۇرۇش . ئەگەر سەن ھەممە ئوقۇغۇچىلاردىن بىرلا نەرسىنى ئەينەن ۋە بىر خىل چۈشىنىشنى ، بىرلا نەرسىنى دېيىشنى ، بىرلا نەرسىنى تەكرارلاشنى تەلەپ قىلساڭ ، ئۇنداقتا مائارىپ نېمىگە تايىنىپ تەرەققىياتنىڭ ئۇلۇغ پىشاڭى بولۇشتىن ئىبارەت قۇدرەتلىك كۈچىنى جارى قىلدۇرالايدۇ؟ «نەرسىلەرنىڭ قانداق بولۇش لازىملىقىنى بىلىش ئەقىللىي ئادەملەرگە خاس ، نەرسىلەرنىڭ ھەقىقەتەن قانداقلىقىنى بىلىش تەجرىبىلىك ئادەملەرگە خاس ، نەرسىلەرنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرغان ھالدا بىلىش بۈيۈك ئادەملەرگە خاستۇر» (دىدرو) . شۇڭا ، ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم

ئۆزى نېمە دېگەن بولسا شۇنىلا %100 دەپ بىلىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئەمەس ، بەلكى سەندىن ۋە سۆزلىرىڭدىن ئىبۋەن تاپالىغان ۋە قويۇۋاتقان پىكرى خاتا بولسىمۇ ، قارشى پىكىر قويۇشقا جۈرئەت قىلالىغان ئوقۇغۇچىدىن ئۈمىد كۈتسە بولىدۇ. ھەقىقىي شاگىرت دېگەن كونكرېت نەرسىلەر ئارقىلىق مەۋھۇم نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلىيەلەيدۇ ، شۇنداق قىلىپ ئۇ سەندىن ھالقىيالايدۇ.

بالام ، مەكتەپ بالىلارنىڭ جەننىتى بولۇشى كېرەككى ، ئۆزۈڭنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ، زالىملىقى بىلەن ئۇنى دوزاخقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشۇڭ مۇمكىن. سەن ھەقىقىي پېداگوگقا ئايلانالىساڭ بالىلار سېنىڭ ئەتراپىڭدا پەرۋانىدەك ئايلىنىدۇ. سەن شامدەك ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبىنى يورۇتسەن. زالىم بولساڭ بالىلارنىڭ قەلبىنى يارا قىلىسەن ، ۋاقتىنىمۇ ئالىسەن. شۇڭا ، سەن ھەربىر سائەتلىك دەرستە بالىلارنى يېڭى بىر ھايات يولىنى تاپقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك. ئۇلار سەندىن قېچىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلساڭ ، ئۆزۈڭنىڭ ئوقۇتقۇچىلىققا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىڭنى ئېتىراپ قىل. بالىلارنىڭ بىر سائەتلىك دەرسىگە سەل قارىساڭ ، 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ 40 سائەتلىك ۋاقتىغا خىيانەت قىلغان بولىسەن. ئۇلارغا ۋاقىتنى قەدىرلەشنى تەۋسىيە قىلىپ ، ئۆزۈڭ ئەمەل قىلمىساڭ ، بالىلار ساڭا قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟ سەن ئوقۇغۇچىلاردىن قانداق ئادەم بولۇشنى ئۈمىد قىلساڭ ، ئۆزۈڭگە ھەم شۇنداق تەلەپنى قويۇشۇڭ ۋە شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك. سەن تەلەپچان بول ، ھەرگىز زالىم بولما. ئوقۇغۇچىغا ئەركىنلىك بەرمىگەن ، ئۆز پىكرىنى يورغىلىتىپ ئوقۇغۇچىلارغا تېڭىش قىلىش ، ئۆز چۈشەنچىسىنى قويۇپ بېقىشقا پۇرسەت بەرمىگەن ئوقۇتقۇچى زالىم ئوقۇتقۇچى ھېسابلىنىدۇ. سەن

ئوقۇغۇچىلارنى ھەرگىز سەت سۆزلەر بىلەن تىللىما، ئۇرما، «دۆت، گاللۋاڭ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى ھاقارەتلىمە، بۇ ئىشلار دەل ئۆزۈڭنىڭ دۆتلۈكىنى، نابابلىقىڭنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. باللار ھەرگىز دۆت ئەمەس، شۇڭا بىلدۈرەلمەسلىكىنى ئۆزۈڭنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىن ۋە ھەقىقىي پېداگوگىكىنى ئايلىنالمىغانلىقىڭدىن كۆرسەڭ بولىدۇ. سەن ئۇلارغا دەرس سۆزلەۋاتقان چاغدا ھەرقانداق ئۇستا سەنئەتكاردىنمۇ ئارتۇق ئەركىن، ھەرىكەتچان ۋە جانلىق بول. ھېچبولمىغاندا ئۆزۈڭ ئوقۇۋاتقان دەرسىڭنىڭ روھىي ماھىيىتىنى تولۇق، ئەتراپلىق چۈشىنىپ سۆزلە. ھەرگىز ئۇلۇكلا كونسپېكتقا، كىتابىي ئىبارىلەرگە باغلىنىپ قالما. سېنىڭ بىلىدىغانلىرىڭ قانچىلىك بولسا، ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدىغان نەپمۇ، ئۇلار ئالدىدىكى ھۆرمىتىڭمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ. ئۆزۈڭ قانچىلىك كۆپ نەرسىلەرنى بىلگەن بولساڭ، شۇنچىلىك ئەركىن ۋە تەلەپچان بولالايسەن. بالام، پېداگوگىكىدا ئوقۇتۇشتىكى ئاساسىي مەسىلە نېمىنى ئوقۇتۇش ئەمەس، قانداق ئوقۇتۇش. بالام، مۇستەقىل پىكىرنى ئويغىتالمىغان، پىكىر ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىنمىغان جايدا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ پىشاڭى بولۇش رولىنى يوقىتىدۇ. سېنىڭ بىر سائەتلىك دەرسىڭنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچى سەن چىقىرىپ بەرگەن ئىككى سوئالنىڭ جاۋابىنى كىتابتىن تېپىپ جاۋاب بەرسە، ئۇلارغا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ھايات بىلىملىرىنى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانىيىتى بېرىلمىسە، ئۇ ئوقۇغۇچى قاپقا قاچىلاپ قويۇلغان ئاياغلاردىن قانداق پەرقلىنىدۇ؟ بالام، مەن ساڭا ھەممىلا نەرسىنى بىلىشىڭ كېرەك ئىدى، دېگەن تەلەپنى قويالمايمەن، ئەڭ مۇھىمى ئۆزۈڭ ئوقۇتۇۋاتقان دەرسىڭنىڭ ھەربىر مەزمۇنىنى ناھايىتى روشەن بىلىشىڭ شەرت.

بالام، ھازىر سايا مائارىپى تەكشىلىنىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىكى تۈپ مەقسەت ئەۋلادلارنى ئۆز ئەقلىي ئىقتىدارىدىن ئەڭ ئۈنۈملۈك دەرىجىدە پايدىلىنىش، ئۆزىدە تەبىئىي مەۋجۇت بولغان ئىنسانىي ئىقتىدارنى ئىمكانقەدەر تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش. بۇنىڭدىكى ئالدىنقى شەرت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. بىلىشىڭ كېرەككى، ئوقۇتۇشتىكى مەقسەت پەقەت دەرسلىك مەزمۇنىغا ئاساسەن ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزۈشلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلەيدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش. شۇڭا، سەن نېمىدېگەن بولساڭ، تۆتى قوشتەك شۇنىلا يادلاپ بەرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەس، بەلكى سېنىڭ دەرسىڭدىن ئەيىب تاپالىغان، ھەتتا نامۇۋاپىق تەرەپلىرىگە دادىل قارشى تۇرالايدىغان، خاتا بولسىمۇ ئۆزىنىڭ پىكرىنى قويۇشقا جۈرئەت قىلالىغان ئوقۇغۇچىلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگىن. ئوقۇتقۇچى دېگەن شەكىلۋازلىق قىلسا، نومۇرغىلا قارىغۇلارچە چوقۇنسا بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئەقىلنى ھۆرمەتلەشنى بىلگىن.

بالام، مائارىپنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى ئادەمنى تاكامۇللاشتۇرۇشتۇر. ئىنساننىڭ تاكامۇللۇقىنىڭ ئاچقۇچى ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش. ئادەم بارلىق مەۋجۇداتلاردىن ئەقىل مۇقەددەسلىكى بىلەنلا ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەقىل ئورگىنى «دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق گۈل» (ماركس). بۇ خاسىيەتلىك گۈلنى ئېچىلدۇرماي نابۇت قىلىۋېتىشتىنمۇ ئارتۇق مەھرۇملۇق بولمايدۇ. «ئەقىل قەيەردە بولسا، ئۇلۇغلۇق شۇ يەردە بولىدۇ». ئەقىل - ئىدراك ۋە بىلىم قەيەردە كامال تاپسا شۇ يەردە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت نۇر چاچىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئەقىللىق، باتۇر، جاسارەتلىك خەلق. ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تارىخىي ئاساسى ئىنتايىن كۈچلۈك، بالام. ئۇيغۇر مائارىپى

دۇنياغا داڭلىق نۇرغۇن ئۇلۇغ ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت مۇنبىرىدە مۇتىۋەر ئورۇن ئالغان چاغلىرى بولغانىدى. ھازىر ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن دۇنيا مەدەنىيەت سەھنىسىدە بىرەر كىشىلىك ئورۇن تۇتۇش سالاھىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالدى؟ خەلقىمىز نېمە ئۈچۈن نادانلىق قاباھىتىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمىدى؟ بۇنىڭ تۈرلۈك تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى تەربىيىلىنىشىمىز يېتەرسىز بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ئەۋلادلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئادىمىيلىك قابىلىيىتىنى جارى قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم ھالەتتە ياشىماقتا. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى ئۆمۈچۈكنىڭ ھەرىكىتىدەك ئاددىي ۋە تەكرارلىقتىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ، پۈتۈن ھاياتى ئەپلەپ - سەپلەپ قورساق تويغۇزۇش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مەھرۇملۇق بولامدۇ؟

بالام، 21 - ئەسىردە ئىنسانلار ئارىسىدىكى رىقابەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىدۇ، ئەقلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى زور دەرىجىدە كېڭىيىدۇ، مائارىپ ئىنسانلارنىڭ بۈيۈكلۈكىنى تېخىمۇ نامايان قىلىدۇ، مىللەتنىڭ كېلەچىكى، تەقدىرى، گۈللىنىشى ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىشى يەنىلا مائارىپنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىغا باغلىق بولىدۇ. 21 - ئەسىردىكى رىقابەت يەنىلا ئەقلىنىڭ رىقابىتى، ئىنسانلار ساپاسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى يەنىلا ئەقىل ساپاسىغا تىرىلىدۇ. شۇڭا، 21 - ئەسىرنى، مىللەتنىڭ كېلەچىكىنى قولدىن بەرمەسلىك، مىللەتنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز بۇرچۇڭنى ھەقىقىي ئادا قىلغىن، شۇندىلا سەن ھەقىقىي مەنىدىكى ۋەتەنپەرۋەر بولالايسەن. ئەۋلادلارغا،

ۋىجدانىڭغا ، كەسپىكە ، نەتىجىدە كېلەچەككە يۈز كېلەلەيسەن .

ئەي بوۋا ، مەن ئۆزۈمدىن ئۇيىلىۋاتىمەن ، ھەقىقەتەن مەندىن بىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ ، ياشاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ ، ھازىرقى رىقابەت دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى كۈتۈۋاتقان ئەقىللىق ، چىچەن ، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلماقتىمەن . مەن ئۆز مەسئۇلىيىتىمنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالمايۋاتقانلىقىمنى ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى ئاقلىيالمايۋاتقانلىقىمدىن ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئۆرتەنمەكتىمەن . ئوقۇغۇچىلارنى ئالداش ھەقىقەتەن كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەت ئىكەن . بۇ خىزمەتتە بىر قەدەم خاتا بېسىلسا ، مەڭگۈ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىكەن .

ئەي قەدىرلىك بوۋا ، بىزگە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا قىممەتلىك تەۋسىيەلەرنى قىلدىڭىز . بىراق ، ئادەمنىڭ مەكتەپتىكي ھاياتى بىر مەزگىللىك بولىدىكەن . بىزگە مەڭگۈلۈك ئۇستازلىق رولىنى ئوينايدىغان ئىلىم چوققىسىغا ئېلىپ چىقىدىغان يەنە بىر ۋاسىتە بولسا ، شۇنىڭدىن ئۇچۇر بەرسىڭىز ئىكەن .

ئەي ئوغلۇم ، ئوقۇتقۇچىدىن قالسا ، ساڭا مەڭگۈلۈك بىلىمنى ھاياتىڭ بىلەن كىتاب بېرىدۇ . بۇ ھەقتىكى بىلىمگە موھتاج بولساڭ ، تۆۋەندىكى بابتىن نېسىۋەڭنى ئالغىن .

# ئون تۆتىنچى باب

## كىتابنىڭ ھېكمىتى توغرىسىدا

ئەي ئوغۇل، سەن يېزىق بىلگەنىكەنسەن، ئەمدى ئۆزىڭدىن پايدىلىنىپ كىتاب دۇنياسىغا كىرگىن. كىتاب دېگەن بەك ئۇلۇغ نەرسە. ئۇ مەنىۋى نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان سېھىرلىك «ئېچىلىڭ داستىخان» دۇر. سەن كىتابنىڭ قىممىتىنى ۋە ئۇنىڭ ساڭا ئاتا قىلىدىغان ساخاۋىتىنى قانچىلىك ھېس قىلدىڭ؟ كىتابنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل بايلىقلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك مىراس قېلىشىنى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتقان، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بەرگۈچى جاھانتەما. كىتاب ئىنسانلارنىڭ بىلىش نەتىجىلىرىنى، ئەقىل جەۋھەرلىرىنى يورۇتقۇچى مەشئەل سۈپىتىدە ئۆتمۈشنى بۈگۈنگە، بۈگۈننى كېلەچەككە تۇتاشتۇرىدىغان قۇدرەتلىك كۆۋرۈك بولدى. ئەگەر قەدىمكىلەر كىتابقا پۈتۈپ قويمىغان بولسا، بىز ئىنسانىيەتنىڭ بېسىپ ئۆتكەن تارىخى ۋە مەدەنىيەت مۇساپىسىنى قانداق بىلەلەيتتۇق؟

2699 پۈتۈپ قويمىغان بولسا ئالىم ھېكىم،
بۇرۇنقىنى بىزدىن ئېيتار ئىندى كىم؟

2700 يازۇ بولمىسا ئەردى ئىنسان ئارا
دېيىلگەن سۆزگە كىم يېتەتتى، قارا!

كىتاب ئىنسانلار ھايات مۇساپىسىدە دۇچ كەلگەن قاراڭغۇلۇقلىرىنى يورۇتقۇچى چىراغ، يۇقىرى ئۆرلەش يولىدىكى شوتا، ئەقىل - پاراسىتى ئۈچۈن ئاچقۇچ، بىلىم قورۇلمىسى ئۈچۈن چەكسىز خەزىنە بولدى. بىلىشنىڭ كېرەككى، تارىختا بارلىققا كەلگەن ھەرقانداق بىر ئالىم كىتابقا تايانماي تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغان ئەمەس. چۈنكى، كىتاب ھەقىقەت دۆلىتىگە كىرىشنىڭ يول خېتى، ئۇ ھەم ئىنسانلار بىلىش نەتىجىلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تەرجىمىھالى. شۇڭا، يەرشارىدا ساقلىنىۋاتقان ھەرقانداق قىممەتلىك خەزىنە كىتاب ئارقىلىق ساقلىنىۋاتقان بىلىم خەزىنىسىدىن قىممەتلىك بولالمايدۇ. نۇرغۇن ئوردا - سارايلار ۋەيران بولدى، بىراق كىتاب خەزىنىسى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق.

ئەي ئوغۇل، سەن كىتاب ئارقىلىق دۇنيانى چۈشىنەلەيسەن، ئادەملەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن يول ئاچالايسەن، ياشاشنى ئۆگىنەلەيسەن، تەپەككۇرىڭنى چېنىقتۇرالايسەن. كىتابتىن مەھرۇم بولساڭ، تەپەككۇر قۇۋۋىتىڭ دات باغلاپ گاللىشىپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەسىلىلەرنى كۆزىتىپ، مۇلاھىزە قىلىش، شەيئىلەرگە باھا بېرىش ئىقتىدارىڭ ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا تېڭىرقاپ ئۆتىدۇ، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولىسەن، نەتىجىدە باشقىلار نېمىدېسە، «ھە شۇنداق»، «ماقۇل»دىن باشقىنى بىلمەيدىغان ياغاچ قونچاقتا ياكى تۇتى قۇشقا ئايلىنىپ قالىسەن.

ئوغلۇم، ياخشى بىر كىتاب ئوقۇساڭ، ئەڭ گۈزەل،

ياشىداق بىر شەھەرنى ساياھەت قىلغاندىنمۇ ئارتۇقراق ھۇزۇرغا چۆمىسەن ، تەپەككۇرۇڭ خۇش ناۋالىق ، ئىللىق ھاۋالىق باغقا كىرىپ قالغاندەك يايراپ كېتىدۇ . دۇنيادا ھېچقانداق بىر ساياھەتچى كىتاب سەير قىلدۇرغاندەك دۇنيانى ئەمەلىيەتتە سەير قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس . كىتاب بىزنى روھىي دۇنيانىڭ مەنزىرىسىنى ، ئەقىل خەزىنىسىدىكى جاۋاھىراتلارنى سەيلە - ساياھەت قىلدۇرىدىغان تەپەككۇر كېمىسى ، بۇ مەنىدە كىتاب تەپەككۇرىڭنىڭ ، ئەقلىڭنىڭ ئوزۇقى بالام . چۈنكى ، ئۇ سېنى بۇرۇقتۇرمىلىقتىن تاشقى دۇنياغا ئېلىپ چىقىپ ساياھەت قىلدۇرىدىغان ئۇچقۇر كېمە . ئۇ سېنى باشقىلارنىڭ قەلب دۇنياسىغا باشلاپ كىرىشكە قابىل ، قەدىمكى دۇنياغا باشلاپ بېرىپ دانالار بىلەن ئۇچراشتۇرالايدۇ ، كەلگۈسى توغرىسىدىمۇ ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارغا يېتەكلەيدۇ . كىتاب قەلبىڭنى ئالىيجاناب قەلبلەرگە تۇتاشتۇرۇپ ، ئۈمىدسىزلىك ئازگىلىدىن تارتىپ چىقىشقا قابىل . سەن ئۆزۈڭنى بۇ كەڭرى دۇنيادا بىچارە ۋە غېرىب ھېس قىلغاندا ، ئازاب كېچىكلىرىدە ئۆزگەن چاغلىرىڭدا ساغا مەنىۋى ئوزۇق ۋە ئېشەنچ ئاتا قىلىدۇ ، كەيپىياتىڭنى تۇراقلاشتۇرىدۇ ۋە ساغلاملاشتۇرىدۇ . روھىڭنى ئۇرغۇتىدۇ ، سەن ئېغىر كۈنلەرگە قالغاندا ساڭا سىرداش ، مەسلەكداش ۋە يولداش بولالايدۇ ، زېرىكىشلىك تۇرمۇشقا كىتاب ئارقىلىقلا ئەڭ ياخشى خاتىمە بېرەلەيسەن .

كىتاب سەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئۇستاز ، ئۇ ئەقىللىق ، ئىقتىدارلىق ، يىراقنى كۆرەر ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئۇلۇغلارنىڭ ئەقىل مۈلكى . كىتاب بەرگەن بىلىملەرنى ئەڭ يارامىلىق ئۇستازلارمۇ بېرىپ بولالماسلىقى مۇمكىن .

كىتابنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلىسەم ، نەچچە كىتاب يېزىپمۇ

تەرىپلەپ بېرەلمەسلىكىم مۇمكىن، بولمىسا سەن جەمئىيەتنى
كىتاب، ئوقۇش - ئۆگىنىش بولمىغان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىپ
باققىن، ئىنسانىيەت دەرھال ئىپتىدائىي دەۋرگە قايتىدۇ. سەن
كىتاب ئوقۇيدىغان، كىتابتىن ئوزۇق ئالغان ئادەملەرنىڭ
سۆزىگە، تىلىدىكى مەنىگە سەپسېلىپ باققىن، ئۇلار ئۆمرىدە
كىتاب دېگەن نەرسە بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان، كىتابتىن ئىگە
بولۇشقا تېگىشلىك نېسىۋىسىدىن قۇرۇق قالغان ئادەمنىڭ
پىكرىنى، گەپ - سۆزىنى سېلىشتۇرۇپ باققىن، بۇنىڭدىن
كىتابنىڭ ئىنسانىيەتنى مەدەنىيەتلىك ئادەمگە ئايلاندۇرغان
خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايسەن، بىرەر
ئادەمنىڭ، ھەربىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئاتموسفېراسىنى
ئۆلچەيدىغان ئۆلچەممۇ ئۇ ئادەمنىڭ قانداق كىتابلارنى
ئوقۇۋاتقانلىقى، قانچىلىك كىتاب ئوقۇغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.
ئەتراپىڭغا قارا، توپىدا ئولتۇرۇپ قارتا ئويناۋاتقان، كۈن بويى
تاشنى تاشقا سوقۇپ بىرلىيانت ئويناۋاتقان، كۈنلىرىنى قاۋاقخانىدا
ئۆتكۈزۈۋاتقان زامانداشلىرىڭدىن ئىبرەت ئالغىن. ئۇلار
كىتابتىن ئىبارەت بۇ سېھىر دۇنياسىنى سەير قىلىشنىڭ
قانچىلىك لەززەتلىك ۋە مەنىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا
ئىدى، ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋاتقان ياشلىق ھاياتى
ئۇچۇن بېشىنى تاشقا ئۇرغان بولاتتى. كىتاب دۇنياسىدا تۇرۇپ،
ساۋاتلىق تۇرۇپ كىتاب ئوقۇمايدىغان ئادەم، ئېتى تۇرۇپ
مىنمەي پىيادە قالغان يولۇچىغا ئوخشايدۇ. دېمەك، كىتاب
ئوقۇمايدىغان ئادەم خەت تونۇسىمۇ ساۋاتسىز، ئەقىل جەھەتتە
تولىمۇ بىچارە ئادەمدۇر.

ئەي ئوغۇل، كىتاب ئوڭايلا يېزىلىپ قالىدىغان نەرسە
ئەمەس، بىلسەڭ، كىتاب قەلەمدىن تۆكۈلگەن سىياھ ئەمەس،

ئۇ دانىشمەنلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆكۈلگەن قان بىلەن ئىنسانىيەتكە سوۋغات قىلغان جانىدىن پۈتىدۇ. ئۇنىڭغا قانچە ـ قانچىلىغان مۇشەققەتلىك كۈنلەر، قانچە ـ قانچە ئۇيقۇسىز تۈنلەر سەرپ قىلىنىدۇ. نۇرغۇن ئەقىل ۋە زېھنىي كۈچ سەرپ بولىدۇ. ئۇ ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ. كىتاب يازغان ئاقىللار نېمىدېگەن كەڭ قورساق، نېمىدېگەن سېخىي ۋە ئالىيجاناب ئىنسانلار ـ ھە! ئۇلار پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ توپلىغان بىلىم بايلىقلىرىنى، ئەقىل ـ پاراسىتىدىن ھاسىل بولغان چۈشەنچىلىرىنى، بىلىش نەتىجىلىرىنى، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى قەتئىي ئىككىلەنمەي جەمئىيەتكە سوۋغا قىلىدۇ، بىز ئۇنى ئوقۇپ قويۇشقىمۇ قادىر بولالمىساق تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھال ئەمەسمۇ؟

ئەي ئوغۇل، ھەربىر قەدەمنى مەقسەتسىز، نىشانسىز ئالسا مەنزىلىگە يېتىپ بارالمايدىغانلىقتا ئوخشاش، كىتابنىمۇ مەقسەتلىك، نىشانلىق ئوقۇمىساڭ، تاللاپ ياخشىسىنى، ئۆزۈڭگە لازىملىقىنى ئوقۇمىساڭ، ئۇ ساڭا كۆپ نەپ بەرمەيدۇ. كىتابنى تاللاپ كۆرۈشنى بىلىشمۇ مۇھىم بىر قابىلىيەت. يېزىلغانلىكى كىتابنىڭ ھەممىسى ياخشى، ساغلام، ساڭا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدىغان بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسىمۇ ۋە يامىنىمۇ بولىدۇ، ئىجابىي رول ئوينايدىغانلىرىمۇ ۋە سەلبىي رول ئوينايدىغانلىرىمۇ، قىممەتلىكمۇ ۋە قىممەتسىزىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەشردىن چىقىۋاتقان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولالمايسەن. ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭمۇ، ۋاقتىڭمۇ ھەرگىز بۇنىڭغا يار بەرمەيدۇ. شۇڭا، بىلىم ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىتاب ئوقۇش مۇنداق ئۈچ خىل خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ: بىرىنچى، چەكسىز كىتاب دۇنياسىنىڭ چەكلىك ۋاقىتقا بولغان خىرىسى؛ ئىككىنچى، گېئومېتىرىك

پروگرېسسىيە بويىچە كۆپىيىۋاتقان ئۇچۇرنىڭ كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا بولغان خىرىسى؛ ئۈچىنچىسى، ئۆزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان يېڭى بىلىملەرنىڭ كىشىلەرنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىغا بولغان خىرىسى. شۇڭا، ناچار كىتابلار ئۈچۈن پۇلۇڭنى بۇزما، ۋاقتىڭنىمۇ زايا قىلما، يامان كىتابلارنى ئاز ئوقۇساڭمۇ ئاز ھېسابلانمايدۇ، ياخشى كىتابلارنى ھەرقانچە كۆپ ئوقۇساڭمۇ كۆپلۈك قىلمايدۇ. يامان كىتاب شېكەر يالىتىلغان زەھەرگە ئوخشاش ئاستا - ئاستا سېنى چىرىتىپ نابۇت قىلىۋېتىدۇ؛ دۇنيا قارىشىڭنى، ئەقىدەڭنى، ۋىجدانىڭنى بۇلغايدۇ. بۇ نۇقتىنى ھەرگىز نەزەردىن ساقىت قىلمىغايسەن. سەن ساڭا پۈتۈن ئۆمۈر بويى كىتابلا ئوقۇ دېمەيمەن، قارىشىمغا ئوقۇلغان شۇ نۇرغۇن كىتاب ساڭا ھاياتىڭدا بەلگىلىك يۈكسەكلىك ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولالمىسا، ئۇ ئوقۇغان كىتابلىرىڭنىڭ ساڭا يۇقمىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. سەن ئاز ئوقۇساڭمۇ ساز كىتابلارنى ئوقۇ ھەم ئۇ كىتابلارنى پۇختا، چۈشىنىپ ئوقۇ، ياخشى كىتابلارنى بىرلا قېتىم ئوقۇش بىلەن تاشلاپ قويما. ئۇنى قايتا - قايتا ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلساڭ، ھەربىر ئوقۇغىنىڭدا يېڭى بىر تۇيغۇغا كېلىسەن، ئۇنىڭ سەن ئۈچۈن يەنە بىر يورۇق روجەك ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىسەن.

ئەي ئوغۇل، كىتاب دۇنياسىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭگە پايدىلىق كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇش جەمئىيەت ساڭا ئاتا قىلغان ئاجايىپ بۈيۈك ھوقۇق ۋە پۇرسەت. بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرگۈلۈك ۋە ئۇ مۇقەددەس ھوقۇقتىن ۋاز كەچكۈلۈك ئەمەس. بۇ سەن ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ مەھرۇملۇق ۋە بەختسىزلىك. ئۆيۈڭدە ياخشى كىتابتىن يىگىرمە كىتاب بولمىسا، ئۇ ئۆيىڭنى

مەدەنىيەتلىك ئەللەر قەبرىستانلىقتا ئۇخشىتىدۇ. شۇڭا، دانىشمەنلەر «كىتابسىز ئۆي — جانسىز تەنگە ئوخشايدۇ» دېگەن. قايسى ئائىلىدە كىتاب ئوقۇلمىسا، ئۇ مەزمۇنىدىن مۇكەممەل ئائىلە بولۇش شەرتىنى ئورۇندىمىغان ئائىلىدۇر. «كىتاب بولمىغان دۇنيا ھېچقانداق بوستانلىق بولمىغان قۇملۇققا ئوخشايدۇ، بۇنداق دۇنيادا ئىنساننىڭ گەۋدىسى بەلكىم ساقلىنىپ قالار، لېكىن ئۇنىڭ روھى ھەرگىز سۇغىرىلمايدۇ، تەربىيىلىنىشى يوق مۇھىتتا ناھايىتى تېزلا قۇرۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ»، «دۇنيادا ئەڭ بەختسىز ئادەم ئاشۇ ياخشى كىتابنى ئوقۇپ ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك روھنى قاندۇرىدىغان لەززەتتىن بەھرىمەن بولالمىغان ئادەمدۇر» (بېنت . سېرىف).

ئەي ئوغۇل، كىتاب ئوقۇش كەمبەغەللىك، بايلىقنى ئۆلچەم قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ھېچكىم بۇ تۇرمۇشتا يېمەي - ئىچمەي، كىيمەي ياشىمايدۇ. كىتاب سېتىۋالالمايدىغان قىممەت باھالىق ئالىي ماشىنا ئەمەس ۋە ياكى يۇقىرى باھالىق كاستۇم-بۇرۇلكا ئەمەس. سېن بىر ئايدا بىرەر كىتاب سېتىۋالالمىغۇدەك ئەھۋالدىمۇ ئەمەس. ئۆيۈڭدە تىزىۋالغان خرۇستال قاچىلار، ئالىي سۈپەتلىك كىيىملەر، بوينۇڭغا ئېسىۋالغان ئالتۇن جابدۇقلار ۋە ئۆيۈڭدىكى ھەشەمەتلەرنىڭ قىممىتى ۋاقتى كەلگەندە بىرەر كىتابنىڭ قىممىتىگە ئەرزىمەيدۇ، ھەربىر ئولتۇرۇشۇڭدا بۇزۇپ - چېچىۋاتقان، ئىسراپ قىلىۋاتقان، تۆكۈلۈۋاتقان ئاشۇ ئىستېمالىڭنى ئازراق تىزگىنلىسەڭ، ئۆيۈڭگە نەچچە كىتاب جازىسى توشقۇدەك كىتاب ئالالايسەنغۇ؟ نەچچە يۈز يۈەنگە ئالغان خرۇستال قاچاڭ باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىشتىن باشقا ساڭا نېمە قىممەت يارىتىپ بېرەر؟ ئۇ ئەتە - ئۆگۈن سۇنۇپ كېتىشى مۇمكىنغۇ. كىتابچۇ، ئۇ ئۆيۈڭگە شۇنچىلىك قىممەتلىك زىننەت

بولالايدۇكى، ئۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالىدۇ، سەن ئۇقۇمىساڭمۇ بالىلىرىڭ ئوقۇيدۇ، كىتاب ئوقۇش، كىتاب يېزىش ئەقىدىمىز دىمۇ ئىنتايىن ساۋابلىق ئىش ئىدىغۇ.

ئەي ئوغۇل، ھازىرقى دۇنيا بىزنى ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋردىكىگە قارىغاندىمۇ، كىتابقا تولىمۇ ھاجەتمەن قىلىدى. ھازىرقى دۇنيانىڭ مەدەنىيەت سۈرئىتىگە يېتىشتە كىتابتىن باشقا تولپار يوق، بىراق مەن ساڭا شۇنى تەۋسىيە قىلىپ قويايكى، كىتابقا ھەددىدىن ئارتۇق چوقۇنما. بۇ دېگىنىم، كىتابقا يېزىلغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىۋەرمە، كىتابنىمۇ ئادەم يازىدۇ، ئوخشاشمىغان جەمئىيەتكە، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت قاتلىمىغا، ئوخشىاشمىغان ئەقىدە-ئېتىقادقا، ئوخشاشمىغان قىممەت قارىشىغا تىگە كىشىلەرنىڭ كىتابىدىكى مەزمۇنلار ئوخشاش بولمايدۇ. بىرىدە بىر نەرسىنى قارىلىغان بولسا، يەنە بىرىدە ئۇنى ماختىشى مۇمكىنغۇ. بۈگۈن ھەقىقەت دەپ قارالغان نەرسىلەر ئەتە سەپسەتىگە ئايلىنىشى مۇمكىن، بۈگۈن سەپسەتە، ئەكسىيەتچى دەپ قارالغان ئىدىيىلەر ئەتە ھەقىقەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، كىتاب ئوقۇغاندا ناھايىتى سەزگۈر بولۇشۇڭ كېرەك. كىتابقا ئىجادىي، ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋالغىن، ئۆزۈڭدە مۇستەقىل بىر مەۋقە تۇرغۇزۇۋالغىن.

× × ×

بىر كىتاب سوۋغىسىنى ھەرقانداق سوۋغىدىن قىممەتلىك ھېسابلايتتۇق. باشقا سوۋغىلار كېلىدۇ، كېتىدۇ، كىتاب مەڭگۈلۈك مىراس بولۇپ قالىدۇ. شاھلار ئۈچۈن مىڭلاپ قۇللار نى-نى سوۋغىلارنى تۇتقانىدى، قېنى ئۇ سوۋغىلار؟ مەن شاھقا «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىمنى سوۋغا قىلغانىدىم. مانا ئۇ

ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ سىلەر ئۈچۈن ئەڭگۈشتەر بولىدى ئەمەسمۇ.

112 قىممەتلىك سوۋغات تۇتتى مىڭ ـ مىڭچە قول،
قۇتادغۇبىلىكتۇر مېنىڭ سوۋغام ئۇل.

113 ئۇلارنىڭ سوۋغاتى كېلەر ھەم كېتەر،
مېنىڭ بۇ سوۋغاتىم تا مەڭگۈ قالۇر.

114 نچە يىغسا دۇنيا تۈگەيدۇ يوقاپ،
قالۇر سۆز پۈتۈلسە، جاھانغا تاراپ.

سەنمۇ قىممەتلىك كىتابلارنى يېزىپ ئەلگە سوۋغا قىلغىن، بالام.

ئەي بىزنى كىتاب خەزىنىسىگە باشلاپ كىرگۈچى، كىتابنىڭ خاسىيەتلىك ھېكمىتى بىلەن ۋۇجۇدىمىزغا پۇشايمان دۈتلىرىنى تۇتاشتۇرغان بوۋا، رەھمەت سىزگە! ھەقىقەتەن بىز ھازىر كىتاب دۇنياسىدا ياشاۋاتىمىز. كىتاب ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيا بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغىلا كەلدى؛ دۇنيانى كىتاب ئارقىلىق چۈشىنىش، كىتاب ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ كامالەت دەرىجىسىنى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورنىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاجايىپ زور ئىمكانىيەتلەر بار. بىرلا قېتىم قورساق تويغۇزىدىغان پۇلنى ئېلىپ كىرىپ كىتابخانىلاردىن شۇنداق ياخشى كىتابلارنى سېتىۋېلىشقا بولىدۇ. ھەر كۈنى كۆپلىگەن يېڭى كىتابلارنىڭ چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى، باشقا ئىشلىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. بىر

كىتابنى بىر ھەپتە ئىچىندە نەچچە مىڭ، نەچچە ئون مىڭ نۇسخا كۆپەيتىپ تارقاتقىلى بولىدۇ، كىتابلارنىڭ تۈرى ۋە سانىنى ساناپمۇ بولالمايمىز. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ خەلقىمىز تېخى كىتابنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى، ئۇنىڭ ئىنسانىنىڭ تەرەققىياتى، ئىستىقبالى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تولۇق چۈشىنىش دەرىجىسىگە يەتمىدى. ئەگەر خەلقىمىزنىڭ % 10 ى كىتابخانىغا كىتاب ئېلىش مەقسىتىدە كىرىدىغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! ؟ نېمە ئۈچۈن دېسىڭىز، بۇنداق بولۇشنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرى بار. بىز خۇددى سىلەرگە ئوخشاش مۇشۇ بىر ئەسىر ئىچىدىلا ئۈچ قېتىم يېزىق ئۆزگەرتتۇق. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر ساۋاتسىز قالدى. يەنە بىرى، ھازىر تېلېۋىزور دېگەن بىر جاھاننەما مەيدانغا كەلدى. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بىكار ۋاقتى شۇنى كۆرۈش بىلەن ئۆتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى خەلقىمىز تېخى كىتابنىڭ قۇدرىتىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنىپ كەتمىدى. شۇڭا، ئۇلار شۇنچە كەڭ - كۇشادە ۋاقىت بولسىمۇ، ئۇنداق ۋاقىتتىن توغرا، ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمىدى. ئۇلار كېچە-كېچىلەپ رېستورانمۇرېستوران يۈرۈپ، قۇرۇق، مەنىسىز كۈلكىلەرگە ئەسىر بولۇپ، ئىچىلىس ھاراق - تاماكا ئۈچۈن مىڭلاپ پۇل خەجلەشكە يېنى ئاغرىمايدۇ، بىراق بىرەر كىتاب سېتىۋېلىش ئۈچۈن قولى يانچۇقىغا بارمايدۇ.

بۇنداق دېسەم، بىزنى تۈگەشكەن ئوخشايدۇ دەپ قالماڭ. بۇ بىر مەزگىللىك بۇزۇلۇش، ئادىشىش ۋە ئېزىقىش بولسا كېرەك. ھازىر خەلقىمىزدە خېلىلا ئويغىنىش بولۇۋاتىدۇ، باللىرىنى كىتابخانىلارغا باشلاپ بېرىپ، باللارنىڭ قەلبىدە كىتابقا بولغان قىزىقىشنى قوزغاۋاتقان كىشىلەر خېلى كۆپىيىۋاتىدۇ. بىر كىيىمنى ئاز كىيىپ، بىر قېتىملىق ياخشى

غىزانىڭ ئورنىغا چاي بىلەن نان يەپ ، شۇ تېجىگەن پۇلغا كىتاب سېتىۋېلىۋاتقان ئەۋلادلار خېلى بار . بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ خەلقىمىزدە كىتاب ئارقىلىق ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان بىر دولقۇن قوزغالغۇسى .

ئەي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزنىڭ پېشۋاسى بوۋا ، بىز ھازىر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن چەت ئەلنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئوتتۇرىسىدا تىنەپ ـ تەمتىرەپ قالدۇق . رېئاللىق بىزگە ئەڭ توغرا ۋە ئەقەللىي تاللاش ئىختىيارىنى بەردى . ۋەھالەنكى ، بىز پەن ـ مەدەنىيەت جەھەتتە تولىمۇ كەينىدە قالغانلىقىمىز ئۈچۈن ، گەرچە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە نۇرغۇن گۈزەل ، ئىلغار تەرەپلىرىمىز بولسىمۇ ، لېكىن بىزدە ئېغىش ، ياتلىشىش ئەسلىي مەدەنىيەت ساپايىمىز بىلەن تەتۈر تاناسىپلىق ھالەتنى مەيدانغا كەلتۈردى . بەزى كىشىلەر شۇنچىلىك ياتلىششىشقا قاراپ يۈزلەندىكى ، ئۇلار ئۆزىنىڭ يارالمىش تەبىئىتىگىمۇ ئاسىيلىق قىلىش يولىنى تۇتۇۋاتىدۇ . ھەتتا تەڭرى ئاتا قىلغان قارا چاچلارنى ئۇلار خاتا يارىتىلىپ قالغاندەك ، ھەر خىل رەڭدە بوياپ ياراتمىش ئىرادە بىلەن قارشىلىشىۋاتىدۇ . سىلەر بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە قىممىتىنى يوقاتقان كونا ، كېرەكسىز نەرسە بولۇپ تۇيۇلۇۋاتىدۇ . بىراق ، باشقىلار ئاللىقاچان ئەخلەت ساندۇقلىرىغا تاشلىۋەتكەن نەرسىلەرگە ئەسىر بولۇپ ، ئۇنىڭغا پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئۇرۇۋاتىدۇ . سىلەر پۈتۈن ھاياتىڭلاردا ئىلغار ئەنئەنىنى ساقلاش ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن يۈرەك قېنىڭلارنى سەرپ قىلغانىدىڭلار ، ئېيتىڭا بوۋا ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن يېڭى مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى زادى قانداق

قىلغاندا توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ؟

ئەي ئوغۇل، شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، بىر مىللەتنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسى شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. ئۇ شۇ خەلقنىڭ ئۇزاق يىللىق ھايات مۇساپىسىدە ئۆزلىرىنىڭ قىممەت ئېڭى، ئېتىقادى، ئېستېتىك ئېڭى، ياشاش ئادەتلىرى، تارىخىي تەرەققىياتى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى ئاساسىدا بارا - بارا مۇكەممەللىشىپ، شۇ مىللەتنىڭ ئوبرازىنى، مەۋجۇتلۇقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم ھالقىغا ئايلانغان. چۈنكى، ئۇ شۇ خەلقنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكتى ئۈچۈن ئۇنى تاللىغان ۋە تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرگەن. شۇڭا، ھەرگىز ئەنئەنىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. تۆۋەندىكى بايتىن بۇنىڭ ھەقىقىتىنى ھېس قىلالايسەن.

# ئون بەشىنچى باب

## ئەنئەنىدىن جۇدا بولغان قوۋمنىڭ ھالىنىڭ يامانلىقى ھەققىدە

ئەي ئوغۇل، ئەنئەنە دېگەن سەن ئۆزۈڭ شۇ، سېنىڭ بارلىقىڭ شۇ ئەنئەنە بىلەن يۇغۇرۇلغان، شۇ ئەنئەنە مۇھىتىدا ئۆزۈڭنى ئادىمىيلىككە ۋە ئۆزۈڭگە ئايلاندۇردۇڭ. ئۇنداق ئىكەن، ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى سۆيسەڭ ئەنئەنىنى سۆيۈشۈڭ كېرەك. ئەنئەنىدىن مەھرۇم بولساڭ، ئۆزۈڭدىن مەھرۇم بولىسەن؛ ئەنئەنىدىن ئايرىلساڭ، قىپيالىڭاچ قۇرۇق گەۋدىگە ئايلانغان تىرىك جەسەتكە ئوخشايسەن. سېنىڭ ئۇچاڭدىكى كىيىم-كېچەكمۇ، روھىڭمۇ، ئالدىڭدىكى غىزالارمۇ، ئۆي - ماكانىڭ ۋە باغۋارانلىرىڭمۇ مانا شۇ ئەنئەنىدىن كەلگەنغۇ. ھەرگىزمۇ دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى، زامانىنىڭ يۈكسىلىشى سېنىڭ ئىلغار، قىممەتلىك ئەنئەنىدىن ئايىنىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرمايدۇ. ئايىنىشنىڭ ئۆزىنى ھېچكىم تەرەققىيات دېمەيدۇ، بەلكى ئۇنى ئۆزىنى ئۆزى يوقىتىش دەيدۇ. پەقەت روھىي جەھەتتىن زەئىپلەشكىنىڭدىلا، سېنىڭ روھىڭ ساڭا توغرا ياشاش يولىنى كۆرسىتىپ بەرمىگەندىلا ئاشۇنداق ئايىنىش، ئۆزۈڭنى كۈتۈش، قارىغۇلارچە باشقىلارغا چوقۇنۇش يولىغا كىرىسەن. ئەگەر سەندە ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچ، مىللىتىڭگە بولغان يۈكسەك ھۆرمەت، ئۆزۈڭگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت پارلىغاندا، ياتلارغا سايدەك

ئەگەشمەي ، زامانغا يارىشا روھىڭنى يۈكسەلدۈرسەن . ئۆزۈڭنى تېخىمۇ چوڭقۇر قازىسەن ، ئۆزۈڭنى دەۋرگە يارىشا قۇرىسەن ، ئەنئەنەڭنى دەۋرگە يارىشا تەرەققىي قىلدۇرىسەن . نادان كىشىلەرلا ئاينىشنى ، ياتلىشىشنى ئۆزلىرى مەدەنىيەت ، تەرەققىيات دەپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ ، مەنىۋى جەھەتتىكى چۈشكۈنلىشىشنى ئەركىنلىشىش دەپ داۋراڭ سالىدۇ ، بالام .

سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىنتايىن ئىلغار ، ئىنسانىيەت تارىخىدا تەڭداشسىز پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان خەلقنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما . قەدىمكى بوۋىلىرىمىز شۇ ئۇزاق تارىخي مۇساپىدە تۇرمۇشنى بېيىتىپ ، ھايات پائالىيىتىنى مەنىلەر بىلەن بېزەپ ، ئۆزلىرىگە خاس مىللىي خاسلىقنى نامايان قىلىپ ، ئۆزىگە خاس مىللىي ئەنئەنىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، ئۇنى ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ ، ئۇنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ ، تارىخنىڭ دەھشەتلىك بوران - چاپقۇنلىرىدىن ئامان - ئېسەن ساقلاپ ، سېنىڭ دەۋرىڭگە ئۇلاپ بەردى . ئۇنىڭغا خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى ، غايىۋى تىلەكلىرى ۋە مىللىي روھى مۇجەسسەملىشىپ ، جەلپكار قىياپەتتە دۇنيا خەلقىنىڭ كۆزىنى چاقناتقانىدى . سىلەرگە كەلگەندە بەزىلىرىڭلارغا يۇ ئۇلۇغۋار ئەنئەنىنىڭ نەرى پۇتلاشتى ، قايسى تەرىپى سېنىڭ تەرەققىيات يولۇڭغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ ، سەن ئۇبدان سەپسېلىپ قاراپ باققىن ، دوپپاڭدىن پۈتۈن ئالەم ۋە تەبىئەتنىڭ سىماسى — ئاسمان ، يەر - زېمىن ، تاغ ۋە دەل - دەرەخ ، گۈل - گىياھلارنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرىسەن . ئاياللارنىڭ كىيىنىشلىرىدىن ياسىداق تۇرنىڭ قىياپىتىنى كۆرىسەن ، چاچلىرىدىن مەجنۇنتالنىڭ ئەندازىنى ئالىسەن . ئەتلەسلەردە

زېمىنىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن - ھۈسەنىنىڭ جىلۋىسىنى كۆرىسەن. قىز - چوكانلىرىمىزنىڭ تويدا يۈزىگە ياپقان گىجىملىرىدىن ئىپپەت ۋە ھايانى، تۇرمۇشنىڭ ھايا پەردىسى ئۈستىگە قۇرۇلسا تېخىمۇ جەلپ قىلىنىش كۈچى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بېشارەتلىك ئىپادىنى كۆرىسەن. شۇنداق بالام، خەلقىمىزنىڭ ھەربىر مىللىي ئادەتلىرى مىللەتنىڭ روھى بىلەن ئاشۇنداق يۇغۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ گۈزەللىك ئېڭى ئۆي - تۇرۇسلىرى، تاماق - غىزالىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن. بۇنداق ئۇلۇغۋارلىقنى باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىدىن تاپالمايسەن.

ئەي ئوغۇل، بىز خەلقىمىزدىن تامامەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز، سەن ئۇنىڭ ئەجدادى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن تامامەن ئىپتىخارلىنىشقا ھەقلىقسەن.

بىراق بالام، ئەجدادلىرىڭنىڭ تارىختا ياراتقان مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى پەقەتلا شۇلارغا مەنسۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ سېنىڭ نەتىجەڭ بولالمايدۇ. سەن دېدىڭ، ھازىرقى دۇنيادا بىز تولىمۇ كەينىدە قالدۇق، دەپ. بۇنداق چېكىنىشنى، كۆرۈۋاتقان، تارتىۋاتقان مەھرۇملۇقلىرىڭنى ئەجدادلارغا ئارتىپ قويما، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈڭدىن ئاختۇرۇپ باققىن. سەن نېمىلەرنى بىلدىڭ، نېمىلەرنى ئۆگەندىڭ، نېمىلەردىن مەھرۇم بولدۇڭ، ئويلاپ باققىن. خەلق ئارىسىدا ياخشىلارمۇ بولىدۇ، يامانلارمۇ بولىدۇ، ئىلغارلىرىمۇ بولىدۇ، قالاق - قاششاقلىرىمۇ بولىدۇ. خەلقنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا يۇرتپەرەسلىك، مەنمەنچىلىك، تەپرىقىچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، تەمەخورلۇق قاتارلىق نۇرغۇن ئىللەتلەر ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ، بۇ ئىشلارنى خەلققە ئارتىپ قويساڭ ئورۇنلۇق بولمايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ گۇناھى ئەمەس، بەلكى ئۇلار مۇنتىزىم تەربىيىلىنىش

پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغان. شۇڭا، يامانلارنىڭ گۇناھى ياخشىلارنىڭمۇ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. سەن ئەگەر ياخشى بولساڭ نېمە ئۈچۈن يامانلارغا يول قويىسەن؛ يامانلارنى توسۇپ ياخشىلىق تەرەپكە تارتمايسەن؟ بالام، سىلەر ئورتاق مەنپەئەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەرگىز بىر-بىرىڭلارنى چەتكە قاقماڭلار. بۇنداق قىلساڭ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ كاچاتلىغىنىڭ بولمامدۇ؟ قايسى يۇرتلۇق بولسا ئۇ سېنىڭ قېرىنداشلىرىڭغۇ؟ كەمبەغەللىرى بولسۇن، بايلىرى بولسۇن، ئالىملىرى بولسۇن، نادانلىرى بولسۇن، ياخشىلىرى بولسۇن، يامانلىرى بولسۇن، ھەممىسى سېنىڭ ئاكا-ئۇكاڭ، ئاچا-سىڭىللىرىڭغۇ؟ شەرەپلىك ئىشلارنى قىلغان ئادەم خەلققە ھۆرمەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئەسكى، ۋىجدانىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلغان ئادەم خەلققە ھاقارەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، مىللىتىڭگە مەسئۇل بولۇشنى بىل. ياخشىلارنى قوللا، يامانلارغا ياردەم بېرىپ ياخشى يولغا يېتەكلەشكە تىرىشقىن. يەنىلا ياخشى ئادەملەر يامان ئادەملەردىن كۆپقۇ.

ئەي ئوغۇل، بىر ئادەمنىڭ ياخشى تەرەپلىرى بىلەن بىرگە يامان تەرەپلىرىمۇ بولغانغا ئوخشاش، مىللەتنىڭمۇ ياخشى، ئىلغار تەرىپىمۇ ۋە يامان، قالاق تەرەپلىرىمۇ، ياخشى ئەنئەنىگە كۆشەندە بولىدىغان يامان ئەنئەنىسىمۇ بولىدۇ. يامان ئەنئەنە سېنىڭ تەرەققىيات يولۇڭدىكى بىر ئېزىتقۇ. تەرەققىياتىڭغا، ئىستىقبالىڭغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان بىر قىسىم يامان ئەنئەنىلەردىن ئېككىلەنمەي ۋاز كەچكىن، ئۇ ساڭا ھەرقاچان زىيان سېلىشى مۇمكىن، گۈزەل، قىممەتلىك ئەنئەنىدىن ۋاز كەچمە، ياخشى ئەنئەنىدىن ۋاز كەچسەڭ چوقۇم يامان تەقدىرنىڭ قولىغا تۇتۇلىسەن. ياخشى ئەنئەنە سېنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىڭ ئۈچۈن ئۇل بولۇپ بېرىدۇ. ياخشى ئەنئەنىدىن چەتلەشكەندە،

يامان ئەنئەنىنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈشۈڭ مۇمكىن، بالام، قىممەتلىك نەرسىلەر ھەرگىز كونىرىمايدۇ، ئەنئەنىنى كونا دەپ ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكۈلۈك ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق بولسا ۋەتەندىن كونا دەپ ۋازا كېچىش كېرەكمۇ؟ ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىمۇ قېرىپ كونىرىدى دەپ ئۇلاردىن چەك ـ چېگرىنى ئاجرىتىش لازىممۇ؟ سېنىڭ روھىڭمۇ خەلقىمىزنىڭ قەدىمكى روھى، تېنىڭدىمۇ قەدىمكىلەرنىڭ قېنى مەۋج ئۇرۇپ تۇرۇپتىغۇ، سەن ئۇنىڭدىنمۇ كونا دەپ ۋازا كېچەلەمسەن؟ بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بولساڭ، ئۆزۈڭگە تەئەللۇق نەرسىلىرىڭنى قوغداش ئۈچۈن جان پىدا قىل. خەلق ئۇلۇغ، ئۇلار ئېسىل، قىممەتلىك نەرسىلەرنى تاللىۋېلىپ قەلب سارىيىدا ساقلايدۇ ۋە ئەۋلادلىرىغا مىراس قىلىپ قالدۇرىدۇ. ئەجدادلار ئامانەت قىلىپ قالدۇرغان نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈش ئاسىيلىق بولىدۇ، بالام. ساپ، پىغوبار نەرسىلەر ھەرقانداق ئەلدە ئەزىزلىنىدۇ، سېنىڭ قولۇڭدا خارلىنىپ قالمىسۇن.

ئەمدى ساڭا بىر قىسىم قىممەتلىك ئەنئەنە توغرىسىدا ئۈچۈر بېرەي بالام، ئۆزۈڭگە نەمۇنە قىلغايسەن.

# ئون ئالتىنچى باب

## مەردلىك يوسۇنلىرى ، نامەردلىكنىڭ قۇسۇرلىرى توغرىسىدا

بالام ، سەن بۇ دۇنياغا تۆرەلدىڭ ، چوڭ بولدۇڭ ، هايات قايىنىمىغا قوشۇلدۇڭ . هايات مۇساپىسى بىر لا خىل بولىدۇ ، تۈز بولمايدۇ . تۇرمۇشۇڭدا هەر خىل مۇشكۈللۈكلەرگە يولۇقىسەن ، تۈرلۈك - تۈمەن توسالغۇلارغا ئۇچرايسەن . هەربىر قەدىمىڭنى ئىرادە بىلەن مەزمۇت باسقىن . سەن پۇل ، بايلىق ، مەرتىۋە ۋە كۈچ - قۇدرەتتىگە ئېشەنمە ، ئىرادەڭگە ئىشەن . مۇستەهكەم ئىرادىلا سېنىڭ قەدىڭنى تىك تۇتۇپ يۈرەلىشىڭگە ئىمكان بېرىدۇ ، ئىنسانىنىڭ بۈيۈكلۈكى شۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق . سەن مەقسەت مەنزىلىگە شۇ ئىرادە تۇلپارىغا مىنىش ئارقىلىقلا يېتەلەيسەن . بۇ دۇنيادا ئىرادىلىك ئادەم ئۈچۈن يېتىش مۇمكىن بولمايدىغان مەنزىل بولمايدۇ . بىراق ، مۇمكىنسىزلىك ئۈچۈن ئۆزۈڭنى قىينىما ، توسۇش مۇمكىن بولمايدىغان مۇقەررەرلىك ئۈچۈن ياش تۆكمە . بۇ ئىشلار ئىرادەڭنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ ، چۈنكى قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارغىمۇ ئۆزۈڭنى بەرداشلىق بېرىشكە زورلاش سېنىڭ نادانلىقىڭ بولىدۇ . چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتتىڭمۇ ، بولدى ، ئۇنىڭدىن ئۆلۈم يولى ياخشىراق . بەختسىزلىككە ، ئوڭۇشسىزلىققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئادەم

بەختسىزلىكنىڭ قۇربانى بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چاغلىرىڭدا كۆرەڭلەپ ھەددىڭدىن ئاشما، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان چاغلىرىڭدا ئىرادەڭدىن يانما. بەختلىك چاغلاردا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش بەختسىز چاغلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن ئوڭاي ئەمەس. بىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ، بىر ئەقىل تاپىسەن دېگەندەك، ئوڭۇشسىزلىقلىرىڭ سېنىڭ تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىشىڭ ئۈچۈن تۈرتكە بولسۇن. بەختسىزلىك ئىرادىسىزلارنىڭ قولدىشى، بەخت ئىرادىلىك ئادەمنىڭ يولدىشى بولىدۇ. سەئدىنىڭ مۇنداق بىر مىسراسى يادىمدا:

دىلىڭ كۆيمىسۇن نائۇمىدلىك بىلەن،

يورۇق كۈن تۇغۇلغاي قارا كېچىدىن.[1]

بارلىق چىگىش تۈگۈنلەرنىڭ يېشىمى بولىدۇ، ھەرقانداق كېسەلنىڭ داۋاسى ۋە شىپاسى بولىدۇ، ئۇنى داۋالىغۇچىلى ھۆكۈمامۇ چىقىدۇ.

بالام، قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، ئىرادىلىك ئادەمگە، دېگەن ھەقىقەتنى يادىڭدىن چىقارما. ئىرادىلىك ئادەم ئۆزى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلىيالايدۇ. «مەرد ئادەم تەقدىر زەربىلىرىنى ئەرزىمەيدىغان نەرسە دەپ بىلىدۇ؟» (دېموكرىت)، ھەرقانداق مۇشكۈللۈكلەر ئىچىدىمۇ ئۆزى ئۈچۈن بىر يوچۇق چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

بالام، ئۆزۈڭگە ئىشەن، ئۈمىدۋار بول.

بالام، سەن ئۆزۈڭنى باشقىلارغا ئوخشاش بېجىرىم ئادەم

---

① شەيخ سەئدى: «گۈلىستان» دىن ئېلىندى.

دەپ ھېس قىلالىغان چېغىڭدا ئۆزۈڭگە نىسبەتەن ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ. ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ئادەم ئۆزى - ئۆزىنى دەپنە قىلغانغا باراۋەر. سەن ئۆزۈڭگە ئىشەنمىگەن چاغلىرىڭدا ئۆزۈڭدە نىمىلەرنىڭ كەم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئويلاپ باق. ئۆزۈڭدە ئىرادە كۈچى بىلەن ئۈمىدۋارلىقنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بايقايسەن. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەمنى قاناتلاندۇرىدىغان، ياشاشقا، كەلگۈسىگە دالالەت قىلىدىغان، ۋۇجۇدىغا جاسارەت ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدىغان بىر مەنىۋى كۈچ بار، ئۇ بولسىمۇ ئۈمىد. چۈنكى، ھاياتلىقنىڭ يىلتىزى ئارزۇ - ئۈمىد بۇلىقىدىن سۇغىرىلىدۇ. «كىم تۇرمۇشقا ئارزۇ - ئۈمىد بىلەن قەدەم باسسا، ئۇ ئۇنىڭغا ھەر قەدەمدە يار بولىدۇ، ھەرقانداق ئىشقا ئۈمىد بىلەن ماڭسا، يىراق يەرمۇ يېقىن بولىدۇ». خەلق ئارىسىدا «ئادەمنىڭ روھى چۈشسە، ئىتى يۈگۈرەلمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. ئەگەر ئىنساندا ئۇلۇغۋار ئۈمىد ۋە ئىرادە كۈچى بولمىغاندا ئىدى، ئىنسان ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان بولاتتى. بالام، ئارىستوتېل شۇنداق دېگەن: «ياشلارنىڭ بەختى ئۈمىد ئىچىدە بولىدۇ». ئاندىرسون: «ئۈمىد ئىرادىدىن ياسالغان كۆۋرۈك» دېگەن. سەندە مۇقەددەس بىر ئۈمىد ۋە غايە بولسۇن. بۇ دۇنيادا ئۈمىدسىز، غايىسىز ياشاش خۇددى لەڭگەرسىز كېمىگە، رولسىز ماشىنىغا چىققانغا ئوخشاش نىشانى ۋە قىزغىنلىقى بولمايدۇ.

بالام، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بەختكە ئىنتىلىش، بەختتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بار. بەختلىك بولۇش ئۈچۈن شۇ بەختكە ئېرىشىش مۇمكىنلىكىگە ئىشىنىشىڭ كېرەك. مەلۇم مەنىدە ئۈمىد ۋە ئىشەنچمۇ شېرىن بەخت ھۇزۇرىنى بېرىدۇ. تۇرمۇشتىكى ئەڭ قاراڭغۇ جايلار غەم - قايغۇغا ئۆز بېشىنى تۇتۇپ

بەرگەن جايدىكىدەك مۈدھىش بولمايدۇ. سىنى ئەقلىڭدىن ئازدۇرىدىغان، ئۆزۈڭدىن سوۋۇتۇۋېتىدىغان ئەڭ ۋەھشىي يىرتقۇچنىڭ غەم - قايغۇ ئىكەنلىكىنى بىلگىنىڭدە، ئۆزۈڭنىڭ غەم - قايغۇ بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىڭ ئۈچۈن خىجىل بولغان بولاتتىڭ. بالام، قانىنى قان بىلەن يۇغىلى بولمىغانغا، سۇنى سۇ بىلەن توسقىلى بولمىغانغا، ئوتنى ياغ بىلەن ئۆچۈرگىلى بولمىغانغا ئوخشاش، ھەرگىز غەمنى غەم بىلەن يۇيۇۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. بەختسىزلىككە پەقەت مەردلىك بىلەن جەڭ ئېلان قىلغان چېغىڭدىلا غەم - قايغۇنى يۇيۇشنىڭ يولىنى تاپالايسەن. شېكسپىر مۇنداق دېگەنىكەن:

كۆلپەتتە قالغاندا پەقەت بىرلا يول،
غەمنى ھېچ ئويلىما، تېتىك بەردەم بول.

سەن بۇ خۇسۇستا پىفاگورنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ھەر دائىم ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل: «ئاچچىق كۆز ياشلىرى چىقمىغاندا ئىدى، ھايات كۆڭۈلنى ئاينىتقۇدەك دەرىجىدە تاتلىق بولغان بولاتتى».

ئەي ئوغۇل، ھايات مۇساپەڭنى مەردلىك بىلەن بېسىپ تۈگەتكىن، مەردلىكنى ھاياتىڭنىڭ مىزانى قىلغىن. بىزدە مەردلىك بەك ئۇلۇغلىنىدۇ، نامەردلىك پەسكەشلىك دەپ قارىلىدۇ، ئادەم دېگەن بىر كۈن ياشىسىمۇ مەردلىك بىلەن ياشىشى كېرەك. مەرد بولكى، ھەرگىز نامەردلىك بىلەن ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىڭنى، ئەرلىك خىسلىتىڭنى ھاقارەتكە قويىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قالما. نامەردلىك جامائەت ئالدىدىكى ئوبرازىڭنى ئەڭ خۇنۇك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، دوستلىرىڭ

ئالدىدا ئېتىبارىڭ ، ئەل ئارىسىدا ئورنۇڭ بولمايدۇ . مەردلىك دېگەن سېنىڭ نۇرغۇن ئەيىب - نۇقسانلىرىڭنى ياپىدىغان قالقان ھەم ساڭا ئىگىز كۆڭلەردىمۇ يول ئېچىپ بېرىدىغان كارۋان . قورقۇنچاقلىق مەردلىكنى خاراب قىلىدىغان يامان جاراھەت ، قورقۇش بىلەن بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسەن . «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سەن ؟ ھاياتتا ھېچقاچان قورقۇنچاق ، جۈرئەتسىز ئادەملەر نىجاتلىق يولى تاپقان ئەمەس . مەرد ئوغلان ھەرقاچان يولىدىن قايتقان ئەمەس . مەردلىك ئادەمگە ئاجايىپ قىممەتلىك سوۋغىنى بېرىدۇ ؛ نامەردلىك ساڭا ھەر خىل ھاقارەت تامغىسىنى بېسىشقا يارايدۇ ؛ مەرد ئوغلان مۈشكۈللۈككە يولۇققاندا ھەرگىز نالە قىلمايدۇ ؛ نامەرد ئادەم ھېچقانچە جاپا چەكمەي تۇرۇپ پەرياد قىلىدۇ . مەرد ئادەم باشقىلارنىڭ ئانچە - مۇنچە خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلالايدۇ ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنىمۇ ، كەمچىلىكلىرىنىمۇ دادىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىشقا ۋە كۆزىتىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ ، مەرد ئادەم خېيىمخەتەر ئالدىدىمۇ قورقۇشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ ، يەنى خېيىمخەتەرنى جاسارەت بىلەن يېڭىدۇ ؛ خېيىمخەتەر ئالدىدا تېنەپ - تەمتىرەپ تۇرغان ئادەم مەرد ھېسابلانمايدۇ ، مەرد ئوغلان سۆزىدىن يانمايدۇ ، ھەقنى ھەق ، ناھەقنى ناھەق دەيدۇ ، ھەرگىزمۇ مۇشتۇمزورلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ھەقىقەتكە ئېتەك ياپمايدۇ .

ئەي ئوغۇل ، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ، پەقەت جان قايغۇسىدا ياشايدىغان ئادەم مەردلىكتىن يىراقتۇر . مەرد شۇكى ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن تەقدىم قىلالايدۇ . شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى ، مال - دۇنيا تارقاتماق سېخىيلىق ئەمەس ، ھەقىقىي سېخىي شۇكى ، پۈتۈن ھاياتىنى ئەلگە تەسەددۇق قىلىپ پۇشايمان

يېمەس.

بالام، شۇنىمۇ بىلگىنكى، ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇشىمۇ مەردلىك جۈملىسىدىندۇر. ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش ئاقىلانىلىك ۋە مەردلىك. ئۆزىنى چۈشەنگەن ئادەملا ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ. ئۆزىنى چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ ئېتىراپ قىلالمىغان ئادەم ئىرادىسىز، جاھىل ئادەمدۇر. سېنى كۆپتۇرۇپ ماختايدىغان ئادەملەردىن كۆرە، كەمچىلىكلىرىڭنى كۆرسىتىپ تەنقىدلىگەن ئادەمنى ئۆزۈڭگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىكەن دەپ بىل. «كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈمىڭ ئاشكارا» دېگەندەك، سەن ئۆزۈڭنى ئېتىراپ قىلغان، ۋىجدانىڭغا خىلاپ ئىش قىلىپ قويغانلىقىڭغا توۋا قىلالىغۇدەك ئىرادىگە ئىگە بولالىغان چېغىڭدىلا ئۆزۈڭدىكى ئىللەتلەرگە شىپا تاپالايسەن.

بالام، مەرد ئادەم ھەرقانداق مۇشكۈل شارائىتلاردىمۇ قەددىنى تىك تۇتالايدۇ. ئازراق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ چۈشكۈنلەشسەڭ، بىر ئوڭۇشسىزلىقنىڭ مىڭ ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەرد ئادەم ھەرقانچە ئېغىر يولى تاپالمىغان چاغلاردىمۇ ۋىجدانىنى بۇلغىمايدۇ، قىيىنچىلىق، مۇشكۈللەر ئىچىدىن ئۆزى ئۈچۈن توغرا يول تاپىدۇ ۋە ئۈمىدۋارلىقىنى يوقاتمايدۇ.

بالام، ھاياتتا بەك تەمكىن بولغىن. نوچىلىق، ئۇششۇقلۇق، چىدىماسلىق قىلما. ئۆزىنى نوچى دەپ ئاتىۋالغان، ئۆزىنى چوڭ چاغلايدىغان، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان، ئۆزىنى پۇلدار ھېسابلاپ بويۇنتاۋلىق قىلىدىغان، مۇشتۇمزورلۇق قىلىدىغان چاكىنا، ئۇششۇق، مۇتتەھەم ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى مەغرۇر تۇت؛ ئۇنداق ئادەملەرگە قول بەرمە، ياخشىلار

ئۈچۈن بار نەرسىلىرىڭنى ئايىما، مۇتەھەملەرگە خۇشامەت قىلىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل بىلگىن.

ئەي ئوغۇل، ھەققانىي بول؛ ئادالەت تەرەپتە تۇر. ھەر زامان توغرىلىقنى ئادەت قىل. ھەرگىز ناھەقچىلىك قىلما، ناھەق تەرەپتە تۇرما. قەيەردە ھەقىقەت ۋە ھەققانىيەت بولسا، يۈرەكلىك ھالدا ئۇنى قوغدا؛ ناھەقچىلىك، ئادالەتسىزلىك بولسا مەردانىلىك بىلەن قارشى تۇرغىن. ھەقىقەت ۋە توغرىلىق بىلەن ناھەقچىلىك شۇنداق ئايرىلىدۇكى، ھەقىقەت ۋە توغرىلىق تۈز بولسا، ئادالەتسىزلىك ۋە ناھەقچىلىك ئەگرى بولىدۇ. تۈز نەرسىلەر تۈز بولىدۇ. نېمىكى تۈز بولسا ئۇ ئۆز بولىدۇ، نېمىكى ئەگرى، قىڭغىر بولسا ئۇ سەت، كۆرۈمسىز بولىدۇ. پۈتۈن ئەگرىلىك يامانلىقنىڭ بەلگىسى. ھەققانىيلىق ئىنسانىي پەزىلىتىڭنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. «بىر سائەتلىك ئادالەت پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئىبادىتىدىنمۇ ئارتۇقراقتۇر». سەن ھەقىقەت ئىزدەيمەن دەپ تېنەپ يۈرسەن، ھەقىقەت ھامان خەلق تەرەپتە بولىدۇ، كىم ئادالەتلىك بولسا شۇ تەرەپتە بولىدۇ. جاھالەت بار جايدا ئادالەت بولمايدۇ. ئەگەر سەن خەلقتىن ئۆزۈڭنى ئەيىبلەش سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولساڭ، ئۆزۈڭنى ھەقىقەتكە خىيانەت قىپتىمەن، دەپ بىل. ھەققانىي بولسا ئۆزۈڭگىمۇ، خەلقىڭگىمۇ يۈز كېلەلەيسەن. ئادالەت، ھەققانىيەت قوغداپ قىلىنمىغان جايدا ئۆزۈڭنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ساقلاپ قالالىغۇدەك ھېچقانداق ئىمكانىيەتكە ئىگە بولالمايسەن. ئىنساننىڭ مۇھىم ئىنتىلىشى ۋە مەقسىتى ھەقىقەتنى ئىزدەش، ئادالەتكە تەلپۈنۈش تۇرسا، ئادالەتكە ۋە ھەقىقەتكە بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىك ئەڭ چوڭ ۋىجدانسىزلىق بولىدۇ. ئەي ئوغۇل، سەندە ناھايىتى سەزگۈر، غۇرۇر ۋە پاك ۋىجدان بولسۇن.

ۋىجدانىڭ پاك، غۇرۇرۇڭ ساغلام بولسىلا، بۇ دۇنيادا ھالال ياشىيالىدىم دېسەڭ بولىدۇ. ھالال بولساڭ ھەر دائىم ئۆزۈڭنى قۇدرەتلىك ھېس قىلالايسەن، ناپاك ياشىساڭ ئەل ئارىسىدا بېشىڭنىمۇ ئېگىز كۆتۈرەلمەيسەن. ئادەم بۇ دۇنيادا ۋىجدانىغا يۈز كېلەلىگۈدەك ياشىيالىسا، يۈرىكىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئەل ئارىسىدا ئۇياتماي يۈرەلىسە، نېمىدېگەن بەخت ـ ھە. شۇڭا ھەرقاچان ۋىجدانىڭنىڭ پاكلىقىنى قوغدا، ۋىجدانىڭ بولغانسا ئەخلاقىڭمۇ، ئىمانىڭمۇ بولغىنىدۇ. ۋىجدانسىز بولساڭ ھەرقانچە قابىلىيەتلىك ۋە پاراسەتلىك بولساڭمۇ يەنىلا لەنەت، نەپرەتكە قالىسەن. سەن ۋىجدانىڭغا خىلاپ بىرەر ئىشنى قىلىپ قويۇپ، «ھەر نېمە بولسا باشقىلار ئۇقمىدى» دېمە. باشقىلارنىڭ كۆزىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بىلەن ۋىجدانىڭنىڭ ئەيىبلىشىدىن قۇتۇلالامسەن؟ ھەرقاچان ئۆزۈڭنى ۋىجدانىڭنىڭ ھەققانىي سورىقىغا تارتىپ تۇرغىن. ئەگەر سەندە ۋىجدان بولسىلا ئۇ سېنىڭ مەنىۋىيىتىڭنىڭ سۈزۈك بۇلىقى، ئەقلىڭنىڭ ئادىل سودىيىسى، پاك ۋۇجۇدىڭنىڭ مۇستەھكەم قەسىرى بولالايدۇ. ۋىجداننى سېتىپ ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك نېمىگە ئېرىشەلەيسەن؟ نەپسى ئۈچۈن ھەرگىز ۋىجداننى تېگىشكۈلۈك ئەمەس. سەن باشقىلاردىن بىرەر تەستەكنى ئۇشۇق يېگەننى ياكى بىرەر ئېغىز تىل، ھاقارەت ئىشىتكەننى غۇرۇرۇمغا تەگدى دەپ، تىنىغ كۆتۈرسەڭ ۋىجدانلىق بولغانلىقىڭ بولمايدۇ. ھەقىقەت، ئادالەت دەپسەندە قىلىنىۋاتقان چاغدا، ئەقىدەڭ ھاقارەتلەنگەندە، ۋىجدانىڭ ئازابلانسا، مانا شۇنى ۋىجدانىڭنىڭ سايلىقى دەيمىز.

ئەي ئوغۇل، سەندە ھەقىقىي غۇرۇر ۋە ۋىجدان مۇقەددەسلىكى بولىدىكەن، ۋىجدانسىز، غۇرۇرسىز ئادەملەرنى ئادەم دەپ ھېسابلىما، ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەرقانچە پەردازلىسىمۇ

ئۇلارغا ئىشەنمە . ۋىجدانسىز ، غۇرۇرسىز ئادەملەرنى بىر دۆۋە ئەخلەت دەپ بىل ، ئەگەر ئۇنداق ئادەملەرگە قول بەرسەڭ ئۆزۈڭمۇ شۇ ئادەملەرنىڭ جۈملىسىدەن .

ئەي ئوغۇل ، مەردلىكنىڭ يەنە بىر ئۆلچىمى ئەقىدە مۇستەھكەملىكىدۇر .

سېنى بۇ دۇنيادا باغلاپ تۇرىدىغان بىر قۇدرەتلىك مەنىۋى رىشتىگە ئىگە بولۇشۇڭ كېرەك . بىرەر رىشتە بولمىسا ھاياتنىڭ لەززىتى بولمايدۇ . ئەقىدە - ئېتىقاد ئىنسانغا يېڭىلمەس كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىدىغان مەنىۋى تۈۋرۈك . ئەگەر سەندە بىرەر نەرسىگە چىن ئەقىدە - ئېتىقاد بولمىسا ، ھاياتىڭنىڭ نېمە ئەنسى بولسۇن ؟ ئەقىدە - ئېتىقاد ھەقىقىي مۇستەھكەم بولىدىغان بولسا ، ئۇ دەھشەتلىك بورانلارنىڭ باغرىنى تىلالايدىغان سۇنماس قاناتقا ئىگە بولىدۇ . سۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك ئېتىقاد ئېتىقاد ئەمەس . بالام ، ھەقىقىي ئېتىقاد دېگەن تىك قىياغا ئوخشاش مەزمۇت تۇرۇشى كېرەك . سەن بىلسەڭ ، ھەقىقىي ئېتىقاد ھەقىقىي ئادىمىيلىكتە كامال تاپىدۇ .

ھەرقانداق ئادەمدە ئەقىدە - ئېتىقاد بولىدۇ . ئېتىقادسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى ، ئېتىقاد كىشىگە ئۈمىد ، ئىشەنچ ۋە جاسارەت ئاتا قىلىدۇ ، كىشىلەرنى بىر پىكىرلىك ۋە بىر دىللىق قىلىپ ئىتتىپاقلاشتۇرىدۇ . بىرەر ئەقىدە ۋە ئېتىقادقا ئۆزىنى بېغىشلىمىغان ھايات — ھايات ئەمەس . ھېچبولمىغاندا ئادەم ئۆزىگە بولسىمۇ بىر ئەقىدە تۇرغۇزۇشى لازىم . ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ . ئادەم ئۆزىدە قانچىلىك دەرىجىدە ئادىمىيلىك ئالاھىدىلىك يېتىلدۈرەلىسە ، ئەسلىي ماھىيەتكە شۇنچىلىك يېقىنلىشىدۇ . سەن ئۆزۈڭدىكى ئادىمىيلىك ئالاھىدىلىكىنى

قانچىلىك يوقاتساڭ، ئۆزۈڭگە شۇنچىلىك ئاسىيلىق قىلغان بولىسەن. بالام، سەن ئۆزۈڭنى ھەقىقىي سۆيگەن چېغىڭدا بۇ دۇنيانى سۆيەلەيسەن، سەن بۇ دۇنيانى ھەقىقىي سۆيەلىسەڭ ئىنسان كامالىتى ۋە ئىنسان مەئىشىتى ئۇچۇن ھازىرلانغان بۇ كەڭرى دۇنيا سېنى چەكسىز ۋە يېتەرلىك شەرت - شارائىتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

بالام، سەندە چىن ئېتىقاد بولۇشىنىڭ يەنە بىر شەرتىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىشنى بىلىشتۇر. نادان ئادەمدە چىن ئەقىدە ۋە ئېتىقادنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. نادان ئادەمنىڭ ئېتىقادى سۇنىڭ ئېقىشىغا، شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئۆزگىرىۋېرىدۇ. سېنىڭ ئالىيجانابلىقىڭ ۋە پەسىلىكىڭمۇ ئەقىدىڭگە بولغان چىن مۇھەببىتىڭ تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇنى بىلگىنكى، ئەقىدە- ئېتىقاد دېگەن باشقىلارغا كۆز - كۆز قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ئەڭ ئىچكى قىسمىغا يوشۇرۇنغاندۇر. بالام، ھەقىقىي ئېتىقادنىڭ مەڭگۈلۈك بىر ئۆلچىمى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۆزۈڭ بىر پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۇچۇن پايدىلىق بولۇشۇڭ كېرەك.

بالام، سەن ئۆزۈڭدە ھەقىقىي ئەقىدە - ئېتىقاد تۇرغۇزالىغان بولساڭ، ئېتىقادىڭنى جان تىكىپ قوغدا. ئېتىقادىڭنى قوغداپ قالالمساڭ، باشقا قىممەتلىك نەرسىلىرىڭنى قوغداپ قېلىشىڭنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەقىدە- ئېتىقادىڭنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنگەن چاغدىلا، ئاندىن سەن ھەقىقىي قۇدرەتلىك ئادەمگە ئايلىنالايسەن. چۈنكى، ئېتىقاد پەقەت ئۆزۈڭگە تەۋە بولغانلىقى ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى ھەققانىي بولغانلىقى ئۇچۇن قىممەتلىكتۇر. ئەگەر سەن ئەقىدە قىلمۇاتقان

نەرسە ساڭا بەخت ئېلىپ كېلەلىشىگە ئىشەنمىسەڭ ياكى ئىستىقبالىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ياسىيالمىسا، ئۇ ئېتىقاد تەبئىيكى، خاتا ئېتىقاد بولىدۇ. ئىستىقبالى بولمىغان ئەقىدە- ئېتىقاد سېنى خاراب قىلىدۇ. شۇڭا، سەن ئېتىقاد قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى بىلەن ئۆلچىگىن. ئەگەر ئۇنىڭ ساڭا پارلاق ئىستىقبال يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشىگە كۆزۈڭ يەتمىسە، دەرھال ۋاز كەچكىن.

ئەي ئوغلۇم، مەسئۇلىيەتچان بولغايسەن، مەسئۇلىيەتچانلىق مەردلىكنىڭ مۇھىم بىر تارازىسى. مەسئۇلىيەتچانلىقنى سېنىڭ مەردانە خاراكتېرىڭنى نۇرلاندۇرىدىغان چىراغ دېسەك، بىپەرۋالىق سېنىڭ مەردانىلىك خاراكتېرىڭنى كۆمىدىغان گۆركاردۇر. چۈنكى، سەندىكى مەردلىكمۇ، ۋىجدانىمۇ، ئەقىدىمۇ، نومۇسىمۇ، ئىرادىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇڭنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ھەرقانداق قورقۇنچلۇق ھالەتمۇ ساڭا بىپەرۋالىقتەك ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرەلمەيدۇ. بىپەرۋا ئادەم ئۇخلاپ ماڭغان يولۇچىغا ئوخشايدۇ؛ ئۇنىڭ نە مەقسىتى، نە نىشانى بولسۇن؛ ئۇنداق ئادەمنىڭ مۇقىم مەيدانى بولمايدۇ، كىم نېمە دېسە شۇنىڭغا «ھە» دەيدۇ، قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كېچىنى كۈندۈز دە دېسە، نومۇس قىلماي شۇنداق دەيدۇ؛ ئۇنداق ئادەم بىردەم ھەممە نەرسىنى قارىلىسا، بىردەم ھەممە نەرسىنى ئاقلاشقا باشلايدۇ؛ يامان يېرى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى تەرەققىي قىلىپ، ياخشى بولامدۇ، يامان بولامدۇ، ھەممە نەرسىگە بىپەرۋا قارايدۇ. مانا بۇ ئەڭ قورقۇنچلۇق، شۇڭا بىپەرۋا ئادەمنى ئۆز كونتروللۇقىنى يوقاتقان پالەچ ئادەمدەك تەسەۋۋۇر قىل. ئۇنداق ئادەم ھېسسىياتتىن

مەھرۇم بولغان قۇرۇق گەۋدىگە ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇنداق ئادەم «جاھاننى سەل باسسا، تەرەپ - تەرەپتە ئىشەكنىڭ غېمى بولارمىش ھەلەپتە» دېگەندەك، ئەلنىڭ، خەلقنىڭ تەقدىرى قارىيىۋاتسىمۇ، ھەق - ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندىمۇ، ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك.

ئەي ئوغۇل، شۇڭا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا پۇختا بول. قولۇڭنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ قويساڭ، ئۇنىڭ سۈرى يەنىلا ئۆزۈڭگە كېلىدۇ. بىر نەرسىنى كۆرسەڭمۇ ئەستايىدىل قارا، بىرەر گەپ - سۆز ئاڭلىغاندىمۇ ئەستايىدىل بول. ھەرگىز بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى بولار، دەپ بىپەرۋالىق بىلەن ئىش تۇتما. شۇنى بىلگىنكى، مەسئۇلىيەتچان نادان ئادەم، بىپەرۋا دانادىن يۈز ھەسسە ياخشى. بىپەرۋالىق پەقەت ئىنسانىي تۇيغۇدىن مەھرۇم بولغان ئادەملەرنىڭ تۇتقان يولى. تۇرمۇشتا ئۇچرىغان ھەرقانداق مەسىلىلەرگە جىددىي قارا، سوغۇق قانلىق بىلەن تەدبىرىنى قىل. بەزىلەر «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دەپ قارايدۇ. مانا بۇ ئەڭ چوڭ بىپەرۋالىق. تۇرمۇشتا ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە يات، ۋىجدانىڭغا خىلاپ ئىش - ھەرىكەتلەرنى كۆرسەڭ، قول قوشتۇرۇپ تۇرمىغىن. خەقنىڭ ئىشى بىلەن كارىم يوق دېمە، سېنىڭ باشقىلار بىلەن كارىڭ بولمىسا، باشقىلارنىڭمۇ سەن بىلەن كارى بولمايدۇ. ئۆزۈڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئادەملەرنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى بىل. ئەگەر سەن باشقىلارنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىگە ئېتىبارسىز قارىساڭ، ئىنسان دېگەن نامغا داغ تەگكۈزگەن بولىسەن.

بالام، ھەرقاچان بىپەرۋا ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلە. بىپەرۋا ئادەملەر ساڭا زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، مۇناپىقلىقمۇ قىلمايدۇ.

ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردە ئىچىگە تىنىپ جىمجىتلىق ئىچىدە قىلغان رەزىللىكلىرى قاتىللارنىڭ زىيانكەشلىكىدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن. «ناھەقچىلىكنى كۆرۈپ تۇرۇپ كارى بولماسلىق شۇ ناھەقچىلىقىقا قاتنىشىش بىلەن باراۋەردۇر» (رۇسسو). بىپەرۋالىق سىنى بۇ دۇنيادىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ. بالام، ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ قىلما، ھەرگىز يامانلارغا يانتاياق بولما. يامانغا يانتاياق بولۇش ياخشىلارغا زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ.

بالام، ئۆزۈڭنىڭ جەمئىيەتتىكى، مىللەت، ئەجدادلار ۋە ئەۋلادلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىڭنى ھېس قىلىپ ياشاشنى بىل. مەسئۇلىيەت ساڭا ئىنتايىن قىممەتلىك سوۋغىلارنى بېرىدۇ، بىپەرۋالىق سېنىڭ يۈرىكىڭنى سوغۇرۇۋېلىشقا يارايدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن خاسىيەتلىك ئىشلار مەسئۇلىيەتچانلىق ساخاۋىتىدىن بارلىققا كەلگەن، ھاياتتىكى يەنە نۇرغۇن مەھرۇملۇقلار بىپەرۋالىقتىن يۈز بەرگەن.

× × ×

ئەي ئۇلۇغ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، كەلگۈسىگە ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن قارىغان بوۋا، كۆزىمىزنىڭ قارىچۇقىغا يېزىۋالغۇدەك ئۇلۇغ گەپلەرنى قىلدىڭىز. راست، مەردلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق كىشىلەرگە قىممەتلىك نېمەتلەرنى سوۋغا قىلسا، نامەردلىك ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك بار - يوقىمىزدىن مەھرۇم قىلىدىكەن. بىز بۇ ساۋاقلارنى ھەرگىزمۇ ئېسىمىزدىن چىقارمايمىز. ئەمدى بىزگە ھالال ئەجرىنىڭ خاسىيىتى ۋە ھۇرۇنلۇقنىڭ ھاقارىتى توغرىسىدا قىممەتلىك تەۋسىيىلىرىڭىزنى ئېيتقايسىز.

# ئون يەتتىنچى باب

## ئەجىر - مېھنەت ۋە ساخاۋەتنىڭ خاسىيىتى، ھورۇنلۇق ۋە خەسىسلىكنىڭ كاساپىتى توغرىسىدا

بالام، ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئاتا - ئاناڭ ساڭا مەڭگۈلۈك ھامىي بولالمايدۇ. ئۇلار سېنىڭ نامرات ۋە موھتاجلىقتا قېلىشىڭنى خالىمايدۇ. نامرات ۋە موھتاج دېگەن بۇ ھاقارەتلىك قالپاق ھەرگىز سېنىڭ بېشىڭدا تۇرۇپ قالمىسۇن. نامراتلىق ۋە موھتاجلىق ئىنتايىن ئېغىر ھاقارەتلەرنى ئېلىپ كېلىشكە قابىلدۇر. بالام، كۆرۈنۈشى پېقىر بولغان كىشىلەردە موھتاجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى گاداي دەيدۇ. بۇ ھەممە بالالارغا ۋە كىشىلەر ئارىسىدا خار ۋە ئېتىبارسىز بولۇپ قېلىشىڭغا سەۋەب بولىدۇ. ھەركىم موھتاجلىق يىپىغا باغلىنىپ قالسا، «ھايا ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن كەلىمىمۇ سېنىڭ ھاياتىڭنىڭ ۋەرەقىدىن ئۆچۈپ كېتىدۇ. بۇنداق ئېغىر كۈنگە قالغان ئادەم ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ لەززىتى ۋە قىممىتى بولمايدىكەن، ھاياتتىن بىزار بولۇپ، ئىزا ۋە زارلىققا ئۇچرايدىكەن. ئەقىل شاممۇ يورۇماس بولۇپ، زېمىن ۋە ئېتىقتىدارغا غەم، نۇقسان كەلتۈرىدىكەن. تۇرمۇشۇڭدا شۇنداق بالالار سادىر بولىدۇكى، توغرا تەدبىرىڭمۇ ساڭا زىيان - زەخمەت ئېلىپ كېلىدۇ، ھەرقانچە دىيانەتلىك بولساڭمۇ خىيانەت تۆھمىتىگە ئۇچرايسەن، ھېكمەت

بىلەن سۇغىرىلغان قىممەتلىك پىكىرنى قىلساڭمۇ، ئەيىبلىك ھېسابلىنىسەن. بايلار قىلسا ماختاشقا، ئالقىشقا سازاۋەر بولىدىغان ئىشلارنى سەن قىلساڭ، تەنە ۋە ئەيىبلەشكە ئۇچرايسەن، بۇ خۇددى بىر ئەمەلدار ياكى پۇلدارنىڭ ئادەتتىكى بىر تەكلىپى پۈتۈن ئادەملىنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا ئايلىنىپ، ئادەتتىكى بىر نامرات ئادەم ئۇلۇغ ھېكمەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويسىمۇ ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەنگە ئوخشاش. يەنە رېئال تۇرمۇشقا قارا: نامرات بىرەر ئىشقا جۈرئەت قىلىشقا نىيەت قىلغان بولسا، ئۆزىنى بىلمەي ھەددىدىن ئاشقىنىنى قارا، دەيدۇ؛ خەير - ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلاي دېسە ئىسراپخور، دەپ تىللايدۇ؛ ئەگەر ئېغىر - بېسىقلىقنى ئادەت قىلسا، بوشاڭلىقتا ئەيىبلەيدۇ؛ ئەگەر يالغۇزلۇقنى خالىسا «دەرۋىش بولماقچى ئوخشايدۇ» دەيدۇ؛ ئەگەر كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماق بولسا، «بۇنىڭغىمۇ ھەۋەس پەيدا بولۇپ قاپتۇ» دېسە، كۈلىدىغان بولسا «مەسخىرىۋاز» دەيدۇ؛ جىم ئولتۇرسا «ھېسسىياتسىز كالىدەك ئولتۇرىدۇ» دەيدۇ. ئىشقىلىپ موھتاج بولۇپ قالغان كىشى زامان ئەھلىنىڭ ئالدىدىمۇ، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ، دوست - يارەنلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ ئەيىبكار ۋە ئېتىبارسىز كۆرۈنىدۇ، ھەرقاچان قەددى كۆتۈرۈلمەيدۇ، يۈزىمۇ يورۇق بولمايدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ھال بىلەن سەندە تەمە سادىر بولۇپ قالغۇدەك بولسا، ھەممە خالايىقنىڭ كۆڭلىگە دۈشمەنلىك سادىر بولىدۇ - دە، ھېچقانداق ھاجىتىڭ راۋا بولمايدۇ. پۇلدار ئادەم نەچچە مىڭ يۈەن سورىسىمۇ خۇرسەنلىك بىلەن بېرىپ تۇرىدىغان ئادەم ساڭا بىر موچەن بېرىپ تۇرۇشنىمۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەقىلسىزلىق ھېسابلايدۇ.

بەخت - سائادەتنىڭ يىلتىزى ئەجىر بۇلىقىدىن

سۈغىرىلىدۇ. ئەجىر - مېھنەتسىز بەخت دىدارىنى كۆرەلمەيسەن. ئەجىرسىز، تەييارغا ھەييار بولۇپ ئېرىشكەن بەختنىڭمۇ قەدىر-قىممىتى بولمايدۇ. كونىلارنىڭ شۇنداق سۆزى بار: «ئەجىرسىز ئېرىشكەن بۇغداي ناندىن ئەجىر بىلەن ئېرىشكەن تېرىق زاغرىسى لەززەتلىك بولىدۇ». جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، تۇرمۇشتا پىشقان پەرزەنت خار بولمايدۇ. ھورۇنلۇق ۋە مېھنەتتىن قېچىش نامراتلىق، موھتاجلىققا سەۋەب بولىدۇ. ھورۇن ئادەم سەمىمىيەتسىز، يالغانچى بولىدۇ؛ ھورۇنلۇق يەنە خۇشامەتكە ۋە قۇللۇققا ئادەتلەندۈرۈپ قويىدۇ. ئىنسانغا موھتاجلىقتىن ئېغىر بەختسىزلىك يوق. نامراتلىق شەرەپ ئەمەس، ئۇ بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن مەھرۇم بولۇش دېگەن گەپ. نامراتلىق ۋە موھتاجلىق داغلىرىنى پەقەت ئەقىل- پاراسەت بىلەن ئەجىر - مېھنەت بىرلەشتۈرۈلگەندىلا يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدۇ.

بالام، ئۇيغۇرلاردا «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۈچۈڭنى خار قىل» دېگەن مەردلىك خىتابى بار. بۇ ھېكمەتنى يادىڭدىن چىقارما. ھورۇنلۇق بىلەن ئۆزۈڭنى يوقىرىقىدەك خارلىق ۋە موھتاجلىق بالاسىغا مۇپتىلا قىلما. ئادەم دېگەن ئىش قىلغانغا ھېچ نەرسە بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەمگەك سېنى قەيسەرلەشتۈرىدۇ، ۋۇجۇدۇڭنى جاسارەتكە تولدۇرىدۇ. سەن شۇنداق بىر قانۇنىيەتنى ھاياتىڭنىڭ مىزانى قىلغىنكى، ئەمگەكسىز ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ، ئەمگەكسىز ئۆتكەن ھاياتلىقنىڭ مەنىسىمۇ بولمايدۇ. سەن ئىزدىنىۋاتقان، ئىجاد قىلىۋاتقان ۋە مېھنەت سىڭدۈرۈۋاتقان چېغىڭدىلا ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالايسەن. سەن ئەمگەكتىن، مېھنەتتىن نومۇس قىلما، ھەتتا ئۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىش بولسىمۇ،

ھار ئالماي تىل - نومۇس قىلىش توغرا كەلسە بىكارچىلىقتىن ، ھارام تاماق بولۇپ قېلىشتىن نومۇس قىل . ھەرقانداق ھاقارەتمۇ ئادەمگە بىكارچىلىقتىن ئېغىر بولمايدۇ . ئەمگەك ساڭا ھەمراھ بولسا ئۆزۈڭنى يالغۇز ھېس قىلمايسەن ، زېرىكمەيسەن . شۇڭا ، قىلىۋاتقان ئىشىڭدىن نومۇس قىلماي ، بەلكى ئۆزۈڭ ئۈچۈن بىرەر مۇناسىپ ئىش تاپالمىغانلىقىڭدىن خورلۇق ھېس قىل . بىكارچىلىقتىن كەلگەن ھاقارەت دېغىنى ھېچقانداق سوپۇن بىلەنمۇ يۇيۇپ تازىلىيالمايسەن .

بالام ، ئەمگەكنىلا بىلىپ ئەمگەك قىلىشنى بىلمەسلىككە بولمايدۇ . چۈنكى ، ئەڭ ئۇنۇملۇك ئەمگەكنىڭ ئاساسىي شەرتى ئەمگەك قىلىشنى بىلىشتۇر . ئەڭ چوڭ تراگېدىيە دېيىلسە ، ئۆزۈڭنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى تۈپەيلى مۇمكىنچىلىكى بار ئىشنى مۇمكىنچىلىكى يوق ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشۇڭدۇر . ئەمگەكنىڭ ئۇنۇمى ئۆزۈڭ قىلالايدىغان ، چامىڭ يېتىدىغان ئىشنى قىلىش ئارقىلىق كۆرۈلىدۇ . قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىش ئۈچۈن باسقان ھەربىر قەدىمىڭ ساڭا مەھرۇملۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە بېرەلمەيدۇ . ھېلى ئۇ ئىشقا ، ھېلى بۇ ئىشقا چېپىش سېنى ئىككى كېمىگە دەسسىگەن ئادەمدەك ھالاكەتكە يېقىن قىلىدۇ ؛ يەنە بىرى ، ئايىغى چىقمايدىغان ، ئۇنۇمى يوق بىر تالاي ئىشنى قىلغىنىڭدىن كۆرە ، بىرەر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزگىنىڭ ياخشى . بىرەر ئىشنى قىلىپ ئاخىرىغا چىقىشقا كۆزۈڭ يەتمىسە ، ياخشىسى ئۇ ئىشقا قول تىقما . بىر ئىشنى باشلىغانىكەنسەن ، ھەرگىز يېرىم يولدا توختىتىپ قويما . ھەرقانداق بىر ئىشنى باشلاش ئاخىرلاشتۇرۇشتىن قىيىن بولىدۇ . قىيىنىنى قىلىپ ئاسىنى قالغاندا ، بەل قويۇۋېتىش ئىرادىسىزلىك بولىدۇ . ئىشتا سەۋرلىك ئادەم ئىرادىلىك ئادەمدۇر .

بالام، ئىشىڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭ يەنە بىر شەرتى سەن ئۆزۈڭ قىلىۋاتقان ئىشنى ھەقىقىي سۆيگىن، شۇندىلا ئەمگەك سەن ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك مەشغۇلاتقا ئايلىنىدۇ. ئۆزۈڭ خالىمىغان ھالاۋەتمۇ ساڭا مېھنەت يۈكىنى ئارتىدۇ. ئىشلىگەندە ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىڭنى بىلىپ قىل. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «كۆل پۈۋلىگۈچە چوغ پۈۋلە» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش بار. كۆلنى بىر ئۆمۈر پۈۋلىسەڭمۇ مۇراد ـ مەقسىتىڭ ھاسىل بولمايدۇ، چوغنى پۈۋلىسەڭ، ئۇنىڭدىن ئوت يېنىپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيسەن. بالام، ئەجىر ـ مېھنەت بىلەن ئېرىشىش مۇمكىن بولغان بەخت ـ سائادىتىڭنى ھورۇنلۇق بىلەن باشقىلارغا قول سۇنىدىغان ئېغىر كۆلپەتكە ئالماشتۇرمىغايسەن.

× × ×

بالام، تۇرمۇش تىرىكچىلىكى پۇلسىز ئۆتمەيدۇ، بىراق پۇل دېگەن ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسە ئەمەس. ياكى ئۇنى يەرگە تېرىپ ئالىدىغان قوناق، بۇغداي ئەمەس؛ ئۇنى خېلى زور ئەجىر ـ مېھنەت بىلەن، ھالال ئىشلىتىش بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بىر نان يېيىش ئۈچۈن بىر نانغا لايىق ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر يوئەن پۇل بولمىسا بىر كۈن ئاچ قالىدىغان ئىش. بىراق، قارا ئەمگەك بىلەنلا تۇرمۇش مەئىشىتىنى قورغىلى بولمايدۇ، ھازىرقى بازار رىقابىتىدە قابىلىيەتسىز، ئىقتىدارسىز ئادەم ھەرگىز ئىستېمال سەۋىيىسىگە ياندىشالمايدۇ. بالام، تۇرمۇش رىتىمى بەك تېزلىشىپ كەتتى، رىقابەت ئىنتايىن كۈچلۈك. ھەممە ئادەم پۇل تېپىش، پۇل ئىزدەشنىڭ كويىدا. بىكارچىلىق ئادەمنى كېرەكتىن چىقىرىۋېتىدۇ، چوڭ ئىش بولسۇن، كىچىك ئىش بولسۇن، ئىشنىڭ ئۆگىيى يوق، گەپ

قانداق ئىش ساڭا نان بېرەلىسە، ئۇ ئىشتىن ۋاز كەچكۈلۈك ئەمەس. بىر شەرت شۇكى، بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولغىن. بىر ئىشقا ھەقىقىي ئەقىدە قىلىپ مۇھەببەت بىلەن كىرىشسەڭ مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسى ساڭا ئېچىلىدۇ. سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك لەيلەپ يۈرسەڭ كىچىككىنە دولقۇنغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيسەن. ھەركىمنىڭ يولى ئۆزى بىلەن بىرگە بولىدۇ، ئۇ ئىش شۇلارنىڭ ئۆزىگىلا ماس كېلىدۇ، قىلىۋاتقان ئىشىڭ ئۆزۈڭگە ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا شۇ ئىشتىن نان تېپىپ يېيەلەيسەن. تەبىئەتتىكىگە مۇناسىپ كەلمىگەن ئىش ساڭا مۇناسىپ كەلمىگەچكىلا، ساڭا نان بەرمەيدۇ. بالام، جەمئىيەتتە ئىشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى قايسى ئىشنى قىلغان بولساڭ، شۇنىڭدىن نەتىجە يارىتىشتا. نەتىجىسى نامەلۇم بولغان يەرگە قەدەم باسما. پايانى مەلۇم بولمىغان يولدا يۈرۈش ۋە قىرغىقى كۆرۈنمەيدىغان دەرياغا ئۆزىنى ئۇرۇش ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. ئايىغى چىقمايدىغان خام تەمە ۋە نەتىجىسىز قۇرۇق «ئەگەر» لەرنىڭ زەنجىرىگە بەند بولۇپ قالمىغىن. غەم - قايغۇنى، سەۋرسىزلىكنى ئازراق قىلىپ، چارە - تەدبىر ئۈستىدە كۆپرەك ئويلاش لازىم. غەم - قايغۇ، غەزەپ ۋە ئاچچىقلىنىش تەپەككۇر يولۇڭنى ئېتىدۇ، تەدبىر تۇلپارىڭغا يۈگەن سالىدۇ، زېھنىڭنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ. نەتىجىدە، شۇ غەم - قايغۇنىڭ ئەسىرى بولىسەن - دە، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسەن. سەن ھەرگىز زاماندىن، شارائىتتىن ئاغرىنما؛ باھانە كۆرسىتىش ھورۇن، قابىلىيەتسىز ئادەملەرنىڭ ئىشى. پۇل تاپقانلارمۇ مۇشۇ زاماندا، مۇشۇ ماكاندا ياشاۋاتىدىغۇ، ئۇلارمۇ دەسلەپتە ئىشنى ئەڭ ئاددىي ئىشلاردىن باشلىغان. ھەرقانداق ئىشنىڭ تۈنجى قەدىمىنى ئېلىش

تەسرەك بولىدۇ. بىراق، تۈنجى قەدەمنى بەك ئۈيلاپ بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆزۈڭ تاپقان يولدىن يالتايما، ئۇ ئانداق ئىشنى قىلىپ پۇل تېپىپتۇ، بۇ مۇنداق ئىشنى قىلىپ پۇل تېپىپتۇ، دېگەن گەپلەر بىلەن باشقىلارنى دوراپ، نان بېرىۋاتقان ئىشىڭنى تاشلاپ قويساڭ، نېسىنى دەپ نەختىن قۇرۇق قالىدىغان، ياقاڭدىكىنى يالايمەن دەپ ئېتىكىڭدىكىدىن قۇرۇق قالىدىغان ئىش بولىدۇ. قانائەتسىزلىك قىلما، قابىلىيىتىڭگە قاراپ يول تۇت. ھەممە ئىش ئارزۇ قىلغاندەك، خىيالىڭدىكىدەك بولۇشى ناتايىن. بىرەر ئۇتۇقسىزلىقتا ئۇچرىساڭ ئۈمىدسىزلەنمە، نىيەتنى يامان قىلىپ، ئايىغى چىقمايدىغان ئىشلارغا تەۋەككۈل قىلما. بۇ دۇنيادىكى ئىشلار ھەرگىزمۇ ئادەمنىڭ ئارزۇسىدەك بولمايدۇ. ئادەمدە ئازراق قانائەت بولمىسا بەختلىك بولغىلى بولمايدۇ. «بىر كىشى ئۆي سېلىش ئۈچۈن تام ئەتمەكچى بولسا، تامغا خىشنى چاك باستۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر خىشنى پارچىلىماي تامنى تۈزەيمەن دەپ تام قوپۇرۇۋەرسە، پۈتكۈل يەر شارىغا تام ئېتىشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەرگىز بۇ چاكنى تولدۇرۇشنىڭ ئىمكانى يوقتۇر. ئەگەر تامنى پۈتتۈرمەكنى ئويلىسا چارىسى شۇكى، خىشنى پارچىلاپ چاكنى تولدۇرۇش بىلەن پىلاندىكى تامنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرۈپ چىقالايدۇ».

نەۋائىينىڭ بۇ مىسلى كىشىلەرگە ئىنساپ قىلىش مەنىسىدە ئېيتىلغان، لېكىن ئادەمنىڭ ماھىيىتى قانائەتسىزلىكتۇر. قانائەت قىلماق قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارنىڭ ئادىتى، بولۇقدا ئولتۇرۇپ تىرناق تاتىلىماق بىكار تەلەپ، ھۇرۇنلارنىڭ سائادىتىدۇر. بالام، پۇرسەت چېقىنىغا ئوخشاش تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنى غەنىيمەت بىلىش، ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆمرىدە چاققانلىق بىلەن ھوسۇل ئالماقنىڭ تىرىشچانلىقىنى قىلماق

لازىم. چۈنكى، ئادەم قېرىيدۇ، كېسەللىك بېلىڭنى مۈكچەيتىدۇ، پۇت - قولدا مادار ئۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالغاندىن ئۆلگەن ئەۋزەل. قولۇڭدا پۇل - مېلىڭ بولمىسا ھەتتا بالىلىرىڭنىڭ ئالدىدىمۇ ئېتىبارىڭ بولمايدۇ، قۇرۇق قول ئادەمدىن ھەتتا دوستلارمۇ قاچىدۇ. ئادەم ئۆلمەيدىغاندەك مېھنەت قىلىپ پۇل تېپىشى، ئەتە ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش لازىم.

بالام، قۇرۇق - مەنىسىز ئىشلار بىلەن ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزمە، ئۆزۈڭ قىلىۋاتقان ئىشنىڭ قىممىتىنى بىلىپ قىل. بولمىسا گۆھەر سۇزۇپ، مىسقال ئالىدىغان ئەخمەق غەۋۋاسلاردەك بولۇپ قالىسەن.

## ھېكايەت

ھېكايە قىلىنىشىچە، ئۇممان دەرياسىنىڭ ساھىلىدا ياشاۋاتقان بىر سودىگەر سودا ئۈچۈن دەريا ساھىلىغا باراتتى. ئۇ جاۋاھىر ئۈچۈن غەۋۋاسلارغا بىرنەچچە دەرھەم پۇل بېرەتتى. غەۋۋاسلار بېشىنى تۆۋەن قىلغىنىچە سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ، يۈز مىڭلارچە جاپا - مۇشەققەت بىلەن دەريانىڭ تېگىگە يېتەتتى. ئۇ يەردىكى سەدەپلەرنى ئېلىپ چىقىپ، سودىگەرگە بېرەتتى. سەدەپنىڭ ئىچىدىن يا ئۇششاق ئۈنچىلەر چىقاتتى ياكى بولمىسا بىرەر چوڭ گۆھەر تېپىلىپ قالاتتى. بۇنداق گۆھەرلەر شاھلار تاجىنىڭ شان - شەرىپى بولاتتى. لېكىن، ئۇ غەۋۋاسلارنىڭ ئالىدىغىنى ئازغىنە ئىش ھەققىدىنلا ئىبارەت ئىدى. سودىگەر شۇ قەدەر قىممەتلىك بايلىقلارنى قولغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن غەۋۋاسلارغا بىر - ئىككى يارماقتىن پۇل بېرىپلا بولدى

قىلالتى. غەۋۋاسلارمۇ بۇنىڭغا رازى ئىدى. ئەپسۇسكى، غەۋۋاسلار گەرچە گۆھەر - مەرۋايىتلارنى تونۇسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ نېمىنى بېرىپ، نېمىگە ئېرىشىۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى.

بالام، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا ئۇنىڭ ساڭا قانچىلىك مەنپەئەت يېتىشىنىلا ئويلىماي، ئۇنىڭغا قانچىلىك مېھنەت - تەرىك سىڭدۈرگەنلىكىڭنىمۇ ئويلا، بىر يىل ئەجىر قىلىپ ئاخىرىدا قۇرۇق قول قالىدىغان ئىش ئۈچۈن ئۆمرۈڭنى زايە قىلما.

بالام، تېجەشلىك بول، ھەرگىز ئىسراپخور بولما. «يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار» دېگەن ئەقىدىنى ئۇنتۇما. شۇنچە ئەجىر قىلىپ تاپقان ھالال پۇلنى ھارامغا خەجلەش، مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىپ شامالغا سورۇش ئەقىلدىن ئازغانلارنىڭ ئىشى. بىر ناننى خارلىساڭ، بىر كۈنى شۇ ناننىڭ خارلىقىنى تارتىسەن. بىر كوي پۇلنى بىھۇدە ئىسراپ قىلساڭ، بىر كۈنى شۇ بىر كوينىڭ خىجالىتىنى تارتىسەن. يۇقىرى مەرتىۋىگە چىقىش ناھايىتى مۇشەققەت بىلەن قولغا كېلىدۇ، لېكىن خارلىق مەرتىۋىسىگە چۈشۈش ناھايىتى ئاسان. بىر بۇردا ناننىڭ قانچىلىك ئەجىر بەدىلىگە كېلىدىغانلىقىنى بىلسەڭ ئىدىڭ، ئىسراپخورلۇقنى ھەرگىز ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمەس ئىدىڭ. سەن بۈگۈنكىنىلا ئويلىما، ئەتەڭنىمۇ ئويلا. سەن ھازىر ئاتا - ئانام بارغۇ دەپ ئۇلارغا يۆلىنىۋالساڭ، مۇستەقىل ئۆي - ئوچاقلىق بولغاندا قانداق قىلىسەن؟ كۈنىگە بىر يۈەن پۇلنى تېجىسەڭ، بىر يىلدا 360 يۈەن پۇلنى تېجەيسەن، كۈنىگە بىر كوي پۇلنى ئىسراپ قىلساڭ ئاخىرىدا قەرزگە بوغۇلىسەن، قەرز كۆتۈرمەك مۇشكۈل ئېغىر يۈك، بالام.

قولۇڭغا پۇل چۈشكەندە چەللىدە ئات چاپما، پەلەكنىڭ چاقى

ئايلىنىپ خارلىققا قالغاندا پۇشايماندىن باشقا چارە يوق. بەخت تۇتۇشنى بىلسەڭ ساڭا قۇت ئاتىدۇ، تۇتۇشنى بىلمىسەڭ، دەرھال سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئىككى يوەن پۇلۇڭ بولسا، بىر كويىنى خەجلەپ، بىر كويىنى تېجەپ قويغىن. دانالار ئېيتقان: دوستۇڭنىڭ ئالدىغا موھتاج بولۇپ بارغاندىن دۈشمىنىڭگە قالدۇرغىنىڭ ياخشى، دېگەن ئىبرەتنى ئۇنتۇما. ھېكمەت كىتابلىرىدا شۇنداق پۈتۈپتۇكى: «ھەر قانداق ئەرسىنى تېپىشقا قارىغاندا ساقلاش مۇشكۇل. ھەر قانداق نېمەت بەختنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن ھاسىل بولىدۇ، لېكىن ئۇنى روشەن ئەقىل ۋە ياخشى تەدبىر بىلەن چىڭ تۇتماي تۇرۇپ مۇھاپىزەت قىلماق مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ھەر كىشىگە ھوشيارلىق ۋە ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈش قۇۋۋىتى نېسىپ بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ قولىغا كەلتۈرگىنى ئۇزاق ئۆتمەي تالاپەت ۋە بۇلاڭ - تالاڭغا كېتىدۇ - دە، ئۇنىڭ ئۆزىدە ھەسرەت ۋە نادامەتتىن بۆلەك ھېچ نەرسە قالمايدۇ».

بالام، بەتخەجلىكنىڭ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى، ھاۋايى - ھەۋەسكە پۇل خەجلەشتۇر؛ ئىككىنچىسى، ئىچىملىك ۋە چېكىملىك ئۈچۈن پۇل خەجلەشتۇر. يۈزۈڭنى قارا قىلىدىغان، ئۆزۈڭنى خار قىلىدىغان ئىشلارغا پۇل خەجلەش بىغەرەزلىكتۇر؛ ئۈچىنچىسى، مەنمەنلىك، چوڭچىلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى كۆرسىتىش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلنىڭ ئاخىرىمۇ ساڭا خارلىق تونىنى كىيگۈزىدۇ. ھەر قانداق ئىشتا ئوتتۇراھال يول تۇتقان ياخشى. مېھماندارچىلىق ئىشىدىمۇ شۇنداق.

بالام، سېخىي بول، ھەرگىز خەسىس بولمىغىن. ئۇيغۇرلاردا «بىر چىشلەم نان مىڭ كىشىگە يېتىپتۇ، ئەڭ يېگەن تەنگە سىڭىپتۇ» دېگەن گەپ بار. سېخىي، مەرد بولساڭ

دوستلىرىڭ ئارىسىدا يۈزلۈك يورۇق بولىدۇ، كىشىلەرمۇ سىزنى سۆيىدۇ. ئادەم دېگەن يەپ - ئىچىپلا ياشىغىلى بولمايدۇ، كىشىلەر بىلەن بىرگە ياشايدۇ. ساخاۋەتلىك بولساڭ باشقىلار سىزنى سۆيىدۇ، خەسىس بولساڭ، مال - دۇنيايىڭدىن باشقا بىرەر دوستقىمۇ ئېرىشەلمەيسەن. خەسىس ئادەم خۇددى يىغىنسىز باھار بولۇتىغا، مېۋىسىز قۇرۇق دەرەخكە ئوخشايدۇ. يىغىنسىز بولۇت ھامان تۈگەيدۇ، مېۋىسىز دەرەخ ھامان ئۆتۈندۇر. ساخاۋەت ئىنسانىيەت بېغىنىڭ باھارى ۋە مېۋىلىك دەرىخى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم بولساڭ ئالىي ھىممەتلىك بول، ھىممەتلىك ئادەم ئېگىز ئۆچقان لاچىنغا ئوخشايدۇ، ھىممەتسىز ئادەم چاشقاننىڭ ئۇۋۇلىغۇچىسىدۇر. «بۆرىنىڭ ئورتاق، قۇزغۇننىڭ ياغاچ بېشىدا» دېگەن ھېكمەت تېپىلغىدە بولسۇن. ياشىغان ئىككەنسەن بۆرىدەك ياشا، ھەرگىزمۇ قۇزغۇندەك شۇم تەبىئەتلىك بولۇپ قالمىغىن.

بالام، ساخاۋەتلىك بولۇش دېگەنلىك خالايىققا مەنپەئەت يەتكۈزمەك، ئېھسان قىلىپ ياخشى نامغا ئېرىشمەك دېگەنلىكتۇر. ساخاۋەتلىك ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. ساخاۋەت بىلەن نام قازانغان ئادەم مەڭگۈ سائادەتلىكتۇر. ساخاۋەت يالغۇزلا پۇل - مال بېرىش بىلەنلا ئورۇندىلىدىغان ئىش ئەمەس، كىشىلەرگە ياخشى گەپ - سۆز، ياخشى خۇلق، ياخشى نىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ مەنپەئەت يەتكۈزۈشمۇ ساخاۋەتتۇر. ئۆزۈڭ قابىلىيەتلىك بولۇپ، ئىلىم - ھۈنىرىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ھاجىتىگە يارىغان بولساڭمۇ، بۇمۇ ئېسىل ساخاۋەت جۈملىسىدىندۇر. بىراۋغا ياخشى مەسلىھەت بېرىشمۇ ساخا - ساخاۋەتنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، بالام.

ساخاۋەت ساخا ئىككى خىل ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشى

مۇمكىن : بىرى ، سەن بىراۋغا ياخشىلىق قىلساڭ ، ئۇنىڭدىن ساڭا ھەم پايدا يېتىشىمۇ مۇمكىن ؛ يەنە بىرى ، سەن ياخشىلىق قىلغان ئادەمدىن ساڭا يامانلىق قايتىشىمۇ مۇمكىن . لېكىن ، ئۇ ئەل ئارىسىدا ۋاپاسىز نام بىلەن خار ۋە ئېتىبارسىز ؛ سەن ئەل نەزىرىدە ئۇلۇغ ۋە ئەزىز بولىسەن . شۇڭا ، باشقىلارغا ساخاۋەت قىلىشنى ئويلا ، بىراق ئۇنىڭدىن تەمە ئۇمىدىدە بولما . ساخاۋەتنىڭ يەنە بىر پايدىسىمۇ باركى ، سەن ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزگەن بولساڭلا سەندىن مەنپەئەت كۆرمىگەن كىشىلەرمۇ سېنى دوست تۇتۇشقا كۆڭۈل باغلايدۇ . شۇڭا ، بالام ، قولۇڭ ئۇزۇن بولىسىلا ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقمىقىڭ لازىم . موھتاجلار ھاجەت تەلەپ قىلىپ ئالدىڭغا كەلسە ، ھەرگىز قۇرۇق قول قايتۇرمىغايسەن . قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھاجەتمەن بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالساڭ ، قولىقىڭنى يوپۇرۇۋالما ، پامىڭنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا ياردەم قىل .

بالام ، پۇلۇڭ بولسا ئورۇنلۇق بىر ئىشقا ئىشلىتىۋالساڭ كۆڭلۈڭ خۇش بولىدۇ ، باشقىلارنىمۇ خۇرسەن قىلىسەن ، جايىغا سەرپ قىلىنغان پۇل نېمىدېگەن قىممەتلىك ؛ ئورۇنسىز سەرپ قىلىش نېمىدېگەن بىھۇدىلىك .

بالام ، بېخىل ئادەم پۇل تېپىش ، ئاسراش بىلەنلا ئاۋارە ، ھەسەتخورنىڭ پەس خۇي - پەيلىدىن تورمۇشى ئاچچىق . بىرى ، ئۆز پايلىقىدىن خار ۋزار ؛ ئىككىنچىسى ، ئۆزىنىڭ يامان قىلمىشىدىن مۇستەبەتدار . سەن ئۆزۈڭگە تەۋە مال - دۇنيايىڭدىن پايدىلىنالىساڭ ، ئۇ مال ئۆزۈڭگە تەن . خەسىسلىك بىلەن ئۆزۈڭمۇ يېمەي ، بالىلىرىڭغىمۇ بەرمەي توپلىغان پۇل دۈشمەندۇر . بالام ، مۇشەققەت بىلەن تاپقان پۇلۇڭنى ئۆزۈڭدىن ئايىما . پۇل دېگەن پاتقاققا ئوخشايدۇ ، ئۇنىڭغا قانچىلىك

ھېرىسمەنلىك بىلەن كىرىشسەڭ ، چوڭقۇر پاتسەن - دە ، چىقىشقا ئىمكان يوقتۇر . پۇل بىلەنلا ئىرىشىش مۇمكىن بولغان نېمەتلەردىن بەھرىسىز قالما.

بالام ، ئىسراپخورلۇق ھەرگىز ساخاۋەت ئەمەس ، بۇزۇپ - چاچقاننى ئەقىل ئىگىسى ھەرگىز سېخىي دېمەس ؛ ئورۇنسىز يەرگە پۇل چىقارمىغاننى ھېچكىم خەسىس دېمەس . ساخاۋەت قىلساڭ ، ھەرگىز كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن قىلما ، بۇ سېخىيلىق ئەمەس ، بەلكى بىھايالىقتۇر . دانالار شۇڭا : خەقنى كۆرسۇن دەپ بەرگەن ئادەم بېخىلدۇر ، دېگەن . بىر ئادەمگە مىننەت قىلىپ بەرگەندىن بەرمىگىنىڭ ياخشى ، بىر ناننى ئىككىگە بۆلۈپ ، يېرىمىنى ئاچقا بەرگىنىنى سېخىي دەيمىز . بىلگىنكى ، سېخىيلىق ھۈنەر بىلەن پۇل تېپىپ ئورۇنلۇق جايغا سەرپ قىلىشتۇر . بېخىللىق نادانلىق ۋە جاھىللىقنىڭ ئاشكارىلىنىشىدۇر . دانالار دېگەنكى ، ئىككى خىل ئادەم ئۆمرىنى بىكار ئۆتكۈزگەن ۋە ئۆزىگە ئەبەدىي ھەسرەت ،نادامەت يۈكىنى ئارتىپ كەتكۈچىدۇر : بىرى ، مېھنەت بىلەن ئىلىم ئۆگەندى ، ئەمما ئەمەل قىلمىغان ئادەم ؛ يەنە بىرى ، مال توپلاشقا ئەمگەك سەرپ قىلدى ، مېلىنى جايىدا ئىشلىتىشنى بىلمىگەن ئادەم . ئادەم ئەمەلىي ھەرىكىتىگە قاراپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ : بىرى ، دەيدۇ ، قىلىدۇ . بۇ تىرىكلىك يولىنى بىلىدىغانلارنىڭ قائىدىسى ؛ يەنە بىرى ، دېمەيدۇ ، قىلىدۇ ، بۇ مەردلەرنىڭ ئادىتى ؛ ئۈچىنچى ، دەيدۇ ، قىلمايدۇ . بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئادىتى ؛ تۆتىنچى ، دېمەيدۇ ، قىلمايدۇ ، بۇ بىر بېخىل ، ھىممىتى پەسلەرنىڭ ئادىتىدۇر .

بالام ، قولۇڭدا پۇل - مېلىڭنىڭ باردا كەمبەغەل ، تۇل خوتۇن ، يېتىم ئوغۇللارغا ، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ساخاۋەت قىل .

شۇنداق قىلساڭ، كېيىن نامراتلىقتا چۈشۈپ قالغۇدەك بولساڭ، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيسەن. ئەگەر قولۇڭدا بارىدا ئۇنى جايىدا ئىشلەتمەي بېخىللىق بىلەن سانىنى كۆپەيتمەك بولساڭ، ئۆزۈڭنىمۇ بەختلىك قىلالمايسەن ھەم بىر سەۋەب بىلەن موھتاجلىقتا چۈشۈپ قالساڭ، ئەلنىڭ كۆلكىسىگە قالىسەن. ئۇ چاغدا ساڭا ياردەم قىلىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ. تىرىشىپ پۇل تاپ بالام. لېكىن، ئۇنى ئورۇنلۇق ئىشلىتىشنى بىل. سېخىيلىق سېنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىڭنى ياپىدۇ، بېخىللىق ئەڭ يامان ئەيىبتۇر. جايىدا سەرپ قىلغان بىر پۇڭ زەرنىڭ قىممىتىگە باراۋەر. ئورۇنسىز يەرگە بەرگەن زەرباپ توننىڭ قىممىتى جايىدا بەرگەن ئەسكى چاپاننىڭ خاسىيىتىگە يەتمەيدۇ. ئادەمنىڭ مۇراد ئاسمىنىغا چىقىش مۇمكىن بولغان ھالدا تۆۋەن ۋە پەس جايىدا تۇرۇشى ھىممەتسىزلىكتىن بولىدۇ. راھەت چىمەنزارىدا پاراغەت غۇنچىسىنى تاماشا قىلىشقا قۇربىتى يار بەرگەن تۇرۇقلۇق، ئۆزىنى ئۆزى مېھنەت تىكەنلىكىگە ئورۇش ھىممەتسىزلىك ۋە خەسىسلىكنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

بالام، ھايات تەجرىبىلىرى ئىسپاتلىغانكى، ياخشىلىقنىڭ ساۋابىمۇ ئۆزۈڭگە، يامانلىقىڭنىڭ كاساپىتىمۇ ئۆزۈڭگە بولىدۇ. ياخشىلىق ئورۇقىنى چاچقانلار ياخشىلىق ھوسۇلىنى ئالىدۇ، يامانلىق ئورۇقىنى چاچقانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

ئەمدى مېھماندارچىلىق ئەدەپلىرى توغرىسىدىكى دەۋەتلىرىمگە دىققىتىڭنى ئاغدۇرغىن.

# ئون سەككىزىنچى باب

## مېھماندوستلۇق ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۆزىنى تۇتۇشنىڭ قائىدىلىرى توغرىسىدا

ئوغلۇم، مېھماندوستلۇق ئەنئەنىمىزنى ھەرگىز خەسىسلىك بىلەن يوقاتماڭلار. مېھماندوستلۇق ئىنساننىڭ ئۇچۇن ياخشى سۈپەت. ئۇ ئادەمگەرچىلىك، سېخىيلىق، ئىتتىپاقلىقنىڭ شاھىدى. مېھماندوستلۇقنىڭ شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، مېھمان چاقىرىش؛ يەنە بىرى، چاقىرغان يەرگە بېرىش. ھەر ئىككىسىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بولىدۇ. ئەگەر مېھمان چاقىرماقچى بولساڭ، ياخشى تەييارلىق قىلىپ، قولۇڭ ئۈزۈن ۋاقتىدا تەكلىپ قىل. چۈنكى، چاقىرماقنىڭ ئېتى ئۇلۇغ بولىدۇ. سالىدىغان كۆرپە، ئاش تارتىدىغان قاچا ـ سەرەمجانلىرىڭ پاكىز بولسۇن. يېمەك تۈرلىرى شۇنداق خىللانسۇنكى، تاڭسىق، ئەتىۋار تائاملار بىلەن داستىخىنىڭنى مول قىل. تائاملىرىڭ تاتلىق، مەززىلىك بولسۇن. مېھمانلىرىڭ ئىشتىھا بىلەن يېسۇن. بۇنداق قىلساڭ، مېھمانلىرىڭ سېنىڭ قەدىرلەۋاتقانلىقىڭدىن مەمنۇن بولۇپ سۆيۈنىدۇ، سېنىڭ دىلىڭمۇ يورۇق بولىدۇ. ئەگەر يېتىشەلمەيدىغان بولساڭ، چاقىرمايلا قوي. مېھمان چاقىرىپ قويۇپ ئۆزۈڭ قىسىلىپ قالىدىغان بولساڭ، بىر تەرەپتىن، ئۆزۈڭ ئوڭايسىزلىنىپ قالىسەن

ئىككىنچى تەرەپتىن ، باشقىلار «هالىغا قاراپ مېھمان چاقىرماي ، يېخسىقلىقىنى» دەپ مەسخىرە قىلىپ ، بىر قوسۇرىڭنى مىڭ قىلىپ كۆرسىتىدۇ . ياخشى ئىش قىلىمەن دەپ يامان ئاتىلىپ قالىسەن .

4647 چاقىرمىساڭ ئاشقا قوسۇر بىر بولۇر ،
چاقىرساڭ كۆرگەنلەر بىردىن يۈز قىلۇر .

شۇڭا ، ئىلاج بار يېمەكنى كەڭرى قىل . مېھمانلار تويۇنۇپ يېيىشسۇن . لېكىن ، ئىسراپ قىلىنىشمىسۇن ، چاقىرىش توغرا كەلسە يېقىن قەلبداشلىرىڭنى ، ساڭا ھەقىقىي كۆڭۈلداش ، قولداش بولالايدىغان كىشىلىرىڭنى تەكلىپ ئەت . كۆڭۈل ئاغرىقىدىن ئېسەن بولاي دېسەڭ ، ئۆزۈڭگە يېقىنچىلىق يۈزىنى ئاچقان ، كۆڭلىدە ساڭا نىسبەتەن ئەقىدىسى بار كىشىلەردىن بىرىنى چاقىرىپ ، بىرىنى قويما . كەلسە - كەلمىسە ھەممىسىگە دەپ قويغىن . كەلسە كۆپىنىڭ قاتارىدا كېتىدۇ ، كەلمىسە سېنىڭ سەۋەنلىكىڭ بولمايدۇ . يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلغىنكى ، تائام ھەممە مېھمانلارغا يېتىشسۇن . تۆگەپ كەتسە يەنە قايتا تارت . كېچىككەنلەرگە ئېرىنمەستىن قايتا داستىخان ھازىرلىغىن . تائامنى ئاۋۋال چوڭلارغا تارتىپ ، ئاندىن كىچىكلەرگە تارتماق لازىم . مېھمانلارنى تاماق يەتمەي قايتۇرۇشتىن ساقلان . ئاچ قىلىپ سېنى تىللاپ يانمىسۇن . غىزادىن كېيىن ھەر خىل ھۆل-قۇرۇق يېمىشلەرنى ۋە باشقىلارنى قويغىن . زىياپىتىڭ ئاشۇنداق مولچىلىق بىلەن بېزەلگەن بولسا ، ئىشىكىڭنى ئوچۇق قوي ، قايتىدىغانلار بولسا ھەرگىز توسما . شۇنىڭدا سېنىڭ مېھماندوستلۇقۇڭ ئەيىبتىن خالىي بولىدۇ . ئەيىب

ئىزدىگۈچىلەرنىڭ، غەيۋەت قىلغۇچىلارنىڭ تىلى قىسقىراپ، غەيۋەت قىلىشقا تىل ئۇزىتالمايدۇ.

ئوغلۇم، چاقىرغان جايغا بېرىش ۋە باشقىلارنى چاقىرىشتا ئوخشاشمىغان تۆت خىل كىشى بار: بىرىنچى خىلدىكىسى، ئاشقا تەكلىپ قىلىنسا دەرھال بارىدۇ، تۈز ـ تائامنى يەپ بولۇپ، ئۆز ئۆيىگە مېھمان چاقىرىشنى ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايدۇ. ياپقىنىنى ئۆز قارنىغا تىقىشنىلا بىلىدۇ؛ ئىككىنچى خىلدىكىسى، تەكلىپ قىلىنغان جايغا بارىدۇ، ئۆزىمۇ مېھمان چاقىرىپ ئادەمگەرچىلىكنى بەجا كەلتۈرىدۇ؛ ئۈچىنچى خىلدىكىسى، چاقىرغان جايغىمۇ بارمايدۇ، ئۆزىمۇ ھەم ھېچ كىشىگە نەپ بېرىشنى خالىمايدۇ، مۇنداق كىشىنى ئۆلۈك ھېسابلا، ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ قالما؛ تۆتىنچى خىل كىشىلەر تۈركى، باشقىلارنىڭ تۈزىنى چاقىرىشنى تەمە قىلمايدۇ. تۈزى بولسا نەچچە ـ نەچچە مال سويۇپ كىشىلەرگە يېگۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغىنى تۆتىنچى خىلدىكى كىشىلەردۇر.

ئوغلۇم، يەنە بىر مۇھىم ئەدەپ باركى، غېرىپ مۇساپىرلار ئىشىكىڭگە پاناھ تىلەپ كەلسە، يۈزىگە ئىشىك ياپما. ئۇلارنى ئۆيۈڭگە ئەكىرىپ ياخشى مېھمان قىلىپ يولغا سال. ئادەمنىڭ ئادەمگە ھاجىتى چۈشىدۇ. سەن باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ قويساڭ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ياخشىلىقىڭ باشقىچە سۈرەت بىلەن ئۆزۈڭگە قايتىدۇ.

بالىلىرىم، ئەمدى زىيابەتكە ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلارغا بارغاندىن كېيىن، ئەدەپ ـ ئەخلاق كەمىرىنى بەلگە باغلاپ، نەپسىڭ ئۈگرىنى ئەقلىڭ تەۋەلىكىدە غالىبلىق ئۇسۇلىنى ئويناشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر قانچە قائىدە ـ يوسۇنلارنى

ئۆزۈڭگە ھاكىم قىل.

مېھمان چاقىرىشتا كىمنى تەكلىپ قىلىش، كىمنى تەكلىپ قىلماسلىقنى پەرق ئېتىش زۆرۈر بولغانغا ئوخشاش، زىياپەتكە بېرىشتىمۇ قانداق يەرگە بېرىش، قايسى جايغا بېرىشتىن باش تارتىش، قانداق مەرىكىلەرگە ئاۋۋال بېرىش، قايسى جايغا كېيىندىن بېرىشنى بىلىشمۇ ناھايىتى مۇھىم. چاقىرغۇچىلارمۇ ھەر خىل، سەۋەبلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. نىكاھ تويى، سۈننەت تويى، پەرزەنت تۇغۇلغانلىق تەبرىك پەتىسى بولسۇن ياكى نەزىر-چىراغ، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى، تەكتۈش، قېرىنداشلارنىڭ چايلىرى بولسۇن، قايسىسىغا بېرىش ئەڭ زۆرۈر بولسا شۇنىڭغا بارغىن. ئەڭ ئاۋۋال ئاداش، قولداش، قاياشلىرىڭنىڭ ئىشىنى يەپ، ئۇلارنى خۇشال قىل! يېقىن قوشنىلىرىڭنىڭ زىياپەت بەرسە ياكى دوستۇڭ دەۋەت قىلسا، ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ كۆڭلىنى ئال. دىلىڭ تارتمىغان، ئۆزۈڭ مۇناسىپ كۆرمىگەن جايغا ھەرگىز بارمىغۇلۇق. قورۇنۇپ، قىستىلىپ قالىسەن، كۆڭلۈڭ ئازادە بولمايدۇ. نامۇناسىپ كىشىلەر چاقىرىلغان بولسىمۇ، ئۇنداق ئولتۇرۇشقا بېرىشتىن باش تارت؛ نورمال بولمىغان كىشىلەر ئارىلاشقان ئولتۇرۇشتا ئاداۋەت ساقلىغۇچىلارنىڭ، مەستلەرنىڭ سەۋەبىدىن ھەر خىل جېدەل - ماجىرالار بولماي قالمايدۇ. كۆڭۈل يېشىمەن دەپ بېرىپ، دىلىڭ چىگىلىدۇ. دېمەك، بىر كاپام ئاش ۋە بىر ئوتلام ئىچىملىكنى دەپ بېرىپ ئۆزۈڭنى خار قىلما. ئوغلۇم، كۆڭلۈڭنى ئۇۋلاش، سېنى ئەسىر قىلىش ئۈچۈن قەستەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان كاناي تىلىمىكىگە ئىلىنىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلە. ئىغىز يېسە يۈز ئۇۋېتىپتۇ دېگەندەك، ئۇلارنىڭ غەرەزلىك تاشلىغان تورىغا چۈشۈپ قالساڭ، پەسكەشلىك بىلەن ئۇلارغا قول بولىسەن. دۈشمەنلىرىڭ، يامان

نىيەتلىك كىشىلەر نەپسانىيەتچىلىكتىن پايدىلىنىپ مەقسىتىگە يېتىدۇ . سەن دۈشمىنىڭگە باش ئېگىشكە مەھكۇم بولسەن . مەن بەزى ئەزىز كىشىلەرنىڭ گالغا ئەسىر بولۇپ رەسۋاچىلىقتا بۇلغىنىپ ، يەر بىلەن تەڭ بولغىنىنى كۆپ ئۇچراتتىم .

4593 – گېلىڭغا ئەسىر بولما ، ئى نەپسى چوڭ ،
ئەسىر بولساڭ ، تېپىلماس قۇتۇلۇش يولۇڭ .

ھەرقانداق زىياپەتكە سورۇن تاللاپ بېرىشنى ئادەت قىلغاندىن كېيىن ، ئەمدى بارغان سورۇنلىرىڭدا ئۆزۈڭنى قانداق تۇتۇشنى بىلىش مەسىلىسىمۇ بار . ھەرقانداق سورۇنغا بارساڭ ، تائامنى ئەدەپ - قائىدە بىلەن يېگىن . مۆتىۋەر كىشىلەر قولىنى ئاشقا سۇنماستىن بۇرۇن ھەرگىز قولۇڭنى ئاشقا ئۇزىتىپ قالما . چوڭلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەدەپ بىلەن ئوڭ قولۇڭنى ئۇزاتقىن . نەپسىڭ بالاسى جەھەننەمگە ئۇزىتىشقا ھازىرلانغان بولسىمۇ ، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى لوقمىغا قول سۇنما . ئالدىڭدا نېمە بولسا شۇنى يېگىن ، داستىخاندا ئورنۇڭ نەگە توغرا كەلسە ، شۇ يەردە ئولتۇر . ھەرگىز سورۇلۇپ يۇقىرى چىقىۋالما . تائام يېگەندە ئالدىراپمۇ كەتمە ، ئاياللاردەك نازلىنىپمۇ تۇرما . دوستۇڭنىڭ ئىشتىنى ئىھتىياجىڭغا قاراپ زورۇق بىلەن يېگىن . ئۆي ئىگىسى كۆرۈپ خۇشال بولسۇن . ساھىبخان شۇنچە ئەجىر قىلىپ راسلىغان غىزالىرىڭنى مېھمانلار يېمىسە ، كۆڭلى بەك پەرىشان بولىدۇ . مېھماننىڭ ھەققى ئالدىغا كەلگەن تائاملارنى ماختاپ - ماختاپ يېيىش ، سېنى ئادەم ئېتىپ شۇنچە كايىسا ، سەن رەنجىتىپ قويساڭ ، كۆڭۈل ئايىمغان بولۇپ قالىسەن . ئاچ كۆزلۈكتىن ساقلان . يېمەكنى ئۇششاق يۇمشىتىپ يە . ئالدىراپ

پۈتۈن يۇتۇۋەتمە، قىزىقىنى قىزىق ئۇتلاپ قالما. كۆپ يەۋېلىپ، تەن ساقلىقىڭغا بىسىم سالما. گەپنىڭ قىسقىسى، ئوغلۇم، نەپسىڭ ھاكىملىق قىلىپ پەزىلىتىڭنى پەسلەشتۈرمىسۇن.

ئوغلۇم، ئەمدى ئىككىنچى گەپ: زىياپەت سورۇنلىرىدا بولسۇن ياكى جامائەت سورۇنلىرىدا بولسۇن، ئەدەپ ساقلاشنى بىلگەيسەن. چوڭلارنىڭ، ئۇلۇغلارنىڭ قېشىغا كىرسەڭ ۋە ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدە بولساڭ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كۆرەڭلەپ قوللىرىڭنى سىلىپ كىرمىگىن. باشقىلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئال، غاپىل تۇرما. ئۆز ئورنۇڭنى بىلىپ ئولتۇر. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە چوڭ - كىچىكلىكى، بىلىملىك - بىلىمسىزلىكى، جامائەت ئالدىدىكى قەدىر - قىممىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ۋە مەرتىۋىسىگە قاراپ بەلگىلىك ئورنى بولىدۇ. ئۆز ئورنىنى بىلمەسلىك ئۆز ھۆرمىتىنىڭ دەرىجىسىنى بىلمىگەنلىك بولىدۇ. ئۇلۇغلارنىڭ يۇقىرىسىغا ئۆتۈۋالساڭ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. ئۆزۈڭدىن تۆۋەن كىشىلەرنىڭ ئايىغىغا چۈشۈپ قالساڭ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ پەسلەشتۈرگەن بولىسەن. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا كەلسە - كەلمەس يەرگە تۈكۈرۈپ قالما ھەم بۇرنۇڭنى تاشلىما. بۇ بەكمۇ يامان ئادەت. زۆرۈر تېپىلسا خالىي يەرگە بېرىپ ئۆزۈڭنى بوشىتىۋال. گېلىڭنى قاتتىق قاقما. ئولتۇرغاندا كىبىرلىك بىلەن بەداشقان قۇرۇپ، پۇتلىرىڭنى سۇنۇپ ئولتۇرما. يانچە يانپاشلاپ ياتمىغىن. «بىلىگە سۇيۇقئاش بارمىغان بالىكەن» دېگەن ئەيىبكە قالىسەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ باشقىلارغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك ۋە كۆزگە ئىلماسلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالىدۇ. باشقىلارنى كۆزۈڭگە ئىلمىساڭ، سەنمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايسەن.

ئوغلۇم، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقىغا ئۇيغۇن كونكرېت

تەلەپلەر مۇنداق بىر قانچە تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك:

(1) كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ۋە سالاملىشىشتىكى ئەدەپ.

بالام، سىنىڭ پەزىلىتىڭ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش، كۆرۈشۈش، ئۇچرىشىش جەريانىدا روشەن كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ۋە كۆرۈشۈشنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەدەپ - قائىدىسى بار. بۇ بىزدىكى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك ئەنئەنىنىڭ بىرى. مۇبادا سەن بىر كىم بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۆيىگە كەلگەن بولساڭ، ئالدى بىلەن ئىشىكنى ئاستا چېكىپ (قاتتىق ئۇرۇشمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ) ئىزنى (رۇخسەت) سورايسەن. ئۆي ئىچىدىن «كىم» دەپ سورىسا، «مەن پوكۇنى» دەپ ئىسمىڭنى ئېيتىسەن. «مەن» دەپلا قويۇش ئەدەپسىزلىككە ياتىدۇ. ئۆي ئىگىسى ئىچىدە تۇرۇپ «كىمنى ئىزدەيسىز» دېسە ئىزدىمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئىسمىنى دېيسەن، ئەگەر كىرىشكە ئىجازەت بەرسە كىرىسەن، ئەگەر باشقا جاۋاب بولمىسا كېتىپ قالغىنىڭ تۈزۈك.

ئۆز ئارا سالاملاشقاندا، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىش، سالامنى «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ ئىلىك ئېلىش. سالام كىشىگە ئەمىنلىك، سالامەتلىك ئاتا قىلىدۇ.

5055 سالامدۇر كىشىگە ئىسەنلىك يولى،
سالامنى قويۇلۇر ئىسەنلىك ئۇلى.

5058 ئامان بەردى ئەلگە سالام بەرگۈچى،
سالامەت بولۇر ئۇ ئىلىپ ئالغۇچى.

سالامنىڭمۇ مۇنداق ئادەت تەلەپلىرى بار ، دىققەت قىلغىن :

ئۇيغۇرلاردا ئىككى مۆمىن ئۆز ئارا ئۇچراشقاندا ، بىر - بىرىگە سالام قىلىدۇ . سالام قىلماسلىق ۋە سالامنى ئىلىك ئالماسلىق ئەدەپسىزلىك بولىدۇ . سالام بەرگەندە ۋە جاۋاب قايتۇرغاندا قارشى تەرەپ ئاڭلىغۇدەك بولسۇن . ئەگەر سەن جامائەتنىڭ ئالدىغا كىرسەڭ ، چوڭلار بىلەن ئۇچراشساڭ ، ئالدى بىلەن سالام قىلىسەن ، ھەرگىز جامائەت ئارىسىدىكى بىرەر ئادەمنىڭ نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ سالام قىلىشقا ، خوشلاشقاندىمۇ بىرەر ئادەمنىڭ نامىنى ئاتاپ خوشلىشىشقا بولمايدۇ . چوڭ كوچىدا ۋە بازاردا تونۇشتىن باشقا ئادەمگە سالام قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ . ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىدىن ساڭا سالام ئېيتقان بولسا ياكى خەت ئارقىلىق سالام ئەۋەتكەن بولسا ، دەرھال جاۋابىنى قايتۇر ، بولمىسا ئەدەپسىزلىك سەن تەرەپتىن سادىر بولۇپ ، رىشتىنى ئۈزۈشكە سەۋەب بولۇپ قالىسەن . سالام - سەھەتنىڭ يەنە بىر قائىدىسى مەرتىۋەڭ ھەرقانچە چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ كىچىكلەرگە ئاۋۋال سالام بېرىسەن .

5060 كىچىككە ئۇلۇغدىن كېرەكتۇر سالام،

شۇ بىرلە جىمى ئىش بولۇر تامام.

ھارۋىدا ، ئاپتا ياكى موتسىكلىتتا بولساڭ تۇرغان ياكى ئولتۇرغانلارغا سالام بېرىسەن . جامائەتنىڭ ئالدىدىن ھەرقانداق قاتناش قوراللىرىنى تېز چاپتۇرۇپ ھەيدەپ ، توپا توزۇتۇپ ئۆتۈش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ . بولسا سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ سالام قىلىپ ، ئاندىن تېزلەتسەڭ ئەدەپسىزلىك بولمايدۇ . ماڭغان بولساڭ ئولتۇرغانلارغا سالام بېرىسەن ، ھەرگىز ئولتۇرغانلاردىن

سالام كۈتمەيسەن. ئازچىلىق كۆپچىلىككە، باشلىق پۇقراغا سالام قىلىدۇ. بولمىسا قائىدىگە خىلاپ.

تۆۋەندىكى ئەھۋالدا سالاملىشىش تەلەپ قىلىنمايدۇ: ماشىنىدا كېتىۋاتقان، تەرەت سۇندۇرۇۋاتقان، ئۇخلاۋاتقان، يۇيۇنۇۋاتقان، تائام يەۋاتقان كىشىگە سالام قىلمىسىمۇ بولىدۇ، جاۋابمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ.

مۇنداق كىشىلەر بىلەن ئۇچراشساڭ سالاممۇ قىلما، سالىمىنىمۇ ئىلىك ئالما: پىتنە - پاسات تارقاتقۇچى، سۇخەنچى، پاسىق، ناپاك، زالىم، ئۆكتەم، قارا نىيەت، بۇزۇق ئادەملەر.

سالاملىشىش شەكلىنىمۇ تۇرلۇك ئەدەپ - قائىدە بار.

كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا قول ئېلىشىپ كۆرۈشىسەن. بىر قول بىلەن كۆرۈشۈش ياكى قولنىڭ ئۇچىنىلا بېرىپ كۆرۈشۈش ئەدەپسىزلىك ۋە تەكەببۇرلۇق بولىدۇ. شۇڭا، ئىككى قول بىلەن ئالىقانىنى ئالىقانغا تەگكۈزۈپ كۆرۈشسەڭ يېقىنلىق پەيدا قىلىدۇ. قول ئېلىشقاندا قاتتىق سىلكىپمۇ، قاتتىق سىقىپمۇ كۆرۈشمەسلىكىڭ، نورمال كۆرۈشۈشۈڭ كېرەك. بەك يېقىن كىشىلىرىڭ، دوستلىرىڭ ۋە ئۇزۇن زامان كۆرۈشمىگەن تۇغقانلىرىڭ بىلەن قاتتىق قول سىقىشىپ كۆرۈشسەڭ، ئەدەپسىزلىك بولمايدۇ. قىزلار كۆرۈشكەندە قول ئېلىشىپ كۆرۈشسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئادەت بويىچە بولغاندا يۈزىنى يۈزگە يېقىپ كۆرۈشكەندە، تېخىمۇ نازاكەتلىك ۋە يېقىنلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشتە مۇنداق بىرقانچە شەرت بار: سەپەردىن كەلگەن يېقىن تۇغقانلار، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، مۇھەببەتنى، سېغىنىشنى ئىپادىلەيدۇ؛ قۇرامىغا يەتمىگەن ئوغۇل ۋە قىزلارنى قۇچاقلاپ ھەم يۈزىنى سۆيۈپ كۆرۈشسە بولىدۇ. يات ئەر -

خوتۇنلار ھەرقانچە يېقىن بولسىمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش چەكلىنىدۇ. ئەر - ئاياللارنىڭ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشىدە ئانا-بالا، ئەر-خوتۇن (ئەر-خوتۇن، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قۇچاقلىشىشتىن ھايا قىلىشى كېرەك)، بىر تۇغقان ۋە بىر نەۋرىلەر قۇچاقلىشىپ كۆرۈشسە بولىدۇ. بالام، بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا مۆتىۋەر، ئۇلۇغ كىشىلەرنى كۆرسە قولىنى سۆيۈپ كۆرۈشۈش ئادىتى بار ئىدى. ھازىر قولىنى سۆيۈپ كۆرۈشۈش توغرا ئەمەس.

خوشلىشىشمۇ كۆرۈشۈشكە ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم. خوشلىشىشتىمۇ قول ئېلىشىپ، قۇچاقلىشىپ خوشلىشىش قائىدىسى كۆرۈشۈش تەلەپلىرىگە ئوخشاش. ئامانلىق تىلىگەندە مۇنداق سۆزلەر قوللىنىلىدۇ: «خۇدا ساقلىسۇن، خۇداغا ئامانەت، سالامەت بولۇڭ، ئامانلىق تىلەيمەن، سالامەت كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلسۇن، ئىشلىرىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولسۇن». ئەگەر بىرەر كۈنلۈك ئايرىلىدىغان بولسا: «خەير-خوش، ئەتە كۆرۈشەرمىز»، ئەگەر كەچ ۋاقىت بولسا: «ياخشى چۈش كۆرۈڭ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن خوشلىشىش ياخشى. كۆرۈشكەندە ياكى خوشلاشقاندا، قارشى تەرەپكە ئوچۇق-يورۇق، خۇش چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

(2) ياسىنىش ۋە كىيىنىش ئەدەپلىرى

بالام، ياسىنىش ۋە كىيىنىشنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئەدەپ-قائىدىسى بار. ئالدى بىلەن كىيىم - كېچەكلىرىڭ پاكىز، تازا بولسۇن، رەتلىك كىيىنگىن، بولۇپمۇ ئاممىۋى سورۇنلارغا بارغاندا، كىيىم - كېچەككە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىشىڭ كېرەك، ئۇ سېنىڭ شۇ سورۇندىكىلەرنى ھۆرمەت قىلغانلىقىڭ بولىدۇ. ئاممىۋى سورۇنغا ساڭگىل - سۇڭگۇل، مەينەت، قاسماق

كىيىملەرنى كىيىپ بارساڭ ئۆزۈڭنىڭمۇ ئېتىبارى بولمايدۇ، دۈشمەنلىرىڭ بولسا كۈلىدۇ، سورۇننىمۇ كۆزگە ئىلمىغان بولۇپ قالىسەن. ئوغۇل بالا قورامىغا يېتىپ قالغاندىن كېيىن، مويسىپىتلارنىڭ ۋە قىز - ئاياللارنىڭ ئالدىدا يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە تۇرۇشى ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. قىزلار ئائىلىدە بولسۇن ياكى ئاممىۋى سورۇنلاردا بولسۇن، يەڭسىز، قولتۇقى ئوچۇق مايكىلارنى كىيىشى، تىزىدىن يۇقىرى، تار، مىڭىشتا قىينىلىدىغان يوپكىلارنى كىيىشى ھاياسىزلىق سانىلىدۇ. ئوغۇل بالا كىيىم - كېچەككە ئارتۇق ھەۋەس قىلماسلىقى، قىزىل - تېزىل كىيىملەرنى كىيمەسلىكى، قولىغا ئۈزۈك، بوينىغا زەنجىر ۋە باشقا زەرلىك نەرسىلەرنى زىننەت ئۈچۈن سېلىۋالماسلىق كېرەك. بۇ ھال ئاياللار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغانلىق بولىدۇ ھەم كىشىلەرنىڭ غىدىقىنى قوزغايدۇ. ئېسىل كىيىملەرنى كىيسەڭ بولىدۇ، لېكىن ياسانچۇق، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىك، ھاۋايى - ھەۋەس ئۈچۈن ياسىنىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. شەيخ سەئدى «گۈلىستان» ناملىق كىتابىدا شۇنداق بىر مىسال كەلتۈرىدۇ: «بىر يوغان قورساق ئەخمەقنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئۈچىسىدا قىممەت باھالىق تون، ئاستىدا ئەرەب ئېتى، بېشىدا مىسىرنىڭ ئېسىل رەختتىن قىلىنغان سەللىسى بار ئىدى. ئۇ ئات ئۈستىدە ھېچكىمنى پىسەنتىگە ئالماي گىدىيىپ ئولتۇراتتى. بىر ھەمراھىم مەندىن سورىدى: سەئدى، بۇ پەسىز ھايۋاننىڭ ئۈچىسىدىكى كىمخاب تونىغا قانداق قارايسەن؟

مەن دېدىم: «مەزمۇنى يامان خەت ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلىپتۇ، خالاس!»

شىربانۇ ھۆكۈمرانلىق تەختىدە سەلتەنەت سۈرۈۋاتاتتى، دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»دا، ئۇنىڭ بىر

ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئاجايىپ قىممەت باھالىق سەرپاي كىيمۋالغانىدى، بۇنى كۆرۈپ ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، پادىشاھلار تونى شۇنداق بولغايكى، ئۇ ھېچ كىشىنىڭ خەزىنىسىدە بولمىغان ۋە خۇشخۇيلۇق يوسۇنلىرى بىلەن ئۆزگە تەرتىپ بەرگەن كىشى ھەممىدىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق ئېگىن نەدە بار؟ — دېدى شاھزادە. پادىشاھ:

— ئۇنداق ئېگىننىڭ ئۆرۈشى خۇشخۇيلۇق، ئارقىقى مۇلايىملىقتىن ئىشلەنگەندۇر. بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرمىسەڭ، شۇنى بىلگىنكى، ئالەمدىكى بارلىق ياخشى سۈپەت ۋە خۇشخۇيلۇق يوسۇنلىرى بىلەن ئۆزگە تەرتىپ بەرگەن كىشى ھەممىدىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، — دېدى.

شۇڭا بالام، گۈزەل خۇلق مىڭ كىمخاب تونىدىن ياخشى. ئەگەر ئېسىل كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىۋېلىپ ئەخلاقسىزلىق، ھاياسىزلىق قىلساڭ، ھەممە ئادەمگە پېقىر ۋە پەس كۆرۈنىسەن.

(3) سەپەر ۋە يول يۈرۈشتىكى ئەدەپ

بالام، ئۇيغۇرلاردا مۇساپىر بولمىغان ئادەم تولۇق ئادەم بولالمايدۇ، دېگەن گەپ بار. سەپەرنىڭ خاسىيىتى ناھايىتى چوڭ، بۇ خۇسۇستا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مۇنۇ بايانلىرىغا قۇلاق سالغىن:

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئارىستوتېلدىن سوراپتۇ:

— سەپەردە ئادەم رەنج - مۇشەققەت چېكىدۇ، كىشىنىڭ تەبىئىتى ھەرەج تارتىدۇ، قىينىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر سەپەر قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ، بۇنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

— سەپەردە قىيىنچىلىق كۆپ بولسىمۇ، — دەپ جاۋاب

بىرىپتۇ ئارىستوتىل. — لېكىن، دانالار سەپەر قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشقان. چۈنكى، سەپەرنىڭ كىشىگە نۇرغۇن پايدىسى بار. ھەربىر مۇشەققەتنىڭ كەينىدىن راھىتى، ھەربىر مۇشكۈللۈكنىڭ ئارقىسىدىن ھالاۋىتى بار. مەسىلەن، ئاش ـ تاماق جاننىڭ راھىتى، تەننىڭ قۇۋۋىتىدۇر، ئەمما شۇنداق ئەزىز نەرسە ئوتنىڭ جاپاسىنى تارتمىغۇچە خاملىقتىن پىشىپ تەييار بولمايدۇ. ئالتۇننى ھەممە خالايىق ياخشى كۆرۈپ ئەتىۋارلايدۇ، لېكىن ئۇمۇ ئوتقا كىرمىگۈچە تازىلانمايدۇ. ھەقىقەتەن سەپەر ئازابى — دوزاخ ئازابى دېگەن گەپ بار. بۇ ئوتتا كۆيۈشنى ھېچكىم خالىمايدۇ. بىراق، ئىنسان ئۇچۇن سەپەر يەنىلا زۆرۈر. چۈنكى، مۇساپىرلارنىڭ ئالتۇن ۋۇجۇدى سەپەر ئوتلىرى بىلەن تاۋلىنىپ ساپ ۋە پاك بولىدۇ؛ سەپەرنىڭ يەنە بىر خاسىيىتى شۇكى، بەدەن شۇ ئارقىلىق ساغلاملىققا ئېرىشىدۇ. ئاددىيسى بىر ئادەم بىرەر مەسىلىدە ئىككىلىنىش سەۋەبىدىن ئىختىيارسىز ھالدا بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ قويغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بۇزۇق ماددىلار ۋە زىيانلىق خىلىتلار ھەزىم بولۇپ، غىزاغا ئىشتىھا پەيدا بولىدۇ. دېمەك، شۇنچىلىك سەپەردىنلا ئۇنىڭغا كۆپ ساغلاملىق ئاتا قىلىنىدۇ؛ سەپەرنىڭ يەنە بىر خاسىيىتى ئۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ، روھنى كۆتۈرىدۇ، كۆڭۈلنىڭ بۇزۇقلىرى تۈزۈلىدۇ، كۆڭۈل ئەينىكى تازىلىنىدۇ. داۋاملىق بىر خىل ھاۋا، بىر خىل سۇ، بىر خىل مۇھىت ۋە تۇپراقتا تۇرۇۋېرىشتىنمۇ ئادەمنىڭ بەدىنىگە ئاغرىق ۋە زەئىپلىك باغلىنىدۇ، بۇنداق چاغدا كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى تازا ۋە يېڭى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ، بىر خىللا نەرسىنى تەكرار قوبۇل قىلىشتىن زېرىكىدۇ، يېپيېڭى ۋە باشقا ـ باشقا نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭغا پەقەت

سەپەر ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ تېنىدە ساغلاملىق، مۇقىملىق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ؛ سەپەرنىڭ يەنە بىر خاسىيىتى شۇكى، سەپەر دەردمەنلەرنى ئارزۇسىغا يەتكۈزىدۇ، مەھرۇملارنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ، خاملارنى پىشۇرىدۇ. دۇنيادىكى ئاجايىپ - غارايىپلار بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. دۇنيادىكى ئۇلۇغ مۆجىزە ۋە ھېكمەتلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ياخشى خۇلق، ياخشى ئادەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈزىدۇ. ھاياتنىڭ ئىسسىق - سوغۇقى، ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى تېتىتىدۇ. ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئاۋاتلىقلىرى، گۈزەل جايلارنى سەپەر قىلغۇچىلار ياخشى بىلىدۇ. دېمەككى، مۇساپىرلىق مېھنىتىنى تارتمىغان ئادەم ۋەتەننىڭ قەدىر - قىممىتىگە يەتمەيدۇ. سەپەر ھەرىكەت ئەھلىگە ھاياتتىن ئەسەردۇر، قېتىپ بىر ئورۇندىلا تۇرغانلار تىرىكلىك نىشانىدىن بىخەۋەردۇر. سەپەر تاۋلىنىش ئۇچىقىدۇر، ئەدەپ ۋە كەمتەرلىكنىڭ سەرمايىسىدۇر، خىزىرمۇ سەپەر قىلغانلارنىڭ ھەمراھىدۇر، بۇ سۆۋغىدىن بەھرە ئالمىغان كىشى دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەردىن قانداقمۇ خەۋەردار بولسۇن. سەپەر قىلمىغان كىشى خام كېلىدۇ، ئىسسىق - سوغۇققا چىدىمايدۇ. يەنە شۇنداق خاسىيىتىمۇ باركى، مۇساپىرلىق ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭنى قايتا تونۇتىدۇ، جەمئىيەتنى، ئادەملەرنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئادەمنىڭ ياخشى - يامانلىقى، مەردلىكى ۋە خەسىسلىكى سەپەردە سىنىلىدۇ.

بالام، سەپەرگە چىققاندا ئىلاج بار ياخشى ھەمراھلار بىلەن بىرگە چىققىن، شۇندىلا يولنىڭ مۇشەققىتى بىلىنمەيدۇ. سەپەر جەريانىدا يېنىڭدا نېمە بولسا، سەپەرداشلار بىلەن بىرگە يېگىن. يېمەك - ئىچمىكىڭنى ئۇلاردىن يوشۇرما، ھەرگىز

ھەمراھلىرىڭنى تاشلاپ كەتمە . ئۇلار يولدا ئاغرىق ـ سىلاق تارتىپ قالسا ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغىن ، سەپەر دېگەن ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى سىنايدىغان سىناق تېشى .

بالام ، ئەگەر ئۆسۈپ چوڭ بولغان يۇرتۇڭدا تۇرمۇشۇڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولماي ، كىشىلەرنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشەلمەي ، بىر ياقتا سۆرۈلۈپ قالغۇدەك بولساڭ ، سەپەر قىلىپ جاھان كۆرۈپ باققىن . قۇدۇقتىكى پاقىدەك ئاسماننىڭ چوڭلۇقى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ ، دەپ قانائەت ياستۇقىغا بېشىڭنى قويۇپ يېتىۋەرمە . سەن مۇنداق بىر قانچە شەرت ـ شارائىتنى ھازىرلاپ ، ئاندىن يۇرتۇڭدىن ئايرىل : بىرىنچى ، قولۇڭدا ياخشى ھۈنەر ، كاللاڭدا بىلىم بولۇشى كېرەك . قولۇڭدا ھۈنەر بولمىسا ، نەگە بارساڭ ساڭا قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ؛ ئىككىنچى ، قولۇڭدا تاز ـ تولا دەسمى بولۇشى كېرەك ، قۇرۇق قول بىلەن يۇزۇڭگە قىزىللىق يۈگۈرتەلمەيسەن ؛ ئۈچىنچى ، ھەر يەرگە بارساڭ ئوچۇق كۆڭۈل ، خۇشخۇي ، چىقىشقاق ، ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولغىن ، شۇندىلا كىشىلەر سېنى خالاپ ئارىسىغا ئالىدۇ .

بالام ، يول ماڭغاندا ناھايىتى سالماق ، نورمال قەدەم بىلەن ماڭغىن . پۇتلىرىڭنى سۆرەپ ، ئۇياقتا ـ بۇياقتا ، يولۇچىلارغا قاراپ ھاڭۋېقىپ ماڭما ، كوچىدا بىر نەرسە يەپ ماڭما . قەددىڭنى كۆتۈرۈپ مەزمۇت قەدەم بىلەن ئۇدۇل قاراپ ماڭغىن . يول ماڭغاندا خىيال بىلەن ماڭما ، بولمىسا يېقىن تونۇشلار ئۇچرىسىمۇ كۆزۈڭ كۆرمەي قالىدۇ ھەم بەزى خېيىمخەتەردىن خالىي بولالمايسەن . كوچا ـ لاي ـ پاتقاق بولسا باشقىلارغا لاي چاچرىتىۋېتىشتىن ئېھتىيات قىل . قىستاڭچىلىق بولۇپ بىرەرىنىڭ مورىسىگە ئۇرۇلۇپ كەتسەڭ ياكى بىرەرىنىڭ پۇتىنى دەسسەپ سالساڭ ، كىچىك پېئىللىق بىلەن ئەپۇ سورىغىن .

چوڭلار، ئاياللار سۆزلىشىپ تۇرغان يەردىن ئۆتكەندە ھەرگىز ئۇتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتمىگىن. يول ئۈستىدە بولسۇن، ماشىنىغا چىققان ۋە چىقىدىغان چاغدا بولسۇن، چوڭلارنى، ئاياللارنى ھۆرمەت قىلىپ يول بەرگىن. ئۇستازىڭ بىلەن بىرگە ماڭغان بولساڭ، ئازراق ئارىلىق تاشلاپ كەينىدىن ماڭغىن، ئالدىغا كىرىۋالما، بولمىسا ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. بىركىم بىلەن بىرگە ماڭغان بولساڭ، يولدا يەنە بىر تونۇشۇڭ ئۇچراپ قالغان بولسا، سالام بېرىپ ئۆزرە سوراپلا ماڭغىن، سۆزلىشىپ، ھەمراھىڭنى ساقلىتىپ قويما. ئۆتەر يولدا بىركىم بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرما، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ سۆزلەشكىن. يولدا توۋلاپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ گەپ قىلىشتىن ھەزەر قىل. يولدا كەلسە - كەلمەس تۈكۈرىدىغان، مىشقىرىدىغان، شاپاق - شالتاق نەرسىلەرنى يولغا تاشلايدىغان ئەدەپسىزلىكنى ھەرگىز قىلما. يولدا كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان تاش ۋە باشقا مەينەت نەرسىلەر بولسا ئېلىۋەتكىن. ئاپتوبۇس ۋە باشقا قاتناش قوراللىرىدا سەپەر قىلغان بولساڭ ھەرگىز كەلسە - كەلمەس قالايمىقان نەرسىلەرنى تاشلىما. ئاپتوبۇسمۇ ئاممىۋى قورال، ئۇنىڭغا شۆپۈكلۈك نەرسىلەرنى تاشلىساڭ ھەم مەينەتچىلىك، ھەم ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، بالام.

(4) ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ئەدەپ

بالام، ئاممىۋى سورۇنلاردا، يەنى سىنىپتا، كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، باشقىلارنىڭكىدە مېھمان بولغاندا، مەجلىستە ئەدەپ - قائىدىگە بەك رىئايە قىلغايسەن، بۇنداق سورۇندا ھەربىر ھەرىكىتىڭ كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ سوراپ ھەربىر ھالقىغا دىققەت قىلغىن.

سىنىپىڭدا پارتا، ئورۇندۇقلارنىڭ ئۈستىگە پۇتۇڭنى ئېلىپ

ئولتۇرۇش، پارتا ـ ئورۇندۇقلارغا دەسسەش، دوسكىغا قالايمىقان سۈرەتلەرنى سىزىپ قويۇش، قالايمىقان سۆزلەرنى يېزىپ قويۇش، مۇئەللىملەرگە ۋە ساۋاقداشلارغا يېرىك، قوپال گەپ قىلىش قاتارلىقلار ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

بالام، زىياپەتكە بارساڭ ئەدەپ كەمىرىنى بەلگە باغلاپ، نەپسىنىڭ ئوغرىسى ئەقلىڭ تەۋەلىكىدە غالىبلىق ئويۇنىنى ئويناشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇنۇ بىر قانچە ئەدەپ ـ يوسۇننى ئۆزۈڭگە ھاكىم قىل: ئەگەر ئاۋۋال ھەرقانداق جايغا تەكلىپ قىلىنساڭ ۋاقتىدا بارغىن، باشقىلارنى يولىغا قارىتىش تولىمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. سەن ئالدىراش بولساڭ، چاقىرغۇچىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوي. چاقىرغان يەردىن قالما، چاقىرمىغان يەرگە بارما. سېنى چاقىرغان جايغا ھەرگىز يەنە بىر ئادەمنى شېرىك قىلىپ ئاپارما، يەنە بىرى، چاقىرىلغان بولساڭمۇ كۆڭلۈڭ خالىمىغان سورۇنلارغا باھانە كۆرسىتىپ بارمىغىن. ئۇنداق سورۇن ساڭا ھەرگىز كۆڭۈل ئازادىلىك بەرمەيدۇ، كۆڭۈلنى يېشىمەن دەپ بېرىپ، دىلىڭ چىگىلىپ قايتىسەن. ھەرقانداق مېھماندارچىلىقتا ۋە يىغىلىشلارغا بارساڭ سورۇن تاللاپ، ئادەم تاللاپ بېرىشقا ئادەتلەنگىن. سورۇنغا بارغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىلگىن، ئەدەپ بىلەن ئولتۇرغىن، ئورۇندۇقتا ئولتۇرساڭ پۇتلىرىڭنى مىڭگەشتۇرۇپ ئولتۇرما، باشقا سېلىنچىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بولساڭ، يۈكۈنۈپ ياكى چازا قۇرۇپ ئولتۇرغىن. زوڭ ئولتۇرۇش، پۇتنى سۇنۇپ ئولتۇرۇش، يانپاشلاپ يېتىش، باشقىلارنىڭ تىزىغا پۇتنى مىڭگەشتۇرۇۋېلىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. گىلەم سېلىنغان ۋە باشقا سېلىنچا سېلىنغان جايغا ھەرگىز ئاياغ كىيىم بىلەن دەسسىمە، ئايىغىڭنى سېلىپ كىرگىن. پايپاقلىرىڭ پاكىز يۇيۇپ كىيىلگەن بولسۇن، پايپىقىڭ پۇرايدىغان بولسا سېلىۋېتىپ،

پۇتۇڭنى يۇيۇپ سورۇنغا كىر، سورۇندا ئورنۇڭ نەگە توغرا كەلسە شۇ يەردە ئولتۇرغىن. چوڭلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالساڭ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، چوڭلارنىڭ ئالدىغا ئەدەپ بىلەن كىر، قوللىرىڭنى پۇلاڭلىتىپ، گېدىيىپ، تەكەببۇرلۇق قىلمىغىن. ھەرقانداق ئادەمنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، جامائەت ئالدىدىكى قەدىر - قىممىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، بىلىملىك ياكى بىلىمسىزلىكىگە قاراپ جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئورنى بولىدۇ. ئۆز ئورنۇڭنى بىلمىسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمىگەن بولىسەن. تائام يېگەندە، ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن، چوڭلار تائامغا قول ئۇزىتىشتىن بۇرۇن قولۇڭنى تاماققا ئۇزاتما. نەپسىڭ بالاسى سېنى ئالدىراتقان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى لوقمىغا قول سۇنما. ئالدىڭدا نېمە بولسا شۇنى يېگىن ۋە شۇنىڭغا قانائەت قىلغىن. تاماق يېگەندە ئالدىراپمۇ كەتمە، نازلىنىپمۇ ئولتۇرما. ئاچ كۆزلۈك قىلىپ يانچۇقۇڭغا بىر نەرسىلەرنى سېلىۋالما، باشقىلار تاماق يەۋاتقان چاغدا ئۇلارغا سەپسالما. بىر كىشى تاماق يەۋاتقاندا، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان يەنە بىر كىشى ئۇ ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «قولىڭىزدىكى تاماقتا قىل تۇرىدۇ» دەپتۇ. ھېلىقى كىشى دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ داستىخاندىن چىقىپ كېتىپتۇ. ساھىبخان كەينىدىن چىقىپ «نېمە ئىش بولدى؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇ كىشى «شۇنچە ئارىلىقتىن بىر كاپام ئاشتىكى قىلغا كۆز تىكىپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئالدىدا تائام يېيىش مەكرۇھ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بالام، سورۇندا تائامنى ئۇششاق چايناپ يېگىن، ئالدىراپ پۈتۈن - پۈتۈن يۇتما، قىزىق ئاشنى قىزىق پېتى ئۇتلاپ قالما، ئاشنى پۇۋلەشمۇ ئەدەپسىزلىك سانىلىدۇ. قىشقىسى، نەپسىڭ ھاكىملىق قىلىپ، پەزىلىتىڭنى پەسلەشتۈرمىسۇن.

سۆھبەت ئۈستىدە ئەسنەش ، چىش كولاش ، بۇرۇن كولاش ، تىرناق ئېلىش ، بىرەيلەن گەپ قىلىۋاتقاندا ياكى ساز چېلىۋاتقاندا كۈسۈرلىشىپ گەپ قىلىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ . ئەسنەك كەلسە ، ئىمكان بار چاندۇرماسلىق ، چۈشكۈرۈك كەلسە ئىككى قولنى ئېغىزغا تۇتۇپ ، تۈكۈرۈك چاچراندىلىرىنىڭ باشقىلارغا چاچراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك . سۆھبەتداشلىرىڭىزنىڭ ھېچقايسىسىنى بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ئىشقا بۇيرۇما ، سۆھبەت داۋامىدا باشقىلار - ئاياغ زوۋان سۆزلىمەي تولۇق ئۇقۇپ ئالما ، تۇنداق قىلساڭ ئەدەپسىزلىكلا ئەمەس ، بەلكى باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە شۈبھە پەيدا قىلىپ قويىسەن . دوست - يار ، بۇرادەرلىرىڭ بىلەن بىرگە ئولتۇرغاندا ، تارىدىن بىرەر ئادەمنى چوڭ بىلىپ خۇشامەتچىلىك قىلىپ ، ئۆزۈڭنى پەس تۇرۇنغا چۈشۈرۈپ قويما ، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىگە قۇلاق سالما ۋە ئۆزۈڭمۇ غەيۋەت قىلما .

بالام ، ئۆزۈڭ مېھمان كۈتكۈچى بولۇپ قالغاندا ، مۇنداق تەرەپلەرگە دىققەت قىلغىن : مېھمانلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولغىن ، بىرىگە كۆپ ئىلتىپات كۆرسىتىپ ، بىرىگە ئېتىبار قىلماسلىق ئەدەپكە يات . مېھمانلارغا ئوچۇق چىراي ، خۇش چاقچاق ھالدا مۇئامىلە قىلىپ كۈتۈۋال . ئاۋۋال مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىش بىزدىكى ياخشى ئەنئەنە . سۇ بەرگەندە ئۈچ قېتىم سۇ قۇيىسەن ، سۇنى بەك ئېگىز تۇتۇپمۇ ، بەك پەس تۇتۇپمۇ ئەمەس ، نورمال تۇتۇپ بەرگىن . قول يۇغاندىمۇ ئۈچ قېتىم قۇيغاندىن كېيىن ، «خوش» دېيىش ياخشى ؛ قولنى يۇيۇپ بولۇپ سىلكىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ . مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلغاندا بىر ئادەمنىڭ نامىنى چاقىرىپ تاماققا ئۈندىمە ، «مېھمانلار تارتىنماي ئېلىڭلار» دەپ ئورتاق تەكلىپ قىل . مېھمانلارنىڭ بىرىگە چوڭراق لوقما ، يەنە بىرىگە كىچىكرەك لوقما تارتىشمۇ مېھمانغا بولغان

ھۆرمەتسىزلىك.

سۇ ئىچىش ۋە تاماق يېيىشتە مۇنداق بىرقانچە مۇھىم ئەدەپ بار: سۇ ئىچكەندە كۆلچەك، ئۆستەڭ ۋە چېلەككە دۇم يېتىپ ئاغزىڭ بىلەن سۇ ئىچمە. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھايۋانلارلا بىۋاسىتە ئاغزى بىلەن سۇ ئىچىدۇ. قاچىدا، نوگايدا سۇ ئىچكەن چاغدا قاچىغا تۇدۇل تىنىپ ئىچمە. ھەرقانچە ئۇسساپ كەتكەن بولساڭمۇ ئۇزۇپ - ئۇزۇپ ئىچكىن، ئالدىراپ جاۋغىيىڭدىن ۋە قاچا گىرۋىكىدىن سۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىڭگە ياكى گىلەم، كۆرپىلەرگە ئېقىپ چۈشۈشىدىن ئېھتىيات قىل. چەينەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ جوغىسىدىن سۇ ئىچمە، بۇمۇ ئەدەپكە خىلاپ. بالام، تاماق يېگەندە بولسۇن، سۇ ئىچكەندە بولسۇن ئولتۇرۇپ يەپ - ئىچ، ئۆرە تۇرۇپ، مېڭىپ يۈرۈپ ياكى ئىشلەپ ئالدىرىغاچ ئېقىپ تاماق يېيىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، تاماق يېگەندە ئاغزىڭنى قاچىغا يېقىن ئاپىرىۋالما، قوشۇقسىز، چوكىسىز بىۋاسىتە قاچا بىلەن تاماق يېمە. قوشۇق بىلەن تاماق يېگەندە بولسۇن، چوكا بىلەن تاماق يېگەندە بولسۇن، ئاز - ئاز ئېلىپ يە، ئاغزىڭغا پاتمىغۇدەك ئېلىۋېلىپ، قالغىنىنى يەنە قاچىغا قايتۇرۇش ئەدەپ - قائىدىگە خىلاپ. قوشۇقنى ئېغىزغا ئاپارغاندا ئېغىزىڭنى بەكمۇ يوغان ئاچما، نورمال ئاچقان ياخشى؛ قوشۇق ۋە چوكىنى ئېغىزىڭغا ئىچكىرى سېلىپ تاماق يېمە. ئاشنى شاپاشلىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ يېمە؛ قولدا تاماق يېگەن بولساڭ، بىر قولۇڭ بىلەن يېگىن، يەنە بىر قولۇڭنى ھەرگىز يېقىن ئاپارما. قولۇڭدىكى قالدۇق تاماقنى پاكىز يەپ، ئاندىن تاماققا قايتا قولۇڭنى سوزغىن، ھەرگىز قولۇڭنى داستىخانغا قاقما ھەم قولۇڭنى داستىخانغا سۈرتۈپ قويما.

(5) كۈلۈشتىكى ئەدەپ.

بالام، كۈلكىمۇ ھەربىر ئادەمنىڭ قانداق ئادەملىكىنى،

پەزىلىتىنى ئۆلچەيدىغان بىر مۇھىم بەلگە. ئادەمنىڭ نېمىگە
كۈلۈۋاتقانلىقى، قانداق كۈلۈۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ پەزىلىتىگە
ۋە پاراسىتىگە باھا بەرگىلى بولىدۇ. كۈلكە ئىنسانغا خاس
خۇسۇسىيەتلەردىن بىرى، ئادەم كۈلىدىغان پۇرسەت چىقىسىلا
ئايىماي كۈلۈۋالغۇلۇق، كۆڭۈلسىزلىككە ۋە بەختسىزلىككە
ئۇچرىغان چاغلىرىڭىزدىمۇ ئاچچىقلىنىپ، چېچىلىپ ئۆزۈڭىزنى
ئۆپراتقاندىن كۆرە، كۈلۈپ قويغىنىڭىز سەن ئۈچۈن تولىمۇ
پايدىلىق. بالام. كۈلكە ئادەمنى جۇشقۇن قىلىدۇ. روھىڭىزنى
كۆتۈرىدۇ، مىجەزىڭىزنى نورماللاشتۇرىدۇ. نېرۋاڭىزنى
تىنچلاندۇرىدۇ. ياخشى بىر كۈلۈۋالساڭ ھاردۇقۇڭ چىقىپ
يەڭگىللەپ قالىسەن. شۇڭا، بەزى دانىشمەنلەر، ھاياتنىڭ مەنىسى
نېمە؟ دېسە، كۈلكە دەپ جاۋاب بېرىشكەن. خۇشخۇي ئادەمگە
پۈتۈن ئالەم خۇشخۇي كۆرۈنىدۇ، روھى ساغلام ئادەملەرلا
ھەقىقىي چىن كۆڭلىدىن كۈلەلەيدۇ، خوش چاقچاق بولساڭ
ھەربىر كۈنۈڭ خۇشال، بەختىيار ئۆتىدۇ. ئۇنداق ئادەم بەختلىك
ئادەم. ئوچۇق كۆڭۈل، سېخىي، مېھرىبان ئادەملەر چىرايلىق
كۈلەلەيدۇ. بالام، كۈلكە بار جايدىن قاچما، چىن ۋۇجۇدۇڭدىن
ۋە ھەقىقىي كۆڭلۈڭدىن ئۇرغۇپ چىققان كۈلكە ئۆلگەن
ھۈجەيرىلىرىڭنى تىرىلدۈرىدۇ، ساڭا ساغلاملىق بېغىشلايدۇ.
كۈلكە ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، غەم - قايغۇ ئۆمۈرنى قىسقارتىدۇ،
دېگەن گەپ راست. كۈلمەكچى بولساڭ، چاقچاقتىن قاچما.
چاقچاق دېگەن ئەقىلدىن چىقىدۇ، تەپەككۇرنى چېنىقتۇرىدۇ،
ھازىرجاۋابلىقنى ئۆستۈرىدۇ. چاقچاق دېگەن چاقچاق، ئۇنى
چۈشەنگىن، راستقا بۇراپ تېرىكمە، قوپال جاۋاب بەرمە،
چاقچاقنى چۈشەنمەسلىك، تېرىكىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.
فېيېرباخ چاقچاق توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىكەن: «چاقچاق
كۆڭۈلنى تېگى يوق ھاڭلاردىن ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيدۇ ۋە كىشىگە

دەرد - ئەلەمنى مەنسىتمەسلىكنى ئۆگىتىدۇ».

بالام، ھەرقانداق ئىش چىككىدىن ئېشىپ كەتسە يامان تەسىر بېرىدۇ. كۈلكە باشقىلارغا ھۇزۇر بېغىشلىشى، شادلاندۇرۇشى كېرەككى، ھەرگىز غەشلىك پەيدا قىلىدىغان بولمىسۇن. پەيغەمبىرىمىز: ھەددىدىن ئارتۇق ۋالاقشىغان كۈلكە كۆڭۈلنى ئۆلتۈرىدۇ، دېگەنىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىرقانچە ئىشقا دىققەت قىلغىن: ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ گەپ قىلىپ ئۆزۈڭ كۈلمە، ئانچىكى گەپلەرگە قاقاقلاپ قاتتىق ئۈن بىلەن كۈلمە، مۇنداق كۈلكە بىر تەرەپتىن سېنى نادان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويسا، يەنە بىرى ئورۇنسىز كۈلكە ياسىما بولىدۇ، ياسىما كۈلكە خۇشامەتچىلىكنى ئىپادىلەپ قويىدۇ. باشقىلار بەختسىزلىككە ئۇچرىسا كەينىدىن كۈلمە. بىرەر ئادەم تېيىلىپ - يىقىلىپ چۈشسە، كۈلۈپ كېتىش ئەدەپسىزلىك، بولسا بېرىپ يۆلەپ قويساڭ پەزىلەتلىكسەن.

(6) كىيىم يۇقلاشتىكى ئەدەپ.

بالام، تۇرمۇشتىكى يەنە بىر مۇھىم ئىش ۋە پەزىلەت، كىيىم يۇقلاش ئەدەپ - قائىدىسىگە رىئايە قىلىشتۇر. سەن يېقىنلىرىڭ، ساۋاقداشلىرىڭ، دوستلىرىڭ، مۇئەللىملىرىڭ ياكى تونۇغانلىرىڭ كىيىم تارتىپ يېتىپ قالغان بولسا، ئۇلارنى يوقلاپ بارغىن، نېمە ئېلىپ بېرىشىڭ مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى كۆڭۈل ياساپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراشىڭ ئۆزى سېنىڭ ئادەمگەرچىلىكىڭنى ئىپادىلەيدۇ. بىراق، كېسەل يوقلاشنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەدەپ - قائىدىسى بار، كېسەلنىڭ ئالدىغا كىرگەن ۋاقىتتا ئوچۇق چىراي، خۇشخۇي بولغىن، كېسەل بىلەن ناھايىتى دوستانە ۋە شەپقەت نەزىرى بىلەن كۆرۈشۈش لازىم. كېسەلنى ئېغىر راق كېسەلنىڭ قېشىغا كىرگەندە يىغلىمۇ ئەمەس، كۈلمۇ ئەمەس، ئوتتۇراھال كېيىم

كىيىپ كىرگىن . ئۆزۈڭنىڭ نورماللىقىنى ساقلاپ ، ئەھۋال سورا . ھە دېگەندە كېسەلنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇۋالما ، كۆپ گەپ قىلما ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلىمە ، ئەدەپ بىلەن «چىرايىڭىز خېلىلا ياخشى تۇرىدۇ ، ئوڭشىلىپ قالغاندەك قىلىسىز» دەپ روھىنى كۆتۈرگىن . ھەرگىز «سارغىيىپ قاپسىز ، كۆزىڭىز ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلما . بىمارنىڭ قېشىدا كۆپ ئولتۇرۇۋالماسلىق كېرەك . ئەگەر كېسەل ئولتۇرۇشۇڭنى ئۆتۈنسە ، خۇش چاقچاق گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشقىن .

يۇقىرىقى بىر قاتار ئەدەپ - قائىدىلەردىن باشقا يەنە مۇسىبەت كۈنلىرىدە ئۆزىنى قانداق تۇتۇش ، باشقىلارغا قانداق سۆزلەر بىلەن تەسەللىي بېرىش ، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قانداق تەبرىكلەش ، ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدە كىشىلەر بىلەن قانداق بېرىش - كېلىش قىلىش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەدەپ - ئەخلاق ئۆلچەملىرىگىمۇ دىققەت قىلغايسەن .

ئوغلۇم ، مانا ، يۇقىرىقىلار جامائەت سورۇنلىرىدا ئۆزىنى تۇتۇش ۋە مېھماندوستلۇق توغرىسىدىكى زۆرۈر ئىككى كەلىمە سۆز . ئەمدى غىزالىنىشنىڭ تەرتىپى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز نەپىئىلىك سۆز قىلىپ بېرەي .

× × ×

جىنىمىز تەسەددۇق بولۇۋا ، سۆزلەيلى . غىزالىنىش كۈندىلىك ھاياتىمىزنىڭ كاپالىتى . نەپسى بالالىق جىنىمىزغا زامىن بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، غىزالىنىشنىڭ مىزانلىرىدىن خەۋەر تاپايلى .

ھازىر خېلى نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتنىڭ مەنىسىنى ، مەقسىتىنى يېمەك - ئىچمەك ئۈستىگە قۇرماقتا .

## ئون توققۇزىنچى باب

# مىزاجىغا قاراپ غىزالىنىش ، تەن ساقلىقنى كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

ئوغلۇم ، تەن ساقلىق — پادىشاھلىق ، دېگەن گەپ بار . تەن ساق بولسىلا ھەرقانداق ئىشلار يۈرۈشىدۇ . كېسەلنىڭ ياخشىسى ، ئۆلۈمنىڭ ئۆگىيى بولمايدۇ . بالام ، كېسەللىكنىڭ ھەر خىل سەۋەبلىرى بولىدۇ ، ئەڭ مۇھىم سەۋەب دەرۋازىسى ئېغىز . كۆپ كېسەللىك ئېغىزدىن كىرىدۇ . شۇڭا ، ئاۋۋال ئېغىزنى چىڭ كۆزەتكۈلۈك .

4615 كېسەل گالدىن كىرەر ، ئۇنى چىڭ كۆزەت ،
يېگىن ئاشنى تەڭشەپ ، ئاز - ئاز يە پەقەت .

كۆپ يېگەن ئادەمنىڭ تامىقى ياخشى ھەزىم بولمايدۇ . ئاش ياخشى ھەزىم بولمىغانىكەن ، ئۇ سېنى زەھەرلەيدۇ ، بەدەنلىرىڭنى ئاغرىق چىرمايدۇ ، ئاشقازىنىڭ بۇزۇلىدۇ ، ئىچىڭ سۈرىدۇ . بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزۈڭ ئاجىزلايسەن . كېسەللىك ئاجىز بەدەنگە ئامراق بولىدۇ . كېسەللىك ئامراق بولسا ، ئۆلۈم قولدىشىڭ بولىدۇ . شۇڭا ، كۆپ يېگەن ئادەم كېسەلچان بولىدۇ . يۈزى سېرىق ، چىرايى ياداڭغۇ ۋە خار كۆرۈنىدۇ . ئىبرەت بولسۇنكى ، مۇۋاپىق ، قەرەللىك تاماق يېيىشكە ئادەتلەنگىن . بەك ئاز يېيىشمۇ بەدىنىڭنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ . ئوغلۇم ، ئادەمنىڭ

ھايۋاندىن يەنە بىر مۇھىم پەرقى تاماق يېيىشتە مىزاجىغا بېقىپ ئۆزگۈرۈلىنىشتۇر. مەن ساڭا مىزاجىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتاي: ئىنسان تېنى تۆت خىلت (سۇيۇقلۇق) تۈزۈلۈشىدە بولىدۇ. ئادەم بەدىنىدىكى تۆت تەركىب تەبىئەتتىكى تۆت تادۇ — زات (سۇ، ھاۋا، ئوت، تۇپراق) بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئادەمنىڭ جىسمانىيىتى مۇنداق تۆت خىل مىجەزدە بولىدۇ: ھۆل ئىسسىق، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇق. بۇلار ھەم بىر - بىرى بىلەن باغلىنىشلىق، ھەم قارىمۇقارشى ھالەتتە بولىدۇ. قۇرۇق سوغۇق دېگىنىمىز «تۆت تادۇ»نىڭ بىرى بولغان تەبىئەتتىكى تۇپراق ماددىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى ئىپادىسى سەۋدادۇر؛ قۇرۇق ئىسسىق دېگىنىمىز، «تۆت تادۇ»نىڭ بىرى بولغان سەپرا — ئوت سۇيۇقلۇقىدۇر؛ ھۆل ئىسسىق دېگىنىمىز، «تۆت تادۇ»نىڭ بىرى بولغان تەبىئەتتىكى ھاۋا بولۇپ، ئادەم بەدىنىدىكى ئىپادىسى قاندۇر؛ ھۆل سوغۇق دېگىنىمىز، «تۆت تادۇ»نىڭ بىرى بولغان تەبىئەتتىكى سۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى ئىپادىسى بەلغەمدۇر. ئوغلۇم، بۇ خىل ئالامەتلەرنى سېرىق، ئاق، قارا ۋە قىزىلدىن ئىبارەت تۆت خىل رەڭ بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن. سېرىق رەڭ سەپراغا؛ ئاق رەڭ بەلغەمگە؛ قارا رەڭ سەۋداغا؛ قىزىل رەڭ قانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنى بىرى بېسىپ كېتىشى ھاياتىڭنى خەۋپكە ئېلىپ بارىدۇ. تەڭپۇڭلۇق ھاياتنىڭ كاپالىتى بولىدۇ. شۇڭا، مىزاجىغا بېقىپ ئۆزگۈرۈلىنىشقا ئادەتلەن. ئەگەر مىزاجىڭغا مۇناسىپ كەلمىگەن تائام بولسا، ھەرقانچە ئېسىل يېمەكلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭغا كۆز قىرىڭنى سالما. ئادەمنىڭ مىزاجى پەسلگە، ياش قۇرامىغا قاراپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ، بۇنى بىل. سوغۇقنىڭ ئاشسا، دەرھال ئىسسىقلىق بىلەن مەشغۇل بول. ئىسسىقنىڭ ئاشسا،

سوغۇقلۇق يېمەكلىككە مايىل بول. ئەگەر ئۆزۈڭ ياش بولساڭ، باھار پەسىللىرى سوغۇقلۇق قىلغىنىڭ تۈزۈك، سوغۇقلۇق قىلمىغىنى سوۋۇتىدۇ. يېشىڭ قىرىقتىن ئاشقان بولسا، كۈز پەسلىگە كەلگەندە ئىسسىقلىق قىلىپ مىزاجىڭنى تۈزگىن. چۈنكى، كۈز پەسىللىرىدە قىرىق ياشتىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ مىزاجى سوغۇققا مايىل بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېۋە-چېۋە ۋاقتى بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزۈڭنى ئىسسىق تۇتمىساڭ، مىزاجىڭ بۇزۇلىدۇ. ئەگەر يېشىڭ ئاتمىشتىن ئاشقان بولسا، قىش مەزگىللىرى ئۆزۈڭگە ئىسسىقلىقنى ھەمراھ قىلغىن. سوغۇقلۇققا ھەرگىز يېقىن يولىما. بۇنداق ياشقا يەتكەندە ئادەم سوغۇق مىجەز بولۇپ قالىدۇ. سوغۇقلۇق قىلىۋەرسەڭ، ئىچىڭنى بوشىتىپ ئىتتىك كېسەل قىلىپ قويىدۇ. قۇرۇق سوغۇقنىڭ ئاشقان بولسا، ئۇنىڭغا قارشى ھۆل ئىسسىق بىلەن تاقابىل تۇر. ئەگەر ھۆل سوغۇقنىڭ ئېشىپ، زىيان سالغۇدەك بولسا قۇرۇق ئىسسىق بىلەن تاقابىل تۇرغىن. تەبىئىتىڭ ئىسسىققا مايىل بولسا سوغۇقلۇقنى كۈچەيت. سوغۇققا مايىل بولسا ئىسسىقلىقنى كۆپەيت. مىزاجىڭ مۆتىدىل بولىدىغان بولسا، ئىسسىق-سوغۇقنى ئارىلاش ئىشلىتىپ تەڭشەپ تۇرغىنىڭ تۈزۈك. تەبىئىتىڭنى ئاشۇنداق تەڭشەپ تۇتۇشنى بىلسەڭ، ھاياتىڭ تىنچ ئۆتىدۇ. ئامان-ئېسەن ياشىيالايسەن. مىجەز تەڭشەشنى بىلىشمۇ ئەقىل ۋە بىلىمگە مۇناسىۋەتلىك.

ئوغلۇم، ئەگەر كېسەللىكتىن خالىي بولۇپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش تىلىكىڭ بولسا «ئاز يە» ئاملىق دورىنى يېگىن.

بالام، تىرىكلىك ئۈچۈن ئادەم ساغلام بەدەنگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بەدەننىڭ ساغلاملىقى ئوزۇقلىنىش بىلەن پاكىزلىققا باغلىق. چۈنكى، ئوزۇقلۇقسىز ھاياتلىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى ۋە مەئىشىتىدىن بىرى ياخشى يەپ،

ياخشى ئىچىش ، دۇنيانىڭ بارلىق مەئىشەتلىرى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن يارىتىلغان . كىيىلغا قولۇپ سىلىپ پۇل توپلايمەن ، دېگەن ئادەم ئەڭ چوڭ ئەخمەق . بىر كۈنى جامائەت بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق . ھاسىغا تايانغان ، ئورۇقلاپ قورۇق خادىغا ئوخشاپ قالغان بىر كىشى ئۆتۈپ قالدى . يېنىمىزدىكى بىرەيلەن : سىلەر پەرەز قىلىپ بېقىڭلار ، ئاۋۇ ئادەم بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا قانچىلىك ياش پەرقى باردۇر ، دېدى . بىز ئىككى ئادەمنى سېلىشتۇرۇپ ، 15 ياش پەرق بارلىقىنى ئېيتتۇق . چۈنكى ، بىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرغان كىشى شۇنداق قاۋۇل ، تېمەن ۋە خۇش چاقچاق ئادەم ئىدى ، ئۇ كىشى كۈلۈپ كېتىپ : «بىز ئۇ ئاداش بىلەن ساۋاقداش ، بىراق ياشاش ئۇسۇلىمىز ئوخشاشمايدۇ . مەن بولسام تاپقاننى گالغا يەپ ، چىرايلىق كىيىپ ، ئىشلىگەندە ئىشلەپ ، ئوينىغاندا پۇختادىن چىققۇچە ئويناپ ئۆتىمەن . بىر ئىشقا ئانچە غەم تارتىپ كەتمەيمەن . ئۇ بولسا بالىلىرىم ئۈچۈن پۇل توپلايمەن ، ئۇلارنى ئۆيلەيمەن ، ئەرگە بېرىمەن ، ئۇلارغا ئۆي ئېلىپ بېرىمەن ، دەپ يېمەي - ئىچمەي پۇل يىغىدۇ . شۇڭا ، 50 ياشقا كىرىپلا كېسەلمەن بولۇپ قالدى . ئالىمادىن ئۆلۈپ كەتسە بالىلىرى يېتىم بولىدۇ» دېدى . ئۆينىڭ تۆۋرۈكى يىقىلغاندىن كېيىن بالىلارنىڭ ھالى تېخىمۇ خارابلىشىدۇ . شۇڭا ، ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئاسراش كېرەك . ئۆلگۈچە بالىلارنىڭ يۈكىدىن قۇتۇلالامدۇ؟ شۇڭا ، بالام ، بالا دېگەن ئاتا - ئانىغىلا يۆلىنىۋالسا بولمايدۇ . ئۇلارنىڭمۇ قولىنى سوۋۇتۇشۇڭ كېرەك ، ئۆزۈڭمۇ ياخشى ياشىشىڭ كېرەك .

بالام ، سەن ھەرگىز تاماق تاللىمىغىن ، يېمەك - ئىچمەكنى خارلىمىغىن . تەبىئەت ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بەدەن ئۈچۈن لازىملىق ئوزۇقلۇق بار . كۆپ خىل ئوزۇقلۇق بىلەن

ئۇزۇۋېلىنىش تەن ساغلاملىقىغا پايدىلىق بىر ەز نەرسىنى يەپ باقماي تۇرۇپلا ئادەتلەنمىگەنلىك سەۋەبىدىن ئۇ تائامدىن ئۆزۈۋنى تارتما . ئاۋۋال يەپ باقىڭ ، مىجەزىڭىزگە ، تەبىئىتىڭىزگە ياقمىسا ئاندىن يېمىسەڭىز بولىدۇ . ھېكايە قىلىنىشىچە ، بىر ئادەم ئۆمۈر بويى سۇدىن پەرھىز تۇتۇپ ئۆتۈپتۇ . ئۇ كىشى سۇنىڭ سالامەتلىككە زىيان قىلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن . شۇنداق قىلىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ سەكراتقا چۈشۈپتۇ . بۇ چاغدا يۈرىكى شۇنچىلىك قاقشاپ تۇرسىمۇ ، سۇ دېيىشكە پېتىنالماپتۇ . بىراق ، بالىلىرى دادىسىنىڭ ئېغىزىغا سۇ تېمىتىپتۇ . سۇ ئۇ ئادەمگە ھاياتىدا ھېس قىلىپ باقمىغان لەززەتنى ئاتا قىپتۇ . ئۇ ئادەم كۆزىنى يوغان ئېچىپ : «بالام ، ئېغىزىمغا تېمىتقان نېمە ؟ ئابىھايات دېگەن شۇمۇ ؟ » دەپتۇ . بالىلىرى : «دادا ، بۇ ئىشىك ئالدىمىزدىكى ئېرىقنىڭ سۈيى » دەپتۇ . ھېلىقى ئادەم ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھالدا : «ئىسىت ! ئارمان بىلەن كېتىدىغان بولدۇم» دەپ مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپتۇ . بالام ، شۇنى بىلگىنكى ، ھەربىر ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئوخشاشمايدۇ . بەزى كىشىلەر مېغىز يېسىمۇ زىيان قىلىشى مۇمكىن ، بەزى ئادەملەر ھەتتا تاش يەپمۇ سىڭدۈرەلىشى مۇمكىن . شۇڭا ، تەبىئىتىڭگە نېمە پايدا قىلسا ، شۇنى يېگىن . يېمەك - ئىچمەكتە ھەرگىز گۇناھ يوق . تەبىئىتىڭگە ھۆرمەت قىلىشنى بىل .

بالام ، تەن ساقلىقىنىڭ مۇھىم بىر كاپالىتى ئۆلچەملىك ئوزۇقلىنىشتۇر . ئۆلچەملىك ئوزۇقلىنىش مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى ، ئۆلچەمگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك ياۋايىلىقنىڭ ئالامىتى . بىلگىنكى ، نورمال تاماق سېمىنى كۆتۈرىدۇ ، ھەددىدىن ئارتۇق تاماق يېسەڭ ، تاماقنى سەن كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . كۆپ يېگەن ئادەم كېسەللەن ، زەئىپ ۋە چىدامسىز بولىدۇ ، شۇڭا تېنىم ساق بولسۇن دېسەڭ ئاز يە . بۇ خۇسۇستا يەنە مۇنداق

مەشھۇر بىر ھېكايە بار: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئەجەم پادىشاھلىرىدىن بىرى بىر ئۇستا تېۋىپنى ساھابىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتۇ. تېۋىپ ئۇ يەردە تۇپتوغرا بىر يىل تۇرغان بولسىمۇ، بىرەر ئادەم كېسەل كۆرسىتىشكە كەلمەپتۇ. بۇ كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتقانىكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپتۇ: «بۇ كىشىلەرنىڭ ئادىتى شۇكى، ئىشتىھاسى غالىب بولمىغۇچە يېمەيدۇ ۋە ئىشتىھاسىنى پەسەيتتۈرگەنگە قەدەر تائامدىن قولىنى تارتىپ تۇرىدۇ».

تېۋىپ: «بۇلارنىڭ تېنى ساق تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەن» دەپتۇ - دە، يەر ئۆپۈپ كېتىپ قاپتۇ. دېمەك، «ئاچلىقتىن توقلۇق يامان» دېگەن ھېكمەتنىڭ ئاساسى بار، بالام. ئاچلىققا چىداش مۇمكىن، توقلۇق ئازابىغا چىداش مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز زورلاپ تاماق يېمىگىن. ئاچلىقمۇ ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ھەددىدىن ئارتۇق توقلۇقمۇ كېسەل پەيدا قىلىپ ئۆلۈشكە سەۋەب بولىدۇ. «ياخشى تاماق ئېشىپ قالغۇچە، يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن» دېگەن گەپ ئەڭ مەدەنىيەتسىز ئادەملەرنىڭ شۇئارى. بىر قوشۇق غىزانى زورلاپ يېسەڭ، ئۇ ساڭا زەھەر بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئادەم ھەر دائىم تويۇپ تاماق يېگەندە، بەزىدە ئاچ قالغىنىمۇ پايدىلىق. شۇڭا، سوقرات: «تاماقنىڭ ئەڭ ياخشى قوشۇمچىسى — ئاچلىق» دېگەن. بۇ خۇسۇستا مۇنداق بىر ھېكايە بار: ئىككى مۇساپىر ھەمسەپەر بولۇپ ساياھەتكە چىققانىكەن. ئۇنىڭ بىرى ئاجىز، ئورۇق ئىدى، چۈنكى ئۇ كۈندە بىر قېتىملا كەچتە ئىپتار قىلىدىكەن. يەنە بىرى ئېيتايىن كۈچلۈك ھەم سېمىز بولۇپ، ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ تاماقنى ناھايىتى تويۇپ يەيدىكەن. ئۇلار بىر شەھەرگە كەلگەندە كۈتۈلمىگەندە ئۇلارنى جاسۇس دېگەن تۆھمەت بىلەن

تۇتۇپ ئىككىسىنى بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشىكنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى كۈچلۈك، سېمىزى ئۆلۈپ قاپتۇ؛ ئاجىز، ئورۇقى تىرىك قاپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرۈپ كىشىلەر ھەيران قېلىشىپتۇ. بۇ چاغدا بىر دانىشمەن دەپتۇكى: «ئەگەر ئىش بۇنىڭ تەتۈرىچە بولغاندا ئەجەبلىنەرلىك بولاتتى. چۈنكى، ئاۋۇ ئۆلگىنى كۆپ يېيىشكە ئادەتلەنگەچكە، ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي قىينىلىپ ئۆلگەن. مۇنۇ تىرىك قالغىنى نەپسىنى تىزگىنلەپ، قانائەتكە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن تىرىك قالغان».

بالام، شۇڭا ئەتىگەنلىك ناشتىدا ۋە كەچتە ئاز تاماق يېيىشكە ئادەتلەنگىن. چۈشتە تويۇپ يېسەڭ بولىدۇ؛ ئەمما، ئەتىگەنلىك ناشتىدىن قاچما. «ئەتىگەندىكى مۇشتتىن قايتما» دېگەن گەپمۇ شۇنىڭغا ئاساسەن دېيىلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، لوقمان ھېكىم ھەر كۈنى كەچتە بىر پارچە ناننى بېشىغا قويۇپ ياتىدىكەن. ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ بىر پارچە ناننى ئاغزىغا سېلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ھېكىم بېشىغا نان قويۇپ يېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ، ئەتىگەندە نان قويىدىغان يەرگە قولىنى ئۇزاتقانىكەن، قولىغا بىر سىقىم توپا چىقىپتۇ. لوقمان ھېكىم ئىككىلەنمەي توپىنى ناشتا ئورنىدا كاپ ئېتىپتۇ... بۇ ھېكايە ئەتىگەنلىك ناشتىنىڭ تەن سالامەتلىك بىلەن قانچىلىك باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، بالام.

بالام، سالامەتلىكنىڭ يەنە بىر كاپالىتى تازىلىقتۇر. ئۇيغۇرلار تازىلىقنى سۆيىدۇ، پاكىزلىق خەلقىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىدىن بىرى. چۈنكى، تازىلىق ئىنساننىڭ تەبىئىتىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى. ئادەمنىڭ تېنى پاكلىق بىلەن يارىتىلغان، ئۇ ھەرگىزمۇ مەينەتچىلىك بىلەن سىغىشالمايدۇ. مەينەتچىلىك بار يەردە تەنمۇ ساغلام بولمايدۇ، روھمۇ ئازادە

بولالمايدۇ. ئادەم ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزسە ئاندىن جازالىنىدۇ، تەن سالامەتلىكنى ئاسرىماسلىق ئۆزىنى ئۆزى جازالاش، بىگۇناھ تەنتى ۋە روھنى ئازابلاش بىلەن باراۋەر. تېنىڭنى ساغلام تۇتالىساڭ، ھۇزۇرلىنىپ كۈلەلەيسەن، مەغرۇر قەددىڭنى كۆتۈرۈپ ماڭالايسەن، لەززەتلىنىپ ئۇزۇقلىنالايسەن، ناخشا ئېيتالايسەن، ئۇسسۇل ئوينىيالايسەن، ئومۇمەن بۇ دۇنيانىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەلەيسەن. تېنىڭ ساق بولمىسا ھەممىدىن مەھرۇم بولىسەن؛ سالامەت بولساڭ، دوزاخقىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيسەن، ساقسىز بولساڭ جەننەتتىمۇ ھۇزۇر ئالالمايسەن. شۇڭا، ساقسىز پادىشاھدىن، ساغلام گاداي نەچچە ھەسسە بەختلىكتۇر، دېگەن گەپ بار. كونىلارنىڭ تازىلىقتا بەرىكەت، تازىلىقتا ئامەت دېگەن گېپى دۇرۇس ئېيتىلغان.

بالام، يېمەك - ئىچمەك تازىلىقى سالامەتلىكنىڭ مۇھىم كاپالىتى. چۈنكى، كېسەللىك نەپەس يولى بىلەن ئېغىزدىن كىرىدۇ. مەينەتچىلىك بەدەنگە كېسەللىك ئېلىپ كېلىپ قالماي، بەلكى ئەقىلنىمۇ بۇلغايدۇ. بۇ گەپكە ماس كېلىدىغان بىر ھېكايە يادىمغا كەلدى، ئاڭلاپ تۇرغىن: بىر پادىشاھنىڭ ئىنتايىن ئەقىللىق، زېرەك بىر ئوغلى بار ئىكەن. شاھزادە يۈكسەك ئەقىل- پاراسىتىگە تايىنىپ شاھ دادىسى نېمە ئويلىغان ۋە نېمىدېمەكچى بولغان بولسا ئالدىن بىلىۋېلىپ: «دادام ھازىر ما ئىشنى ئويلاۋاتىدۇ، ئۇ مۇنداق دېمەكچى» دەپ ئالدىغا ئۆتۈۋالىدىكەن. شاھ بۇ ئىشتىن خەۋپسىرەپ، باش ۋەزىرگە مەسلىھەت ساپتۇ:

— ۋەزىر، — دەپتۇ پادىشاھ، — شاھزادىدىن بىر ئاز تەشۋىشلىنىپ قالدىم. ئۇ مەن نېمىنى ئويلىغان بولسام، نېمىدېمەكچى بولسام، شۇنى بىلىۋېلىپ بارىدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ، بىرەر چارە بولسا قىلغىن.

بولىدۇ ئالىيلىرى ، بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي ، — دەپتۇ ۋەزىر .

شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادىنى ئوردىنىڭ تامىقىدىن ئايرىپ ، ھەر كۈنى رەستىگە ئېلىپ چىقىپ ئاممىۋى ئاشخانىلارنىڭ تاماقلىرى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشقا باشلاپتۇ . بۇ ئىشنى توپتوغرا 40 كۈن داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن ، شاھزادە دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەيدىغان ، دېمەكچى بولغىنىنى ئۇقالمايدىغان ھالغا چۈشۈپتۇ .

بۇ ھېكايە ساڭا ئىبرەت بولسۇنكى ، بالام ، تالا - تۈزدىن قالايمىقان بىر نەرسە يېمە . مۇمكىن بولسا ئاممىۋى ئاشخانىلارنىڭ تاماقلىرىغا ئۆزۈڭنى ئۇرما . تازىلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنچ بولسا يېسەڭ بولىدۇ . مەكتەپلەرنىڭ ئالدىدىكى لەڭپۇڭ ، دوغ ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ھەرگىز يېمە ، ئىچمە . ئۇنىڭغا كۈن بويى تۇرۇپ نۇرغۇن توپا - چاڭ ۋە مىكروبلار قونىدۇ . شۇڭا ، تېز كېسەل قىلىپ قويىدۇ ، بەزىدە زەھەرلىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ . يەل - يېمىش يېگەن چاغدا يۇماي تۇرۇپ يېمىگىن . قىسقىسى ، ئۆي ئىچىدە بولسۇن ، سىرتتا بولسۇن ، يېمەكلىك تازىلىقىغا بەك ئەھمىيەت بەرگۈلۈك . تاماق پاك بولمىسا ، كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ . شۇڭا ، ھەرگىز شەك بار تاماقنى يېمىگىن ، شەك بىلەن يېگەن ھەسەلمۇ زەھەرگە ئوخشاش ساڭا زىيان يەتكۈزىدۇ . يېمەك - ئىچمەكتە پاكىزلىققا ئەھمىيەت بەرمەسلىك پۇل خەجلەپ كېسەلنى سېتىۋالغانغا ئوخشاش بىر ئىش . كۆرمەمسەن ، بىر شەھەردە نەچچە - نەچچە چوڭ دوختۇرخانىلار بار ، شۇنچە كۆپ دورىخانىلار بار ، بىراق كېسەللەرنىڭ كۆپلۈكىدىن شۇنچە كۆپ دوختۇرخانىلار يېتىشمەيۋاتىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى ، بىرى ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىدىن ؛ يەنە بىرى ، تازىلىقنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن .

ئەي ئوغۇل، شەخسىي تازىلىق بولسۇن، مۇھىت تازىلىقى بولسۇن، ئۇ يالغۇز بىر ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش. بىلىشىڭ كېرەككى، يەرشارىدا ھەممىمىزنىڭ ھەققى بولۇپلا قالماي، بەلكى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭمۇ ھەققى بار. شۇڭا، مۇھىت تازىلىقى بىر ئادەمنىڭ شەخسىي ئىشى ئەمەس، بەلكى ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئىشى. ھەرقانداق ئادەمنىڭ سۇنى، ھاۋانى، تۇپراقنى بۇلغاشقا ھەققى يوق. ھەربىر ئادەمنىڭ ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان، مۇھىتنى بۇلغايدىغان ئىشلارغا قارشى تۇرۇش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار. شۇڭا، بالام، شەخسىي تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، ئۆسۈپ ياشاۋاتقان يېرىڭنىڭ، شەھىرىڭنىڭ، ھەتتا يەرشارىنىڭ پاك ۋە تازا بولۇشى ئۈچۈن تىرىشقىن. شۇندىلا ئاندىن مەدەنىيەتلىك ۋە ساغلام ئادەم بولۇش شەرتىگە ئۇيغۇنلىشالايسەن.

× × ×

ئەي پەزىلەتنىڭ پادىشاھى، قائىدە - يوسۇننىڭ سەردارى، ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ گۈلتاجىسى بولغان ئەخلاقشۇناس بوۋا، بىز يۇقىرىدا مېھماندوستلۇق ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۆزىنى ئەدەپلىك تۇتۇش ھەققىدىكى زۆرۈر تەۋسىيەلىرىڭىزنى ئاڭلىدۇق. بىز بۇ ئىنچىكە ئەخلاقىي تەلەپلەردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىڭ يىللار مۇقەددەمكى تۇرمۇش، ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردىكى گۈزەل مەدەنىي ھايات مەنزىرىسىنى كۆرگەندەك بولدۇق. بۇ ئەخلاقىي تەلەپلىرىڭىز مەدەنىي تۇرمۇش ھاياتىمىزغا زىبۇزىننەت بولالايدۇ. بىز يەنە شۇنى چۈشەندۇقكى، گالغا ئەسىر بولۇش بىلەن گۈزەل پەزىلەت ئەڭگۈشتىرىنى قولدىن بېرىپ قويىدىكەنمىز. بوۋا، بىز گالنىڭ قۇلى ئەمەس. ئۇنىڭغا ئەسىر بولۇپ، ئادەمگەرچىلىكىمىزنى

يوقاتمايمىز . سىز بىزگە يەنە مىزاجىغا قاراپ ئۆزۈڭلىنىش توغرىسىدا تىببىي ئىلىمدىن ساۋات بەردىڭىز . بۇ بىزگە ئۆزىمىز خەۋەرسىز بولغان يېڭى بىر ئىلمىي قائىدىنى ئۇقتۇردى . بىزنىڭ ئاچ كۆزلۈك ۋە نەپسانىيەتچىلىك بىلەن «قورساق تويسىلا بولدى» دەپ قاراپ ، كەلسە - كەلمەس تائاملارغا ئۆزىمىزنى ئۇرۇشىمىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز كېسەللىك تورىغا تۇتۇپ بەرگەنلىك بولىدىكەن . راست ، بەزىلىرىمىز ھەتتا ئۆزلىرىمىزنىڭ مىجەزىنىمۇ ئۇقمايمىز . كۆزىمىزگە نىمە ئۇز كۆرۈنسە دىققەت قىلماي يەۋېرىمىز . بۇنداق ھېسسىيات بىلەن ئۆزىمىزنى ئەخلاقىي تەرەپتىنمۇ ۋە جىسمانىي تەرەپتىنمۇ نابۇت قىلىدىكەنمىز . ھەقىقەتەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇزۇقلۇق قوبۇل قىلىش ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنمىسە ، تويغىنىنىمۇ سېزەلمەي ئارتۇق يەۋالسا ، بۇ نادانلىق سۈرىتى ۋە ھايۋانلىق سۈپىتى بولۇپ قالىدىكەن . شۇڭا ، ھەرقانداق كېسەل بولۇپ قالساق ، كېسەللىك سەۋەبىنى ئاۋۋال ئۆزىمىزدىن ئىزدىشىمىز لازىمكەن . ئەي قەدىرلىك بوۋا ، يۇقىرىقى ھېكمەتلىك سۆزلىرىڭىزنى قەلبىمىزگە پۈكۈۋالدۇق .

بوۋا ، ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە دۇچار بولىدىكەن ، بىر كېسەلنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئەمچى (دوختۇر)غا موھتاج بولىدىكەنمىز ، ئەمدى بىزگە ئەمچى بولغۇچى كىشىنىڭ قانداق پەزىلەتلەرنى ھازىرلىشى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرسىڭىز ئىكەن .

# يىگىرمىنچى باب

## ئەمچى (دوختۇر)نىڭ پەزىلىتى ۋە خىسلىتى توغرىسىدا

بالام ، سەن كىشىلەرنىڭ جىسمانىي كېسەللىكىنى داۋالاپ روھىي ئازابتىن ئازاد قىلىدىغان ، ئۆلۈمگە ئامال قىلىپ ، ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ساۋابلىق كەسىپنى قىلىدىغان بولدۇڭ . سەن ئۆزۈڭنى بىر سەۋەبچى دەپ بىلگىن ، كېسەللىكنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارمايدۇ ، بىراق ئەجەلى توشقان بولسا ، ھەرقانچە ئۇستا دوختۇرمۇ سەۋەب قىلىشقا ئاجىز كېلىدۇ . ئەجەلى توشمىغان بولسا سەۋەب قىلساڭ ، ۋاقىتسىز ئۆلۈمنىڭ ، بەختسىزلىكنىڭ ، رەھىمسىز جۇدالىقنىڭ ئالدىنى ئالالايسەن . بىراق ، ياخشى ، يارامىلىق ، ئىقتىدارلىق دوختۇر بولماق ئوڭاي ئەمەس . كىشىلەر ياخشى ، يارامىلىق دوختۇرنى «ئاق پەرىشتە» دەپ ئاتايدۇ ؛ يارامسىز ، قابىلىيەتسىز دوختۇرنى «رەھىمسىز قاتىل» ھېسابلايدۇ . بۇ خۇسۇستا ئەلىشىر نەۋائىي مۇنداق سېلىشتۇرما قىلىغان : «نادان تېۋىپ جاللاتنىڭ ئۇستىسى ، جاللات تىغ بىلەن ئۆلتۈرسە ، نادان تېۋىپ دورا بىلەن ھالاك قىلىدۇ . جاللات نادان تېۋىپتىن ياخشىكى ، جاللات گۇناھكارلارنىڭ كاللىسىنى ئالسا ، نادان تېۋىپ بىگۇناھ ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ» . ئىبرەت ئالغىنكى ، كېسەلگە ھۆكۈم قىلالمىغان ئەھۋالدا ئالدىراپ رېتسېپ يازما ، ئۆزۈڭنىڭ ئاجىزلىقىنى

يوشۇرما، جان بىلەن ئويناشما، كېسەلگە قارىتا توغرا ھۆكۈم قىلىشقا ئاجىزلىق قىلساڭ، سەممىيەتلىك بىلەن باشقا دوختۇرلارغا كۆرۈنۈپ بېقىش تەكلىپىنى بەرگىن، دىئاگنوز يۈزدە - يۈز مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگۈچە بىمارغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئاغزىڭغا كەلگىنىچە قالايمىقان بىر نەرسىلەرنى دەپ قويما. بىلگىنكى، دوختۇرلۇق ناھايىتى نازۇك كەسىپ. ھەر دائىم جان بىلەن ھەپىلىشىسەن، بىر قېتىملىق سەۋەنلىكىڭ ئۆزۈڭنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغان خاتالىققا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن، شۇڭا ھەرقاچان كەسپىي ئىقتىدارىڭنى ئاشۇرۇشقا تىرىشقىن.

بالام، دوختۇر ياخشى خۇيلۇق، ياخشى مىجەزلىك ۋە خۇشخۇي بولۇشى كېرەك. كېسەل كىشى تولىمۇ نازۇك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرىكى لەخپۇكدەك لىغىلداپ تۇرىدۇ، ناھايىتى كۆپ ئەندىشە، تەشۋىش، قورقۇش ئۇلارنىڭ روھىنى ئاجىزلاشتۇرغان بولىدۇ. شۇڭا، سەن ئىشنى ئاۋۋال بىمارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشتىن باشلا. ئۇلارغا ئۈمىد، ئىشەنچ ئاتا قىلغىن، ئۇلارنىڭ روھىي بېسىمىنى يەڭگىللەتمىسەڭ، بەرگەن دورىلىرىڭ ئۇلارغا شىپا قىلماي، بەلكى زەھەرگە ئايلىنىدۇ. ئىشەنچ، ئۈمىد پەيدا قىلىپ، روھىدا جۇشقۇنلۇق ئويغاتساڭ، بىر سىقىم تالقاننى دورا دەپ كاپ ئەتكۈزسەڭمۇ شىپا بولۇشى مۇمكىن. بۇ كۆپ سىناقتىن ئۆتكەن ئىش بالام. شۇڭا، بىمارلارغا شەپقەتلىك، مېھرىبان، ئوچۇق چىراي ۋە ئىللىق بولغىن. دورىڭ بىر ئۇلۇش داۋالىسا، پەزىلىتىڭ يەنە بىر ئۇلۇش داۋالايدۇ. بىمار سەن بىلەن تۇنجى ئۇچراشقاندا مېھرىڭدىن سۆيۈنسە، ئۇنى ئۈچتە بىر ئۇلۇش داۋالاپ بولغان بولىسەن. سەندىن قوپاللىق، سوغۇقلۇق سادىر بولۇپ، بىمارنىڭ كۆڭلى ئاغرىغان بولسا، كېسەلنى ئۈچتە بىر

ئۇلۇش ئېغىرلاتقان بولسەن . ئەگەر بىمار سەن بىلەن بولغان تۇنجى سۆھبەتتە ئىشەنچكە ئىگە بولالمىسا ، ئۆزىدە يەڭگىللىك ھېس قىلالمىسا ، سەن ئۆزۈڭنى دوختۇر دەپ ئاتىمىساڭمۇ بولىدۇ .

بالام ، دوختۇر كېسەلنىلا تونۇيدۇ ، ئادەملەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلمايدۇ . سېنىڭ ئالدىڭغا ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەن بىمارلار باي بولسۇن ، كەمبەغەل بولسۇن ، تۇغقىنىڭ بولسۇن ، يات بولسۇن ، باشلىق بولسۇن ، پۇقرا بولسۇن ، ھەممىسىلا ئوخشاشلا دەردمەن . ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولغىن ، ھەرگىز پەرقلىق مۇئامىلە قىلما . مەسىلەن ، بىر كېسەلخانىدا تۆت بىمار ياتقان بولسا ، بىرىگە ھەددىدىن ئارتۇق كۆيۈنۈپ غەمخورلۇق قىلىپ كەتسەڭ ، باشقىلارغا ئانچە ئېتىبار بەرمىسەڭ ، كەسپىي ئەخلاقىڭغا ماس كەلمەيدۇلا ئەمەس ، ئادەمگەرچىلىككىمۇ توغرا كەلمەيدۇ . شۇڭا ، ھەرقايسىسىدىن يولىدا ئەھۋال سوراپ كۆڭلىنى ياسىغىن . قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارغا ئۈمىد بېغىشلا . كىشىلەرنىڭ ھاجىتى چۈشۈپ قالسا ، خۇشاللىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان ، كېسىلىگە شىپادار بولغىن . كىشىلەر كېسەللىك دەستىدىن جان تالىشىۋاتسا ، مەنپەئەت قوغلىشىپ كۆزۈڭنى يۇمۇۋالما . جاننى پۇل بىلەن ئۆلچەشكە بولمايدۇ ، جاننى قۇتقۇزۇش سېنىڭ بىردىنبىر مەقسىتىڭ بولسۇن . پۇلى يوق ئىكەن دەپ بىرەر بىمارنى داۋالىماي ، ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالساڭ ، جانغا زامىن بولغان بولىسەن ، ئۇ ھالدا بىر ئۆمۈر ئۆزۈڭنى كەچۈرەلمەيسەن .

بالام ، دوختۇر نوقۇل كىتابىي بىلىمگە تايىنىپلا ياخشى دوختۇر بولالمايدۇ ، ئەمەلىي تەجرىبە مىڭ كىتابتىن ئەۋزەل .

ھەممە كېسەل كىتابتا پۈتۈلگەندەك بولۇشى ناتايىن . گەرچە ئوخشاش بىر كېسەل ئىككى ئادەمدە پەيدا بولغان بولسا ، بىر ئادەم كىتابتىكى داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن ئۈنۈملۈك داۋالىنىشى مۇمكىن ؛ يەنە بىرىگە بۇ ئۇسۇل ياخشى ئۈنۈم بەرمەسلىكى مۇمكىنغۇ؟ شۇڭا ، سەن ئادەملەرنى ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ، ياشاش مۇھىتىنى ، ئۇلارنىڭ كېسەللىك پەيدا قىلىشتىكى ئامىللىرىنى ئىلمىي پەرەز قىلالىساڭ ، كېسەلنىڭ ئەسلىي مەنبەسىنى تاپالايسەن . شەۋەبىنى ئېنىقلىيالمىساڭ ، كېسەلنى تۈپ يىلتىزىدىن ساقايتالمايسەن . بۇنىڭ ئۈچۈن سەن دوختۇر ، پسىخولوگ ، جەمئىيەتشۇناس بول ، بەزى كېسەللەر دورا بىلەن ساقىيىدىكەن ؛ بۇ بەدەن تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ؛ بەزى بىمارلار دورا بىلەن ساقايمايدىكەن ، بەلكى روھىنى داۋالاش بىلەن شىپا تاپىدىكەن . ھېكايە قىلىنىشىچە : بىر پادىشاھ غەلىتە بىر كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ . ئۇنى شۇنچە داڭلىق تېۋىپلارمۇ داۋالاشقا ئاجىزلىق قىپتۇ . پادىشاھنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپتۇ . شۇ كۈنلەردە شەھەرگە بىر تېۋىپ كەپتۇ ، ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ، پادىشاھقا خەۋەر بېرىپتۇ . پادىشاھمۇ ئۇ تېۋىپنىڭ داۋالىشىغا رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ ، تېۋىپ بىر مەزگىل پادىشاھنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزەتكەندىن كېيىن ، مۇنداق دەپتۇ :

شاھىم ، سىلىنىڭ كېسەللىرى كۆزلىرىدە بولسا كېرەك.

يالغان ئېيتسەن ، دەپتۇ شاھ تېرىكىپ ، كۆزۈم ئىنتايىن نورمال ، دەرد دېگەن ئىچىمدە ،دىلىم ھەمىشە قاراڭغۇ، كۆڭلۈمگە ھېچ نەرسە ياقمايدۇ ، تېرىكىپ تىت - تىت بولىمەن ، راھەتلىنىپ ئۇخلىيالمايمەن

— دېگەنلىرى توغرا ، دەل شۇ دەردلەرنى داۋالاشنى كۆزدىن باشلاش كېرەك ، — دەپتۇ تېۋىپ.

— مېنىڭ كۆزۈم ساپمۇ ساق ، — دەپ غەزەپلىنىپتۇ شاھ. — ئۇنداق بولسا ماڭا ئىجازەت بەرسىلە ، مەن كېتىپ قالاي ، — دەپتۇ تېۋىپ.

شاھ بىر ئاز ئويلىنىپ ، تېۋىپنىڭ داۋالاش تەكلىپىنى قوبۇل قىلماق بوپتۇ. تېۋىپ شاھتىن سۆزىگە ئەمەل قىلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ ، شاھمۇ رازىلىق بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تېۋىپ شاھنىڭ ئەڭ يېقىن بىر تۇركۈم كىشىلىرىنى بىرگە ئېلىپ سەپەرگە چىقىشىنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار سەپەرگە ئاتلىنىپ شۇ كۈنىلا خېلى ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ ، كەچتە گۈزەل بىر ۋادىغا يېتىپ كەپتۇ. شۇ كېچىسىلا شاھ شۇنداق شېرىن ۋە قاتتىق ئۇخلاپتۇكى ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئاران ئويغىنىپتۇ. شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ گۈزەل تاغ باغرىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇلارنى تاماشا قىپتۇ. رەڭمۇرەڭ گۈل - گىياھلار دىلىغا ئارام بېرىپتۇ. ئۇ بارا - بارا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلاپتۇ ، كىچىك بالىدەك ئۇياق - بۇياققا سەكرەپ بېقىپتۇ ؛ قەددىنى رۇسلاپ چوڭ - چوڭ نەپەس ئاپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم تىنغاندا ئاغزىدىن ۋە دىمىغىدىن قانداقتۇر سېسىق بۇس چىققاندەك بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ شاھ بىر ھەپتە ئىچىدىلا ساپمۇساق ساقىيىپ كېتىپتۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران بولغان شاھ تېۋىپتىن سوراپتۇ :

— دورا - دەرمەك بەرمەي مېنى قانداق قىلىپ ساقايتتىڭ ، بۇنىڭدا قانداق سىر بار؟

— شاھىم ، بۇنىڭدا ھېچقانداق سىر يوق ، — دەپتۇ تېۋىپ ، — مەن سىلىنى كۆرۈشتىن ئاۋۋال بىر نەچچە كۈن

سىلىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى كۆزەتتىم ، ماڭا شۇ مەلۇم بولدىكى ، سىلى ئۇزاق ۋاقىت تەخت ئۇچۇن بولغان كۈرەشلەردە ، ھەربىي يۈرۈشلەردە بولدىلا ، يۈزلەپ كىشىلەرنى قەتلى قىلىش ئۈستىدە تۇردىلا ؛ خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق تۇيەيلىدىن كۆپىنچە ئوردىدىن چىقماي ياشىدىلا . مۇنداق مۇھىت ئۇزاق داۋام قىلسا ، كىشىنىڭ دىلى خىرەلىشىدۇ - دە ، غەزەپتىن ئۆزىنى بېسىۋالالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ ، كىچىككىنە ئىشقا تېرىكىدۇ ، داۋاملىق مۇنداق تۇرمۇشتا ئۆتۈۋەرگەندە كۆزلىرى بىر نەرسىدىن ئاسانلا زورىقىدىغان بولۇپ قالىدۇ ؛ ۋۇجۇدلىرى بولسا راھەتلىنىش ۋە ھوزۇرلىنىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ ؛ ئادەتتە تېۋىپلار مۇنداق كۆزلەرنى كۆرگەن چاغدا ئۇنى كېسەللىكنىڭ ئالامىتى دەپ قارايدۇ . شۇڭا ، مەن سىلىنى كۆرۈپلا كېسەللىرىنى كۆزلىرىدە ئىكەن دەپ ئېيتقانىدىم . مۇنداق كېسەلنى داۋالاشتا ساياھەتتىن باشلاش تولىمۇ ئۇنۇملۇكتۇر . تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلىرى ، خۇش سۈزۈك دەريالار ، تاغلار ، ئاق چوققىلار ، بىپايان ۋادىلار ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ، ياپيېشىل مايسىلار ، ئېگىز چوققىلار ھەم ياپيېشىل قارىغايلار ... كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ ، دىلنى روشەنلەشتۈرىدۇ . مانا بۇلار ئۆزىنىۋېتىپ روھنى كۆتۈرىدۇ ، ئەتراپتىكى شاد - خۇراملىقنى كۆرۈش ۋە تاماشا قىلىشنى ئۆگىتىدۇ ، نەتىجىدە كىشى ئۆزىدە يېڭىدىن ئىشەنچ ۋە ئۈمىد تۇغۇلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ .

دېمەككى بالام ، ھەممىلا كېسەلنى كىتابتا خاتىرىلەنگەن رېتسېپلار ئاساسىدا داۋالايمەن دەپ قارىساڭ ، تەرەققىي قىلمايسەن ، بەزى كېسەللەر مۇھىت ئالماشتۇرۇش بىلەن ، بەزى كېسەللەر سۇنى ئالماشتۇرۇش بىلەن ، بەزىلەر ھاۋانى ئالماشتۇرۇش بىلەن ، بەزىلەر يېمەكلىك ئادىتىنى ئۆزگەرتىش

بىلەن، بەزىلىرى دەردتىن ساقىت بولۇش بىلەن شىپا تېپىشى مۇمكىن. شۇڭا، بالام، كېسەلگىمۇ قارا، ئەڭ مۇھىمى ئادەمگە قاراپ كېسەل داۋالاشنى ئۆگەنگىن. ھەقىقىي ئاق پەرىشتىدەك بۇرچۇڭنى ئادا قىلالىساڭ، ئەلمۇ رازى بولىدۇ، كېسەلمۇ سەندىن مەمنۇن بولىدۇ. ئاخىرىدا يەنە ساڭا شۇنى تەۋسىيە قىلىمەن.

3873 ھەرقانداق كېسەلگە دورا - داۋا بار.
ئۆنى ئەمەلگۈچى ھېكىممۇ چىقار.

شۇڭا، بالام، ئۆزۈڭمۇ ئۈمىدۋار بول، تىرىشىپ كەسىپ قابىلىيىتىڭنى ئاشۇرغىن، بىمارلارنىمۇ ئۈمىدلەندۈرۈشنى بىلگىن.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## ئادالەت ۋە قانۇننىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئەي ئادالەت ۋە قانۇن سۆيەر ئوغلۇم، ئەمدى مەن ئادالەت ۋە قانۇن تىلىدىن سۆزلەيمەن. مەن خۇددى ئۈچ پۇتلۇق كۇرۇسقا ئوخشايمەن، بىر پۇتۇم ئادالەت، يەنە بىر پۇتۇم بىلىم ۋە ئەقىل، يەنە بىرى ئەخلاق - پەزىلەت. بىلىشىڭ كېرەككى، ئۈچ پۇتلۇق نەرسە قىڭغايماس بولىدۇ①. ئەگەر بىرەر پۇتى كەم بولۇپ قالسا، قالغان ئىككىسىمۇ ئۆرە تۇرالمايدۇ، ئولتۇرغۇچىمۇ يىقىلىدۇ. نېمىكى تۈز بولىدىكەن، ئۇ ئۈز بولىدۇ؛ نېمىكى ئۈز بولسا، ئۇ تۈز بولىدۇ، نېمىكى ئەگرى، قىڭغىر بولسا، ئۇ سەت - كۆرۈمسىز بولىدۇ. چۈنكى، پۈتۈن ئەگرىلىك يامانلىقنىڭ بەلگىسى.

807 قايسى تۈز ئىگىلسە، تۇرماس يىقىلار،
نېمىكى تۈز بولسا، يىقىلماي تۇرار.

---

① بۇ يەردە ماتېماتىكىلىق ئىلمىي قانۇنىيەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان. گېئومېترىيىدە بىر تۈز سىزىقتا ياتمىغان ئۈچ نۇقتىدىن بىر ۋە پەقەت بىرلا تەكشىلىك ئۆتىدۇ، دېگەن قائىدە بار. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

مېنىڭ خىسلىتىم ئېگىلمەستۇر. ئېگىلسەم دۇرۇسلۇقۇم دەپنە بولىدۇ. توغرىلىقىمدىن مەھرۇم بولىمەن. مەن بىر زۇلپىقارمەنكى، ھەرقانداق ئىشنى قانداق كېسىش توغرا كەلسە، شۇنداق كېسىپ تاشلايمەن. دەۋاغا كەلگەن كىشىلەرنى ھەرگىز ساقلىتىپ قويمايمەن. مەن يەنە ئەلەم چەككەن جاپاكەشلەر ئالدىمغا مەدەت تىلەپ كەلسە، شېكەردەك تاتلىق، شېرىن سۆزلىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ ئاچچىق قەلبىنى تاتلىق قىلىمەن. ئالدىمغا كەلگەن دەۋاگەر سۆيۈنۈپ، يۈزى گۈلدەك ئېچىلىپ قايتىدۇ. باشقىلارغا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، زۇلۇم سالغۇچىلار ۋە زوراۋانلار ئۈستىدە چىقارغان ھۆكۈمىمدە مېھىر ـ شەپقەتتىن قىلچە ئەسەر يوق. مەن زۇلۇم ئوقىنى چاچقۇچىلارغا ھەرگىز ئۇچۇق چىراي ئاچمايمەن. ئەكسىچە جۇدۇن ـ چاپقۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ تاشلايمەن. مەن ئادالەتنى ياقلاپ قانۇنىي ھۆكۈم قىلغان چاغدا شۇنداق يۈز ـ خاتىرىسىز ھالدا مەيدانغا چىقىمەنكى، ئوغلۇم ياكى بىر تۇغقىنىم بولسۇن ۋە ياكى يولۇچى ـ ئۆتكۈنچى مۇساپىر بولسۇن، مەن ئۇچۇن ھەممىسى باراۋەر. ئىككىلىنىش، تېگىرقاش ھەرگىز تەبىئىتىمگە مۇناسىپ ئەمەس.

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشنى،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشنى.

ئەي ئوغلۇم، ئالىملارنىڭ مېنى قوياشقا ئوخشىتىشىمۇ يوللۇق. مەن ھېچقاچان پارچىلىنىپ كەتمەيمەن. ھەمىشە پۈتۈنلۈك بىلەن پارلاق نۇرۇمنى تەكشى چاچىمەن. مەن ئۇچۇن بارلىق جانلىقلار ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئۆكتىيى يوق. خاسىيەتلىك

نۇرۇمنى ھەرگىز ئۇلاردىن ئايىمايمەن. تاڭ قۇياشى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن قاراڭغۇ زۇلمەتنى سۇپۇرۇپ تاشلاپ، مۇبارەك نۇرى بىلەن يەر - جاھاننى ئىسسىتىپ، يەر - زېمىننى تۈمەن خىل گۈل - چېچەككە پۈركەيدۇ. مەنمۇ قۇياش. نۇرىغا ئۇخشاش نەگە تىكلەنسەم، شۇ يەردە گۈللەپ ياشناش بولىدۇ، ھەرقانداق يامانلىقتىن پەيدا بولغان ئەگرىلىك، قوپاللىق، نامۇۋاپىق قىلىقلار يوقىلىدۇ.

ئەي ئۇغلۇم، قۇياشنىڭ خىسلىتى تۇرغۇنلۇقتۇر. تۇرغۇن نەرسە ھەرگىز لىڭشىمايدۇ. ئۇنىڭ تېگى مەزمۇت بولىدۇ[1]، تېگى مەزمۇت بولسا بۇزۇلمايدۇ. مېنىڭ ھەقىقىتىم ئۆزگەرمەيدۇ. يورۇقۇم مەڭگۇ تۈگىمەيدۇ.

ئەي ئادالەت، سېنىڭ تەبىئىتىڭگە سىغمايدىغان ئىشلار قايسى؟

ئەي ئۇغلۇم، ئەگەر مېنىڭ ئىلتىپاتىمغا ئېرىشىشنى كۆڭۈل ئارزۇسى قىلغان بولساڭ، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈڭنى كۆزەتكىن. تەبىئىتىم: بىرىنچىدىن، يالغانچىلىقنى سىغدۇرالمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، زۇلۇمنى خالىمايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئاچ كۆز، تەمەخور، تويماسلارنى؛ ئالدىراڭغۇ، تەنتەك، ئۇياتسىز، ئاچچىقى يامانلارنى؛ قولى ئەگرى (ئوغرى، قاراقچى، پارىخور)، ھاراقخور، پەسكەشلەرنى ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ. ئۇلار كۆزۈمگە بەكمۇ سەت كۆرۈنىدۇ. ئۇلارغا نۇرۇمنى ئەمەس، سايەمنىمۇ كۆرۈشكە ئىمكانىيەت بەرمەيمەن.

---

① بۇ يەردە ئالىم قۇياشنى تۇرغۇن نەرسە، باشقا سەييارىلەر قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ، دەپ تونۇغان. بۇ ئارقىلىق ھەقىقەت بىرلا بولىدۇ، دېگەن كۆزقارىشىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن.

ماڭا يارىماقچى بولساڭ ، يۇقىرىقىدەك ئىللەتلەردىن يىراق بول .
ئەي ئادالەت ، ساڭا ئېرىششىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەمەلى قايسى ؟
ئەي ئوغۇل ، ماڭا ئېرىشمەكچى بولغان كىشى خەلققە پايدا يەتكۈزسۇن . ئەلگە ياخشىلىق قىلىش ، ئەل - ۋەتىنى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشنى ئۆز بۇرچى قىلسۇن ، قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن مىننەت قىلمىسۇن ، ئۇ ئەل نەپئىنى تىلىسۇن ، ئۆز نەپئىنى دېمىسۇن ھەم قىلغان ياخشى ئەمەلى ئۈچۈن بەدەل كۆزلىمىسۇن . دۇرۇسلۇق بىلەن ياشىسۇن .

858 تىلەر نەپ ئۇ ئەلگە ئۆز نەپئىن دېمەس ،
يەتكۈزگەن نەپئىچۈن بەدەل كۆزلىمەس .

ئەي ئادالەت ئېيتقىنا ، دۇرۇسلۇق دېگەن قانداق بولىدۇ ؟ ئۇنىڭ يولى قانداق ؟ ئەي دۇرۇسلۇق تىلىگەن ئوغۇل ، دۇرۇسلۇق شۇنداق نەرسىكى ، تىلىڭ بىلەن دىلىڭ بىردەك بولسۇن . ئىچىڭمۇ تېشىڭدەك ، تېشىڭمۇ ئىچىڭدەك بولۇپ ، ئەل-جامائەت ئالدىدا يۈرىكىڭنى ئالقىنىڭدا ئېلىپ ئۇياتماي يۈرەلىسەڭ ، مانا سېنى دۇرۇس كىشى دېسە بولىدۇ . ئۇنداق ئادەمنىڭ قەلبى پاك ، بىغۇبار بولىدۇكى ، ھەرگىز مەككارلىقنى ، ئالدامچىلىقنى ، بۇزۇقلۇق ، خىيانەتنى ، يامان غەرەزلىك جىنايەتنى كۆڭۈل قەپىسىگە سىغدۇرالمايدۇ . يۈرىكى ئادالەت ، ھەققانىيەت ، ياخشى خىسلەتلەر ئۈچۈن سوقىدۇ . ۋۇجۇدى پاك بولغان ئادەمنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ ؛ يۈزى يورۇق ئادەم جامائەت ئالدىدا ئۇياتماي ، دادىل قەدەم تاشلاپ ماڭالايدۇ . ئەكسىچە ، كاللىسى قەبىھ خىياللار بىلەن توشقان ئادەم ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك دېگەندەك ، تەشۋىشتىن خالىي

بولالمايدۇ. دۇرۇس ياشىساڭ بەختلىك بولالايسەن. قىڭغىر ياشىساڭ ھەر دوقمۇشتا پالاكەتكە ئۇچراپ تۇرىسەن. دۇنيادا ئادەم قىلىش ئەمەس، بىراق ھەقىقىي دۇرۇس ئادەم قىلىش. ئاڭلا:

868 مىڭلەپ يۈرگەن ئىنسان بەكمۇ كۆپ ئېرۇر،
دۇرۇس، چىن، پۈتۈن ئەر ماڭا خوپ ئېرۇر.

869 كىشى قىلىش ئەمەستۇر، كىشىلىك قىلىش ئۇل،
دۇرۇس، چىن كىشى ئۇ تولا ماختىلۇر.

يۇقىرىقى بايانلارنى ئاڭلىدىڭ. بالام، دۇرۇسلۇق بىلەن يۇغۇرۇلاي دېسەڭ ياخشىلارغا قوشۇلغىن. ياخشىلار ماڭغان يولدا ماڭساڭ توغرا قىلغان بولىسەن. ئادەمنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى مۇنداق ئىككى خىل ئامىلغا باغلىق بولىدۇ: بىرى، بەزىلەر ئەسلىي ياخشى بولۇپ، دۇرۇسلۇق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ. بەزىلەر ئۆزى يامان بولغان بىلەن ياخشىلارغا قېتىلسا، دورىماق بىلەن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ؛ بەزىلەر ئەسلىدىن يامان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشى مۇشكۇل؛ بەزىلەر يامانىنى دوراپ يامانلىق يولىغا ماڭغان، ئۇلار ياخشىغا قېتىلسا ئەلگە يارامىلىق ئادەم بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ھەرقانداق ئەلدە بولسۇن، خەلق بېشىدا تۇرغانلار ئادىل قانۇن يۈرگۈزسە، خەلقنىڭمۇ خۇلقى ئۆز، ھەرىكىتى يوسۇنلۇق بولىدۇ. شۇڭا، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ياخشىلارغا يېقىن بولۇپ، يامانلارنى توسۇشى ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا سېلىشى كېرەك. ئەگەر يامانغا يېقىن بولۇپ قالسا، ئۆز يۈزىگە داغ چۈشۈرىدۇ، ياخشىلار ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، يامانلار باش كۆتۈرىدۇ. ياخشىلارغا يامانلىق قىلىش — يامانلارغا مېھىر-

شەپقەت قىلغانلىق بولىدۇ. يامانلارغا مېھىر - شەپقەت قىلىش — ياخشىلارغا غەزەپ قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ (ئادالەت) يولۇمنى توتقانلىق ئەمەس. ئوغلۇم، ياخشىلىق قىلىش يۇقىرى ئۆرلىگەندەك قىيىن بولىدۇ. يامانلىق قىلىش پەسكە دومىلىغاندەك ئوڭاي بولىدۇ. بۇ بېيت شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىلغان:

905 ياخشىلىق ئۆرلەشتەك، چىقالماس كىشى،
قىلالمايدۇ ھەركىم بۇ ئۆرلەش ئىشى.

ئەي ئادالەت، بەزىلەر ياخشىلىقتىنمۇ ئېشۇەن ئىزدەيدۇ، ياخشىلىقنىڭمۇ قۇسۇرى بولامدۇ؟

ئەي ئوغۇل، ياخشىلىق بۇ دۇنيادا ھامان ماختاشقا سازاۋەر. يامانلار ياخشىلىقنى قۇسۇر دەپ بىلىدۇ. يامانلار بولمىغان بولسا، ياخشىلارغىمۇ ئىش بولماس ئىدى. ياخشى بولمىسا يامانىى، يامان بولمىسا ياخشىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ياخشىلارنىڭ ئارىسىدا يامانلارغا كۈن يوق. ياخشىلار ھامان غالىب، يامانلار مەغلۇبىيەتتىن خالىي ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن يامانلار ياخشىلارغا مەست قىلىپ، ياخشىلارنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەك بولىدۇ. يامانلىق ھامان قاراڭغۇلۇق - جاھالەتنىڭ دوستى. ئۇ يورۇقلۇققا ھەرگىز ئىگە بولالمايدۇ. ئەي ئوغۇل، ياخشىلىق قىلغان ئادەم ھەرگىز زىيان تارتمايدۇ. ئەلگە ياخشىلىق قىلىش تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئۆزۈڭگە ياخشىلىق قىلغانلىق بولىدۇ. قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن مىننەت قىلما. ياخشىلىقنىڭ باھاسىغا يەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنى پۇل، مال - دۇنيا

بىلەنمۇ ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس. قىلغان ياخشىلىقنىڭ ئۈچۈن بەدەل كۆزلىسەڭ، ساپ ئالتۇنىڭنىڭ ئۈستىنى كاكىل-لاي بىلەن سۇۋىغانلىق بولۇپ قالىدۇ. يامانلىق بۈگۈن پايدىلىقتەك كۆرۈنسە ئۇنىڭغا ئالدانما؛ تاڭلا بىر كۈنى تارتىدىغان زىيىنىڭ بۈگۈن كۆرگەن پايداڭدىن زىيادە بولۇپ، پۇشايمان ئوتىدا پۇچىلايدۇ. ئەي يامان، پەسكەشلەرنىڭ ئارىسىدا خارلىق كۆرۈۋاتقان ياخشى خويلۇق ئوغۇل، يېنىمغا كەل. سېنى ئۆزۈم ئارزۇلاپ ئىزدەيمەن. سەندىن كىم تويۇپتۇ، كىم بىزار بوپتۇ؟ يېنىمغا كەل، مەن ساڭا مۇنتەزىر، بۇ دۇنيادا تېخى بىرەر قېتىممۇ ياخشىغا تويۇنۇپ باققان ئەمەس. ياخشىنى سۆيمەك، ياخشىنىڭ ئىشىنى مەدھىيىلىمەك مېنىڭ بۇرچۇم. ئەي ئوغۇل، يۇقىرىقى بايانلارنى ئۇقتۇڭ، ياخشىلىقنى ئۆزۈڭگە قىبلىنەما قىل. ئەي قانۇن، قانداق قىلغاندا سېنىڭ توغرا، ھەققانىيلىقىڭغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟

بالام، خەلق ئۇلۇغ، سەن بولساڭ شۇ ئۇلۇغ خەلقنىڭ بىر ئەزاسى. شۇڭا، ئۆزۈڭگە مەسئۇل بولۇش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتكە، قانۇنغا مەسئۇل بولۇشۇڭ، ئەمەلدارلارنىڭ نازارەتچىسى بولۇشۇڭ كېرەك. ئۆزۈڭنى قانۇن بىلەن قوغداشنى بىل. بولمىسا زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن. بولۇپمۇ ئەمەلدارلارنى باھالاشتا بىخۇدلۇق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلما. چۈنكى، قايسى دەرىجىلىك باشلىق بولسۇن، سېنىڭ جانىجان مەنپەئەتىڭ بىلەن ماھىيەتتە زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ھوقۇق، تامغا بىر نەپسانىيەتچى، ئېتىقادسىز، ۋىجدانسىز ئادەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلىدىكەن، خەلققە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ خۇسۇستا ئەزەربەيجان خەلقىنىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر

مەسەللى بار :

بىر سودىگەر ئۇزۇن يىل كارۋان تارتىپ جاھان كېزىپتۇ، ئاخىر ھاياتلىق كارۋىنىمۇ ئاخىرقى بېكەتكە يېقىنلاپ قاپتۇ . ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا پۈتۈن ئۆرۈق - تۇغقانلىرىدىن رازىلىق ئاپتۇ. ئاخىرىدا ئۆزىگە ئۇزۇن يىل ھەمراھ بولغان تۆگىسى يادىغا يېتىپ، ئۇنى ئالدۇرۇپ كېرىپ تۆگىدىن رازىلىق ئالماق بولۇپ مۇنداق دەپتۇ: «ئەي تۆگەم، سەن بىلەن مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھەمسەپەر بولۇپ جاھان كەزدۇق . مەن ساڭا ئېغىر يۈكلەرنى ئارتتىم، قىشتا سوغۇقتا، يازدا سۇسىز قويدۇم. ئۇنى ئاز دەپ تېخى ئۇستۇڭگە مىنىۋالدىم. ساڭا كۆپ جاپالارنى سالدىم، مانا ئەمدى ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن، مەندىن رازى بولساڭ» . تۆگە ئىگىسىگە مۇنداق دەپتۇ : «توغرا، سەن دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى راست، نۇرغۇن قېتىم ئاچ، سۇسىز قالدىم، قەھرىتان قىشتا، تومۇز ئىسسىقلاردا ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ چەكسىز چۆللەرنى كەزدىم، بۇنىڭ ھەممىسىگە رازىمەن، لېكىن بىر ئىشتىنى ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا ھەرگىز كەچۈرمەيمەن» .

— ھەي ھەمراھىم تۆگەم، — دەپتۇ ھەيران قالغان بوۋاي، — نېمە ئىش ئۇ كەچۈرمەيدىغان؟

— بىر قېتىم، — دەپتۇ تۆگە، — دۆڭدىن چىقىۋاتقاندا چۇلۇۋۇرۇمنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويغىنىڭ يادىڭدىمۇ، مانا شۇ ئىشىڭنى مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن[1]...

بالام، خەلقنىڭ ئىشى بەك ئۇلۇغ ۋە نازۇك ئىش، خەلقنىڭ

[1] «كېلىدۇ بىر كۈن» دېگەن روماندىن ئۆزلەشتۇرۇپ ئېلىندى .

تەقدىرىنى ئادەم سۈپەت ئىشەكلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، تارىختا نۇرغۇن دۆلەتلەر دەل ئەمەلدارلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى تۈپەيلى زاۋال تاپقان ۋە خەلقنى قانغا پاتۇرغان.

2047 بولۇۋەرسە ئىتقا، كۆر، باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان.

2048 ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان.

شۇنداق بالام، ئىقتىدارلىق، بىلىملىك، پەزىلەتلىك باشلىق خەلقنىڭ بەختى؛ ئىقتىدارسىز، بىلىمسىز، پەزىلەتسىز باشلىق خەلقنىڭ كۈنلىرىنى قارا قىلىدۇ. بەزى كىشىلەر «ئاكاڭ كىمنى ئالساڭ يەڭگەڭ شۇ» دېگەندەك، مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، كېيىن بارماق چىشلەيدۇيۇ، ئورنىغا كەلتۈرگۈسىز زىيان بولىدۇ. شۇڭا، پائالىيەتچانلىق بىلەن ھوقۇقىڭنى توغرا ئىشلىتىپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ياخشى خاراكتېرلىك كىشىلەرنى تاللاپ كۆرسىتىشكە تىرىشقىن. خەلق دېگەن ئۇلۇغ ھەم سايلىيالايدۇ، ھەم ناچارلىرىنى شاللىيالايدۇ. ئەگەر خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمايدىغان ئادەم ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ قالغان بولسا، دەرھال ئومۇمىي خەلق جامائەت پىكرى ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ھوقۇقىنى ئېلىۋېتىش كېرەك. ئۇنداق ئادەم بىر كۈن ئوشۇق ھۆكۈم سۈرسە، نۇرغۇن زىيانلارنى سالىدۇ. ھەرقاچان

ئەڭگۈشتەر خەلقنىڭ قولىدا . باشلىقنى خەلق ئېتىراپ قىلسا ، باشلىق ، خەلق ئېتىراپ قىلمىسا ، قۇرۇق ئېرىققا مىراب بولۇپ قېلىۋېرىدۇ .

بالام ، ئەگەر ئۆزۈڭدە خەلقنى باشلىيالىغۇدەك ئىقتىدار بولىدىغان بولسا ، دادىللىق بىلەن ئۆزۈڭنى نامايان قىل . يۈرەكلىك ھالدا ھوقۇقنى قولۇڭغا ئېلىپ ، خەلققە بەخت كەلتۈرۈشكە تىرىشقىن . ئەگەر ئىقتىدارىڭ بولمىسا ، ھەرگىز بۇ ئىشقا ھەۋەس قىلمىغىن ، ئىقتىدارسىز ئادەمنىڭ ئەمەل تۇتۇشىنى چۈمۈلىنىڭ ھارۋا سۆرىشى دەپ تەسەۋۋۇر قىل!

ھەي ئادالەتتىن دۇنياغا مەنتىۋى مەشئەل يېقىپ بەرگەن بوۋا ، قانۇن ـ تۈزۈم ئەمەلدار ئازغىلىق ئەمەلىيلىشىدىغان ئىش ئىكەن . ئەگەر ئەمەلدار ئىقتىدارسىز ، نەپسانىيەتچى ، ئىككى يۈزلىمىچى بولىدىغان بولسا ، ئادالەتلىك قانۇنمۇ ئۇنىڭ قولىدا جاھالەت قورالىغا ئايلىنىدىكەن ، مىليونلاپ خەلقنىڭ كۆڭۈللىرىنى قارا قىلىدىكەن ، تەقدىرىنى بىر شىشە ھاراققا سېتىۋېتەلەيدىكەن ، شۇڭا ئەمەلدارلارنىڭ قانداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشى ، ئۇنىڭغا خەلق قانداق تەلەپلەرنى قويۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسەڭ ئىكەن .

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# قانۇن يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدارنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا

ئەي ئەمەلدارلىق كىبىرى بىلەن غادايغان ئوغۇل ، سەن ھەرقانچە يۇقىرى ئورۇندا بولساڭمۇ ، ئەلدىن ۋە قانۇندىن چوڭ بولالمايسەن . ئۆزۈڭنى ئۇنچە چوڭ چاغلىما ، خەلققە بويۇنتاۋلۇق قىلما . سەن ئۆزۈڭنى شۇ خەلقنىڭ خىزمەتكارى دەپ بىلگىن . سەن خەلققە باش بولغانىكەنسەن ، ھەردائىم خەلقنىڭ غېمىنى يە . ئۇلارنىڭ بەختىنى ئۆزۈڭنىڭ بەختى دەپ قارا . ئەمەلدارلىق ساڭا باقىي ئەمەس ، ئۇ خەلقنىڭ ساڭا تاپشۇرغان ئامانىتى ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش نائىنساپ مەخلۇقلارنىڭ ئىشى . ئۇنتۇمىغىنكى ، بۇ ئورۇن بۈگۈن ساڭا تەگكەن بولسا ، بۇرۇن يەنە بىرىنىڭ قولىدا ئىدى ، ئەتە سەندىن يەنە بىرىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ . سەن ئەمەلدە ئولتۇرغان مەزگىلدە ئەلنىڭ ئېغىزىدا ھەرگىز يامان ئاتاققا قالمىغىن ، ياخشىلىق قىلىش ، ئادىل ، ھەققانىي بولۇش بىلەن ئەلنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكىن ، «باش» دېگەن خەلقنى بەخت يولىغا باشلايدۇ ، ياخشىلىقتا ، جاپا ـ مۇشەققەتتە باش بولىدۇ ، ھەرگىزمۇ مەن باشلىق دەپ ئەلنىڭ بويىنىغا مىنىۋالمايدۇ . سەن خەلقنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتى ۋە ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئېرىشەلىسەڭ ، ئاندىن يۈرەكلىك خىزمەت قىلالايسەن . يۇقىرى ئورۇنغا چىقتىم دەپ ، ئۆزۈڭنى بايقىماي ، ئەلنىڭ نەزىرىدە ئەڭ پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالمىغايسەن . بىلسەڭ ئەلنىڭ قەلبى ئەڭ

ئۇلۇغ تەخت، ئەل قەلبىگە تىكلەنگەن تەخت مەڭگۈلۈكتۇر. ئەمەلدارلىق ھەرگىز سىنىڭ شەخسىي مۈلكۈڭ ئەمەس، كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىدىغان. خەلقنىڭ ساڭا بولغان ئىشەنچى، خەلقنىڭ نۇرغۇن ئۈمىد رىشتىسى ساڭا باغلانغان. ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بول، ئۇلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ سۆيۈندۈرگىن. ھەرقاچان ھەققانىي، توغرا، ئادىل يول تۇتقايسەن. مۇبادا ھەققانىيەتنى ياقلايمەن، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايمەن دەپ، شۇ يولدا قارا نىيەتلەرنىڭ تۆھمىتىگە، پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئەمەلدىن يېقىلساڭمۇ، ئەلنىڭ قۇچىقىغا چۈشىسەن، ئەل قەلبىدىكى ئورنۇڭ يېقىلمايدۇ. سەن ئەمەلنى جان بېقىشنىڭ قورالى قىلىۋالما، خەلق ساڭا ئىشىنىپ ھوقۇقنى تۇتقۇزغانىكەن، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويما، خەلققە يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىشلار سادىر بولۇپ قالمىسۇن، ئەگەر خەلقنى قاقشىتىپ، ئۆكتەملىك، زوراۋانلىق قىلىپ بىر مەزگىل ئاسماندا ئۇچساڭمۇ، يەنىلا يەرگە چۈشىدىغان ۋاقتىڭ بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۆزۈڭگە بىرەرمۇ ھەمدەم تاپالمايسەن، ئەلنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭ قارا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يۈزىگىمۇ قارىيالمايسەن، ئەلمۇ سېنى قوتۇر ئىتچىلىك كۆرمەيدۇ.

بالام، سېنى ئەڭ يەسكەش، قورقۇنچاق ۋە بېقىندى قىلىپ قويىدىغان ئىش تەمەخورلۇق قۇللۇقى ۋە نەپسانىيەتچىلىك بويۇنتۇرۇقىدۇر. كانىيىڭدىن ئىلىنىپ قالدىڭمۇ، ھەرگىزمۇ يۈرەكلىك ئىشلىيەلمەيسەن. سەن بىرىدىن پارا ئېلىپ بىر ئىشنى بېجىرىپ بەرگەن بولساڭ، سېنىڭ قىممىتىڭ، ئورنۇڭ شۇ پۇلنىڭ قىممىتىگىمۇ ئەرزىمىگەن بولىدۇ، ۋىجدانىڭ، غۇرۇرۇڭ ۋە ئەمەلدارلىقىڭنى شۇ پۇلغا ساتقان بولىسەن. سېنىڭ ئىختىيارىڭ ئاللىبۇرۇن باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۇرنۇمنى ساقلاپ قالىمەن، دەپ ھەق - ناھەق مەسىلىلەردە سۈكۈتتە تۇرۇۋالما.

ھەق - ناھەق مەسىلىسى سېنى سىنايدىغان گىرتىپىشى، ئەپسىگە بېرىلىپ ناتوغرا يول تۇتۇپ قالساڭ، ئۆزۈڭنىڭ پۈت-قولىنى ئۆزۈڭ چۇشەپ قويغان بولىسەن. پارا يېشقان ئاشنى خېمىنغا ياندۇرىدۇ، توغرا ئىشنى خاتاغا ئېلىپ بارىدۇ. ئەركىن-ئازادە، يۈرەكلىك بولاي دېسەڭ، پاك ئەمەلدار بولغىن. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە خەلقنىڭ باشلىقلارغا قويغان تۆۋەندىكى ئۆلچەملىرىنى ئۆزۈڭگە مىزان قىل: بىرىنچى، پاك، ئادىل، ھەققانىيەتچى بولغىن؛ ئىككىنچى، كەڭ قورساق، سېخىي بول؛ ئۈچىنچى، تىلىڭ بىلەن دىلىڭ، دېگىنىڭ بىلەن قىلغىنىڭ بىردەك بولسۇن؛ تۆتىنچى، خەلقپەرۋەر، ئەلسۆيەر بول؛ بەشىنچى، ئار - نومۇسلۇق، ۋىجدانلىق بول؛ ئالتىنچى، مىجەز - خۇلقۇڭنى ياخشى قىل، غەزەپلىنىپ، ئاداۋەتچى بولما؛ يەتتىنچى، تۇراقلىق مەيدانىڭ بولسۇن، راستچىل بول، يۇمىلاق تاۋۇز بولما، شامال قاياقتا ئۇچۇرسا شۇياقتا ئۇچما، مەزمۇت بول؛ سەككىزىنچى، كەمتەر، كىچىك پېئىل بولغىن؛ توققۇزىنچى، ئەلگە ۋاپادار دېگەن ياخشى نامنى قولغا كەلتۈر؛ ئونىنچى، ھەر ئىشنى قىلساڭ ئەقىل - پاراسەت بىلەن قىلغىن. مۇنۇ ئون ئىشنى تەرك ئەت: بىرىنچى، شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك قىلما؛ ئىككىنچى، تەمە قولۇڭغا ئۆزۈڭنى بەند قىلما؛ ئۈچىنچى، پارىخورلۇق تۇزىقىغا چۈشمە؛ تۆتىنچى، ئاچ كۆز، كۆزى كىچىك بولما؛ بەشىنچى، تەنتەكلىك ۋە ئالدىراڭغۇلۇق قىلما؛ ئالتىنچى، قوپال ۋە زوراۋان بولما؛ يەتتىنچى، غاپىل، بىپەرۋا بولما؛ سەككىزىنچى، ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلمە؛ توققۇزىنچى، تەكەببۇر، مەنمەنچى بولما؛ ئونىنچى، يۇقىرىدىكىلەرنى خۇشامەت قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى

ياشاش يۇقىرىقى تەرەپلەرگە دىققەت قىلساڭ، ۋەتەن، خەلق ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايسەن، ئەلنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغان بولىسەن.

ئوغلۇم، دانىشمەن پازىللار شۇنداق ئېيتقانكى: «بۇ جاھاندىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل تەبىئەت ۋە مىجەزدە يارىتىلغان. ئادەم پەرزەنتلىرى بولسا، بىر - بىرىگە زىت ۋە خىلاپ كېلىدىغان مىجەزدە يارىتىلغان. شۇ ۋەجىدىن ئىنساننىڭ روھى ۋە جىسمىغا لاتاپەت بىلەن كاساپەت، نۇر بىلەن زۇلمەت ئارىلاشقان بولىدۇ. ئالەمدە بار بولغان ئېسىللىق ۋە پەسلىككە ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرمۇ ئىنسان قەلبىنىڭ قاچىسىدىن مەلۇم ئورۇن ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەر كىمدە ئالاھىدە بىر خىل مىجەز پەيدا بولغان. ئىنسانغا پەرىشتىلەر ئەقلىدىن بەھرە بەرگەن، شەيتان نەپسىدىن ھەسسە قوشقان. شۇڭا، ھەر كىم ئەقىل بىلەن بىر ئىش قىلسا يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئۇلۇغ دەرىجىگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر نەپسىنىڭ پەرمانىغا بويۇن سۇنسا، ھايۋاندىن پەس ئورۇنغا چۈشۈپ، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خار ۋە زارلىقتا قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، يامان خۇلق ۋە يارىماس ئىشلارغا قەدەم قويىدۇ - دە، ھېرىس ۋە ھەسەت، زۇلۇم ۋە رىيا، غەيۋەت ۋە تۆھمەتكە ئوخشاش ئىشلارنى سادىر قىلىدۇ». ئوغلۇم، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، باشقىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالساڭ، ئىختىيار تىزگىنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ - دە، ئۇ چاغدا ھەر قانچە ئۆرۈنساڭمۇ بوتىلىقىمۇ رەھىم - شەپقەت قىلىشقا قۇربىتى يەتمىگەن تۆگىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىسەن: بىر بوتىلاق ئانىسى بىلەن بىللە ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ھېرىپ - ئېچىپ، ماڭغۇدەك مادارى قالماپتۇ. ئۇ ئانىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ: «ھەي مېھرىبان ئانا، بىردەم توختىساڭچۇ، مەن سەل دېمىمنى

ئېلىنىۋالاي، مادارىم قالمىدى، سەل ھاردۇقۇم چىققاندىن كېيىن يەنە ماڭايلى» دېگەنىكەن، ئانىسى: «ھەي قارىغۇ، كۆرمەيۋاتامسەن، ئارغامچا خەقنىڭ قولىدا تۇرسا، مەن قانداق قىلاي؟ ئەگەر مەندە كىچىككىنە ئىختىيار بولسا، ئۆزۈمنى بۇ ئېغىر يۈكنى يۈدۈشتىن، سېنى يول يۈرۈشتىن خالاس قىلغان بولاتتىم» دېگەنىكەن.

بالام، قول ئاستىدىكىلەرگە كەڭ قورساق بول، كىمكى ئاستىدىكىلەرگە كەڭ قورساق بولمىسا، ئۆزىدىن ئۈستۈنلەرنىڭ جەبرىگە ئۇچرايدۇ. بىلگىنكى، يامان ئاقىۋەتكە قالغان ئەمەلداردىن ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن خاتىرجەم ياشىغان پۇقرانىڭ كۈنى ياخشى. قولۇڭدىن كەلسىلا ياخشىلىق يولىنى تۇتقىن، ياخشىلىق قىلىشقا قۇربىتىڭ يەتمىسە، ئۆكتەملىك بىلەن ئەمەلدارلىق ئورنىنى ئىگىلەپ ياتماي، قىلالايدىغانلارغا بوشىتىپ بەرگىنىڭ ياخشى. ئۆز نەپسىڭنىلا ئويلىساڭ، سېنى قابىلىيەتلىك باشلىق دېگىلى بولمايدۇ، قابىلىيەتسىز كىشى ئەمەلدار بولۇشقا يارىمايدۇ. سەن ھەقىقىي كۆيۈملۈك، خەلقپەرۋەر، ئەل سۆيەر باشلىق بولىدىغان بولساڭ كىچىككىنە نەپسانىيىتىڭ ئۈچۈن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلما، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ساتما. بولمىسا خەلق ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ قالىسەن. كىمكى كۈچ - قۇدرىتى بار چاغدا باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى راۋا كۆرمىسە، يامان كۈنگە قالغاندا خەلقنىڭ كۈلكە ۋە مەسخىرىسىگە قالىدۇ.

ئەي نامەرد، كۈچلۈك قولۇڭ بىلەن ئاجىزلارنىڭ بېشىغا ئۇرما، ھامان بىر كۈنى چۈمۈلىگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئايىغىغا چۈشۈپ قالىسەن. ماڭا كۈچى يەتمەيدىغان ئورغۇن كىشىلەر بار دەپ پەرەز قىلغىنىڭدا، سەندىن كۈچلۈكلەرنىمۇ نەزىرىڭدىن

ساقىت قىلىپ قويما . كۆڭلى سۇنۇق ، قەلبى يارا بولغانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بول . سەن موھتاج بولمىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دەردىنى بىلمەيسەن . يولۋاس دېگەن يىرتقۇچ ھايۋان ، ئۇ بىر - ئىككى كۈن ئىگىسىنىڭ تۇزىنى يالىسا ، ئىگىسىگە چىشى ئۆتمەس بولارمىش . سەن تۇزكورلۇق قىلىپ ، ئەلنىڭ ئاش - تۇزىنى يەپ تۇرۇپ تېخىمۇ غالجىرلاشساڭ ، سېنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ ؟ ھازىرقى كۈچۈڭگە ئىشىنىپ تېرەڭگە سىغماي ، ئاجىزلارنى يىقىتقىنىڭ بىلەن بىر كۈنى شۇ ئاجىز بىچارىلەر ياقاڭدىن سۆرەپ ھەقىقەت سوتىغا تارتىدىغان كۈنلىرىڭنىڭمۇ كېلىشىنى ئويلا .

ئەي دېھقانلارنىڭ غېرىبانە كەبىسىنى شاھلارنىڭ ياسىداق قەسىرىسىدىن چوڭ بىلىپ ، نەزەر پاياندازىنى بىزنىڭ ئاق كۆڭلىمىزگە سالغان بوۋا ، شۇنداق ، بىز سىز ئېيتقاندەك ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئاق كۆڭۈللۈك ۋە سېخىيلىقىمىز بىلەن ياشاپ ، بۈگۈنىڭ خاتىرجەملىكىنى ، ئەتىنىڭ غېمىدىن ئەلا بىلىپ كەلدۇق . بىراق ، ھازىر جاھان بەك ئۆزگىرىپ ، بىز بىلەن باشقىلارنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق مەغرىب بىلەن مەشرىقتەك چوڭ بولۇپ كەتتى . قۇرۇق ماختاش ، قۇرۇق ئالقىشلارغا قورساق تويمايدىكەن ، بىز ئەسىرلەر داۋامىدا تەربىيىلىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىنىپ ، نادانلىق ، قابىلىيەتسىزلىك بالاسىدىن ئىشتىنىمىز تىزىمىزدىن ئاشماي ، ھاياتلىق پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولالماي ئۆتتۇۋەردۇق . بىز ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ بېشىدىلا چۆرگىلەپ يۈرۈپ ، قۇدۇق ئاستىدىكى پاقىدەكلا بولۇپ قالدۇق . بىزگىمۇ بىر بەخت - سائادەت پۇرسىتىمۇ بارمۇ ؟ شۇڭا ، بىزگە ھازىرقى زامانىۋى دەۋرگە ياندىشىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەكلىكنى توغرىسىدا ياخشى مەسلىھەتنى ئايىمىغايسەن .

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## دېھقانلىقنىڭمۇ يەن - مەدەنىيەتكە ۋە بەختكە موھتاج ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئەي ئوغۇل، دېھقان خەق زېمىنغا جان ۋە روھ بېغىشلىغۇچىلاردۇر، سەن مېھنەت - ئەجرىڭنىڭ خاسىيىتى، قارنى - كۆكسۈڭنىڭ كەڭلىكى، خاتىرجەم، بەھۇزۇرلۇقۇڭدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقسەن.

4416 بۇ دېھقان كىشىلەر بولۇر قولى كەڭ،
خۇدا بەرگىنىدىن تۇتار دىلنى كەڭ.

4417 نەسىبە ئالۇرلەر تومەن مىڭلىغان،
يۈرۈچى يەر ئاشنى، ئۇچقانلىرى دان.

سەن ھەرگىز مەيۈسلەنمە، ئۆزۈڭنى تۆۋەن كۆرمە. پەقەت ئۆزۈڭنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكىڭدىن ئاغرىنساڭ بولىدۇ. بىلسەڭ پۈتۈن يەر - زېمىن دېھقاندىن كۈلىدۇ، دېھقان ئەجرى بولمىسا پۈتۈن جانلىقلار ئۆلىدۇ. يەر يۈزىدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسىنىڭ داستىخىنىدىكى ئېسىل غىزالار، نازۇنېمەتلەر مانا شۇ دېھقان مېھنىتى، زېمىنىنىڭ نېمىتى. دېھقان تارىختىن بۇيان يەرگە باغلىنىپ، يەردە تاۋلىنىپ زېمىننى ياشارتتى. يەرگە جان

ۋە روھ بېغىشلىدى. بىراق، ئۆزى ئانچە راھەت كۆرەلمىدى، ئەجرى - تەرىگە يارىشا بەخت ھوزۇرىنى سۈرەلمىدى. بىراق، ئۇلار يەنىلا ئۈمىدىنى ئۈزمىدى، جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن ئېغىر يۈكلىرى كېلىپ دېھقانلىنىلا باستى، ئۇلارغا بىلىنى رۇسلىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بەرمىدى، شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ دولىسى ئايتاپ كۆرمىدى، ئەڭ مۇھىمى دېھقانلار ئەتراپلىق تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن نادانلىقتا، مەدەنىيەتسىزلىكتە ئەيىبلەندى.

ياق بالام! دېھقان ئۇلۇغ، بىراق ھەقىقىي دېھقان بولماق تولىمۇ تەس. چۈنكى، ياراملىق دېھقان بولۇش ئۈچۈنمۇ دانالىق، مەدەنىيەت ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىلىم - پەن بىلىملىرى كېرەك. نادانلىق بىلەن دېھقان يۈزى مەڭگۈ كۈلمەيدۇ، زامان تەرەققىي قىلدى، تارىخ ئۆزگەردى دەيسەن، ئەمدى يەنىلا نادانلىقتا ئېگراۋېرىشنى ئاللامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. «ئۈجمە پىشتى، ئۆرۈك پىشتى، سەن نېمىشقا پىشمايسەن؟» دەپ يېتىۋېرىشكە بولمايدۇ. ساڭا مەن بۇ خۇسۇستا مۇنداق بىرقانچە تەۋسىيەمنى ۋە تەجرىبەمنى ئەسكەرتىپ قوياي، بالام.

بىرىنچى، ھەقىقىي دېھقان بولۇپ، دېھقانچىلىق ئارقىلىق باي بولىمەن دەيدىكەنسەن، يەردىن توغرا، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلگىن. يەردىن ھەقىقىي پايدىلىنالىساڭ، ئۇ ئالتۇن قوزۇق. يەرنى ئالدىساڭ يەرمۇ سېنى ئالدايدۇ، بىزدە مۇنداق بىر تەمسىل بار: «ساپان ۋاقتىدا پۇختىلىق بولسا، خامان ۋاقتىدا جاڭجال بولماس». يەر قىلغان ئەمگەككە قاراپ كۈلىدۇ، بىراق قارا ئەمگەككە تايىنىپلا مەقسەت دىدارىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. يەر دېگەندە ئادەمدىن باشقىنى تېرىپ ئۈندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەنغۇ؟ شۇڭا، يالغۇزلار

بۇغداي، قوناق، پاختا بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بازار نېمىنى
تەلەپ قىلسا، تۇرمۇش ئېھتىياجى نېمىنى تەقەززا قىلسا شۇنى
تېرىپ پايدىلانغىن، بىر يىل ئىشلەپ «مۇزنىڭ سۇغا كەتتى،
قالدى قېتىقنىڭ تۈت پۇلى» دېگەندەك قەرزگە ئىشلەيدىغان
ئەخمەقلىقنى قىلساڭ بولمايدۇ. سەن ھېچبولمىغاندا ھەربىر
ئەمگەك كۈنۈڭگە 20 كويدىن ئايلاندۇرغان چېغىڭدىمۇ بىر يىلدا
ئاران 7000 يۈەن كىرىم قىلالايسەن. ھازىرقى ئىستېمال
سەۋىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، شۇنىڭدىمۇ يەنە نامرات ئۆتۈشۈڭگە
توغرا كېلىدۇ. تاپاۋىتىڭ چىقىمىڭنى قاپلىيالمايدۇ. بالام، شۇڭا
سەن ئالدى بىلەن بىلىمىڭنى ئاشۇرۇپ، دېھقانچىلىق
مەھسۇلاتلىرىنىڭ سورتىنى ياخشىلاشقا تىرىشقىن. بىر كىلوگرام
مەھسۇلات ئالىدىغاننىڭ ئورنىغا ئىككى كىلوگرام مەھسۇلات
ئالالايدىغان سورتلارنى يېتىشتۈرسەڭ، ئەمگەككە تولۇق ئىش
بولىدۇ: يەنە بىرى، يالغۇز ئېتىزغىلا باغلىنىپ قالما، يالغۇز
ئېتىزغىلا يۆلىنىۋالغان دېھقان روناق تاپالمايدۇ، بالام. قولۇڭدا
قوشۇمچە بىرەر ھۈنەر بولسۇن، باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىك،
كۆكتاتچىلىق قاتارلىق ئىشلارنىمۇ قوشۇمچە قىلغىن. بىر چارەك
بۇغداي سېتىپ، بىر كىلوگرام ئۈزۈم، يېرىم كىلو گۆش ياكى
بىر تەخسە لەگمەن سېتىۋېلىپ يېسەڭ، قانداق روناق تاپىسەن؟

ئىككىنچى، ئۆزۈڭنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇغىن.
تەرەققىي قىلغان ئەللەردە دېھقانلارنىڭ ھال-كۈنى، تۇرمۇشى،
مەدەنىيەت سەۋىيىسى شەھەردىكى كىشىلەردىن ھەرگىز تۆۋەن
تۇرمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا مەدەنىيەت، ئىشلەپچىقىرىش
ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى. ئۇلار ئالىي ماشىنىلاردا ئولتۇرىدۇ.
كاستيۇم-بۇرۇلكىلارنى قىرلاپ كىيىپ يۈرىدۇ. يۈرۈش-
تۇرۇشلىرى ئىككى شەھەرلىكلەردىن پەرقلەنمەيدۇ. سەن بۇ يەردە

شەھەرلىكلەر تەرىپىدىن سەھرالىق دەپ كەمسىتىلىسەن . بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبى يەنىلا ئۆزۈڭدە . مەدەنىيەت سەۋىيەڭنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبلىك بار ئىمكانىيەتلىرىڭدىن تولۇق پايدىلىنالمايۋاتىسەن . قولۇڭدا بولسىمۇ پاكىز ، رەتلىك كىيىنىپ يۈرەلمەيۋاتىسەن . ئىشتىمۇ ، بازاردىمۇ بىرلا كىيىمىنى كىيىۋېلىپ قاسماق قىلىۋېتىسەن . ھەممە نەرسە ئۆزۈڭدىن چىقىدىغان تۇرۇپ ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ يېيەلمەيسەن ، شۇڭىمۇ باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئىلىنمايسەن . ئەسلىدىن ئالغاندا بالام ، دېھقان بىر كۈن ئەمگەكتىن توختىسا ، پۈتۈن زېمىن ئاپەتكە يۈزلىنىدۇ . بىلسەڭ تېلېۋىزور ، ماشىنا ۋە باشقا زامانىۋى ئەسلىھەلەر بولمىسىمۇ يەنىلا ياشىغىلى بولىدۇ ، ئاشلىق بولمىسا ياشاشمۇ ، مەدەنىيەتنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ، سېنى ھېچقانداق ئادەمنىڭ كەمسىتىشىگە ھەققى يوق . بىراق ، سېنىڭ دەۋر تەرەققىياتىغا ۋە تەلىپىگە ماس ھالدا مەدەنىيەت ساپايىڭنى ئۆستۈرۈش ھەققىڭ بار . پاكىز ، چىرايلىق كىيىنىپ ، شەھەر كوچىلىرىدا ئەركىن ، بەھۇزۇر يۈرۈش ھەققىڭ بار . زېمىن ئاتا قىلغان مەئىشەتلەردىن پايدىلىنىپ ، بەخت ھۇزۇرىنى سۈرۈش ھوقۇقۇڭ بار .

ئۈچىنچى ، بالام ، سەن بۇ دۇنياغا پەقەت ئىشلەش ئۈچۈنلا كەلمىدىڭ . ئىشلەشنىلا بىلىپ ، ئۆزۈڭ ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان مەھسۇلاتلىرىڭنىڭ قىممىتىنى بىلمىسەڭ بولمايدۇ . چۈنكى ، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇنىڭغا سىڭگەن ئەمگەك ۋە ھاياتىنكى قىممىتىگە مۇناسىپ باھاسى بولىدۇ . بىر چارەك ئاشلىق ئېلىش ئۈچۈن قانچە ئەمگەك كۈنى كېتىدۇ ؟ بۇنى ھېسابلاپ باققانمۇ ؟ ئەگەر بىر ئەمگەك كۈنى كەتسە بىر چارەك ئاشلىقنىڭ قىممىتى ئاز دېگەندە 20 - 30 يۇەنگە يارىشى كېرەك ئىدىغۇ . ئىككى

ئەمگەك كۈنى كەتسە 40 ـ 50 يۈەنگە يارىشى لازىم. شۇندىلا تەڭپۇڭلۇق، باراۋەرلىك، تەڭ تەرەققىي قىلىش بولىدۇ. ئەگەر سەن بىر چارەك بۇغداينى 10 كويغا ساتساڭ، 150 چارەك بۇغدايغا بىر تېلېۋىزور سېتىۋالالايسەن. دېمەك، بىر ئائىلە بىر يىل (ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى 360 × 2 ئەمگەك كۈنى) ئىشلەپ ئالغان مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى بىر تېلېۋىزور سېتىۋېلىشقىمۇ يارىمىسا، سەن يېمەمسەن، ئىچمەمسەن، كىيمەمسەن، بالىلارنى مەكتەپتە ئوقۇتمامسەن؟ بىلگىنىكى، دېھقان ئەمگىكىنىڭ قىممىتى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولمايدىكەن، ھەرگىز باي بولالمايسەن.

بالام، شۇڭا ئاڭلىق ياشىغىن، ئوتتۇرا ئەسىر ئىڭىدا تۇرۇۋەرمىگىن. ماشىنا ئادەمدەك قارىسىغا ئىشلەۋەرمە. ئاڭسىزلىق، مەدەنىيەتسىزلىك قەيەردە ھۆكۈم سۈرسە، شۇ يەردە خۇراپاتلىق ۋە جاھالەت ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتىدۇ. بىلىم پەقەت شەھەرلىكلەرگىلا لازىم دەپ قارىما، سەنمۇ باشقىلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان بەخت ھوزۇرىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقۇڭنى قولغا كەلتۈر، دېھقانلار ئۇچۇنمۇ ئەڭ ياراملىق دوكتورلار، ئالىملار تېخىمۇ زۆرۈر. سەن تىرىشىپ بىلىم سەۋىيەڭنى ئاشۇرغىن، نادانلىق، مەدەنىيەتسىزلىك، نامراتلىق ھاقارىتىنى يۇغىن.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## دىپلوماتىيە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدا

ئەي دىپلومات ئوغۇل، دۆلىتىڭنى كۈچەيتىش ۋە خەلقىڭنى روناق تاپقۇزۇش ئىستىكىدە بولساڭ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت تورىنى كېڭەيتكىن. ئۆز ئېلىڭنىڭ بۈيۈك شان - شەرىپىنى قوغداش يولىدا تىرىشقىن. قۇتلۇق ئەجرىڭنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى ئەلچىنى توغرا تاللاشتىن باشلا. ئەلچى دۆلەت دىپلوماتىيىسىدە ئۆز دۆلىتىنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى مۇھىم ۋەكىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئۆز ۋەتىنىنىڭ يۈكسەك شانۇشەۋكىتىنى، خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى، ئەخلاق - پەزىلىتىنى، ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن قابىلىيەت ۋە بىلىم سەۋىيىسىنى، يۈكسەك ساداقەتمەنلىك روھىنى، باتۇرلۇق ۋە چېۋەرلىكىنى باشقا ئەللەرگە تونۇتىدىغان ۋەكىلى ۋە ئەلچىسى. ئەلچى توغرا تاللانسا، سائادەت ساڭا يار بولىدۇ. ناجىنس كىشىلەرگە بۇ بۈيۈك ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ قالساڭ، بۇ دۇنيا سەن ئۈچۈن تار بولىدۇ.

2643 ئەگەر ئەلچىدە بولسا پەزىلەت تولۇق،
چوڭ ئۈپ بەگ، بولۇر ئاتى ئەلدە ئۇلۇق.

ئەلچىلىك تولىمۇ مۇشكۇل ۋە نازۇك خىزمەت. شۇڭا، ئەلچى تاللىماقچى بولساڭ، تۆۋەندىكى ئۆلچەم تارازىسىغا سېلىپ كۆرگەيسەن.

ئەلچى بولغۇچى كىشىنىڭ ھايات مەقسىتى ۋەتەن، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىلەن بىردەك بولۇشى، ئۇنىڭ قەلبىدە ۋەتەن، خەلقتىن ئىبارەت مۇقەددەس نام ئورۇن ئالغان بولۇشى، ئۆزىنىڭ شەخسىي بەخت - سائادىتىنى ۋەتەنىنىڭ بەخت - سائادىتىدىن، بارلىق ئۇلۇغلۇقنى ۋە بۈيۈكلۈكنى ۋەتىنىگە بولغان سۆيگۈسىدىن، مەڭگۈ ياشاش ئۈمىدىنى ۋەتەن باغرىدىن ئىزدەيدىغان پەزىلەت ئىگىسى بولۇشى لازىم. چۈنكى، ۋەتەنگە بولغان ساداقەت ۋە سۆيگۈ يۈرەك قېنىغا ئوخشاش قىممەتلىك.

ئەلچىلىك يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان ئوغۇل ئەقىل - پاراسەتتە، بىلىم - ھېكمەتتە كامال تاپقان بولسۇن. ئەلچىنىڭ مۇددىئاسى تىل بايلىقى بىلەن زاھىر بولىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ مەقسەت دىدارىمۇ تىل ئارقىلىق ئايان بولىدۇ. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت يالغۇز دوست ئەللەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئۆزلىرى ئۈچۈن دۈشمەنلىك قىلىچىنى پۇلاڭلىتىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەنمۇ ھەر خىل مەقسەت - مۇددىئالار تۈپەيلى پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ۋە مۇنازىرە مەيدانىغا تىل لەشكەرلىرىنى سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەريان كۆرۈنۈشتە ئاشكارىدەك تۇرغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ناھايىتى سىرلىق تۈس ئالىدۇ. بۇنداق سورۇندا كۆپ سۆزلەر ئەستەرلەنگەن ۋە مۇئەييەن مۇددىئا يوپۇقى بىلەن يوپۇقلانغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق كەسكىن ئىستراتېگىيىلىك مەيداندا تۇرغان ئەلچى قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنىڭ ئىچكى مەنىلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ، سۆزنى جاي - جايىدا ئورۇنلۇق قىلىشنى بىلىشى، ھازىرجاۋاب بولۇشى، چوڭقۇر مەنىلىك

سۆزلەر بىلەن قارشى تەرەپنى قايىل قىلالايدىغان بولۇشى زۆرۈر.

2601 ئۇتۇقلۇق ئورۇنداي دېسە ئۆز ئىشىن،
تۈزۈك ئوقماق كېرەك سۆزنىڭ ئىچ - تېشىن.

ئەي ئوغلۇم، ئەلچىلىك ئىشىدا يەنە مۇنداق بىر مۇھىم ئۆتكەل بار. ھەرقايسى ئەللەر بىلەن تۈزۈلگەن تۈرلۈك مەزمۇن ۋە شەكىلدىكى ھۆججەت - بىتىملار يېزىق شەكلى بىلەن پۈتۈلىدۇ. ۋەتەننىڭ مەنپەئىتىنى ياتلارغا تارتتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئەلچى تۈرلۈك بىتىملارنى دۇرۇسلۇق بىلەن پۈتەلەيدىغان ۋە باشقا تىل - يېزىقتىكى بىتىملارنى ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشىنەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولمىقى لازىم. ئەگەر تىل بىلمەسلىك تۈپەيلىدىن كەتكۈزۈپ قويساڭ، دۆلىتىڭگە بالا - قازا يېغىشقا سەۋەبچى بولىسەن. شۇڭا، كۆپ خىل تىل - يېزىقنىڭ ماھىرى بول.

2636 پۈتۈن تىلدا سۆزلەشنى بىلسۇن تىلى،
پۈتۈن خەتنى ئوقسۇن، پۈتسۇن قولى.

ئەي ئوغۇل، كۆڭۈل - كۆكسى ھىممەت بايلىقى بىلەن توق كىشىلەرنى ئەلچىلىككە تاللا، كۆزى تويماس كىشىلەرنى بۇ ئىشتىن نېرى قىل. كۆزى ئاچ كىشىلەردىن ھىممەت كۈتۈش شەيتاندىن ئىززەت كۈتۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاچ كۆز كىشى مال - دۇنيانى كۆرسە ئۆزىنى تۇتالماي، ۋەتىنىنى ئاپەت دېڭىزىغا غەرق قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. ئەلچى ئويانچان، سىلىق، تەمكىن، چېچەن بولسۇن، يۈكسەك بىلىمى، ئالىيجاناب

پەزىلىتى بىلەن باشقىلاردىن ئالدىدا دادىل ، يۈزى يورۇق تۇرالىسۇن . ئۆزىدە ئاجىزلىق ھېس قىلسا ، گەپ - سۆزدە ھودۇقىدۇ - دە ، ئىشتا كەتكۈزۈپ قويىدۇ . ئۇ كۆپ كىتابلارنى ئوقۇپ سۆز بايلىقىنى ئاشۇرسۇن . ئۆزىمۇ پاساھەتلىك شېئىرىي مىسرالارنى تېزىپ قارشى تەرەپنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇتۇۋالالايدىغان ، باشقىلارنىڭمۇ شېئىرلىرىنىڭ ئىچكى مەنىسىنى چۈشىنىپ يېشەلەيدىغان بولسۇن . يەنە قارشى تەرەپكە دۆلىتىنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى ، كۈچ - قۇدرەت ئاساسىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ، ھەر قايسى پەنلەردىن خەۋەردار بولسۇن . يەنە دامكا ، شاھمات ۋە تۈرلۈك مەدەنىي ئويۇنلارغا ماھىر بولۇپ ، ئويۇنغا چۈشكۈچىلەرنىڭ بېشىنى غالىبلىق بىلەن يەرگە قاراتسۇن . بۇ قارشى تەرەپنىڭ قايىللىق تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن چوڭ ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەھدىت بولىدۇ - دە ، ئۇلار يامان نىيىتىنى سەۋر - تاقەت پەردىسى بىلەن يېپىشقا مەجبۇر بولىدۇ . ئەي ئوغۇل ، يۇقىرىقىلار دەسلەپكى كۈچ سىنىشىشنىڭ سىنىقى بولۇپ ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇش ماھارىتىنى نامايان قىلىش رولىنى ئوينايدۇ . ئەگەر ئەلچى يۇقىرىقى ئاساسىي ماھارەت سىناقلىرىدا يېڭىلىش ئاھانىتىگە قالسا ، دۈشمەنلىرىڭ «ئەلچىسىنىڭ ھالى مۇشۇ ، باشقىلارنىڭ ھالى تېخىمۇ زەئىپ ئىكەن» دەپ خورىكىنى ئۆستۈرىدۇ ، ئېلىڭگە بولغان دۈشمەنلىك خەنجىرىنى يۈرەكلىك پۇلاڭلىتىپ ، ئېلىڭگە خورلۇق ۋە ھاقارەت تامغىسىنى بېسىشقا ئۇرۇنىدۇ .

ئەي ئوغۇل ، ئەلچى تاللاشتا ئەقلىي ئىقتىدارلا كۇپايە قىلمايدۇ ، جىسمانىي ئۆلچەمنىمۇ نەزەر - دىققىتىڭدىن ساقىت قىلمىغايسەن . كىشىنىڭ جىسمانىيىتىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان

لاتاپەت دۈشمىنىڭ كۆكسىدىمۇ ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ. شۇڭا، ئەلچىنىڭ بويى - تۇرقى كۆركەم، يۈز - كۆزى چىرايلىق، ئەقىل - پاراسەت، جاسارەت ۋە گۈزەل پەزىلەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرسۇن.

2663 بويى بولسا كۆركەم، چىرايلىق يۈزى،
كېلىشكەن ساقال - چاچ، تۇرقى ئۆزى.

ئەي ئوغۇل، مەن يۇقىرىقى بابلاردا ھاراقنىڭ ئەقىل ۋە ئىلىمنىڭ، شۇنداقلا ئىنسانىي ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ قاتىلى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. دىپلوماتىيە ئىشىدىمۇ ئەلچىنى يۇقىرىقىدەك ئۆلچەم تارازىسىغا سېلىپ، ئۇنىڭ ھاراقكەش ياكى ئەمەسلىكىنى ھېسابقا ئالمىساڭ، بارلىق تىرىشچانلىقلىرىڭ بىكارغا كېتىدۇ، دۆلىتىڭ نىجىس ھاراقنىڭ قۇربانى بولىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بايلىق ۋە مەئىشەتكە قول بولمايدىغان، زېھنى ئوچۇق، ئاڭلاش ۋە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى يۇقىرى كىشىلەرنى تاللىشىڭ لازىم. يۇقىرىقىدەك شەرتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغان كىشى بولسا، ئۇ ئۆز ياكى يات بولسۇن، تامامەن ئىشىنىپ ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرساڭ بولىدۇ.

2667 مۇشۇنداق كىشىنى ئەگەر تاپسا خان،
ئاڭا بەرسۇن ئەلچى ئىشىنى ھامان.

2668 ئەۋەتسە بولۇر ئەلچىلىككە ئۇنى،
يىراق - يات ۋە ياكى بولسۇن تۇغقىنى.

ئەي تەرەققىيپەرۋەر ئوغۇل، سودا مۇناسىۋىتى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى دىپلوماتىيە ئالاقىڭنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلغايسەن. ئېتىككىنى كەڭ ئېچىپ، يېڭى مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىڭنىڭ ئېلىڭگە كىرىشىگە زوقمەن بول. شۇنى چۈشەنگىنكى، ھېچقانداق ئەل بىلەن مەدەنىي ئالاقىسى بولمىغان خەلقنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى بولمايدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، بىرىنىڭ كېمىنى بىرى تولۇقلاش، بىرى قىلالمىغان ئىشنى يەنە بىرى ئورۇنداش، بىرى چىقالمىغان چوققىغا يەنە بىرى يېتىش، بىرى يېتەلمىگەن مەنزىلگە باشقا بىرى ئىز سېلىش ئارقىلىق گۈللىنىدۇ. بۇ قانۇنىيەتنى ئېسىڭدىن چىقارما. ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ ئوچاق يۆلىگەن ئادەم موردىن باشقىنى كۆرەلمەيدۇ. ئىشىكىڭنى ئېچىپ جاھانغا باق، باشقىلار قازانغان مۇۋەپپەقىيەت چېچەكلىرى بىلەن خەلقىڭنىڭ تۇرمۇشىنى بېزىگىن. ئىشىكىڭ مەدەنىيەت ھامىيلىرى بولغان كارۋان - مۇساپىرلارغا دائىملىق ئوچۇق تۇرسۇن. ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ، ياخشى تەسىر قالدۇرۇشقا تىرىشقىن، ئۇلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى قىل، ئۇلارغا ياخشى ئىمكانىيەتلەرنىڭ يولىنى قىلىپ بەر. ئۇلارنىڭ ئامانلىقىنى ياخشى قوغدا، بۇنىڭ ئۈچۈن شەھەر - كەنت ئىچىدە ئوغرى - يالغاننى يوق قىل، يوللاردىكى قاراقچىلارنى، زوراۋان-مۇشتۇمزورلارنى قانۇن تىغىنىڭ بىلەن ئەدەپلە. بۇلار ئۆز ئېلىڭنىڭ نام - شەرىپى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى باشقا ئەللەرگە نامايان قىلىش يولىدىكى مۇھىم تەدبىر. چۈنكى، سودىگەرلەر بىر ئەلنىڭ مەدەنىيەت، قانۇن - تۈزۈم، سىياسەت، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە باشقا تەرەپلىرىنى يەنە باشقا ئەللەرگە تونۇتقۇچى كۆۋرۈك.

شۇڭا، باشقا ئەللەردىن كەلگەن كارۋان - مۇساپىرلارنىڭمۇ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ، بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىشىڭ، تېخىمۇ كۆپلىگەن كارۋانلارنى ئېلىڭنىڭ مەدەنىيەت تۇپرىقىغا ئاقىدۇ - دە، بۇ تۇپراقتىن بەخت - سائادەت، ھۇزۇر - ھالاۋەت گۈللىرى ئېچىلىدۇ.

4423 شەرقتىن غەربكە يۈرۈپ ئايلىنۇر، تىلەگىڭ نە ئەرسە ساڭا كەلتۈرۈر.

4424 تۇمەن خىل خەزىنە، جاھان تاڭسۇقى، ئۇلاردا بولۇر، ئى بىلىملىك سېخى.

شۇڭا، ئۇلار بىلەن ياخشى ئارىلاش ۋە ئىناق ئۆت. ساڭا ئاز - تولا سوۋغات قىلسا، سەنمۇ سۆيۈنچە ئۇزاتقىن، ئېلىش - بېرىش قىلساڭ ھېساباتنى توغرا، پۇختا قىل. ئۇلارنىڭ ھېساباتنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە ھېسابلايدىغانلىقىنى خاتىرەڭدىن نېرى قىلما. ئەگەر ئۇلارغا ئىشىكىڭنى تاقىۋالساڭ، ھۆرمەتسىزلىك بىلەن قاتتىقلىق قىلساڭ، ئۆزۈڭ ئۇچۇنلا ئەمەس، ئۆز ئېلىڭنىڭ مېھماندوستلۇق شەۋكىتى ئۇچۇنمۇ داغ كەلتۈرگەن بولىسەن. يوقىرىقى ئىشنى ئوبدان بېجىرمىسەڭ، ئاۋات بازارلىرىڭنىڭ ئورنىنى قۇم بېسىپ، مازارلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەجدادىمىز قان - تەر تۆكۈپ بەرپا قىلغان بۇ مەدەنىيەت يولىنى تېخىمۇ ئاۋات قىلغايسەن.

— ئوغلۇم، سەن سودىگەرچىلىك سەپىرىگە قەدەم قويماقچى بولساڭ، ھەرگىز مەدەنىيەتسىز سودىگەر بولۇپ قالما، نادان، بىلىمسىز سودىگەر ھەرگىز راۋاج تاپالمايدۇ. سەن باشقا

ئەللەردىن ئۆز ئېلىڭگە كېرەكلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ كېلىپ خەلقىڭنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى بىل. ئۆز خەلقىڭنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇپ، مەدەنىيەت گۈللىرىڭنى باشقا ئەللەرگە كېڭەيت. ھەرگىز نادانلىق بىلەن جاھالەت يولىنى تۇتۇپ، باشقا يات مىللەت ۋە دۆلەتلەرگە ئۆز مىللىتىڭنىڭ نام - شەرىپىنى ساتما، نەپرەتكە ئۇچرايسەن. سەن ھەرگىز شەخسىيەتچى بولما، ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىشتىن ھەزەر ئەيلە. ئىلىم - بېرىمدە تولىمۇ قاتتىقلىق قىلما، يىرىك ۋە قوپال سۆزلەر بىلەن ئۇلپەت- خېرىدارلىرىڭنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلما، سودا ئۇلپەت ۋە خېرىدار بىلەن رونىق تاپىدۇ. باشقىلارنى ئۆزۈڭگە تارتىشنى بىلگى، باشقىلارنىڭ سەندىن ئۆزىنى تارتىشىنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالما. شۇندىلا رونىق تاپىسەن.

× × ×

ئەي پاراسەتلىك بوۋا، باشقا ئەللەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ مۇھىملىقى، ئالماشتۇرۇشنىڭ خەلقىمىزگە ئېلىپ كېلىدىغان شاراپىتى سىزنىڭ پاكىتلىق بايانلىرىڭىز بىلەن تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى. بىزنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمىز مۇشۇ مۇقەددەس زېمىندا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مەشئىلىنى خېلى بۇرۇنلا يورۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشقان. ئۇلار يىپەك يولىدىن ئىبارەت بۇ ئالتۇن لىنىيىنى ئېچىش، ئۇنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. ئەپسۇسكى، بوۋا، 17-، 18- ئەسىرلەردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى باشقىلارنىڭكىدىن خېلىلا

كېيىن قالدى. بۇنداق زور چېكىنىشنىڭ تۇرلۇك تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىدىيىۋى ئاساسلىرى بولسىمۇ، مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، خەلقئارا دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى كارۋانلار توپى شالاڭلىشىشقا باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ زېمىندا يۈز بەرگەن تۇرلۇك پاراكەندىچىلىكلەر تۇپەيلى كارۋانلارنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولالمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم جاھالەت پىرلىرى مۇسۇلمان بولمىغان خەلق بىلەن بولىدىغان مەدەنىي مۇناسىۋەتنى زور بېسىم بىلەن چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىزنىڭ خەلقئارا بىلەن بولغان مەدەنىي ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئەي بوۋا، سىز تىجارەتچىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە مەدەنىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردىڭىز. بىز ئۆز دەۋرىدىكى خەلقئارالىق سودا يولى بولغان يىپەك يولىدا ئۆزىمىزنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيا بازارلىرىدا پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان ئىكەنمىز. ئەقىل - پاراسىتىمىز، ئىجادچانلىق روھىمىزغا تايىنىپ جاھانغا مەشھۇر ئىختىرالارنى بارلىققا كەلتۇرۇپ، باشقا ئەللەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىكەنمىز، بىراق ھازىرقى سودا رىقابىتىدىن بىز پەقەت بىر ئىستېمالچى بولۇپ قالدۇق. خەلقئارالىق بازارلاردىكى ئورنىمىز ئۇياقتا تۇرسۇن، دۆلەت ئىچىدىكى بازارلاردىمۇ بىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىمىز بىر پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ. بىز بۇ رىقابەت بەيگىسىدە شاللىنىپ قالدۇق. بوۋا، سىز ئۆز تەجرىبىڭىز ئارقىلىق بىزنىڭ ھازىرقى سودا رىقابىتىدە بىر كىشىلىك ئورۇن تۇتۇش ئۈچۈن زادى قانداق يول تۇتۇشىمىز لازىملىقى توغرىسىدا مەسلىھەت بەرسىڭىز ئىكەن.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

### سودا رىقابىتىنىڭ خۇددى بىر جەڭگاھ ئىكەنلىكى توغرىسىدا

بالام ، بازار دېگەن بىر جەڭگاھ . سەن بۇ سودا بازىرىغا كىرگەن ئىكەنسەن ، سودا قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلغايسەن . ئالدى بىلەن شۇنى سەمىڭگە سېلىپ قويايكى ، ھالال تىجارەت قىل . بۇنداق دېگىنىم نىيىتىڭ دۇرۇس ، تارازاڭ توغرا بولۇشى كېرەك ؛ ئىككىنچى ، كىشىلەرگە پايدىلىق ماللارنى تۇتقىن . ھەرگىز كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان چېكىملىك ، ئىچىملىك ۋە باشقا بۇيۇملارغا يېقىن يولىمىغىن ؛ ئۈچىنچى ، ساختا ، ناچار نەرسىلەرنى تۇتمىغىن . ئۇ نەرسىلەر گەرچە ساڭا بىر مەزگىل پايدا كەلتۈرگەندەك قىلغان بىلەن ئاقىۋىتى ئۆزۈڭنى ھالاكەتكە سۆرەپ بارىدۇ . ھازىر كىشىلەرنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتتى ، ئىستېمال سەۋىيىسى ئۆستى . ئۇلار «ناچار مالنىڭ ئەرزىنى يوق ، ياخشى مالنىڭ قىممىتى يوق» دېگەن قائىدىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ . تىجارەت دېگەن خېرىدار بىلەن كۆكلەيدۇ . خېرىدارلارغا يامان نىيەتتە بولۇپ قاچۇرۇۋەتسەڭ ، سېنى تىجارەتچى دېگىلى بولمايدۇ .

بالام ، تىجارەتنىڭ ئەڭ مۇھىم قانۇنىيىتىدىن بىرى ، بازار ئۇچۇرىغا ئەھمىيەت بەرگىن . بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىرلا خام تىجارىتى بىلەن ئۆمۈر بويى شۇغۇللىنىدىغان ئىش كەلمەسكە

كەتتى . مەھسۇلاتلار كۈندە بىر يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ ، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ يېڭى ـ يېڭى نەرسىلەرگە بولغان قىزىقىشى ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ . شۇڭا ، بازارنى ئوبدان مۆلچەرلىگەن ، كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىشلىرىنى ، قىزىقىشىنى ، يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئوبدان كۆزەتكەن ، قارىسىغا ئىش قىلما ؛ تۆتىنچى ، باشقىلارنى دوراپ ئۆزۈڭگە نان بېرىۋاتقان تىجارىتىڭدىن ۋاز كەچمە . بەزى كىشىلەر «پوكۇنى مۇنداق تىجارەت قىلىپ ، شۇنداق باي بولۇپ كېتىپتۇ» دېگەن ئۇچۇرما گەپلەرنى ئاڭلاپلا بىر ئوبدان يۈرۈشۈۋاتقان تىجارىتىگە قانائەت قىلماي ، ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان تىجارەتنى قىلىمەن دەپ بار ۋەسلىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ . سەن ھەرگىز ئۇنداق ئىناپسىزلىق يولىنى تاللىما . بالام ، ئۇچۇرنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بەرگىن . «ئۆزۈڭ تاپقان يولنى ئاتاڭغىمۇ بەرمە» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن كەلگەن . بىر ئىشقا كىرىشىپ يول تاپماق تولىمۇ تەس ، ئۇچۇرغا ئىگە بولماق تېخىمۇ مۇشكۇل ، شۇڭا ئاغزىڭغا مەھكەم بول .

بالام ، سودىدا مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتكە ئەڭ دىققەت قىلغىن . ماھىر تىجارەتچى خېرىدارنىڭ كۆڭلىنى ، ھېسسىياتىنى ئۇتۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ . خېرىدارلارغا سىلىق ، ئىللىق مۇئامىلە قىلغىن . ئۇلار مېلىڭنى ھەرقانچە كەم سورىسىمۇ تېرىكمە ، مالنى سېتىش ـ ساتماسلىق ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارىدا ، خېرىدار سېنىڭ مېلىڭنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالمايدۇ ، شۇڭا «كەم بولا» دېسەڭلا كۇپايە . سودىدا بەك قاتتىقلىقمۇ قىلما ، بەك كۆپ يولمۇ قويۇۋەتمە . ئىمكان بار ئۆزۈڭمۇ كۆڭۈلدىكىدەك پايدا ئالغىن ، خېرىدارنىمۇ «ئەرزان ئالدىم» دېگەن ئويغا كەلتۈرگىن . سودىغا پىشقان تىجارەتچى 20 يۈەنگە مال ساتسا ، مالنى 10 كويغا ، مۇئامىلىنى 10 كويغا ساتىدۇ . مانا بۇ ماھارەت . بالام ،

قىلىۋاتقان سودىدا مەبلەغ يېتىشمەسلىك بولسا، دۈرۈس نىيەتلىك كىشىلەرنى تېپىپ ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىل. كونىلار «تىجارەتتە ھەرگىز شېرىكلەشمە» دەپ تەۋسىيە قىلىشقان بولسىمۇ، ئۇلار ئادەملەرگە قاراشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان، نىيىتى دۈرۈس بولمىغان ئادەملەر بىلەن شېرىكچىلىك قىلساڭ، تۈگىمەس پۇشايمانغا قالىدىغانلىقىڭ راست. شۇڭا، سىنالغان ئادەملەرنى تېپىپ شېرىكچىلىك قىل.

بالام، ئەنئەنىۋى تىجارەت ئۇسۇلى ئەمدى ئاقمايدۇ. ئېلىپ-ساتتى تىجارەتنى تىجارەت ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ بېشى يار، ئايىغى چىقمايدىغان يول. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ تىجارەتكە ماھىر بولسىمۇ، ھازىرقى دەۋر تەلىپىگە يانداشمىغان تولىمۇ مۇشكۈل. سەن ئېسىڭنى يىغىپ بولغۇچە پۇرسەت كېتىپ قالسا، ئەجرىڭنىڭ ھەممىسى بىكارغا كېتىدىغان ئىش. ساۋاتسىزلىق، قارا قورساقلىق بىلەن قارىسىغا تىجارەت قىلىدىغان ئىشنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باسىدۇ. سەن سودا-تىجارەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى بىرەر چەت ئەل تىلى ئۆگىنىسەڭ، كومپيۇتېر بىلمىسەڭ بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى بىر گەۋدە قىلغان تىجارەتنى يولغا قويالىساڭ، ئەل-يۇرتقىمۇ پايدا يەتكۈزەلەيسەن، تىجارىتىڭنىڭمۇ ئىستىقبالى بولىدۇ. يۇرتىمىزدا خام ماتېرىياللارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئەرزان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمگەك كۈچى تېخىمۇ ئەرزان. شۇنداق ياخشى پۇرسەت ۋە شارائىتتىن پايدىلانماي، قولياغلىق چاغلىق نەرسىنىمۇ باشقىلاردىن ئېلىپ تىجارەت قىلغاندا، ئاخىر بۇ بازار سېنى شاللىۋېتىدۇ.

بالام، تىجارەت ماھارىتىنى بازار ئۆگىتىدۇ. سودا دېگەن شەيتانغا ئوخشاش نەرسە، پايدا بىلەن زىيان قوشكېزەك دېگەن

گەپ بار. بەزىدە كۆتمىگەندە كۆپ پايدىغا ئىگە بولۇپ قېلىشىڭ، بەزىدە كۆپ زىيان تارتىپ قېلىشىڭ مۇمكىن؛ پايدا ئالغان چېغىڭدا كۆرەڭلەپ كەتمىگىن؛ ھەرقانچە چوڭ زىيان تارتىپ كەتكەندىمۇ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويمىغىن. ئۇنداق بولمىسا بىر زىياننى نەچچە قىلىۋالىسەن، تەدبىر قوللىنىپ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا تىرىشقىن. پۇل تېپىلىدۇ. ھاياتىڭنى، سالامەتلىكىڭنى ئويلا، ئادەممۇ ئۆلۈپ كېتەمدىغۇ؟ قايغۇ ئەقىلنى تورمۇزلايدۇ، بازار كەسكىن جەڭگاھقا ئوخشايدۇ، قەددىڭنى كۆتۈرۈپ، پاراسەت بىلەن ئىشلىشىڭدىن باشقىسى پايدا بەرمەيدۇ.

بالام، پۇل تاپىمەن دەپ ھەرگىز ناپاك يولغا كىرمىگىن، خىيانەت يولىنى تاللىمىغىن، پۇل - مال دۇنيانى دەپ ئىنساني قەدىر - قىممىتىڭنى خار قىلساڭ، پۈتۈن تەئەللۇقاتىڭنى سەرپ قىلىپمۇ ئابرۇيۇڭنى قايتۇرۇۋالالمايسەن. بىر ئۆمۈر ئەجىر قىلىپ تىكلىگەن قەدىر - قىممەتنى ئازغىنە مال - دۇنيا ئۈچۈن يەكسان قىلغان ئادەم ئەقىلسىز ئادەمدۇر. باشقىلار بىلەن بولغان ئىلىم - بېرىمدە سىلىق ۋە توغرا بول، ئادەمگەرچىلىك يولىنى تۇتۇپ باشقىلارنى خۇرسەن قىلغىن، ئۆز مەنپەئىتىڭ ئۈچۈن دوستلۇق يولىنى ئۆزمە ئىشلىتىشتىمۇ. ئىلىم - بېرىمدە ھېچقانداق كىشىگە يالغان سۆز قىلما، قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتما. ساختىپەزلىك كېيىنكى يولۇڭنى توسۇپ قويىدۇ، ياغاچ قازان بولۇپ قالىسەن. مۇرۇۋۋەتسىز، ئىنساپسىز بولما؛ باھادا پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئەرزىمىگەن ئىشنى باھانە قىلىپ تالاش - تارتىش قىلما. توغرا، سىلىق، راست سۆزلۈك بولساڭ، سەن بىلەن ئالاقە قىلىدىغان كىشىلەر كۆپىيىدۇ. ئىلىم - بېرىمدە خېرىدارلىق ئادەم راۋاج تاپىدۇ. خېرىدارلىرىڭ سەندىن قاچسا ئېڭەك يۆلەپ، چۈشۈن قورۇپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولىسەن.

ساختىپەزلىك قىلىپ ئوندۇرۇۋالغان پايداڭدىن كېيىنكى زىيىنىڭ كۆپ بولىدۇ. ئىلىم - بىرنىمە پەقەت ئۆزۈڭنىڭلا پايدىسىنى كۆزلىمە. سەن بىلەن مۇئامىلە قىلىشقان كىشىلەرنىڭمۇ مەنپەئىتىنى ئويلا، ئۇلارمۇ ئاز - تولا پايدا ئالسۇن. ئۆز پايداڭنى دەپ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزسەڭ، ئاز يېگەن كۆپ يەيدۇ، كۆپ يېگەن نېمە يەيدۇ؟ دېگەن قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان بولىسەن. يامان مالنى ياخشى دەپ باشقىلارغا تاڭما، بۇنىڭ زىيىنى تاپقان پايداڭدىن زىيادە بولىدۇ. ھەرقاچان خىيانەت قىلىش پىكرىنى كۆڭلۈڭگە كەلتۈرمە. تارازىدا دۇرۇس بول. سودا قىلماق بولساڭ، ھەرگىز باشقىلارغا يول قويۇپ شېرىكچىلىك يولىنى تۇتمىغىن. بولمىسا قىزىل مەڭزىڭ پۇشايماندا زەپىران بولىدۇ. ئادەملەر ئوخشاش بولمايدۇ، سەن بىلەن شېرىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ بىر خىل بولمايدۇ. مۇبادا ئاراڭلاردا بىرىكچىلىك سادىر بولۇپ قالسا، ئارىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولۇپ، كۆڭۈل ئارامىڭ بۇزۇلىدۇ. ئەگەر بىرلىشىپ تىجارەت قىلماق بولساڭ، سىنالغان، دۇرۇس، لىللا ئادەمنى تېپىپ بىرلەش. لېكىن، ئارىدا ھېسابات ناھايىتى ئېنىق بولسۇن، «دوست راست، ھېساب راست» دېگەن ئەقىدىنى يادىڭدىن چىقارما. بەتگۇمان بولۇپ ئارىغا سوغۇقچىلىق سالما.

بالام، ئەگەر مەبلىغىڭ يېتەرلىك بولىدىغان بولسا، ياخشى، ئىستىقباللىق ئىشلارغا يۈرەكلىك دەسمى سېلىپ، يېڭى - يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغىن. باشقىلارنىڭ ھاماللىقىنى قىلىش ھەرگىز تىجارەت ھېسابلانمايدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا تىجارەتنىڭ ئىستىقبالى ئۈزلۈكسىز يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان تەرەپتە بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، نۇرغۇن ئادەمگە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيسەن، ئۆزۈڭنىڭ پايدىسى نەچچە

ھەسسە ئېشىپ بارىدۇ.

× × ×

ئەي، تەدبىرلىك پاسىبان بوۋا، سودا مۇناسىۋىتى ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلە ھېسابسىز بولمايدۇ. ھېسابقا غاپىللىق قىلىنسا، كۆتۈرگۈسىز پۇشايمانغا قالىدىغان ئىشكەن. شۇڭا، بىزگە بۇ ھەقتىمۇ ھېكمەتلىك نەسىھەتلىرىڭىزنى ئايىمىغايسىز.

ئەي ئوغۇل، بىلىشىڭ لازىمكى، ھېسابات ئىشى بەك زىل ۋە ئىنچىكە ئىش. ئەگەر ئۇنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى تولۇق ئىگىلىمىسەڭ، كۆپ يېڭىلىشىپ قالىسەن. ھېسابات تۇتماق قىل ئۇستىدە ئولتۇرماققا ئوخشايدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلىي بايان ئاڭلىماقنى تىلىسەڭ تۆۋەندىكى بابقا كۆڭۈل قويغايسەن.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

## ھېساب ۋە ھېسابات ئىشلىرى توغرىسىدا

ئوغلۇم، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ ۋە ھەممە ئىشنىڭ ھېسابى بولىدۇ. يىللار، ئاي - كۈنلەرنىڭمۇ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكنىڭمۇ، ھەتتا ئۆمرۈڭنىڭمۇ ھېسابى بولىدۇ. بۇ دۇنيادىن ھېسابسىز ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ھەرقانداق ئىشىڭنى توغرا ھېساب بىلەن يۈرۈشتۈرسەڭ، كۆڭلىڭنىڭ ئىلگىرى باسىدۇ. مەن ساڭا مۇناسىۋەتلىك بولغان بايانلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى يادىكار قالدۇراي، ئەقىل تارازاڭدا جىڭلاپ، تەسەۋۋۇر ئەينىكىڭدە كۆرۈپ، مۇۋاپىق بولسا تۇرمۇشۇڭنىڭ مىزان دەپتىرىگە پۈتۈۋال.

ئالدى بىلەن شۇنى بىلگىنكى، سەن ھېسابات خىزمىتىگە ئادەم قوبۇل قىلماقچى بولساڭ، ئادەم تاللاشقا دىققەت قىل. ھەر ئىشتا مۇناسىپ ئادەمنى تاللاپ ئىشلىتىشنى بىلىش — كېيىن قول چىشلەپ قالماسلىقنىڭ ئاساسى. پۇل دېگەن بەك سۆيۈملۈك نەرسە، چۈنكى ئۇنىڭسىز تىرىكلىك ئۆتمەيدۇ. ئۇنىڭ مېھرى خۇددى گۈزەل قىزنىڭ چېھرىدەك ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە ئەسىر قىلالايدۇ. شۇڭا، جاھان كېزىپ مال - دۇنيا توپلىغان بىر سودىگەر مۇنداق دېگەن:

2746 شېرىن جان ۋە لېكىن ئۇنىڭدىن شېرىن — بۇ ئالتۇن، كۈمۈشتۇركى، جاندىن شېرىن.

شۇڭا، ئۇ ھەرقانداق كۆڭۈلنى ئۇۋۇلىيالايدۇ، ھەرقانداق ئېگىلمەس بويۇننى ئېگىشكە قابىل. شۇنداق ئىكەن، بىرىنچى، ھەقىقىي، ئىشەنچلىك، دۇرۇس، ۋۇجۇدى توغرىلىق بىلەن پۈتكەن كىشىنى تاللاپ ئىشلەت. شۇندىلا شۇبھىدىن خالىي ياشىيالايسەن. ئالتۇن - كۈمۈش ئۈستىدە ئولتۇرسىمۇ ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سالمىسا، دىلىنى ئۇۋلاتمىسا، مۇنداق ئادەمنى ھەقىقىي پەرىشتە دېسە بولىدۇ. سەن شۇنداق پەرىشتە سۈپەت ئادەملەرنى تېپىپ ئىقتىساد ئۈستىگە قوي؛ ئىككىنچى، خەزىنە تۇتقۇچى كۆز - قارنى توق، خۇي - پەيلى ئۆز بولسۇن، كۆزى توق بولسا مېلىڭغا قارا سانىمايدۇ ۋە ئۆزىنى بۇزمايدۇ. دۇرۇس، ۋىجدانلىق كىشىلەر مال - دۇنيا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى سېتىپ يېيىشنى ئادەملىك ھېسابلىمايدۇ؛ ئۈچىنچى، ئۇياتلىق، نومۇسچان ئادەمنى تاللا، ھاياسىز، نومۇسسىز ئادەمنى ھەرگىز يېقىن يولاتما. چۈنكى، ئۇيات، نومۇس كىشىنى يامان ئىشتىن توسقۇچى قاراۋۇل؛ تۆتىنچى، ھاراقكەشنى ھېسابات بوسۇغىسىغا يولاتما. ئۇ مەي ئىچىپ مېلىڭغا سېخىيلىق قىلىدۇ. ئادەم مەي ئىچكەندە سېخىي بولۇپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؛ بەشىنچى، قاتتىق قولراق ئادەمنى تېپىپ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىڭگە ئىگە قىلىپ قوي، ھەرگىز بەك قولى ئوچۇق كىشىنى تاللىما. ئوغلۇم، بۇ دېگەنلىكىم سېخىيلىقنى ئەيىبلىگىنىم ئەمەس. سېخىيلىق ياخشى، بىراق خەلقنىڭ پۇل - مېلى كىشىنىڭ ھەققى بىلەن سېخىيلىق قىلىش تولىمۇ يامان ئىش؛ ئالتىنچى، ئۇ رەقەم ھەم يېزىقنىڭ ماھىرى بولۇپلا قالماي، جەدۋەل سىزىشنىڭمۇ كامىلى بولسۇن. شۇندىلا ھېساباتنى دەپتەرگە

رەتلىك ئولتۇرغۇزالايدۇ. يۇقىرىقىدەك شەرتلەر تارازىسىغا چۈشمىدىغان ئادەم بولسا ئەتىۋارلاپ ئىشقا سال، ھەرگىز ئەنسىرىمە.

ئەي ھېساباتنى ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغۇچى ئوغۇل، ئورنۇڭغا باق! ھېسابات ئىشى خان ئىشى ھەم جان ئىشى. ھېساب بىلەن ئويناشقانلىق جان بىلەن ئويناشقانلىق بىلەن باراۋەر. ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى بەك كۆزەتكىن، ئۆزىڭنىڭ ئىنسانىي ۋىجدانىنى پۇل - مالغا قۇربان قىلغان ئادەم ئىنسانىيلىقتىن مەھرۇم بولىدۇ. سەن ھەرگىز ئىنسانىيلىقىڭنى قولۇڭدىن بېرىپ قويمىغايسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بايانلىرىمنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا ۋە ئەمەلىيىتىڭدە سىناپ كۆرگىن: بىرىنچى، ھەرقانداق كىرىم - چىقىم ھېساباتىڭنى دەپتىرىڭگە توغرا، قائىدىلىك، چىرايلىق پۈتۈپ قويۇشنى ئۇنتۇمىغايسەن. يىل، ئاي، كۈن سانلىرى تولۇق يېزىلسۇن. ھېسابىڭنىڭ ساق بولۇشى توغرا پۈتۈپ قويۇشقا باغلىق بولىدۇ. ھەرگىز كۆڭلۈمدە ساقلايمەن دەپ، ئۆزۈڭگە ۋە باشقىلارغا ئىشىنىپ ھېسابىڭنى پۈتۈكسىز قويما. كۆڭۈلگە ئىشىنىپ بولمايدۇ. يىللار ئۆتۈپ، بوغاپىللىقىڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن كىشەن بولىدۇ، پۈتۈلگىنى مىسالى قۇياش بولسا، پۈتۈلمىگىنى قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئوخشاشتۇر؛ ئىككىنچى، ھۆججەتلىرىڭنى مەھكەم ساقلا، غاپىل بولما، ھۆججەتتە ئازراق يېڭىلىش كۆرۈلسە ياكى بىخەستەلىك بىلەن ھۆججەتلىرىڭنى يوقىتىپ قويساڭ، ھېساب بېرىش ۋاقتىدا بېشىڭنى تاشقا ئۇرۇپ ئىگرىغىنىڭ بىلەن پايدا بەرمەيدۇ؛ ئۈچىنچى، ھېسابقا قول بولماي ھېسابنى قول قىلىمەن دېسەڭ، تۆت ئەمەل (قوشۇش، ئېلىش، بۆلۈش، كۆپەيتىش)نىڭ ماھىرى بول. تۆت ئەمەلسىز ھېساب بولمايدۇ. ئۇ سېنىڭ سادىق ياردەمچىڭ، ئادىل قورالىڭ بولالايدۇ، ھەتتا سەنلا ئەمەس،

جەمئىيەتتىكى بارلىق ئادەملەرمۇ تۇرمۇشىدا ھېساب (ئارىفمېتىكا)دىن ئايرىلالمايدۇ. بىراق، ساڭا نىسبەتەن بۇنىڭ بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. سەن يەنە ھەندىسە (گېئومېتىرىيە) بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇنىڭغا كامىل بولمىقىڭ لازىمدۇر. ئۇنى ياخشى بىلمىسەڭ، ئارىفمېتىكا ھەل قىلالمىغان مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايسەن. چۈنكى، سانلار بىلەن سانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىلا ئەمەس، شەكىللەر بىلەن شەكىللەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، يەنە نۇرغۇن مۇشكۇل مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشتا ئۇنىڭغا موھتاج بولىسەن. ئارىفمېتىكىغا تايىنىپلا يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كېتەلمەيسەن؛ تۆتىنچى، ئوغلۇم، سەن دۆلەت خەزىنىسىنى باشقۇرساڭ، تىجارەت ئىشلىرىغا پىششىق بول، پۈتۈن مال - تاۋارنىڭ ياخشى - ناچارلىقىنى، قىممەت - ئەرزانلىقىنى، جىڭ-ساختىلىقىنى توغرا مۆلچەرلەيدىغان بول، بولمىسا مال ئېلىپ مال چىقىرىشتا ئالدام خالتىغا چۈشۈپ قالىسەن، خەزىنىنى كۆپ زىيانغا دۇچار قىلىسەن؛ يەنە بىرى، ئېلىم - سېتىمدا ئادىل، مۇئامىلىدە سىلىق - مۇلايىم بول. شۇندىلا ھەرقانداق مال كېرەك بولسا ۋاقتىدا ئىگە بولالايسەن. ئەكسىچە بولساڭ باشقىلار سەندىن قاچىدۇ. تىلىڭنىڭ قانائەت تاپمايدۇ. باشقىلار بىرەر نەرسىگە موھتاج بولۇپ سەندىن سورىسا، دەرھال ھاجىتىنى راۋا قىل، ئەگەر ئۆزۈڭدە بار تۇرۇپ بېرىشتىن باش تارتساڭ، ئىشەنچىسىز ۋە دۈشمەنلىك بولۇپ قالىسەن. شۇڭا، سېخىي كىشىلەر مۇنداق دېگەن، بۇنى مۇئامىلىدە بىر مىزان قىل:

× × ×

2810 ئەگەر دوستنى دۈشمەن قىلايىن دېسەڭ،
كۆپايە، سورالغان نەرسىن بەرمىسەڭ.

ئوغلۇم، مەن يۇقىرىدا دېگەندەك، ئىقتىساد دېگەننىڭ مەرى ئىنسىق نېمە، ئۆزۈڭنى بۇلغىماي، رەسۋايىئالەم بولماي دېسەڭ، كۆڭلۈڭنى، كۆزۈڭنى ئەقلىڭ بىلەن كونترول قىل، ھەرگىز كۆڭۈل ئىزتىقۇسىنىڭ كەينىگە كىرىپ پاكلىقىڭنى بۇلغىما. كۆز كۆرسە كۆڭۈل تارتىدۇ، كۆڭۈلنى توسماق تولىمۇ مۈشكۈل، ئۇ يەتتە ئەزايىڭ ئۈستىدە ھۆكۈمران ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، بىلىملىك كىشىلەر مۇنداق ئېيتقان:

2797 ۋۇجۇد، يەتتە ئەزا كۆڭۈلگە باقار،
كۆڭۈل بىرلە ئىنسان ئېغىر يۈك ئالار.

2798 تامام بىر سۇرەتتۇر كۆڭۈلسىز كىشى،
كۆڭۈلسىز كىشى ئىلىم ئاتىن بۇزار.

ئەي ئوغۇل، ھەرگىز خىيانەتكار بولمىغايسەن. پۇل ۋە مال-دۇنياغا قۇل بولۇپ، ئىنسانىي قىممىتىڭنى خار قىلما. پۇل ئۈچۈن ئۆزىنى بۇلغىغان ئادەمنىڭ ئىنسانىي قىممىتى تۆۋەن بولىدۇ. چۈنكى، پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى قىممەتلىك دېگىلى بولمايدۇ. شۇنى چۈشەنگىنكى، بىر ئۆمۈر ئەجىر قىلىپ تىكلىگەن قەدىر-قىممىتىنى ئازغىنە مال-دۇنيا ئۈچۈن يەكسان قىلغان ئادەم ئەقىلسىز ئادەم سانىلىدۇ. پۇل، مال-دۇنيانى دەپلا ياشىغان ئادەم بۇ دۇنيادا بەختلىك بولالىغان ئەمەس.

× × ×

ئەي مۈشكۈلىمىزنى ئاسان قىلىپ، بىزنى تۈيۈق يولغا مېڭىپ قېلىش خەتىرىدىن قۇتۇلدۇرغان بوۋا، بىزدەك بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، ئەتراپىغا باقمايدىغان، بۈگۈننىڭ قانائەت

ئۆيقۇسىدا ئۇخلاپ ئەتىكى قاباھەتنى ئويلىمايدىغان، بۇگۈننىڭ كۆلكىسىگە ئالدىنىپ، ئەتىكى يىغىنى خىيال ئەينىكىدە كۆرۈشنى خالىمايدىغان، ئىككى تەڭگە قولبىغا كىرسە چەللىدە ئات چاپتۇرىدىغان، كۆڭۈللۈك روزىغارىنىڭ يورۇق شامى ئۆزىنىڭ تەدبىرسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۆچۈپ قالسا باشقىلاردىن قاقشايدىغان، خەلقنىڭ بايلىقىنى ئورۇنسىز سېخىيلىقنىڭ قۇربانى قىلىپ، ئۆزىنى ئادەمگەرچىلىكتە باشقىلاردىن يۇقىرى چاغلايدىغان بىر قىسىم پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن ئىبرەتلىك ۋە خىسلەتلىك تەربىيىلەرنى بەردىڭىز.

راست بوۋا، ھازىر ئادەملەرگە ئىشەنگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. بەزىلەر پۇل - مەنپەئەت ئۈچۈن شۇنچىلىك قارا يۈزلۈك قىلىدۇكى، ئۇلارنىڭ كەينىنىڭ ئاغزىغا، ئاغزىنىڭ كەينىگە يۆتكىلىپ قالغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. لېكىن، بۇ ئەمەلىيەت. ئۇلار ئالغۇچە كۈچۈكتەك ئۆمىلەيدۇ، بېرىش چېغى كەلگەندە، رەزىللەرچە ئۆكتەملىك قىلىدۇ ۋە غالجىرلىشىپ پۈتتىن ئېلىشنى قەستلەيدۇ. شۇڭا، ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇنىڭ مەلۇماتىغا ئەمەس، بەلكى ئەسلىي نەسلىگە، تەبىئىتىگە قاراش كېرەك ئىكەن، پەس تەبىئەتلىك ئادەم ھامىنى پەسلىكىنى قىلىدىكەن. بۇنداق ئەھۋالدا ھەممىنى ئۇلارغا ئارتىپ قويغىلى بولمايدۇ، ئۇنداق ئادەملەر بىلەن بولسا مۇئامىلە قىلماسلىق، ئەگەر چۈمپەردە ئىچىدىكى رەزىللىكنى پاراسەت بىلەن كۆرەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھېساب - كىتابنى ناھايىتى ياخشى پۇختا قىلىپ قويۇش كېرەك ئىكەن.

ھەي بەخت ئەلچىسى بوۋا، سىز بىزگە بەختكە ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى، بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ بەردىڭىز، بىراق بەخت - دۆلەت بەزىدە كېلىدىكەن، بەزىدە كېتىدىكەن. شۇڭا، بىزنى بەختنىڭ مىجەز - خۇلقى توغرىسىدا مەنپەئەتدار قىلسىڭىز ئىكەن.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## بەخت ۋە دۆلەتنىڭ مىجەز - خۇلقى توغرىسىدا

ئوغلۇم، قۇلاق سال، مەن بەخت - سائادەتنىڭ تىلىدىن سۆزلەيمەن. ئەي، ماڭا ئېرىشىشنى ۋە مەن بىلەن ھايات ئېتكاپىنى بېزەشنى خىيال قىلغان ئوغۇل، مەن ساڭا ئېرىشمەك ئۈچۈن كۆرەشلەرنى نېسىۋىسىز قويمايمەن. مەن ئۈچۈن پاك تەر ئاققۇزغان ئىنسانلارنىڭ قەدەم ئىزىدىن گۈل - چېچەك بولۇپ ئېچىلىمەن. خۇيۇم مۇلايىم ۋە سۆيۈملۈك. ماڭا ئېرىشكەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈزىدىكى ئەلەم ياشلىرىنىڭ ئورنىنى كۈلكە جىلۋىسى ئىگىلەيدۇ. مەن ھەم ھەممىڭلاردىن كىچىك ئورۇندا تۇرۇپ، مەقسەت ئېقىنىڭلارغا كېچىك بولۇپ بېرىمەن. مەن بىلەن تىلەك قولۇڭنى مەقسەت مەنزىلىگە سۇنساڭ يېتىدۇ. پۈتۈن ئارزۇ - ئارمانلار مەن بىلەن يورۇيدۇ ۋە ماڭا باغلانغان بولىدۇ. بارلىق ھۇزۇر - ھالاۋەت مېنىڭدە مۇجەسسەملەشكەن، بارلىق خۇشاللىق مەندە. قايغۇ - غەم لەشكىرى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا تېگىرقاپ يول تاپالمايدۇ. كىمدەكىم ماڭا ئېرىشىپلا گەدەنكەشلىك قىلىپ غادايسا، تۈتۈنگە ئوخشاش تۇزۇپ كېتىمەن. مەن تۇزۇشۇم بىلەن ئۇمۇ سورۇلىدۇ. تۆۋەندىكى بېيىت مەن ئۈچۈن يېزىلغان:

681 بۇ بەخت قايدا بولسا بويۇن ئەگ، ياراش.
قېرىشساڭ ئۇنىڭلە قاتار غەمدە باش.

ئەي بەخت، كۆپ كىشىلەر سەندىن زارلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ يۇقىرىدا ياخشى سۈپەتلىرىڭنى ئېيتتىڭ، ئەمدى دېگىنە، قۇسۇرۇڭمۇ بارمۇ؟

ئەي ئوغۇل، مەندىن زارلىنىشنىڭ ئۆزى بىھۇدىلىك، قۇسۇرۇمنى ئېيتقان بولسا ھەممىسى تۆھمەت. مەندە ھەرگىز ئېيۋەن يوق. ئەيىب ئىزدىگۈچىلەر ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ماڭا قىلغان ۋاپاسىزلىقىدىن ئاغرىنسۇن. ئەگەر مەندە قۇسۇر بار دېيىلسە، ئۇ مەندىكى تۇراقسىزلىق. بىراق، تۇراقسىزلىق مەن ئۈچۈن ئەيىب ئەمەس. مەن ئۆزۈمنى داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرۇشنى خالايمەن. چۈنكى، كونا نەرسىلەر يېقىمسىز بولىدۇ. يېقىمسىزلىق كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرىدىغان ئېغىر يۈك، ئەلۋەتتە. كۆڭۈلسىز ئىشنىڭ ھەممىسى ئېغىر بولىدۇ، پۈتۈن تەم - لەززەت يېڭى نەرسىدە بولىدۇ. ھەممە ئادەم شۇ لەززەتنى ئىزدەپ ئاۋارە ئەمەسمۇ؟ مەن (بەخت)مۇ يېڭىلىنىپ تۇرۇش ئارقىلىق قەدىر - قىممىتىمنى ئاشۇرىمەن. ئەگەر بىر جايدا توختىۋالسام ھېچقانداق ئېتىبارىم بولماس ئىدى. كونىراپ كەتسەم كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئەسكى چاپاندەك ئېتىباردىن چۈشۈپ قالغان بولاتتىم. مەن بەزىلەرگە ساخاۋەت ئېلىپ كەلسەم، ئۇلار مېنى كاساپەتلىك بىلەن بۇلغىشىدۇ. سائادەت ئېلىپ كەلسەم، پاسات بىلەن يۈزۈمگە داغ چۈشۈرىدۇ. داستىخىنىنى باياشاتلىق مېۋىسى بىلەن تولدۇرسام، قاباھەتلىك قولى بىلەن خارلىشىدۇ. مەن ئۆزۈمنى مەن ئۈچۈن ئىنتىزار بولۇپ، ھالال مېھنەت تەرلىرىنى تۆكۈۋاتقان ئۆز خۇلقلۇق كىشىلەرگە ئاتايمەن. ئۇلارغا قول بولىمەن.

ئەي بەخت، بىرەرىدىن يۈز ئۆرۈپ غايىب بولساڭ، يەنە قايتىپ كەلمىشكىمۇ بارمۇ؟

ئەي بىپەرۋا ئوغۇل، مەن دېگەن پۇرسەت ھەم ھوزۇر -

ھالاۋەت ، مەن بىر شاش كىيىككە ئوخشايمەن . مەن كىشىلەرنىڭ قاتتىق تەشنا بولۇشى ، تاقەتسىزلىك بىلەن ماڭا باش ئۇرۇشى ، قۇرۇق دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ قويۇشى بىلەن ئالدىراپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلمەيمەن . ماڭا قول سۇنغان كىشى ئالدى بىلەن ھايات تولپارىنى مىھنەت كىچىكلىرىگە ، مۇشەققەت تاغۇ دەشتلىرىگە سىلىشى ، چېكىسىدىن ھالال تەر ئاققۇزۇشى ، ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈشى كېرەك . مەن قولغا كەلگەندىن كېيىن تۇتۇشنى بىلسە ، ھەرگىز قېچىپ كەتمەيمەن . ئەگەر غاپىللىق سادىر قىلىپ گەدەنكەشلىك بىلەن غادايسا ، مېنى دەپسەندە قىلسا ، قۇيۇنغا ئوخشاش غايىب بولىمەن ، ئۆزىمۇ سەرسان بولىدۇ . قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن ، ماڭا قايتا ئېرىشمىكى تولىمۇ مۇشكۇل .

ئۇنداقتا ، سېنى كىشەنلەپ چىڭ تۇتۇشنىڭ نېمە چارىسى بار ؟

ئەي ئوغۇل ، مېنى جاپا دەشتىدىن قولغا چۈشۈرگەن كىشى ئەڭ ئاۋۋال تېغىر - بېسىق ، كىچىك پېئىل ، گەپ - سۆزدە يۇمشاق بولمىقى زۆرۈر . ھەددىدىن ئېشىپ ئۆزىنى تۇتالماي يامان ئىشلارنى قىلىپ قويماسلىقى ، يىغىلغان مال - دۇنياسىنى بۇزۇپ- چېچىپ ئىسراپ قىلماسلىقى لازىم . ئۆزىدىن ئۇلۇغلارنى ھۆرمەتلەپ خىزمىتىنى قىلسا ، ئۆزىدىن كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ چۈچۈك سۆز قىلسا ، ھەرگىز چوڭلارغا ھۆرمەتسىزلىك بىلەن پوت ئاتمىسا ، كىچىكلەرنى بوزەك قىلىپ ، زوراۋانلىق قىلمىسا ، باشقىلارنى كىبىر بىلەن رەنجىتىپ قويمىسا ؛ ھاراققا بېشىنى تىقىپ مال - مۈلكىنى توپىغا سورىمىسا ، كەيىپ - ساپا ، ئەيش- ئىشرەتتىن ئۆزىنى تارتىپ دۇرۇسلۇق بىلەن خۇي - پەيلىنى ياخشى قىلسا ، ئاندىن مەندەك تۇراقسىز بەختكە كىشەن سالالايدۇ ۋە مېنى قاچۇرۇپمۇ قويمايدۇ .

722 مېنى تۇتقۇچى گەر يۈگەن سالمىسا،
كېيىكتەك قاچارمەن، يېتەر كىم ماڭا؟

بىلگىنكى، مەن ناھايىتى مۇشەققەتتە قولغا كىرىمەن. بىراق، تەبىئىتىمگە مۇخالىپ ئىشلار سادىر بولسا، تېزلا قۇيرۇقۇمنى شىيىندەك تىكىمەن. شۇنچە تەستە قولغا كەلتۈرگەن بەخت ـ دۆلەتنى ئۆزىنىڭ ناپاكلىقى بىلەن غايىب قىلغان ئادەم ماڭا ئېرىشمەكنى خىيال قىلمىسۇن.

727 ئۆزى پاكىز، تۇغرا بولسا ئىشى،
بەختىنىڭ باغى[1] شۇدۇر، بىلسە كىشى.

ئوغلۇم، يۇقىرىدا بەخت ـ دۆلەتنىڭ تىلىدىن ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاڭلىدىڭ. شۇنداق، بەخت ـ دۆلەت ئۇلۇغ سەلتەنەت، بۈيۈك كۈچ ـ قۇدرەت، تەڭداشسىز ھۇزۇر ـ ھالاۋەت. كىشىلەرنىڭ ئۆمۈر بويى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يەتمەكچى بولغان نىشانىمۇ شۇ. بىراق، ئۇ ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولۇۋېرىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس ھەم بىر ئورۇندا مەڭگۈ تۇرىدىغان تۇرغۇن يۇلتۇزمۇ ئەمەس. سەن پېشانەمگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا، شۇنى كۆرىمەن دەپ، ھورۇنلۇق پالىنىغا يۆگىنىپ يېتىۋەرسەڭ، بەخت قۇشى مەڭگۈ بېشىڭغا قونمايدۇ. ساڭمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش، مېڭە ـ تەپەككۇر، غەيرەت ـ شىجائەت، غۇرۇر ـ ۋىجدان، نومۇس ـ ئۇيات ئاتا قىلىنغان. بۇ قۇدرەتلىك قورالنى جايىدا ئىشلىتىشنى بىلسەڭ، بەخت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى قولۇڭغا كىرىدۇ. بىلسەڭ ئىدى،

① بىرەر نەرسىنى باغلايدىغان بوغقۇچ.

يۇقىرىقى تەڭداشسىز مۆجىزىنىڭ ساڭا ئاتا قىلىنىشىمۇ ئۇلۇغ بەخت ۋە ئامەت. ئۇ نەرسىلەر ساڭا بىكاردىن - بىكار ئاتا قىلىنغانمۇ؟ يەنە رازى بولمىساڭ، كۇپۇرلۇق بولمامدۇ؟

× × ×

ئەي بەخت چېھرىنى ھېكىمانە تەپەككۇر ئەينىكىڭىز بىلەن روشەن ئايان قىلىپ بەرگۈچى غەمگۇزارىمىز بوۋا، ئەجەبمۇ كۆڭۈلدىكى گەپنى دېدىڭىز! بەخت ئېرىشكىلى بولمايدىغان لەئىل، يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل ئەمەس. ئەمما، ئۇنى ئايدىن، شەھەردىن، باغلاردىكى خىيال سارايلىرىدىن ئىزدەپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغاندىن كۆرە، ھەقىقىي مېھنەت ئەجرى، ئىسسىق قان - تەرى بىلەن قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزى دانالىق ئىكەن.

ئەي ئاۋامنىڭ غەمگۇزارى بوۋا، بەخت دېگەن يەككە - يېگانە بولمايدىكەن. بىزنىڭ بەختىمىز ئاۋام بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئاندىن كامال تاپىدىكەن. بىزگە ئۇلار بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت قائىدىلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىڭىز.

ئەي ئوغۇل، ئاۋام خەلق ھاياتىڭدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەردۇر، ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىش قانداق ياشاشنى بىلىش ۋە بەختلىك بولۇشۇڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش. ئەگەر بۇ مۇناسىۋەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولساڭ، نەزىرىڭ تۆۋەندىكى باپتا بولسۇن.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىش توغرىسىدا

ئوغلۇم ، ئاۋام خەلق بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى بىلگىن ، ئۇلار قائىدە - يوسۇندا تۈزۈك . ئۇلارنىڭ بەزى تۈزلۈك بىلەن قىلغان مۇئامىلىسىدىن رەنجىگۈچى بولما . ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى غەرەزسىز بولىدۇ . ئۇلارسىز كۆپ ئىشلار كاپالەتكە ئېرىشەلمەيدۇ . ئۇلارغا قوشۇل ۋە يېمەك - ئىچمەكتە خاتىرجەم قىلغىن . گەپ - سۆزۈڭنى يۇمشاق قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ھالىغا يەتكىن . پايدىنى يەنىلا ئۆزۈڭگە بولىدۇ .

ئاراڭلاردا سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا چىراغ بولىدىغان ئالىملار قوۋمى بار . ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىلمى بىلەن خەلقنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ . شۇڭا ، ئۇلارنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيگىن . شۇنى بىلگىنكى ، ئالىم ئەھلى بولمىغان بولسا ، يەردە ئاشلىق ئۈنمىگەن بولاتتى ...

ئۇنىڭدىن كېيىن ، مۇنەججىملەرگە يېقىنلىق قىلىش يولىنى تۇتقىن . ئۇلارنىڭ يولى بەك ئىنچىكە ۋە نازۇك . كۈن ، ئاي ، يىل ھېسابى شۇلار بىلەن بولىدۇ . سەن مۇنەججىم (يۇلتۇزشۇناس ياكى پلانېتشۇناس ) بولۇشنى ياكى مۇنەججىم بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى خالىساڭ ، ھېساب ئىلمىنى تولۇق ئۆگەن . تۆت ئەمەل ۋە كەسىرنى تولۇق ئىگىلە . تۆت ئەمەلنى پۇختا ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن ، گېئومېترىيە ئۆگىنىشكە

تىرىش، ھېساب ئىشىكى شۇنىڭدىن كېيىن ئېچىلىدۇ. خالىساڭ يەنە ئالگېبرانى ئىگىلە.

يەنە بىر قوۋم شائىرلاردۇر. ئۇلار قىلىچتىن ئىتتىك، قىلدىن ئىنچىكە تىل بايلىقى بىلەن ياخشىلارنى ماختايدۇ، يامانلارنى سۆكىدۇ. ماختىسا نامىڭ ئەلگە تارايدۇ، سۆكسە ئابرۇيۇڭ تۆكۈلىدۇ. ماختىلىشنى خالىساڭ، ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۇلارنى سۆيۈندۈرگىن. نەپىس ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق سۆزلەرنى ئۇقماقچى بولساڭ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سال. بىلىم، ئاچچىق ـ تاتلىق سۆزلەر ئۇلارنىڭ قەلب خەزىنىسىدە زاپاس بولىدۇ.

ئەي مېھرىبان بالىلىرىم، جەمئىيەتتە يەنە بىر خىل ئەزىز كىشىلەر باركى، ئۇلارنى دېھقان دەيمىز. ئۇلار ھاياتلىق ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك كىشىلەر. ئۇلار بىلەن بىر جان، بىر تەندەك قوشۇلۇپ كەتكىن. دېھقانلار پۈتۈن مەۋجۇداتلارغا پايدا يەتكۈزەلەيدۇ. تىرىك بولساڭلا ئۇلارغا موھتاج بولماي قالمايسەن. چۈنكى، گېلىڭ كاپالەتكە ئىگە بولمىسا، ھاياتلىق شامىڭ ئۆچۈپ قالىدۇ. دېھقانلارغا قوشۇلۇپ، ياردەم قىلىپ، ئېشىڭنى پاك ۋە ھالال يېگىن. ئۇلارنى كەمسىتسەڭ، كۆزۈڭگە ئىلمىساڭ، تۇز كورلۇق بولىدۇ. ئۇلارغا تۇزۇڭنى يەپ تۇزلۇقۇڭنى چاقاي دېگەندەك بىھۆرمەتلىك ۋە ئەدەپسىزلىك قىلغان بولىسەن. دېھقانلارنىڭ تېخىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر خىسلىتى شۇكى، ئۇلارنىڭ كۆڭلى كۆكسى بىپايان دېڭىزغا ئوخشاش كەڭ، قولى ئوچۇق، ئۇلاردىن يەر يۈزىدە يۈرگۈچىلەرمۇ، ئاسماندىكى ئۇچار قۇشلارمۇ بەھرە ئالالايدۇ. بۇلار دىلى پاك ۋە جاپاكەش خەلق. پاك ۋە جاپاكەش كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش ئۆزۈڭنى ھۆرمەتلىگەنلىكىڭ. ئۇلارغا نىسبەتەن ياخشى سۆزۈڭنى ئايىما. ئۇلار بىلەن يۈزۈڭنى ئوچۇق،

كۆڭلۈڭنى يورۇق تۇتۇپ مۇناسىۋەت قىل، قەدىرلىك بولۇپ قالىسەن. ياخشىلارنى قەدىرلىگەن ئادەم ھەرگىز يېڭىلمەيدۇ.

ئەمدى چارۋىچىلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىشنى ئۆگىنىۋال. چارۋىچىلار پۈتۈن ئۇلاغ - چارۋىلار باشچىسى، ئاق كۆڭۈل، راستچىل، باشقىلارغا ئۆز يۈكىنى يۈكلىمەيدىغان خەلق، ئۇلار ھىيلە - مىكىرنى ئۇقمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىمى كەمچىل، بىراق مىجەزى تۈز ۋە قوپالراق. ئۇلارغا توغرا، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلغىن. ساختىلىق قىلمىش ياخشى كىشىلەرنىڭ قىلىقى ئەمەس. ئۇلارغا ياخشىلىق يولىنى تۇتۇپ ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى بىل. چۈنكى، ئۇلار ئىنسانلارنى كەم بولسا بولمايدىغان گۆش - ماي، لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا ھۆرمەت نەزىرىڭ بىلەن باق.

يەنە بىر توپ كىشىلەر قول ھۈنەرۋەنلەردۇر. ئۇلار تىرىكلىك يولىدا تۈرلۈك ھۈنەر - كەسىپ بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇلارمۇ جەمئىيەت ئۈچۈن زۆرۈر كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا ھەقلىق. بۇ دۇنيادىكى تاڭسىق ئىشلار شۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئۇچاڭنىڭ زىننىتى، ئۆيۈڭنىڭ كۆركى بۇلارسىز پۈتمەيدۇ. ئۇلارغا يېقىن بول. ئىشىڭنى قىلسا، ئىش ھەققىنى ساقلاتماي تېز بەر. يېمەك - ئىچمەكنى كەڭ - كەڭرى بېرىپ ئىشىڭغا سال. رەنجىپ قالمىسۇن، يامان ئاتىلىپ قالىسەن.

ئەي ئوغلۇم، يۇقىرىقىدەك ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگەكچىلەر بولمىغان بولسا، سەنمۇ دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتىدىن بەھرىمەن بولالمىغان بولاتتىڭ. كۆڭلۈڭ ئارزۇسىمۇ قانائەت گۈلزارلىرىدا يايرىمىغان بولاتتى. جەمئىيەتمۇ ئۆز ھالى بىلەن راۋاج تاپمىغان، مەدەنىيەتمۇ ئىنسانلىق تاجىغا لايىق كامال تاپمىغان بولاتتى. مانا بۇلار مېھنەتكەش، ئاق كۆڭۈل خەلقنىڭ

قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ تۆھپىسى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سەنمۇ شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولساڭ ، ئۆز كەسپىڭگە جان تەسەددۇق قىل . ئۆز كەسپىڭنى سۆيسەڭ مۇۋەپپەقىيەت ساڭا قۇچاق ئاچىدۇ . بولمىسا خارلىق سېنى يەر قىلىدۇ ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن .

3551 ئۇچى بولسا نېمەت تۇۋى مېھنەت ئۇل ،
بېشى بولسا مېھنەت سوڭى نېمەت ئۇل.

× × ×

ئەي خەلق سۆيەر يۇسۇپ بوۋا ، مېھنەتكەش كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنىڭ ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ قائىدىلىرى توغرىسىدىكى دانا سۆزلىرىڭىز بىزدە يېڭى تەسىرات قوزغىدى . راست ، ئۇلار ئەڭ قەدىرلىك كىشىلەر بولۇشقا مۇناسىپ . مېھنەت دەستۇرى يېزىشقا توغرا كەلسە ، بىرىنچى باب شۇلارغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك . ئەپسۇسكى ، سىز دېگەندەك ئۇلار بىلىمسىزلىك تۈپەيلى نادان سانىلىپ كەلگەن . بىراق ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەيىبى بولالمايدۇ . جەمئىيەت ۋە ھاياتنىڭ ئېغىر بېسىمى ئۇلارنى شۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان . سىز دېگەندەك ، ئۇلارمۇ پەن - مەدەنىيەت يولى ئارقىلىقلا مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرەلەيدۇ . ئەي بوۋا ، يېڭى ، پارلاق ئىجتىمائىي ھايات مۇھىتى ئۇلارنىڭ قەلبىگە بىلىم ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىش ئىستىكىنى سالىدۇ . مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەن ئىشىكى ئۇلارغىمۇ ئېچىلىدۇ . سىز ئۇلارنىڭ ھاياتتا تۇتقان قىممەتلىك ئورنىنى ھۆرمەت تۆرىگە ئېلىپ ، ئۇلارغا ھاقارەت ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن قارايدىغان تۇزكورلارنىڭ يۈزىگە راسا تەستەك ئۇردىڭىز .

بىز شۇ كىشىلەرنىڭ پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن

شۇنداق ئېيتالايمىزكى، نادانلىق بىزگە داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ. بىز چوقۇم چىدام ۋە غەيرەت، ئەقىل ۋە پاراسەت بىلەن ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچالايمىز. بىلىمسىزلىك، مەدەنىيەتسىزلىك نۇقسانىمىزنى ئىلغار مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىمىز بىلەن يوق قىلىمىز، يولىمىز قۇتلۇق بولغۇسى.

× × ×

ئى ھادىسىلەر دۇنياسىغا ئەقىل كۆزى بىلەن قارايدىغان پەزىلەت پادىشاھى بوۋا، ئادەم ئۇخلىغاندا چۈش كۆرۈش بىر خىل سىرلىق ھادىسە ئىكەن. ئۇنى چۈش تەبىرلىگۈچىلەرگە ئېيتسا، ھەر خىل تەبىرلەرنى بېرىپ، ئادەمنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويىدىكەن. چۈش كۆرۈش زادى قانداق ھادىسە، ئۇنىڭغا قانداق تەبىر بەرمەك لازىم؟ شۇنى بىلگۈمىز بار ئىدى.

ئوغلۇم، چۈش كۆرۈش ھەرقانداق كىشىدە بولىدىغان بىر خىل روھىي ھادىسە. ئۇ سېنىڭ ئىرادەڭگە بېقىنمىغان ھالدا ئۇخلىغاندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان مۇرەككەپ روھىي ھالەت شەكلى. بۇ خىل شەكىل تولىمۇ مۇرەككەپ بولغاچقا، ئۇنىڭ ھاياتىمىزنىڭ قايسى تەرىپى بىلەن باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىش تەس. چۈش مەقسەتسىز روھىي ھالەتتە يۈز بەرگەچكە، ئۇنى كونترول قىلىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ چىقىشمۇ مۇشكۈل. ئەمما، چۈش ئىلمى توغرىسىدا ئاز - تولا خەۋەردار بولۇش ھەربىر ئادەم ئۈچۈن مۇھىم. ئۇنداق بولسا، چۈشنىڭ قانداق ھادىسە ئىكەنلىكى، نېمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئاز - تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولماقچى بولساڭ تۆۋەندىكى بابقا قارىغىن.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## چۈش ۋە چۈش تەبىرى توغرىسىدا

ئوغلۇم ، چۈش ئىلمىنى ئىگىلىۋال . ئاۋۋال شۇنى بىلىش كېرەككى ، چۈش كۆرۈش تەبىئەتتىكى تۆت زاد (تۇپراق ، سۇ ، هاۋا ، ئوت ) ، ئادەمدىكى تۆت خىل مىجەز (هۆل ئىسسىق ، هۆل سوغۇق ، قۇرۇق ئىسسىق ، قۇرۇق سوغۇق ) ، تۆت پەسىل (ئەتىياز ، ياز ، كۈز ، قىش ) ، هاياتنىڭ تۆت دەۋرى (گۆدەكلىك ، ياشلىق ، ئوتتۇرا ياشلىق ، قېرىلىق ) هەم هەربىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەهۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . چۈشمۇ تۈمەن مىڭ خىل بولىدۇ . هەرگىز بىلىمسىز كىشىلەرگە چۈشۈڭنى ئۆرۈتۈپ قالما . چۈنكى ، چۈشۈڭنىڭ نەپئى ۋە خەۋپى ئۆرۈشكە باقىدۇ . بەزى چۈشلەر غىزاغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . ئەگەر يېگەن غىزايىڭ تەبىئىتىڭگە مۇناسىپ كەلمىگەن ياكى زەۋقىڭ چۈشمىگەن بولسا ، زورلىنىش هېس قىلغان بولساڭ ، چۈشۈڭمۇ خۇنۇك بولىدۇ . بۇ ئەلۋەتتە تېنىڭنىڭ غوۋغاسى . ئەگەر كۆڭلۈڭ تارتمىسا زورلاپ ئوزۇقلانما . كۆڭلۈڭگە شەك چۈشسە قولۇڭنى تارت . مىزاجىڭغا ياقمىغان تائامدىن قول ئۈز . تېنىڭنى ئارامدا قويساڭ ، ئۆزۈڭ پاراكەندە بولمايسەن . چۈشۈڭمۇ ساغلام ، كۆڭۈللۈك بولىدۇ .

6005 تالاي چۈشلەر باركى ، غىزاغا قارار ،
ئۇ بولسا يارامسىز ، چۈش خۇنۇك بولار .

يەنە بەزى چۈشلەر ھايات مەۋسۇمىغا، تەبىئەتنىڭ پەسلىگە ۋە تېنىڭنىڭ قۇدرىتىگە باغلىق بولىدۇ. پەسىل ئۆزگىرىش بىلەن ھايات مەۋسۇمىڭنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى تېنىڭ، مىجەزىڭ ۋە روھىي ھالىتىڭدە ئۆزگىرىش قوزغايدۇ. ئۆزۈڭ ياشتا كىچىك بولۇپ، چۈشۈڭدە ھەممە نەرسە قىزىل ھەم قوڭۇر كۆرۈنسە، بىلگىنكى، قېنىڭ كۆپىيىپ، ھەرىكىتى كۈچىيىپ كەتكەن بولىدۇ. دەرھال قېنىڭنى ئالدۇرۇپ تەكشەت - دە، ئۆزۈڭنى جىددىيلىك ۋە قىزىقلىقتىن ئازاد قىل؛ ياز پەسلى بولۇپ، يېشىڭ يىگىتلىك قۇرامىدا بولسا، چۈشۈڭدە سېرىقلىق، ھال رەڭ ياكى كۆكۈم تالقان قىلىنغان نەرسىلەرنى چۈشىسەڭ، ئەي ئوغۇل، سەپرايىڭ ئاشقان بولىدۇ. دەرھال سۈرگە بىلەن تەرەنجىۋىلنى دورا قىل. ئۇ مىجەزىڭنى تەكشەيدۇ، سەپرادىن قۇتۇلىسەن؛ كۈز پەسلى بولۇپ، ئوتتۇرا ياشتا بولساڭ، چۈشۈڭدە كۆرگىنىڭ چوڭقۇر ھاڭلار، تاغۇ دەشت، قۇدۇق ياكى قارا نەرسىلەر بولسا، شۇنى بىلگىنكى، نېرۋاڭ چېچىلغان ياكى نېرۋاڭ ئاجىزلىغان بولىدۇ، بۇ ھالدا نېرۋا تىنچلاندۇرىدىغان دورىلار بىلەن ئۆزۈڭنى تىنچلاندۇر. ئۆزۈڭنى خاتىرجەم، بەھۇزۇر تۇت. كۆڭلۈڭ ئازادە بولسۇن؛ ئۆزۈڭگە قېرىلىق يېتىپ، قىش پەسلىدە ئېقىن سۇ، مۇز، قار، مۆلدۈر قاتارلىق نەرسىلەرنى چۈشىسەڭ، شۇنى بىلكى، سوغۇقۇڭ ئېشىپ، بەلغىمىڭ كۆپەيگەن بولىدۇ. چۈنكى، قېرىغاندا مىجەزىڭ سوغۇققا مايىل بولۇپ قالىدۇ. ئۆزۈڭگە ئىسسىقلىقنى ھەمراھ قىل - دە، ئۆزۈڭنى تىزگىنلە. شۇنداق قىلساڭ، چۈشۈڭ پايدىلىق تەرەپكە ئۆزگىرىدۇ. بەزى چۈشلەر ئارىلاشما، تەرتىپسىز بولىدۇ. مۇنداق چۈشنىڭ تەبىرى يوق. ئۇ ھەددىدىن

زىيادە چارچىغانلىق ، روھىي ھالەتتىكى جىددىيلىك ۋە كۆڭۈلدىكى تەشۋىشكە مۇناسىۋەتلىك . يەنە بەزىدە نىمە ئويلاپ ياتقان بولساڭ شۇنى چۈشەيسەن . بۇ خىل چۈشلەرگە تەبىر ئىزدەيمەن دەپ ئاۋارە بولما ، ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشۇڭدىن ئىزدە . بەزى ئادەملەر ئۆز كەسپى ، ئۆز ھۈنىرىنى چۈشىدە كۆرىدۇ . مۇنداق چۈشلەرنىڭمۇ تەبىرى يوق . ئى ئوغلۇم ، توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ ، ئۆچكە جاڭگال دىگەندەك ، يەنە كۆپلىگەن چۈشلەر ھەربىر ئادەمنىڭ ئورنى ، تۇرمۇشى ، ئادىتى ، ئارزۇ - تىلىكى ، ئومۇمەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنىغا باغلىق بولىدۇ .

ئەي ئوغۇل ، يۇقىرىقى تەرەپلەرنى بىلمىسەڭ ، ھەرگىز چۈشكە تەبىر بىرىمەن دەپ ساقال سۆرىمىگىن . چۈش يامان ئۆرۈلۈپ قالسا ، باشقىلارغا ئازاب قىلىسەن - دە ، زىيانلىق تەرەپكە ئۆزگەرتىسەن . شۇڭا ، چۈشنى قالايمىقان ئۆرۈپ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن ساقلان .

× × ×

ئەي سىرلار دۇنياسىنى ئەقىل بىلەن تونۇپ يەتكەن بوۋا ، يۇقىرىقى ئىلمىي بايانىڭىز بىزنى چۈش توغرىسىدىكى يېڭى چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىن ئەتتى . بىزنى بوغۇپ تۇرغان خۇراپاتلىق زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلىدى . ئەمدى بىلدۇقكى ، چۈشلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھاياتىمىز ، تەبىئەت دۇنياسى ۋە تۇرمۇشىمىزنىڭ ئالاھىدە تەرەپلىرى بىلەن باغلىق بولىدىكەن . ئەي قەدىرلىك بوۋا ، بىز ھايات پائالىيىتىمىزنى قاپلىۋالغان خۇراپاتلىق تۇمانلىرىنى ئەقىل ۋە ئىلىم - پەن نۇرى بىلەن تارقىتىمىز . جاھالەت زىمىستانىنى ئىلىم گۈلىستانىغا ئايلاندۇرىمىز .

ئەي ھاياتلىق يولىمىزنى يورۇتقۇچى يۇسۇپ بوۋا، بىز سىزدىن ھايات پائالىيىتىمىز ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان، ھاياتلىق سەپىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى بولالايدىغان ئۇلۇغ ھېكمەتلەرنى ئۇقۇۋاتىمىز. ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ئۆزى بىلگەنگە قانائەت قىلماي، تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىشتۇر.

بىز 21 - ئەسىرگە قەدەم قويدۇق، جاھان ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتىدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. جۇڭگو ھازىر ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار پەن - مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىنى كىرگۈزۈپ، خەلقىمىزنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ قانچىلىك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، بۇ يولدا چوڭ قەدەم تاشلىماقتا. بىز مۇشۇنداق زور تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرۇپ، سىزنىڭ دەۋرىمىزدىن مىڭ يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان دۆلەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا كەڭ ئېچىۋېتىش ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرىڭىزنى ئاڭلىغاندا، قەلبىمىز پەخىر - ئىپتىخار ھېسلىرى بىلەن تولىدۇ.

ئەي قەدىرلىك بوۋا، بەزىلەر كونا ئەنئەنىلەرنى يېڭىلاپ، زامانىمىز، خەلقىمىزنىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ ھالدا بېيىتىپ بارمىغاندا، ئەنئەنە تۇرغۇنلۇقىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭى، ئىلغار مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. بوۋا، بىز ئىلغار ئەنئەنىلىرىمىزدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز. چۈنكى، ئىلغار ئەنئەنە مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇھىم ئاساسى. ئىراق، قالاق، چىرىك ئەنئەنىلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئىچىدە ئۆزىمىزنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىغا مەھكۇم قىلمايمىز. بىز يېڭى، ئىلغار شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىپ، پارلاق

مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، ئەۋلادلىرىمىزغا مىراس قالدۇرىمىز. سىز دېگەندەك «بارلىق لەززەت ۋە خۇشاللىق يېڭى نەرسىلەردە بولىدۇ، كونا نەرسىلەر يېقىمسىز بولىدۇ». بىز ھەقىقىي بەخت-سائادەتنى تۈنۈگۈندىن ئەمەس، بەلكى پارلاق ئەتىدىن ئىزدەيمىز.

ئەي قەدىرلىك بوۋا، سىز بىزگە ھاياتىمىز ئۈچۈن دەستۇر قىلغۇدەك ناھايىتى قىممەتلىك ھېكمەتلىرىڭىز بىلەن تەربىيەت قىلىپ، قەلب ئېتىزىمىزغا ئاجايىپ خاسىيەتلىك مەنىۋى ئۇرۇق چاچتىڭىز. بۇ ئۇرۇقنى ياخشى تەربىيەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن شېرىن مېۋىلەرنى ئېلىشقا تىرىشىۋاتىمىز.

ئەمدى يەنە بىر ئىلتىجايىمىز بار ئىدى. بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز مىڭ نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى ئىسلام دىنى مۇھىتىدا ياشاپ كەلدى. بىزمۇ مانا شۇنداق بىر مۇھىتتا ياشاۋاتىمىز. لېكىن، جەمئىيەتتە نۇرغۇن قارىمۇقارشى چۈشەنچىلەر بار. ئەسلىي ھەقىقەتكە زىت تۇرغۇن تەرغىباتلارمۇ بار. بۇنداق ئوخشاشمىغان پىكىر ئېقىملىرى خۇددى ئىككى قىلىچ بىر-بىرى بىلەن توقۇنۇشقاندەك ئايىغى چىقمايدىغان زىددىيەت بالاسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن مۇجمەل سوئاللارنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولدى. سىز ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىچىدە ئەڭ ئىلغار پىكىرلىك ئالىم بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بەزى خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ھەققىدە مۇجمەل چۈشەنچىلىرىمىزنى يېشىۋېلىشىمىز ئۈچۈن ياردەم بەرسىڭىز ئىكەن.

ئەي ئوغۇل، دىنىي ئېتىقاد دېگەن بەك نازۇك ۋە سەزگۈر نەرسە، ئۇنىڭغا نىسبەتەن توغرا، ئىلمىي قاراشقا، ھەقىقىي بىلىشكە ئىگە بولمىغاندا، نۇرغۇن بەختسىزلىكلەرگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، دىنىي ئېتىقاد بىلەن چۈشەنچە باشقا-

باشقا ئىككى ئىش . ئەسلىي دىن بىلەن چۈشەنچىنىڭ بىر نۇقتىدىن چىقىشى ناتايىن . ھەربىر ئادەم پەقەت ئۆزىنىڭ بىلىش ئىقتىدارىغا يارىشا كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ، شۇڭا ھاياتقا پايدىلىق ، تەرەققىياتقا ئوڭ تاناسىپ ، بەخت ـ سائادەتكە سايە قىلىدىغان ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسىدىغان ، ئىنسان پەزىلىتىنى يۇقىرى كامالەتتە شەرھلەيدىغان ، ئەخلاقسىزلىق ، ھاياسىزلىققا چەك قويىدىغان ئېتىقاد بىز ئىزدىگەن ، بىز تەلپۈنگەن ئېتىقاد . بەختسىزلىككە ، نادانلىققا ، خۇراپاتلىققا ، تەركىدۇنيالىققا ، نامراتلىققا ، قاششاقلىق ، ھورۇنلۇققا سايە قىلىدىغان ئەقىدە ھەرگىزمۇ بىز ئىزدەۋاتقان ئېتىقاد ئەمەس . شۇڭا ، مەن ساڭا بۇ توغرىدىمۇ ئاللا نامى بىلەن قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەي .

## ئوتتۇزىنچى باب

# نادانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئېتىقادنىڭ قارىغۇ ئېتىقاد ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئەي ئوغۇل ، دۇنيادا ئېتىقادسىز ، ئەقىدىسىز ئىنسان بولمايدۇ . بىرەر ئەقىدىگە باغلانماي ياشاشنىڭمۇ مەنىسى بولمايدۇ . سەن نېمىگە ئەقىدە قىل ۋە قايسى دىنغا ئېتىقاد قىل ، ئۇنداق ئەقىدە ۋە ئېتىقاد بىلىمسىزلىك ، نادانلىق ، قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ئۈستىگە قۇرۇلماسلىقى كېرەك . ئەگەر سەندە ئۆزۈڭ ئېتىقاد قىلغان قۇدرەتكە نىسبەتەن توغرا ، ئېنىق چۈشەنچە ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق بولمىسا ، ئۇنداق ئېتىقاد مۇستەھكەم بولمايدۇ ھەم ئۇ سېنى بەختلىك قىلالمايدۇ . ھەرقانداق ئېتىقاد مۇكەممەل بىلىش ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلسا ، مۇستەھكەم ۋە تايماس بولىدۇ . ھەرقانداق تەۋرىنىش ۋە ئازغۇنلۇق پەقەت چۈشەنچەڭدىكى ئاجىزلىقتىن ، بىلىشىڭدىكى يۈزەلىكتىن ، ئىرادەڭدىكى تەۋرىنىشتىن بولىدۇ . بىلىمسىزلىك ، نادانلىق ، ئەقىلسىزلىق ۋە تەۋرىنىش بىلەن قىلغان قارىغۇلارچە تائەت - ئىبادەتنى ئاللا قوبۇل قىلمايدۇ . ئىبادەت ئۈچۈنمۇ بىلىم بولۇشى لازىم . بىلىم بولغاندا بايات (ئاللا ) بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ، بۇ دۇنيا بىلەن ئۆزۈڭ ئوتتۇرىسىدىكى ، بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئەقەللىي چۈشىنىپ يېتەلەيسەن . تەڭرىنىڭ قۇدرەت

كامالەتكە يەتكەن كىشىلەر ھېس - تۇيغۇ بىلەن بىللە ئىش كۆرمەستىن، ئەقىل ئارقىلىق ھەممە نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىدۇ.
كامالىتىغا بىلىم نۇرى بىلەن يورۇغان ئەقىل كۆزىڭ بىلەن باقىدىغانلا، ئاندىن بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىنغان چەكسىز نېمەتلەرنى ھېس قىلالايسەن، ئەگەر بىلىمسىز بولساڭ، ھەقنى ئەقىل كۆزۈڭ بىلەن كۆرەلمەيسەن. سەن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىپ، ئۆزۈڭنى ئادەملىك سۈپەت بىلەن سۈپەتلىيەلىسەڭلا ئاندىن ھەققە يېقىنلىشالايسەن، چۈنكى ھەقنى ھەقىقەت نۇرى بىلەن قەلبىنى نۇرلاندۇرغان كىشىلا كۆرەلەيدۇ، پاكىزلىقنى قەلبى پاكىز ئادەملەرلا ھېس قىلالايدۇ. سەن ئۈچۈن بۇ يورۇق ۋە ھېكمەت بىلەن تولغان ئالەم ئۆيۈڭدىكى قاچا - قۇچا، كىگىز، كۆرپە ۋە باشقا بىساتلارغا ئوخشاشلا ئاددىي، ئەرزىمەس نەرسە بولۇپ تۇيۇلسا، قانداقمۇ يارىتقۇچى قۇدرەت ئىگىسىنى تونۇيالايسەن. ئۆزۈڭ بىلەن ئاددىي ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرقنى، ئۆزۈڭگە ئاتا قىلىنغان ئۇلۇغلۇقنى چۈشىنىشتىن يىراق بولساڭ، قانداقمۇ يۈكسىلەلەيسەن. كىم نېمىدىسە ئۇ توغرا بولسۇن، خاتا بولسۇن ئىشىنىۋېرىسەن، ئۆزۈڭدە مۇستەھكەم، مۇستەقىل قاراش بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ بىلىشىگىلا ئەگىشىپ ياشىغان غاپىل بەندىنىڭ ئەقىدىسى قانداقمۇ ئەقىدە بولسۇن؟

3216 — ئىبادەتتە ئاۋۋال بىلىم كۆپ ئۆگەن،
بىلىمسىز ئىبادەت بى پايدا چۈشەن.

بىز بىلىمسىز كىشىنى ھايۋان دەپ ئاتىدۇق. قاراپ كۆر، ھايۋان ئىبادەت قىلالامدۇ؟ ئاللا سېنى ھايۋان قاتارىدا يارىتقانمۇ؟ بايات (ئاللا) ئادەمنى يارىتىشتا بارلىق مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان ئەمەسمىدى؟ ئۇ ئادەمگە ئەقىل - ئىدراك،

مەرىپەت ئاتا قىلىپ ، نەزەر دائىرىسىنى كەڭ قىلىپ ، مەئىشەت ، نېمەت ئاتا قىلغان بۇ زېمىنغا ئابىرىندە قىلدى . ئادەمىيىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى هازىرلاپ بەردى ، پەرىشتىلەرمۇ ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن ئادەمگە سەجدە قىلغان ئەمەسمۇ ؟ خوش ، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى قانداق ئەمەل بىلەن دەلىللەيدۇ . سەن نادانلىق ، ئىلىمسىزلىك ، جاهىللىقنىڭ بىلەن هايۋانىي سۈپەتتە تۇرۇپ قانداقمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئۇلۇغلۇق شەرىپىڭنى ئاقلىيالايسەن . ئادەم تۇرۇپ ئادەمدەك ياشىيالىسىلا بىلىمسەڭ ، سېنى قايسى سۈپەتكە قاراپ ئاللانىڭ بەندىسى دېگىلى بولسۇن . ئاللا بەندىلىرىنى ئاڭلىق ، بىلىملىك ، ئەقىللىق ، بەختىيار هالەتتە كۆرۈشنى خالايدۇ . شۇڭا ، خۇدا بىلىمسىز ، نادان ، ئەقىلسىزنىڭ قاپقاراڭغۇ قەلب بىلەن قىلغان بىر ئۆمۈرلۈك ئىبادىتىدىن كۆرە ، ئاڭلىق ، بىلىملىك ، قەلب كۆكسى كەڭ ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى هايات مەقسىتى قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۇخلىغىنىنىڭ ساۋابىنى قوبۇل قىلىدۇ .

3225 بىلىمسىز قىلىنغان تائەتتىن كۆرە ،

گەر ئۇخلار بىلىملىك ساۋابى ئۆرە .

ئەگەر بىلىمسىز ، قارا قورساق بولساڭ ، تىرىشىپ بىلىمىڭنى ئاشۇرۇپ ، ئاڭلىقلىق مەقامىغا يەتكىن ، ئاندىن ئىبادەتكە باش قويساڭ قوبۇل بولىدۇ .

3221 ئەگەر بىلمىگەن بولساڭ ، ئۆگەن بىلىك ،

ئىبادەتكە ئاندىن كېيىن قوي ئىلىگ .

بىلىمسىز، ئەقىلسىز كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئاللانىڭ ئورنى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىلىمسىز كىشى ئىبادەت قىلسا پەقەت باشقىلارغا ئەگىشىپ، شۇنداق بىر ئىش ئوخشايدۇ، دەپ دورىماق بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ. ئەمما، ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن باش قويۇۋاتقانلىقىنى تولۇق ھېس قىلمايدۇ. بىلىملىك ئىبادەتتە بولسا ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا، ئۇنىڭ ئىرادە قىلغان شانۇ شەۋكەتلىرىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىمان ئېيتىدۇ. ھەرقانداق قىيىن شارائىتتىمۇ، بەختلىك، بەختسىز چاغلىرىدىمۇ، كۆڭۈللۈك - كۆڭۈلسىز ۋاقىتلاردىمۇ ئىمانى سۇسلىشىپ قالمايدۇ. ئوغلۇم، قاراپ كۆر، يۇقىرىقى ئىككى خىل ئىبادەتنىڭ قايسىسىنىڭ ساۋابى چوڭ. بىلىملىك، ھەقنى تونۇغان بەندە بىلەن بىلىمسىز نادان بەندە ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلمىغاچقا، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىبادىتىمۇ ئوخشاش ساۋابقا ئىگە ئەمەس. بىلىملىك بەندە بىلەن بىلىمسىز بەندە ئوتتۇرىسىدا يەنە شۇنداق بىر پەرقمۇ باركى، بىلىملىك، ئالىم كىشىلەردىن خەلققە كۆپ پايدىلار تېگىدۇ، بىلىمسىز، نادان خەلققە يۈك بولىدۇ.

3224 بىلىپ قىلسا تائەت ساۋابى تۇمەن،
ساۋاب كۇتمە بىلىمسىز ئىبادەت بىلەن.

ھەي ئوغۇل، بايات بۇ دۇنيانى سەن ئۈچۈن ھالال قىلىپ يارىتىپ بەردى. نەزەر سال، كۆز ئالدىڭدا تۇرغان مۇشۇ ھايات گۈزەللىكى، سەن ياشاۋاتقان زېمىنغا يارىتىلغان بارلىق مەئىشەت ۋە ئىمكانىيەت، تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك بايلىق ۋە خاسىيەتنى ئاللا ئۆزى ئۈچۈن ياراتقان ئەمەس، بەلكى ئۇنى

سىنىڭ پايدىلىنىشىڭ ئۈچۈن بىنا قىلغان . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىگەم ئادەمنى ھەممە ئىشقا قابىل قىلىپ ياراتتى . ساڭا ئىلىم ئۆگىنىپ ئىشقا سېلىشقا ئەقىل - ئىدراك ئاتا قىلدى ، ئەقىلنى جارى قىلدۇرۇشۇڭغا نۇرلۇق كۆز ، يورۇشۇڭغا پۇت ، ئىشلىشىڭگە قول ۋە باشقا ئەزالىرىڭنى جاي - جايىغا يارىتىپ بەختىيار قىلدى . بىلسەڭ ئىدى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سەن ئۈچۈن قىلىنغان ئەڭ چەكسىز شەپقەت ۋە قىممەتلىك خەزىنە ئىدى . ئۇنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بەخت - سائادىتىڭ ۋە گۈزەل ئارزۇيۇڭغا يېتىش ئۈچۈن ئىرادە قىلىنغان . ئەي ئوغۇل ، ئاللانىڭ ئىرادىسىنى ئاقلاشقا تىرىشقىن . ئۆزۈڭنىڭ ناپاكلىقىڭ ، ئىقتىدارسىزلىقىڭ ، تەدبىرسىزلىكىڭ بىلەن بۇ مەئىشەت دۇنياسىنىڭ بىغۇبار ئېتىكىنى بۇلغىمىغايسەن . زېمىنىنىڭ پاكلىقى سېنىڭ جاھىللىق ، ناپاك تەبىئىتىڭ بىلەن داغلانمىسۇن . ئاللا ئىگەم سېنى ، زېمىننى ھالاللىق بىلەن ياراتقانىكەن ، سەنمۇ ھالاللىق ، پاكلىق بىلەن ياشىغىن . زېمىننى ، ھاياتلىقىڭنى سۆيگىن . ساڭا ئىرادە قىلىنغان بۇ زېمىن بايلىقلىدىن ، ۋۇجۇدۇڭغا سىڭدۈرۈلگەن ئىنسانىي ئىقتىداردىن تولۇق پايدىلىنىشنى بىلمىسەڭ ، ئىگەڭنىڭ ئىرادىسىنى ئورۇندىيالمىغان بولىسەن . سەن ئۈچۈن ئەقىل - پاراسەت ، جىسمانىي ئىقتىدارنى مەرھەمەت قىلىپ ، بۇ نۇسرەت دۇنياسىدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى بەرمىگەن ، پەلەك بۇرۇچلىرىدا نۇرلۇق قۇياشنى ، يەرلەردە سۇنى ياراتمىغان بولسا ، يەردە ئاشلىق ئۈنمىسە ، ئۆزۈڭنىڭ مەۋجۇتلۇق ئالىمىدە بىرەر مىنۇتمۇ ھايات ياشىيالمايدىغانلىقىڭنى ئويلا ، شۇندىلا ئالەمگە يارىتىلغان بۇ نەرسىلەرنىڭ سەن ئۈچۈن ئەڭ زور ئىنايەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسەن . ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئۈچۈن زېمىنغا باش قويۇپ

قۇدرەتلىك ئىگەڭ ئۈچۈن سەجدە قىلىدىغانلىقىڭنى پاراسەت قۇۋۋىتىڭ بىلەن بىلەلەيسەن.

ئەي ئوغۇل، بەزىلەر ساختا تەقۋادارلىق مۇقامى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى دۇنيانىڭ ئەيىبى ۋە قۇسۇرى دەپ جار سېلىپ، تۈرلۈك بىمەنە پەتىۋالارنى توقۇپ كىشىلەرنى گۈزەل ھايات دۇنياسىدىن بەزدۈرىدۇ. ئۇلار شۇنداق دەيدۇ: «بۇ دۇنيا گۇناھكار بەندىلەرنىڭ دوزىخى، بۇ دۇنيادا بەخت تىلەشنىڭ، سائادەت ئىزدەشنىڭ ئۆزى بەندە ئۈچۈن ئازابلىق يول ۋە جازا» دەپ كىشىلەرنى بەختسىزلىككە، ئازاب - ئوقۇبەتكە سايە قىلىدۇ. ئۇلار ئاللا ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىرادە قىلغان شۇنچە مول نېمەتلەرنى گۇناھنىڭ سەۋەبچىسى دەپ قارىلايدۇ.

3525 جاھان بەختى ياخشى بىر نەرسە ئەمەس،
قىلۇر ھەقتىن يىراق، دىنغا بالا بەس.

ئەي ئوغۇل، ھەرگىز ئاسىي بەندىلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ھەققە مۇخالىپ تەرغىباتلىرىغا قۇلاق سالمىغايسەن. ئاللا ھەرگىزمۇ مۆمىن بەندىلىرىنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. ئۆزى ئەڭ مۇكەممەل ياراتقان بەندىلەرنىڭ شۇنچە ناباب، زەئىپ، شۇنچە ئىقتىدارسىز ھالەتتە ئۆزلىرىنى جاھالەتكە بەند قىلىشىدىن غەزەپلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ كەڭ دۇنيانى، باياشاتچىلىقنىڭ، بەختىيارلىقنىڭ ئۇرۇقى چېچىلغان مەئىشەت باغچىسىنى خاتا تەرغىباتلارغا قۇل بولۇپ ئۆزۈڭگە ھارام قىلمىغايسەن. ئاللانىڭ رەھمىتى چەكسىز دۇركى، ئۇ بەندىلىرىگە ھەرگىزمۇ ئازاب - ئوقۇبەتنى راۋا كۆرمەيدۇ. شۇڭا، ياخشىلىق كۆرسەڭ، بەختلىك بولساڭ، ئۇنى ئاللانىڭ رەھمىتى

دەپ بىل ، ئەگەر يامانلىق كۆرسەڭ ، بەختسىزلىك بالاسىنى تارتساڭ ، ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ يامانلىقىدىن كۆر . بۇ ئالەمگە يارىتىلغان نىمەت بەندە ئۈچۈن ھەرگىزمۇ يامان نەرسە ئەمەس ، چۈنكى ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بەھرىمەنلىكى ۋە بەخت - سائادىتىنى كۆزلەپ بىنا قىلىنغان . ئەگەر سەن ھايات مۇساپەڭدە بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن ، نىمەتلىرىدىن كەڭتاشا بەھرىمەن بولالىساڭ ، بۇ بەخت - سائادەتنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىپ ، دۇرۇس ياشىيالىساڭلا ھەر ئىككى دۇنيادا مەڭگۈ بەختىيارسەن . ئەگەر مال - دۇنياغا ئېرىشىپ ، ھاكاۋۇرلۇق قىلساڭ ، بۇزۇقچىلىق قىلساڭ ، مال - دۇنيايىڭنى ھارام يوللارغا سەرپ قىلساڭ ، مانا بۇنى ھەقىقىي ئېغىر يۈك يۈدۈپتىمەن دېسەڭ بولىدۇ ، بۇ دۇنيادا قۇتلۇق ھاياتقا ئېرىشىپ توغرا ، دۇرۇس ، پاك ياشاشنى بىلىپ ياخشى نام قازىنالىساڭ ئەلنىڭ قەلب دەپتىرىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالالايسەن ، ئاللامۇ ساڭا يار - يۆلەك بولىدۇ .

3975 يامان ئەرمەس ئەمدى بۇ دۇنيا قوتىن تېپىپ ، بىلسە ياشاشنى چىقارسا ئېتىن .

ئەي توغرىلىق بىلەن خاتالىق ئارىسىدا تېنەپ يۈرگەن ئوغۇل ، بىر مەزگىل ئازغۇنلۇقلارنىڭ تەرغىباتى بازار تېپىپ ھەققە ھاقارەت كەلتۈردى ، ماھىيەت بۇرمىلاندى . ئۇلار مۇنداق خاتا تەرغىباتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىنى زەئىپلەشتۈردى ، ئۈمىدسىزلىك بالاسىغا گىرىپتار قىلدى : «كىشى بايلىق پاتقىقىغا پاتقانچە كىبىرلىك تاجىنى كىيىدۇ . پەقەت خارلىق ، زارلىق بىلەن ئۆتكەندىلا ئاندىن مۇلايىملىق مەرتىۋىسىگە يېتىدۇ .

بۇ دۇنيا كۆلەڭگە كەبىدۇركى ، سەن ئىزدىسەڭ ، قوغلىساڭ قاچىدۇ ، سەن قاچساڭ قوغلايدۇ ، كۆلەڭگە كەينىدىن ئەگەشكەن كىشىنى ئاقىل دېگىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، بۇ ئازاب - ئوقۇبەت ئۆتىڭىدە كۆلەڭگە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۇرماي ، ئاخىرەت ئۈچۈن خارلىق - زارلىق ، مەھرۇملۇقنى ئۆزۈڭگە دەسمايە قىل . بۇ دۇنيانىڭ مېلى تۇزاقتىكى دانغا ۋە بېزەلگەن كېلىنگە ئوخشاش جېلۋىسى بىلەن كۆڭلۈڭنى ئوۋلايدۇ . سەن سەۋرسىزلىك ، غاپىللىق ، ئاچ كۆزلۈك بالاسىدىن دانىنى چوقۇيسەن - دە ، پۇتۇڭنى قاپقانغا ئۇرسەن . ئەي غاپىل بەندە ، پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقىغا ئېرىشسەڭمۇ ، ئاخىر يەر قېتى ساڭا ئورۇن بولىدۇ . بۇنىڭدىن نېمە پايدا ، ئاخىر بېرىپ يوقىلىدىغان بۇ ۋاپاسىز دۇنياغا كۆڭۈل باغلاپ ياشىماقنىڭ ئۆزى غاپىللىق ئەمەسمۇ ؟ بۇ دۇنيادا ھالۋا بولامدۇ ، كېپەك بولامدۇ ، ھەممىسىلا ئوخشاش قورساق تويسىلا بولىدىكەنغۇ . گالغا ئەسىر بولۇپ لەززەتلىك تائاملارنى ئىزدەشنىڭ نېمە ھاجىتى . باي بول ، ھاكىم بول ، قۇل بول ، گاداي بول بۇنىڭ نېمە پەرقى ؟ بەرىبىر بارىدىغان جايىڭ ئىككى مېتىر يەر قېتى :

4771 زەۋق -ساپا قوغلاشما ، قاتتىقتۇر جازا ،
ساپانىڭ جاۋابى قاتتىقلىق تازا .

4772 ئاچچىق ، چۈچۈك ئاشلار گال تاتلىقى ئول ،
بۇ لەززەتكە بېرىلگەن كىشى يىلقى ئول .

4769 كېپەك كۆپ لەززەتلىك شېكەردىن ماڭا ،
بۇ ئاق تون پاسار ئۇ يېپەك ئورنىنى .

ئەي ئوغۇل ، قاراپ كۆر ، يۇقىرىقى زارلاشلارنىڭ ھەممىسى پىتنە - ئىغۋا ، تۆھمەت جۈملىسىدىندۇر . ئاللا پىتنە - پاساتچىنى ، تۆھمەتخورنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ . ئۇلار گەرچە ئۆزلىرىنى كامىل ئىبادەتمەن دېگىنى بىلەن ئاللانىڭ كالامىنى بۇرمىلىغۇچىلاردۇر . ئاللانىڭ كالامىنى خاتا بۇرمىلىغۇچى ئاللا ئالدىدا ئەڭ چوڭ جىنايەتكاردۇر . شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى ، ئاللانىڭ مۇقەددەس كالامىدا يۇقىرىقىدەك مەزمۇن يوق . تەزەر سال ، ئۇلار يۇقىرىقىدەك خاتا چۈشەنچىگە باغلىنىپ ، بۇ جاھانىنىڭ ھالاۋىتىنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلغان . شۇڭا ، ئۇلار تېخىمۇ قەبىھلىشىپ خوتۇنسىز ، بالا - چاقىسىز بولۇپ ، تاغقا ، خىلۋەتكە بېرىپ ، ئاتا - ئانا ، قوۋم - قېرىنداشنى ، يۇرت - جامائەتنى تەرك ئېتىپ ، ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى تىلەش خىيالىدىلا بولىدۇ . ئۇلارنى قىز - ئوغۇللۇق بولۇپ ئەۋلاد قالدۇر دېسە ، بۇ دۇنيا پەرزەنتلەرنىڭ جاپاسىنى تارتىشقا ئەرزىمەيدۇ ، دەيدۇ . شەھەر كەنتتە ئىبادەت كۆپ دېسە ، بەندىلەرنىڭ گۇناھىغا شېرىك بولۇپ قالىمەن دەيدۇ . ۋەتەن ، خەلقىڭگە ياخشىلىق قىلىپ ساۋابقا ئېرىش دېسە ، دۇنيادىن قول ئۈزۈپ ، ئىبادەتكە چىن كۆڭلىدىن بېرىلگەن بەندىگە نىسبەتەن ۋەتەن ، خەلق يادى بولمايدۇ ، دەيدۇ . بىلگىنكى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئازغۇن بەندىلىرىنىڭ باھانىسى . ئوغلۇم ، بۇ گۈزەل دۇنيا ۋاستىسى بىلەن ھەر ئىككى دۇنيانىڭ بەخت - سائادىتىگە ئېرىشىش يولىنى تاپقىلى بولىدۇ .

3924 ھالال مال تاپقان ئەر ھەر ئىككى جاھان ،
يېمەك ۋە كىيىمدىن قىسىلماس ھەرئان .

3926 بۇ دۇنيا مېلى گەر ياخشىغا چۈشەر ،
ھەر ئىككى جاھان ئۇ ھالاۋەت كۆرەر .

3927 تېپىپ دۇنيا مېلىن ، يېيىش بىلمىسە ،
بولۇر بەك ئېغىر يۈك يۈدۈپتۇ دېسە .

دېمەك ، ئوغلۇم ، گۇناھ دېگەن مال ـ دۇنيادا ئەمەس ، بەلكى شۇنى تاپقان ۋە سەرپ قىلغان ئادەمدە . بەزىلەرنىڭ قولىدىكى مال ـ دۇنيا زەھەرگە ئوخشىسا ، بەزىلەرنىڭ قولىدىكى بايلىق شىپادۇر . تەڭرى ئۆز كالامىدا بەرگەن قولنى تىلىگەن قولدىن يۇقىرى قويدىغۇ . ئادەم باشقىلارنىڭ خەير ـ ساخاۋىتى بىلەن ياشايدىغان بىچارە بولۇپ قالماي ، باشقىلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلىدىغان باي بولغان نېمىدېگەن بەلەن .
مال ـ دۇنيانىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بۇ دۇنيانىڭ بەختىگە ۋە ئۇ دۇنيانىڭ مەنپەئىتىگە ئېرىشىش مۇمكىن . چۈنكى مال ـ دۇنيا دېگەن ياخشىلىق ئۈچۈن يولچى ؛ مال ـ دۇنيالىق كىشىنىڭ ھەم ياخشىلىققا قولى يېتىدۇ . مال بىلەن ئاللانىڭ سەندىن كۈتكەن تەلىپىنى ئورۇندىيالايسەن ؛ يېشىل كۆككە ئۆرلىمەك بولساڭمۇ مال ياخشى يۆلەك بولىدۇ ؛ ھەج قىلماق بولساڭمۇ ، غازىلىق ئارزۇسىدا بولساڭمۇ ، ئۇ ساڭا قول ـ قانات بولىدۇ .

3983 تىلەگىنىڭ ھەج ئولسا ، كېرەك مال ـ تاۋار ،
غازىلىق تىلىسەڭ مال ئىشقا يارار .

ئەگەر قولۇڭ قىسقا بولسا ، ياخشىلىققا قانداقمۇ قول سۇنالايسەن ؟

بىلسەڭ ، بۇ ئالەم ئازغۇنلار دېگەندەك ئىككى كۈنلۈك ئالەم ئەمەس . بۇ ئالەم ئۇزۇن ئالەم . پەقەت ھاياتتىن قول ئۈزۈپ تەركىدۇنيالىق بىلەن ئەۋلادسىز ، ۋەتەنسىز ، ياخشىلىقسىز ، ئىزسىز ئۆتكۈزگەن ھايات ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئىككى كۈنلۈك قونالغۇ ؛ يەنە بىرى شەخسىيەتچى ، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ، باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايدىغان ، ئۆزىنىڭ بۈگۈنى تىرىك ئۆتسىلا ئەتىكى ھايات ، ئەۋلادلار ، كەلگۈسى بىلەن كارى بولمايدىغان مۇرتەدلەر ئۈچۈن مەنىسىز دۇنيا . ئاللا بۇ تىرىكلىك ئالەمىنى يارىتىپ نەچچە مىليون يىللار ئۆتتى ، بۇنى يالغۇز ئۆزىلا بىلىدۇ . شۇڭا ، ئاللا ئىنساننىڭ ئۆزۈۋقىنى قۇرۇتماسلىق ، ھاياتلىق ئىرادىتىسىيىسىنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەۋلاد قالدۇرماقنى نېسىپ قىلدى ؛ ئالدىدىكىلەر كەينىدىكىلەرگە ، كەينىدىكىلەر ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغانلارغا ئاساس سېلىپ بېرىشنى ئىرادە قىلىپ ، بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى باسىدىغان ئۈزلۈكسىزلىكنى ياراتتى . بۇ ھاياتلىق داستىخىنىغا بىزدىن بۇرۇن نۇرغۇن ئادەملەر داخىل بولۇپ كېتىشتى ، ئۇلار بىز ئۈچۈن نۇرغۇن تەييار نېمەتلەرنى قالدۇرۇپ كېتىشكەن ، ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى ، بىزمۇ بۇ داستىخاننى قۇرۇقداپ قويىدىغان زۇلۇك بولماي ، بەلكى كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ياخشى ، مول نېمەتلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇش ھەققىمىز بار . ھەدىستە : سەن بىر تۈپ دەرەخ تىكمەكچى بولۇپ تۇرغىنىڭدا ئەگەر سۇر چېلىنسىمۇ شۇ دەرەخنى تىكىۋېتەلىسەڭ تىكىۋەتكىن ، دېيىلگەن .

ئەي تىرىكلىك ئۈچۈن ئىزدەنگۈچى ئوغۇل ، تۇرمۇش ۋە بەخت ئۈچۈن باسقان قەدىمىڭدىن ھەرگىز تايمىغايسەن . ئىبادەتكە تەمەننا قويۇپ بەخت يولىدىن چەتنەشمۇ ئازغۇنلۇقتۇر . ئەگەر

ھەممە ئادەم ئىبادەتكە باش قويۇپلا تىرىكلىك ئۈچۈن تىرىشمىسا ، جاھان قانۇنى بۇزۇلۇپ ، ئىنسان بالىسىنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇيدىغانلىقىنى ئۇيلا :

3652 جاھان خەلقى بارچە شەھەر - كەنت قويۇپ ، چىقىپ ئالسا تاغقا بۇيۇك يۇك يۇدۇپ .

3653 بۇزۇلغاي جاھان ، بارچە قالغاي قۇرۇپ ، ئادەم بالىلىرىدا كېسىلگەي ئۇرۇق .

ئاللا ئىنسانلارنىڭ بۇنداق تۇيۇق يول تاللىشىنى خالىمايدۇ . ئەگەر ئۇنداق ئىرادە بولسا ، ئادەمنى ياراتمىغان ۋە ئۇنچە ئۇلۇغلۇق بىلەن مۇكاپات قىلمىغان بولاتتى . ئىبادەت ئۈچۈنمۇ تىرىكلىك كېرەك ، تىرىكلىك ئۈچۈن قورساققا ئاش ، ئۇچاڭغا كىيىم - كېچەك ۋە خاتىرجەملىك بولمىسا ، ئاچ قورساق ، خاتىرجەمسىزلىك بىلەن ئىبادەتنىڭ ئىشكى قانداق ئېچىلىدۇ . شۇڭا ، تىرىكلىك ، بەخت ، خاتىرجەملىك ئۈچۈن تىرىشماقنىڭ ئۆزىمۇ ئىبادەت جۈملىسىگە كىرىدۇ . ئاللا سېنى بۇ دۇنيادا ياشاشقا ئىرادە قىلىپ ياراتقانىكەن ، ئۆزۈڭنى ئاسراپ ، تىرىكلىكنى كاپالەتلەندۈرۈپ ، ئەقىل - پاراسىتىڭنى ئىشقا سېلىپ خۇشال - خۇرام ، بەختىيار تۇرمۇش بەرپا قىلىپ ، ياراتقۇچىنى خۇرسەن قىلماقلىق لازىم . ھەرگىزمۇ غاپىللىق ، ئازغۇنلۇق ، خارلىق ، موھتاجلىق ئىچىدە تۇرۇپ قىلىنغان ئىبادەتتىن ساۋاب كۈتمە ، ئاللا ئازغۇن بەندىلەرنىڭ ئىبادىتىگە موھتاج ئەمەس .

3662 ياراتتى خۇدايىم بۇ ئىككى جاھان ،
بىرىنى تاپساڭ ئىزلە ، ئۇ بىرىنى ھامان .

تائەتنىڭ ئۇلى ھاياتلىق ، كىشى تىرىكچىلىكتىن ۋازا كېچىپ تائەتكە ئولتۇرۇۋالسا ، تائەت بۇزۇلۇپ ئۇل يىقىلىدۇ :

3918 تائەتكە چۈشسە ئەل كۆزى بىر يولى ،
بۇزۇلغاي بۇ تائەت ، يىقىلغاي ئۇلى .

سەن نېمە ئۈچۈن ۋە نېمە تەلەپتە ئىبادەت قىلىدىغانلىقىڭنى ، ئىبادەتنىڭ يوللىرىنى بىلەمسەن ؟ بۇلارنى بىلمەي ئىبادەتكە قەدەم قويساڭ ، نىشانسىز يۈرگەن ئۇلاغقا ئوخشاپ قالىمسەن . سەن ئىبادەتنى قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ساڭا قىلغان ئۇلۇغ رەھمىتىگە ، سەن ئۈچۈن بۇ ئالەمگە ياراتقان تەڭداشسىز ، چەكسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ، ئۆزۈڭنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىپ ياخشى ئەمەللىرىڭنىڭ ئاللا تەرىپىدىن قوبۇل بولۇشىنى ئۆتۈنۈش ، ئاللادىن ساۋابلىق يوللارغا تېپىپ قىلىشىنى تىلەش ، غاپىللىقتا سادىر قىلىپ قويغان گۇناھلىرىڭ ئۈچۈن تۆۋا قىلىش مەقسىتىدە ئىبادەت قىلىسەن . سەن ھەرگىز ئاللا بەندىسىنىڭ ئىبادىتىگە موھتاج ئوخشايدۇ ، دەپ ئويلىما ، ئۇنداق ئويلىساڭ ، ئاللاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىسەن . ئاللا ھەرگىزمۇ سېنىڭ ئىبادىتىڭگە موھتاج ئەمەس . سەن ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە تەڭداشسىز قۇدرەت كامالىنى پەقەت بەندىنىڭ تائەت - ئىبادىتى بىلەنلا جارى بولىدىغان مەۋجۇتلۇقمىكى دەپ ئويلاپ قالما . پۈتۈن مەۋجۇدات ، بارلىق ۋە يوقلۇقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىلكىدە ، ئىختىيارىدا تۇرسا ۋە سەن ئۈچۈن لازىملىق بولغان بارلىق

نەرسىلەرنى ئۇ ياراتقان تۇرسا ، قانداقمۇ ئۇ بەندىنىڭ ئىبادىتىگە مۇھتاج بولسۇن . سەن ئىبادەت قىل ياكى قىلما ، مۇسۇلمان بول ۋە ياكى كۇپپار بولۇپ كەت ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا قىلچىلىك نۇقسان يەتمەيدۇ . سەن قىلغان ئىبادەت ئۆزۈڭ ئۈچۈن بولىدۇ .

3251 ئەمەس تائەتكە ھاجەتمەن خۇدا ،
تىلەپ ياخشى نام ، ئەيلە قۇللۇق ئادا .

ئەي ئوغۇل ، سەن يالغۇزلا ناماز ئوقۇسام ، روزا تۇتسامىلا ئىبادەتنى ئادا قىلغان بولىمەن ، دەپ خام خىيال قىلما . روزا بىلەن ناماز پەقەت ئۆزۈڭنىڭ غېمى ئۈچۈنلىغۇ . شۇنى بىلگىنكى ، ئۆزىنىڭلا غېمىنى يېگەن ، ئۆزىنىڭ نەپئى ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلغانلار بەك غاپىلدۇر . ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىغان ئادەمنى قانداقمۇ تىرىك ئادەم دەپ قارىغىلى بولىدۇ .

3243 بۇ روزى - نامازلار ئۆز پايداڭ ئېرۇر ،
ئۆز نەپئىن دېگەنلەر بەك خۇدبىن بولۇر .

347 تىرىك ئادەم ئوغلى نەپ بەرمەك كېرەك ،
ئەگەر پايدىسىز بولسا ئۆلمەك كېرەك .

سەن ئەگەر ھەقىقىي ئىبادەتمەن بولىمەن دېگەن نىيەتتە بولساڭ ، ئاۋۋال ئەل - جامائەتكە ئارىلىشىپ ھاياتلىقتا ، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن بىر سەپتە بول ، ئەل - جامائەت ئارىسىدا ساۋابلىق ئىشلار ناھايىتى كۆپ . ئەلنىڭ دەرد - ئەھۋالىغا يېتىپ ياخشى كۆڭلىرىگە يولداش ، يامان كۆڭلىرىگىمۇ قولداش بولۇپ ،

دەرد - ھەسرىتىنى تەڭ تارتىشىن . قېرىنداش ، دوست - يارەنلىرىڭنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈر . تۇل ، ئاجىز ، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلا ، كۆزى كور ، مېيىپ بەندىلەر ئۈچۈن قولۇڭدىن كېلىشىچە ئاللا بەرگەن رىزقتىن ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەدىقە قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال . ھالالدىن مال - دۇنيا تېپىپ پەقىرلەر ئۈچۈن سەرپ قىل ، ياخشى ئىشلار ئۈچۈن خىراجەت قىل . مال - دۇنيا سېنىڭ ئېھتىياجىڭدىن ئاشسا ھەج سەپىرىگە ئاتلان . قولۇڭ قىسقا بولسا جامائەت بىلەن جۇمە نامىزىنى ئوقۇشنى تەرك قىلما . چۈنكى ، پېقىرلارنىڭ ھەجى جۇمە نامىزىدۇر .

3239 جامائەت بىلەن قىل پەرىز ۋە ناماز ،
پەقىرلەر ھەجىدۇر بۇ جۇمە ناماز .

مانا ، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي تائەت - ئىبادەت ئەمەسمۇ ؟ يۇقىرىقى ھەقىقىي ساۋابلىق تائەت - ئىبادەتلەرنى تاشلاپ ، شەخسىيىتىڭ ئۈچۈنلا ياشىساڭ ، باشقىلارغا نەپ بەرمىسەڭ ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش قولۇڭدىن كەلمىسە ، روزا ، نامىزىڭغىلا قانائەت قىلىپ ئاللانىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىش تىلىكىدە بولساڭ توغرا يول تاللىمىغان بولىسەن .

3249 تائەتكە ئىشىنىپ يۈرەر بولسا قۇل ،
تاپالماس خۇدانىڭ سۆيۈنچىگە يول .

3250 خۇدانىڭ سۆيۈنچىن تىلىسەڭ ئۆزۈڭ ،
مۇسۇلمان سۆيۈنچىن تىلە كەس سۆزۈڭ .

سەن ھەقىقىي ئىبادەتمەن بولماقنى تىلىسەڭ ، باشقىلارنىڭ سېنى ئىبادەتمەن ، نامازخان ، تەقۋادار دەپ ماختىشىنى تەمە قىلىپ ، ئىبادىتىڭنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن قىلما . ئىبادەتنىڭ ، ساۋابلىق ئىشلارنىڭ مەخپىي بولغىنى تېخىمۇ ياخشى . ھەرگىز رىياكارلىق بىلەن ئىبادەت ئېتىزىڭغا سۆرەم سالمىغايسەن . كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ئىبادەتنى ، ساۋابلىق ئىشلارنى ھەرگىز باشقىلارغا داۋراڭ قىلمايدۇ . چۈنكى ، سېنىڭ ئىبادىتىڭنىڭ باشقىلارغا پايدىسى يوق . تەمە مەقسىتىدە قىلىنغان ئىبادەت ساۋابىنى يۇيىدۇ . سەن پەقەت ئاللانىڭ ماختىشىنىلا كۈتسەڭ دۇرۇس قىلغان بولىسەن . سەن گۇناھىم تولا ، ئاجىز بەندىمەن ، قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ ، دەپ ئۈمىد چۇلۋۇرۇڭنى قولۇڭدىن چىقىرىپ قويما . ئۈمىد شېخىڭنى ياخشىلىق سۈيى بىلەن سۇغىرىپ كۆكەرتكەيسەن . ئۈمىدسىزلىك ۋە زورمۇزور ئۆزۈڭنى زەئىپلىككە زورلاشتىن تېخىمۇ كۆپ گۇناھقا ئەسىر بولۇپ ، تېخىمۇ بەتتەررەك ئازابقا مۇپتىلا بولىسەن . ئىزدەنگەن ، تىرىشقان بەندە ئۈچۈن ئاللانىڭ بەخت ئىشىكى ھەرقاچان ئوچۇق . ئاللا بەندىلەر ئۈچۈن ئاخىرەتتە ئىككى ئورۇن تەييارلىدى : بىرى ، دوزاخ ، يەنە بىرى ، جەننەت . شۇنى بىلگىنكى ، ئىنسانلار تائەتنى تەرك ئېتىپ ، بۇ دۇنيانىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ھەپىلەشسىمۇ يەنىلا ئاللانىڭ جەننىتى بوش قالمايدۇ . تۆۋەندىكى بېيىت بۇنىڭ مىسالى :

3655 يەنە ھەممە ئادەم بۇ دۇنيانى دەپ ،
ئۇلاپ كۈننى تۈنگە يۈگەرسە ھەدەپ .

3656 قويۇپ تائەت ، دىسە مال ، بولۇپ دوزىخى ،
يەنە بوش قالماس ئۇ تەڭرى ئۆجمىقى[1].

چۈنكى ، ياراتقۇچى ياخشى - يامانىنى پەرقلەندۈرۈشكە قابىل . سەن ئەگەر ھەقىقەتەن ئاللانىڭ مەغپىرىتىگە مۇيەسسەر بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭ ، ۋەتەن ، خەلقىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقىڭنى ئايىما . ئىبادەت بىلەن باشقا ياخشى ئەمەللەرنى بىرلەشتۈرەلىسەڭ ، بۇنىڭ ساۋابى تۈگىمىگۈسىز بولىدۇ . بىز ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن ھېچقانداق مەنپەئەتى بولمىغان ، ھېچقانداق تۆھپە قوشالمىغان كىشىلەرنى تىرىكلەر ئارىسىدىكى ئۆلۈك دېدۇق . ئويلاپ باق ، ئۆلۈك كىشى ئىبادەت قىلالامدۇ ، ئۆلۈكنىڭ ئىبادىتىنى ئاللا قوبۇل قىلامدۇ ؟

3935 كىشى ياخشىسى دەر ، كىمدۇر ئۇ ياخشى ،
كىشىنىڭ دەردىگە داۋا بولسا ، شۇ ياخشى .

3332 دەۋزەخنى ساقىلا ياراتمىدى ھەق ،
ئازابنى ساقىلا ھەم بەرمىدى ھەق .

× × ×

ئەي قەدىرلىك بوۋا ، ھەربىر سۆزۈڭدە خەلقنىڭ مەنپەئىتى ، ھەربىر تىنىقىڭدا ئەل - ۋەتەننىڭ ھېسسىياتى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ ، ئېتىقاد ھەققىدە توختىلىۋېتىپمۇ يەنىلا ئەل - ۋەتەننىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان كىشىلەرنىڭ ئىبادىتىنى ئەڭ ئالىي ئورۇنغا قويۇپ تەرىپلەۋاتىسەن ، بۇنىڭ

① ئۆجماق — جەننەت مەنىسىدە .

ھەقىقىتى نەدە؟

ئەي تەلەپكار ئوغۇل، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشنىڭ مۇنداق ئىككى مۇھىم ئاساسى بار: بىرى، ئاللا بۇ زېمىنغا كىشىلەرنى باشقىلارنىڭ رىزقىنى شىلىۋېلىشقا ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپ، چوڭ ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن ياراتتى. قىيامەت كۈنى ھەممە ئادەم ئاللانىڭ ئادىل سورىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. مانا شۇ چاغدا پۈتۈن ئەل ـ جامائەت ۋە ۋەتەن تۇپرىقى سەن ئۈچۈن گۇۋاھچى بولىدۇ. سەن زېمىن قانداق قىلىپ گۇۋاھ بولالايدۇ؟ دەپ شۈبھىلەنمە، تىلدىن ئىبارەت بۇ گۆشنى زۇۋانغا كەلتۈرگەن ئاللا زېمىننى سۆزلىتەلمەسمۇ؟ سەنمۇ ئەسلى مانا شۇ زېمىندىن يارىتىلغان ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سەن ھاياتلىقىڭدا بۇ ۋەتەن تۇپرىقىغا ھېچقانداق ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچمىغان بولساڭ، بارلىق ھەرىكىتىڭ قۇۋلۇق، شۇملۇق بىلەن باشقىلارنى قاقشىتىش ئۈچۈن ئۆتكەن بولسا، ۋەتەن، خەلققە زىيان سالغان، بۇ پاك تۇپراقنى ناپاكلىقىڭ بىلەن بۇلغىغان بولساڭ، قىيامەت كۈنى ياخشىلار ئالدىدا ئۇياتقا قالىسەن، ئاللانىڭ ئالدىدا يەرگە قارايسەن. يەنە بىر مۇھىم خاسىيەت شۇكى، ئەل ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ ياخشى نام قالدۇرۇشمۇ ئۆزۈڭنىڭ بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ياشىشىڭ ئۈچۈنمۇ قۇدرەتلىك مىراس. راست، ھېچقانداق بىر ئادەم بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ياشاش شەرىپىگە ئىگە بولالىغان ئەمەس ۋە مەڭگۈ بولالمايدۇ. بىراق، ئادەمنىڭ ئۆلۈشمۇ ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، ئادەم ئۆلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ نام ـ شەرىپى ۋە روھى (مەنىۋى دۇنياسى) بۇ دۇنيادا مەڭگۈ خەلق بىلەن ياشايدۇ. بۇنداق ئادەمنى ئۆلدى دېمەي تىرىك دەپ بىلمەك كېرەك. چۈنكى، ئادەم قۇرۇق گەۋدە بىلەن ئادەم ئەمەس، روھ بىلەن

ئادەمدۇر ؛ يەنە بىر خىل ئۆلۈم شۇكى ، بۇ دۇنيادىن نام - نىشانسىز ، ئەجىر - تۆھپىسىز كېتىدۇ . بۇنداق ئادەمنىڭ كەلمىكى بىلەن كەتمىكىنىڭ تىرىكلىكى بىلەن ئۆلۈكىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق .

3369 ئېتىم مەڭگۈ تىرىك بولسۇن دېسە گەر ،
تىرىك چاغدا كىشىگە نەپ يەتكۈزەر .

229 ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئەرمەس ، ئېتىڭ مەڭگۈ ئول ،
ئېتىڭ مەڭگۈ ئولسا ، ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئول .

ئەي ئوغۇل ، ئادەمنىڭ تىرىكلىك نىشانى ئۇنىڭ ياخشىلىقىدا . ئەگەر سەندە ھېچقانداق ياخشىلىقتىن ئەسەر بولمىسا ، سېنىڭ تىرىكلىكىڭنىڭ بەلگىسى نېمە؟

3370 يوق ئەرسە تىرىكلىك نىشان بەلگىسى ،
ئۇنىڭ ياخشىلىقتىن نەدىن بىلگۈسى ؟

سەن يەنە شۇ ھەقىقەتنى تونۇغىنىكى ، ئەل - ۋەتەندىن ئايرىلىپ يەككە - يېگانە ياشىيالىشىڭ مۇمكىن ئەمەس . خەلق سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭنىڭ ئاساسى . جەمئىيەتتە ھەربىر قوۋم ، ھەربىر قەبىلە ، ھەربىر مىللەت ، ھەربىر دۆلەت چوڭ بىر ئائىلىنى تەشكىل قىلىدۇ . سەن مانا شۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ھوقۇقلۇق بىر ئەزاسى . شۇڭا ، ئۇ چوڭ ئائىلىدە بەلگىلىك ئورنۇڭ ۋە ئىمتىيازىڭ بولىدۇ . سەن شۇ ۋەتەننىڭ بىر ئەزاسى ۋە ھەقداسى سۈپىتىدە ، بەختىيار ياشاش ، پىكىر قىلىش ،

قابىلىيىتىڭنى جارى قىلدۇرۇش، ۋەتەنىنىڭ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن تەڭ - باراۋەر بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇنداق ھوقۇقنى ۋە بەھرىمەنلىكنى ئۆزگە ۋەتەندىن تېپىش مۇمكىن ئەمەس، سەن ئۇچۇن ۋەتەن خەلقىڭدەك قەدىرلىك، مېھرىبان ۋە سۆيۈملۈك كىشى بولمايدۇ. سەن ھەرقانداق مۇشكۇللۇك، ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىساڭ، مانا شۇ ئەل، جامائەتكە تايىنىپلا، مۇشكۇللۇكلىرىڭ ئۇستىدىن غالىب كېلەلەيسەن. مۇشۇنداق بىر نىيەتلىك، بىر مەقسەتلىك ۋە ئورتاق تەقدىر شۇ خەلقنى بىر گەۋدە قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلقنىڭ، ۋەتەننىڭ دۇشمەنلىرىگە بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەش قىلىشقا ئۈگەتكەن. ئۇلار شۇنداق بىر پۈتۈنلۈك ئارقىلىقلا تەبىئەت كۈچلىرى ۋە ۋەتەن دۇشمەنلىرىنىڭ ئۇستىدىن غالىب كەلگەن، ئۆزلىرىنىڭ ئىنساني ھوقۇق، قەدىر - قىممىتىنى قوغداپ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. شۇنداق ئىكەن، ۋەتەن، خەلقىگە ئاسىيلىق قىلغان ئىنساننىڭ ھېچقانداق قەدىر - قىممىتى بولمايدۇ. ئۇ مەڭگۈ لەنەت - نەپرەتكە ئۇچرايدۇ. تەڭرى ئاسىيلارنى ھەرگىز دوست تۇتمايدۇ.

ئەي ئوغۇل، سەن خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرساڭ، ھاياتىڭمۇ، ئىبادىتىڭمۇ كۆڭۈللۈك ۋە كەم - كۇتىسىز بولىدۇ. ۋەتەن، خەلقنى سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىن ئەمەسمۇ؟ ۋەتەن، خەلقىڭنى تەرك ئەتسەڭ، ئىمانىڭ كامىل بولمايدۇ. قەلبىڭ ۋەتەن، خەلققە يىراق بولسا ئىسلامدىن شۇنچە يىراقلاشقان بولىسەن. شۇڭا، روزى - نامىزىڭغا ئىشىنىپلا غەپلەتتە ياشىما، ياخشى ئەمەللىرىڭ بىلەن ئىبادىتىڭنى پۈتۈن قىلغىن.

3990 كىشى گەر بىلمىسە چىن تائەت نىمە،
ئۇقالماس قىلغىنى ئىبادەت نىمە.

× × ×

ئەي غەپلەت ئۇيقۇسىدا قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرگەن، نادانلىقتىن داتلاشقان، ئۈمىدسىزلىكتىن قاراڭغۇلاشقان قەلبىمىزنى ساخاۋەتلىك ھېكمەتلىرى بىلەن نۇرلاندۇرغۇچى ئىمانى كامىل بوۋا، سەن ھېكمەت دەپتىرىڭنىڭ نۇرانە تەپتىدىن بىزگە ھاياتىمىزنىڭ ئاجايىپ سخېمىسىنى سىزىپ، ئاچا يولدا تېنەپ قالغان نىشانسىز، مەقسەتسىز ھايات سەپىرىمىزنى ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان كامىل چۈشەنچەڭ بىلەن نۇرلاندۇردۇڭ. قۇدرەت ئىگىسىنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان مېھىر - شەپقىتى ۋە ساخاۋىتىنى تولۇق تونۇپ، ئۇنى ئادىمىيلىك ئىززىتىمىز بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىستەك ئويغاتتىڭ. ۋۇجۇدىمىزدا بىر خىل شېرىن ئېقىم جۇلالاپ، كۆڭلىمىزدە ئۈمىد، ئىشەنچ ئىشىكى ئېچىلدى.

ھەقىقەتەن، بىز تارىخىمىزدا ئاجايىپ كېچىكلەرنى كېچىپ، تۈرلۈك مۇقاملارغا ئۇسسۇل ئويناپ، ئوخشاشمىغان تەرغىباتلارنى ئاڭلاپ تېنەپ، تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، نۇرغۇن سوئاللارغا، ناھايىتى كۆپ «نېمە ئۈچۈن»لەرگە دۇچ كەلدۇق. بىراق، نۇرغۇن ئەسىرلەر داۋامىدا ئەقىللىي جاۋابقا مۇيەسسەر بولالماي كەلدۇق. سېنىڭ يۇقىرىقى نەسىھەتلىرىڭ بىزنى خېلى كۆپ سوئاللارغا جاۋاب تېپىۋېلىشىمىز ئۈچۈن مەنىۋى ئۈلگە بولدى.

بىز كۆرۈۋاتىمىز، زېمىنىدىكى بەزى ئىنسانلار تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ بەندىلىك بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئاجايىپ ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. بىر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئاسمانغا چىقتى. يەر يۈزىدە تۆمۈرگە جان كىرگۈزۈپ ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئاللانىڭ كالامىدا «تۆمۈردە غايەت زور كۈچ-

قۇدرەت بار » دەپ ناھايىتى روشەن بىشارەت بېرىلگەن بولسىمۇ ، بىراق بەزى نادان بەندىلەر بۇ مۆجىزىلەرگە تاڭ قالىدىغان «ئۇنداق ئىش پەقەت ئاللانىڭلا قولىدىن كەلمىسە ، بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ » دەپ قاراپ ، يۇقىرىقىدەك زور تەرەققىياتنىڭ ئەسلىي ئاللانىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكى ، قۇدرەت ئىگىسىنىڭ زېمىندىكى نېمەتلىرى بىلەن ئىنسان ئەقلىنىڭ تۆھپىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىدى . ئاللا ئىنسانلار ئۈچۈن تېخىمۇ چەكسىز ئىمكانىيەتلەرنى ھازىرلاپ بەرگەن ۋە ئۇلارنى بىلىش ، تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش بىلەن پۈتكۈل مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتتىن ئەزىز ۋە شەرەپلىك قىلغان . ئەپسۇسكى ، بىز يۇقىرىقىدەك ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ، ئۆزىمىزنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەم قىلىنغان ئۇلۇغ قابىلىيەتتىن پايدىلىنىشتا يوق ، «ئاللا زۇۋۇلىمىزنى كىچىك ئۈزۈپ قويغانىكەن » دەپ يەنىلا ئاللادىن ئاغرىنىپ يۈرۈشتۇق ، شۇنىڭ بىلەن نېمەتلەرنى تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا يوق ، «ئۈجمە پىش ، ئاغزىمغا چۈش» دېگەندەك ، ئاللانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلدۇق . ئاللا ئۆز كالامىدا : «ئاللا يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى» دېگەن روشەن ئەمرىنى چۈشۈرگەن تۇرسا ، بىز ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلماقتا يوق ، ئەكسىچە يەنىلا تەلەپ قولىمىزنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشتىن باشقىنى بىلمىدۇق . ئاسماندىن ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ ئالتۇن - كۈمۈش يېغىپ قالغانلىقىنى كۆرمىدۇق ، بىراق ، بەندىلەرنىڭ ئازغۇنلۇقى سەۋەبلىك ئاللا غەزەپ بىلەن تاش ياغدۇرۇپ ھەددىدىن ئاشقانلارنى جازالىغانلىقىدىن ۋاقىپ بولدۇق .

توغرا ، جەمئىيەتتە بايلىق بىلەن كەمبەغەللىك ، ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەر ، ياخشى بىلەن يامان ، رەزىللىك بىلەن

گۈزەللىك مەۋجۇت. بىراق، يامان، كەمبەغەل، رەزىل قىلىپ قويغان ئاللامۇ؟ بۇنداق خاتا چۈشەنچىنىڭ تۇغۇلۇشى بىلىشىمىزنىڭ تېخى تولىمۇ يېتەرسىز ئىكەنلىكىدە ئىكەن.

بوۋا، بىز ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق ھەقىقەتنى چۈشىنىشكە، ھەقىقەتكە يېقىنلىشىشقا تىرىشىمىز، چەكسىز گۈزەل ھايات باغچىسىدىن بەھرىسىز، ئىنسانىي ئىقتىدارىمىزدىن خەۋەرسىز ياشاۋەرمەيمىز؛ بىز ئۆچۈن ئىرادە قىلىنغان بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىشقا تىرىشىپ ۋەتەن تۆپرىقىنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىمىز، ئاللا بىز ئۆچۈن ئىرادە قىلغان بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىمىزنى ئاشۇرۇپ، بەندىلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشقا تىرىشىمىز.

ئاخىرىدا بوۋا، تۇرمۇشتا دۇچ كېلىدىغان مۇنداق بىرقانچە سوئاللىرىم بار ئىدى، سورىۋالسام.

— بولىدۇ باللىرىم، سوراڭلار، مەن جاۋابقا تەييار.

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## تۇرمۇشتىكى يەنە بەزى مەسىلىلەرگە جاۋاب

بوۋا، ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر يۈك نىمە؟ بۇ يۈكنى قانداق كۆتۈرمەك كېرەك؟

ئوغلۇم، دۇنيادا ئەڭ ئېغىر يۈك ئۈچ: بىرى، يوقسۇزلۇق، ئىككىنچىسى، بىكارچىلىق؛ ئۈچىنچىسى، يالغۇزلۇق. بۇنى ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقارما. بىخەستەلىك قىلىپ يۈكۈڭنى ئېغىرلاتما، شىجائەت بىلەن يۈكنى يەڭگىللەتكىن. ئەڭ ئاۋۋال ئېرىغ - پاكىز بولغىن. ئۆي مۈلكۈڭنى پاك، ئېرىغ تۇت. پاكلىق، پاكىزلىق ساڭا بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. ئېرىغسىز بولساڭ، بەختىڭ قولدىن كېتىدۇ؛ يەنە بىرى، ئاش - نېنىڭنى، تۇز - چېيىڭنى كەڭرى قىل. خەسىسلىك قىلما، ئاندىن ئېتىڭ ياخشى بولۇپ بەختىڭ ئېچىلىدۇ. خەسىسلىك يولىنى تۇتساڭ، ئۇ سېنى يالغۇزلۇق چۆلىگە تاشلايدۇ. ئۆزۈڭدىن باشقا ھەمراھ تاپالمايسەن. ئوچۇق قول بولدۇم دەپ بەتخەجلىك قىلما. كېيىن، موھتاج بولۇپ قالىسەن. كىرىمىڭگە يارىشا چىقىم قىل، چىقىم قىلساڭ، دەرھال كىرىم يولىنى قىل. موھتاجلىقنىڭ يۈكىنى يۈدۈمەك تولىمۇ مۈشكۈل. پۇل - مېلىڭ بولسا يولىدا سەرپ قىل، ئىسراپ قىلىپ چېچىۋەتمە، مال - مۈلكۈڭ بولسا ساقلاشنى بىل.

پۇل - مالنى ساقلاش توپلاشتىن مۇشكۇل. ساڭا ئەگەر كۆڭگە ئون كوي كىرىم بولىدىغان بولسا، سەككىز كوينى خەجلەپ ئىككى كوينى تېجەپ قوي. شۇنداق قىلساڭ موھتاج بولمايسەن. خىراجىتىڭ كىرىمىڭدىن كۆپ بولۇپ كەتسە، ھەرقانچە كۆپ دۇنيايىڭ بولسىمۇ يەتمەيدۇ. ئىسراپخورلۇق بىلەن دوستقا موھتاج بولغاندىن كۆرە، تېجەشلىك بىلەن دۇشمىنىڭگە قالدۇرغىنىڭ ياخشىراق. ئوغلۇم، خار بولماسلىقنىڭ يەنە بىر يولى — قولۇڭ ھەرقانچە قىسقا بولۇپ قالسىمۇ باشقىلارغا زارلانما. ھەرقانچە موھتاج بولساڭمۇ دۇشمىنىڭنىڭ ئالدىغا قول سۇنۇپ بارما، دوستۇڭنىمۇ تەڭلىكتە قويما، دۇشمىنىڭ خار كۆرىدۇ، دوستلىرىڭنىڭ ئالدىدىمۇ بېشىڭ تۆۋەن بولىدۇ.

بوۋا، ئۆزئارا ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋىتىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قايسى؟

ئوغلۇم، باشقىلار بىلەن بولغان ئېلىم - بېرىمدە سىلىق ۋە توغرا بول. بۇ دېگەنلىك ئادەمگەرچىلىك يولىنى تۇتۇپ، باشقىلارنى خۇرسەن قىلىش، ئۆز مەنپەئىتىڭ مۇددىئاسىدا باشقىلارنى ئورۇنسىز رەنجىتمە. كۆپ كىشىلەر ئازغىنە پايدا ۋە كىچىككىنە زىيان ئۈچۈن دوستلۇق ئۇلىنى لىڭشىتىدۇ. ئېلىم - بېرىمدە ھېچقانداق ئادەمگە يالغان سۆز قىلما. يالغانچىلىق خەلقئالەم ئالدىدا بېشىڭنى تۆۋەن قىلىدۇ. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى يالغانچىلىقىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى ئويلا. مۇرۇۋۋەتسىز، ئىنساپسىز بولما. باھادا پۇتۇشكەندىن كېيىن ئەرزىمەس نەرسىنى باھانە قىلىپ، تالاش - تارتىش قىلما. ساختىلىق بولۇپ قالىدۇ. توغرا، سىلىق، راست سۆزلۈك بولساڭ، سەن بىلەن ئالاقە قىلىدىغانلار كۆپىيىدۇ. ئېلىم - بېرىم دېگەندە خېرىدارلىق ئادەم زاۋاچ تاپىدۇ. بولمىسا ئېڭەك

يۆلەپ قالىسەن . ساختىلىق قىلىپ ئۇندۇرۇۋالغان پايداڭدىن كېيىنكى زىيىنىڭ مول بولىدۇ . ئىلىم - بىرىم مۇناسىۋىتىدە پەقەت ئۆزۈڭنىڭلا پايدىسىنى كۆزلىمە . سەن بىلەن مۇئامىلە قىلىشقان كىشىلەرنىڭمۇ پايدىسىنى ئويلا . ئۇلارمۇ مەنپەئەتلەنسۇن . ئۆز پايداڭنى دەپ باشقىلارغا زىيان كەلتۈرمە . پايدىسى ئۇچۇنلا كەتمەن چېپىش ئىتسانچىلىقمۇ ، ئىنسانپمۇ ئەمەس . ھېساباتى ئىشلىرىدا توغرا بولاي دېسەڭ ، كىرىم - چىقىمنى دەپتەرگە پۈتۈپ قوي ، پايدا - زىيىنىنى تەكشۈرۈپ تۇرغىن . يامان مالنى ياخشى دەپ ھىيلە ئىشلىتىپ باشقىلارغا تاڭما . بۇنىڭ زىيىنى تاپقان پايداڭدىن زىيادە بولىدۇ . ھېچقاچان خىيانەت قىلىش پىكرىنى كۆڭلۈڭگە كەلتۈرمە . سودا ئىشىدا ئەسلا باشقىلارغا مال قوشۇپ شېرىكلىك يولىنى تۇتمىغايسەن . قىزىل رەڭگىڭ پۇشايماندا زەپىران بولىدۇ . بۇ گەپنىڭ تېگىگە يەتكىن . ئادەم دېگەن ئوخشاش بولمايدۇ . سەن بىلەن شېرىكىڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ داۋاملىق بىر خىل بولمايدۇ . مۇبادا ئاراڭلاردا يىرىكلىك پەيدا بولۇپ قالسا ، ئازغىنە پايدا - مەنپەئەت ئۈچۈن كۆڭلۈڭ پاراكەندە بولىدۇ ؛ يەنە بىرى ، ئۆزۈڭگە ئىشەنگەندەك باشقىلارغىمۇ شۇنداق ئىشىنىشىڭ ناتايىن . شۇڭا ، دائىم شېرىكىڭنىڭ ئىنساپىنى تىلەش بىلەن بولىسەن . ئۇنىڭغا تازا ئىشەنمىسەڭ ، كۆڭلۈڭ خاتىرجەم بولمايدۇ . ئىشەنچسىزلىكتىن گۇمان تۇغۇلىدۇ ، گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئاراڭلاردا سوغۇقچىلىق يۈز بېرىدۇ ؛ ئۇنىڭدىن باشقا سودىدا زىيان تارتىپ قالساڭلار ، ئۆزۈڭ يالغۇز بولسام ، قانداق بولاتتىكىن دەپ ھەسرەتتە قالىسەن . ئۆزۈڭ يالغۇز زىيان تارتساڭ ، بۇ ھەسرەتتىن خالىي بولالايسەن .

بۇۋا ، قانداق قىلغاندا قوشىنىدارچىلىقنىڭ بۇرچىنى ئادا

قىلغىلى بولىدۇ؟

ئەي ئوغلۇم، قوشنىدارچىلىقنىڭ بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلغىن، قوشناڭ بىلەن ھەرگىز دۈشمەنلىشىپ قالما، ئۆي - جاي سالساڭ شۇنداق جايغا سالغىنكى، قوشنىلىرىڭ دىيانەتلىك، ياخشى كىشىلەردىن بولسۇن. كۆڭلىرىڭ پاراغەتە ئۆتىدۇ. زادىلا يامان، ئەسكى قوشنىلارغا يولۇقۇپ قالمىغايسەن، ئۇنداق بولمايدىكەن، كۆڭلىرىڭ ئازاب ئىچىدە، كۆڭۈلسىزلىك ئىلكىدە ئۆتىدۇ. كونىلارنىڭ «قوشنىنى كۆرۈپ ئۆي - جاي ئال» دېگىنى بىكار ئەمەس، ئويلانماي ئۆي - جاي سالساڭ، قوشنىلىرىڭ ئەسكى چىقىپ قالسا كۆچۈپ كەتمىگۈچە قۇتۇلالمايسەن. قوشنىلىرىڭ ياخشى، ئىنساپلىق، ئەخلاقلىق كىشىلەردىن بولسا ھۆرمەت قىل. ئۇلارنى ئاش - تۇز ئۈستىدىن ئايرىما. قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققىمۇ بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىش. يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا، دېگەن گەپكە ئەمەل قىلىپ، قوشنىلىرىڭنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئوبدان سورا. كېسەل بولۇپ قالسا يوقلا. ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا ياخشى قولداش بولۇپ جېنىڭغا جان قات. خۇشاللىقىغا قوشۇلۇپ خۇشال بولغىن، قايغۇسىغا قوشۇلۇپ قايغۇر. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆز باللىرىڭدەك ياخشى ئاسراپ، مېھرىبانلىقىڭنى ئايىما. شۇنداق قىلساڭ، مەھەللە ئىچىدە ئابرۇيلۇق ئادەم بولۇپ قالىسەن.

4546 تاشار دەريا يا بەگنىڭ بولما قوشنىسى،
يېقىن تۇرما ھىسارغا ئەقىل ئىگىسى.

ئوغلۇم، ئۆي سالساڭ، تاشار دەريا بويلىرىغا سالما. قورغان - قەلئە يېنىغا ھەرگىز يېقىن تۇرما، پاراكەندىچىلىكتىن

قۇتۇلالمايسەن؛ يەنە بىرى، ئۆيۈڭنى چوڭ يولغا يېقىن سالما، زەرەردىن قۇتۇلالمايسەن.

4548 ئۆي ئالماق تىلىسەڭ قوشنىغا قارا،
يەر ئالماق بولساڭ، سۇيىنى ئارا.

بوۋا، قانداق مۇساپە ھايات قەدىمى ئۈچۈن ئەڭ يىراق، قانداق قەدەم ئەڭ قۇتلۇق بولىدۇ؟

ئوغلۇم، ھايات قەدىمىڭنىڭ ھەربىرىنى كۆڭۈل خاھىشىڭغا قاراپ باسقىن. ئۆزى ئارزۇلاپ باسقان يولنىڭ يىرىقى بولمايدۇ. بىسىم بىلەن ئالغان قەدەمنىڭ ئېغىرى بولماي قالمايدۇ. كۆڭلۈڭ ئارزۇ قىلسا، يىراق مەنزىلمۇ ئۇزاق بىلىنمەيدۇ. يىراق جاي يېقىن، مۇشكۇل ئاسان بولىدۇ. كۆڭۈل تارتمىغان يەرگە قەدەم قويغۇچى بولما. يېقىن يول يىراق، يەڭگىل ئىش جاپا تۇيۇلىدۇ. زورلاپ يېگەن تائاممۇ تەنگە سىڭمەيدۇ ئەمەسمۇ؟ ھەرقانداق ئىشقا ئارزۇ، ئىشەنچ، ئۈمىد بىلەن قەدەم باسساڭ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسەن. تارتقان جاپايىتىڭمۇ كۆزۈڭگە كۆرۈنمەيدۇ.

5045 كىشى ماڭسا خالاپ، ئارزۇلاپ،
يېتەر تېز ئۈمىدكە يېقىنلىق ئۇلاپ.

بوۋا، مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس، دەيدۇ. ئۇنىڭ ھەقىقىتى نېمە؟

ئوغلۇم، مەسلىھەت ئەقىلنىي جۇغلاش دېگەن سۆز. مەسلىھەتسىز ئىشنىڭ دالادىكى يالغۇز ئاتقا ئوخشاش چېكى

چىقماستۇر. شۇڭا، ھەرگىز ئۆز بېشىمچى بولما، ھەرقانداق ئىشنى كېڭەش بىلەن قىل. كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلمايدۇ. كېڭەشسىز ئىش ئۆزۈڭنى ئىگىرىتىدۇ. ھەرقانداق ئىشىڭ بولسا، يېقىن بۇرادەرلىرىڭدىن، ئۇقۇمۇشلۇق ئاقساقاللاردىن، بېشىدىن ئىش ئۆتكەن، كۆپنى كۆرگەن كىشىلەردىن مەسلىھەت سورا. بۇنىڭ بىلەن مۇشكۇل تۇگۇنلىرىڭ يېشىلىپ، ئەگرى ئىشلىرىڭ تۈزۈلۈپ كېتىدۇ. سەن ئۆزۈڭلا ھەممە ئىشنىڭ ئىپى-جىپىنى بىلىپ كېتەلمەيسەن. باشقىلارنىڭ كېڭىشىنى ئاڭلىساڭ بىلىمىڭ ئارتىدۇ. كېڭەش دېگەن ئەقىل سورىغانلىق بولىدۇ. ئەقىل سورىغان يولدىن ئازمايدۇ، ئەقىل بىلەن ئىشلىرىڭ ئوڭغا تارتىدۇ. شۇڭا، كېڭەشلىك كىشىلەر مۇنداق دېگەن:

5658 نەئىش قىلماق ئولساڭ كېڭەش ئەر بىلە،
كېڭەشمەس كىشىدىن يىراقلىق تىلە.

5660 نىچۈك ئىشنى قىلساڭ كېڭەش بىرلە قىل،
كېڭەش بىرلە كۆتكەن تىلەكلەر كىلە.

ئەقىل كىشىگە ئەقىل ئۆگىتىدۇ، ئەقىل ئەقىلگە يول باشلايدۇ.

بوۋا، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق نەرسىلەر نېمە؟

دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق نەرسە ئەڭ ئاۋۋال بىلىم؛ بىلىم كىشىگە ھەر ئىككى ئالەمدە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئىككىنچى، ئۈيات؛ ئۈچىنچى، ھايا. قىلىقىڭ ياخشى بولسا پۈتۈن ئەل سېنى سۆيىدۇ. خۇي-پەيلىڭ دۇرۇس بولسا تۆرگە چىقىسەن. ئۈيات سېنى ناچار ئىشتىن توسايدۇ، ياخشى

ئىشقا ھەيدەكچى بولىدۇ. ئۇياتسىزلىق ئادەم ئۈچۈن تېگى يوق ئەسكى كېسەل. ئۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيادا بىرەرمۇ يېقىن دوست تاپالمايسەن، باشقىلار ئالدىدىمۇ قەدىرسىزسەن. ئەگەر بىلىم بىلەن تىكلەنگەن دۇرۇسلۇق، ئۇيات، ياخشى قىلىق بىرلەشسە، ھاياتىڭ ئۈچۈن تۈگىگۈسىز خۇشاللىق بولىدۇ.

بوۋا، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ پايدىسىز نەرسە نېمە؟

بىلىشىڭ كېرەككى، ئىنسان ئۈچۈن پايدىسىز بولغان مۇنداق ئۈچ نەرسە بار: بىرى، كاجلىق ۋە قىلىقتا ياۋۇزلۇق؛ يەنە بىرى، سۆزدىكى يالغانچىلىق؛ ئۈچىنچىسى، بېخىللىق. بۇ ئۈچى ئەقىلسىز كىشىلەردىن تۆرەلگەن بولۇپ، ئىشنى تەتۈر قىلىدۇ. چۈنكى، كىشى كاج بولسا قىلىقى يامان، ئىشى تەتۈر بولىدۇ. كىمكى يالغانچىلىق بىلەن ئاتالسا، بۇ ئەسكى نام ئۆلگۈچە پېشانىسىدىن ئۆچمەيدۇ. بېخىللىق بولسا ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىشتۇر. بېخىل ئۆزى يېمەستىن مال يىغىدۇ، ئۆزى ئۆلىدۇ، مال قالىدۇ. مۇنۇ بېيىتنى ئاڭلا:

1674 يىغىش بىلدىڭ ئالتۇن، يېيىش بىلمىدىڭ،
يىغىپ ئالتۇن ئەلگە نېچۈن بەرمىدىڭ؟

1675 يىغىپ دۇنيانى ئەي يېمىگەن كىشى،
يېگۈچى تەييار دۇر، تەييارلا ئىشى.

قانداق ئادەمنىڭ قەلبى پاك، ياماندىن قورقاق بولىدۇ؟

تەقۋادار كىشى ياماندىن قورقاق بولىدۇ، ياماندىن قورقانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ساپ تۇتىدۇ.

ئەل ئۈچۈن خاتىرجەملىكنىڭ ئاچقۇچى نېمىدۇر؟

ھوشيارلىق ۋە توغرا قانۇن — ئەلنىڭ يىلتىزىدۇر، بىخۇدلۇق ۋە قانۇنسىزلىق — ئەل ئۈچۈن ئاپەتتۇر.

دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ كاپالىتى نىمىدۇر؟

دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ كاپالىتى ئەسكەر بىلەن قورال. ئاگاھ بولغىنكى، قىلىچ غىلاپقا كىرسە، بۇ غەپلەت نىشانىدۇر، بۇ غەپلەتتىن پايدىلىنىپ دۈشمەننىڭ قۇترايدۇ.

ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەشغۇلات نىمىدۇر؟

ئۆز خەلقىگە چىن دىلىدىن كۆيۈنۈش، خەلقى ئۈچۈن ياخشىلىق ئىزدەش، خەلقىگە زىيان سالماسلىق، خەلقىگە زىيان كەلتۈرگۈچى نەرسىلەرنى يوقىتىش.

دۇنيادا ئەڭ پەس ئادەم كىمدۇر؟

ئەمەگەر ئادەم ئەڭ پەس بولىدۇ، ئۇ خان بولغان تەقدىردىمۇ قۇلىدىنمۇ تۆۋەندۇر.

ئەڭ پەزىلەتلىك ئادەم كىمدۇر؟

پۇل - مال ئۈچۈن ئۆزىنى بۇزمىغان ئادەم ئەڭ پەزىلەتلىك ئادەمدۇر. ئۇنداق ئادەمنى پەرىشتە دېسىمۇ بولىدۇ.

ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئېچىنارلىق ئىش نىمىدۇر؟

ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئېچىنارلىق ۋە ئەپسۇسلىنارلىق ئىش قىلغان ئەجرىنىڭ زايا بولۇپ كېتىشىدۇر.

ئادەم ئۈچۈن ماددىي جەھەتتىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نىمىدۇر؟

نىمىگە موھتاج بولساڭ شۇ قىممەتلىكتۇر. ئەگەر سەن قىلدەك بىر نەرسىگە موھتاج بولۇپ شۇنىڭغا ئېرىشەلىسەڭ، ئۇ پىلدەك بىلىنىدۇ.

كىشىنى تىلەككە باشلاش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ھەمراھ نىمىدۇر؟

ئەڭ ياخشى ھەمراھ ئارزۇ - ئۈمىدتۇر، ئارزۇ بىلەن ماڭساڭ، يىراق يول يېقىن، مۇشكۇللۇك ئاسان بولىدۇ.

كىشىنىڭ تىرىكلىك نىشانى نېمىدۇر؟

بىرى، خەلق ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىپ ياخشى نام قالدۇرماق؛ يەنە بىرى، ئەۋلاد قالدۇرماقتۇر.

دۇنيادا نېمىنىڭ ۋە كىمنىڭ ئەيىبى يوقتۇر؟

ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ ۋە نەرسىنىڭ ئەيىبى كۆزگە كۆرۈنمەستۇر.

ئەڭ بەختلىك كىشى كىم، ئەڭ بەختسىز كىشىچۇ؟

ئەڭ بەختلىك كىشى ياشانغانسېرى ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ياماندىن قول ئۈزگەن كىشىدۇر. ئەڭ بەختسىز كىشى قېرىغانسېرى تېخىمۇ قۇرۇق ھەۋەسكە يۈگۈرگەن كىشىدۇر.

ئەرلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىسى نېمىدۇر؟

توغرا سۆزدىن قەتئىي يانماسلىقتۇر.

ئىشنىڭ راۋاج تېپىشىنىڭ ھېكمىتى نېمىدۇر؟

بىرى، تۈنۈگۈنكى كۈنۈڭدىن بۈگۈنكى كۈنۈڭ ياخشى بولسا، بۈگۈنكى ئىشىڭدىن ئەتىكى ئىشىڭ ئۈتۈقلۇق بولسا، روناق تاپىسەن.

ئەقۋادارلىقنىڭ مەنبەسى نېمىدۇر؟

ھارامدىن قېچىپ ھالال ياشىماقتۇر.

ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئەينەك نېمىدۇر؟

ساڭا سەن ئۈچۈن ئەڭ كۆيۈمچان كىشىدۇر.

دۆلەت بايلىقى بىلەن خەلق بايلىقىنىڭ پەرقى نېمىدۇر؟

ئەل بېگى ئادىل، خەلقى سادىق بولسا، ھەر ئىككى بايلىقنىڭ پەرقى يوق.

ياخشىلىق قىلماقنىڭ ساخاۋىتى كىمگىدۇر، يامانلىقنىڭ

كاساپەتچۇ؟

ياخشىلىق قىلىشنىڭ ساخاۋىتى ھەركىمنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر، يامانلىق قىلىش يەنىلا ئۆزىگە قىلىنغان دۈشمەنلىكتۇر. چۈنكى، بۇ دۇنيادا نېمىنى تېرىسا شۇنى ئېلىش بۇزۇلماس قانۇنىيەتتۇر.

ئىنساننى يەرگە قاراتقان ئىش نېمىدۇر؟

يالغان ئېيتماق بىلەن پىتنە - پاسات تېرىماقتۇر.

دۇنيادا ئەڭ چوڭ مەستلىك نېمىدۇر؟

غاپىللىق بىلەن ھاياتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەكتۇر.

× × ×

ئەي پەرزەنتلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن مېھرىبان بوۋا، سىزنىڭ ھەربىر ئابىھايات بىلەن سۇغىرىلغان سۆزىڭىز ھايات تۇيغۇمىزغا يېڭى - يېڭى مەنىلەرنى ئاتا قىلدى، ھايات مەنزىلىمىزدە گۈزەل سەھىپىلەرنى ئاچتى، ۋۇجۇدىمىزدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. مەقسىتىمىز، نىشانىمىز، يۈكسىنىش ئېڭىمىزغا ھېكمەتتىن نۇختا سالدى. مەرھەمەت! قولىمىزنى سىزگە سۇندۇق، بىزنى گۈزەل ئىستىقبالغا باشلاڭ، ھاياتنىڭ بىز ئۈچۈن يەنە قانداق نۇسرەتلىرى بار، تېڭىرقىماي ماڭايلى.

ئەي ئۇلۇغۋار ئارمانلىرىمىزنىڭ ئىجراچىسى بولغان ئوغۇل، ھاياتتا خاسىيەتمۇ، ھېكمەتمۇ چەكسىز، گەپ ئۇنى ھېس قىلىش ۋە يەكۈنلەشتە. كىم ياخشىلىق قىلىشنى ئىزدىسە، ھايات دۇنياسىنىڭ ئىشىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن كەڭرى سەينا؛ كىم نىجادلىق ئىزدىسە ئۇنىڭ مۇساپىسىدە ياردەمچى تەييار؛ ھېكمەت ئىزدىسەڭ ھەربىر قەدىمىڭدە، ھەربىر ئادەمدە بىر ئۇلۇغ ھېكمەت ئىپادىلىنىدۇ، گەپ سېنىڭ قايسى يولنى تاللىشىڭدا. شۇنى بىلگىنكى، ئاتا - بوۋىلارنىڭ قەرزى پەرزەنتنىڭ كېيىنكى

ئىستىقبالى توغرىسىدا غەم يېيىش ۋە ئۆزىنىڭ يول تېپىۋېلىشى ئۈچۈن توغرا ئاساس سېلىشتىنلا ئىبارەتكى، تا مەنزىلگە يەتكۈچە ساڭا ھەمراھ بولۇش ئەمەس، تاكى نىشانغا يەتكۈچە بوۋاقنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، بوۋاقنىڭ ئېڭىغا تايىنىپ ياشايمەن دېيىش ئەخمەقلىق. ھاياتنىڭ چېكى بولمىغىنىدەك، ھېكمەتنىڭمۇ پايانى بولمايدۇ. چەكسىز گۈزەللىك ۋە بەخت ـ سائادەت ئارقاڭدا ئەمەس، بەلكى ئالدىڭدا!

ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا!

# خاتىمە

## بوۋامنىڭ ئۈمىدى ۋە ئۆزرىسى

ئوغلۇم ، مەن بۇ دۇنياغا كەلدىم ، يەنە مەڭگۈلۈك كېتىمەن . بۇ دۇنياغا كەلگەن ھەرقانداق ئىنسان بۇ تەقدىردىن خالىي ئەمەس . سەنمۇ شۇنداق . بىراق ، ھېچقانداق نام - نىشانسىز غايىب بولساڭ ، ھايات سەھناسىدا زادى ئىز - دېرىكىڭ بولمايدۇ . ئەۋلادلىرىڭغا مەڭگۈلۈك يادىكار بولغۇدەك بىرەر ئەجىر مېۋەڭنى قالدۇرساڭ ، نام - شەرىپىڭ مەڭگۈلۈك يادلىنىدۇ . مەن ساڭا ئازراق يادىكار سۆز سۆزلىدىم . كېرەكلىك سۆزنى سۆزلەش ئەيىب ئەمەس ، بىراق سۆزلىگۈچى ئازىدۇ ، ئاڭلىغۇچى تۈزىتىپ ئاڭلىسا ، نەپئى يۈز بولىدۇ . بۇ سۆزلىرىم سېنىڭ قۇتلۇق قەدەم ئېلىشىڭغا يار - يۆلەك بولسا ئەجەب ئەمەس . تۆۋەندىكى بېيىتلار مېنىڭ يۈرەك سۆزلىرىم ، قۇلاق سال :

110 تولا كونا بىر سۆز مەسەلدە كېلۇر ،
ئاتا ئورنى ، ئاتى ئوغۇلغا قالۇر .

111 ئاتاڭنىڭ ئېتى ، ئورنى قالدى ساڭا ،
قوشۇلسۇن يەنە باشقا مىڭ - مىڭ ئاڭا .

112 قىممەتلىك سوۋغات تۇتتى مىڭ - مىڭچە قول ،
«قۇتادغۇبىلىك»تۇر مېنىڭ سوۋغام ئول .

113 ئۇلارنىڭ سوۋغاتى كېلەر ھەم كېتۇر،
مېنىڭ بۇ سوۋغاتىم تا مەڭگۈ قالۇر .

114 نېچە يىغسا دۇنيا تۈگەيدۇ يوقاپ،
قالۇر سۆز پۈتۈلسە، جاھانغا تاراپ.

186 سۆزۈمنى دېدىم مەن بالامغا، باتۇر،
مېنىڭدىن تۈۋەن ئۇ، نېچۈك تەڭ بولۇر .

187 ئەي ئوغلۇم، دېدىم مەن ساڭا بۇ سۆزۈم،
ساڭا بۇ ناساتىمنى بەردىم ئۆزۈم:

188 كۈمۈش قالسا ئالتۇن مېنىڭدىن ساڭا،
ئۇنى تۈتمىغىن سەن بۇ سۆزگە تەڭا.

189 كۈمۈشنى ئىشلەتسە، تۈگەر، يوقىلۇر؛
سۆزۈمنى ئىشلەتسە، كۈمۈش قازىنۇر.

190 كىشىدىن كىشىگە مىراس سۆز قالۇر،
مىراس سۆزى تۇتساڭ يۈز پايدا بولۇر .

192 تىلەكىم ئىدى، ئەي ھېكىم، سۆزلىمەك،
كېيىنكىلەرگە بىر يادىكار قالغۇدەك.

193 ئەقىل كەلدى قارشى، دېدى دىققەت ئەت،
سۆزۈك بولسا يېگىلىش، بولۇر ساڭا سەت.

197 كىشى ئاتى يالڭۇق① يېتىلگەلىق ئۈچۈن ،
دېيىلدى ئۇ يالڭۇق ، يېتىلگەن ئۈچۈن .

198 يېتىلمەس كىشى كىم ، دېگىن سەن ماڭا ،
تۇمەن مىڭ يېتىلگەننى دەيمەن ساڭا .

202 بىلىملىككە سۆزلىدىم مەن بۇ سۆزۈم ،
بىلىمسىز تىلىنى بىلمەيمەن ئۆزۈم .

205 سۆز ئېيتقان كىشىلەر ئازار ، ئالدىرار ،
ئەقىللىق ئىشىتسە ، تۈزەتىپ بارار .

ئەي ، سەۋرچانلىق ۋە كەمتەرلىكنى ھايات ئىقتىداسى قىلغان پەخرىمىز يۈسۈپ بوۋا ، سىز بىلەن دەۋرداش بولغان مەھمۇد بوۋىمىز «قەدەم ئىزى — بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دېگەنىدى . سىزنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولىڭىز ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىڭىز مىڭ يىللىق ئۇزۇن سەپەردە تارىخنىڭ قارا قۇيۇنلىرى ، دەھشەتلىك جۇدۇن - چاپقۇنى تەرىپىدىن ئۆچۈرۈپ كېتىلمەي ياكى كۆمۈلۈپ قالماي دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارىنى قوزغىدى . يۈكسەك تەپەككۇر قۇۋۋىتىدىن بىنا بولغان پىرامىدانى ھەرقانچە دەھشەتلىك بورانمۇ يىقىتىۋېتىشكە

① يالڭۇق — قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

ئاجىزدۇر .

ھاياتنىڭ قىممىتى — ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت يارىتىشتۇر . شۇندىلا ئىنسانىيەت دۇنياسىدا مەڭگۈ ياشاشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئارزۇغا يەتكىلى بولىدۇ . دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان بۈيۈك ئىنسانلار ئاز ئەمەس . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىسقىغىنە ھايات مۇساپىسىدە ئۇلۇغ مەقسەت مەشئىلىنى ياندۇرۇپ ، باسقان ھەربىر قەدەم ئىزىدىن قۇتلۇق ماياكلارنى تىكلەپ ماڭدى ، ئۇلار ئىنسانىيەت قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ .

ئەي سۆيۈملۈك بوۋا ، سىزمۇ ئەنە شۇنداق قەدىرلىك ۋە مەڭگۈ ئۆلمەس ئىنسانلارنىڭ بىرى . بىز سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ ئالتۇن مېۋىسى بولغان كاتتا ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ھەربىر مىسراسىدىن سىزنىڭ نۇرلۇق سىمايىڭىزنى ئۇچۇق كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز . سىز ئۆلمىدىڭىز ھەم مەڭگۈ ئۆلمەيسىز! گەرچە تېنىڭىز ئاللىبۇرۇن تۇپراققا ئايلانغان بولسىمۇ ، قەلبىڭىزنىڭ ئۆلگىنى يوق . سىزنىڭ مەقسىتىڭىز ، نىشانىڭىز ، ئۇلۇغ ئىستەكلىرىڭىزنىڭ ئۆلگىنى يوق . ئۇ بىزگە ئۇلۇغ ھېكمەتلەردىن دەرس ئۆتمەكتە . ئۇ بىزگە ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە .

ئەي قەدىرلىك بوۋا ، سىز بىزلەرگە مۇھىم بىر دەستۇر قالدۇرۇپ كەتتىڭىز . بۇ دەستۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئۈمىدلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ . خاتىرجەم بولۇڭ ، بىز سىزنىڭ ئۈمىد مەشئىلىڭىزنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۆچۈرمەسلىككە ھەرقاچان تەييار .

ئەي بوۋا ، قەلبىمىز ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچ ، ھاياتقا ، گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈش بىلەن تولماقتا ، گۈزەل كېلەچەك

يارىتىش ئىشتىياقى ۋۇجۇدىمىزدا غايىبانە بىر كۈچ - قۇۋۋەت ئويغاتماقتا . بىز شۇنداق بۈيۈك ھەقىقەتكە ئىگە بولدۇقكى ، پەقەت ھاياتنى ، ھاياتلىق دۇنياسىنى ۋە ئۆزىمىزنى ھەقىقىي چۈشەنگەنسېرى گۈزەل كېلەچەك كۆز ئالدىمىزدا شۇنچە روشەن نامايان بولىدىكەن . بىز ئۆزىمىزنى ھەقىقىي چۈشىنىش ۋە گۈزەل كېلەچەك يارىتىش يولىدا ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ ، ئەجدادلارنىڭ ۋە دەۋرىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار ئۈمىدىنى ئاقلايمىز .

خەير! سۆيۈملۈك بوۋا ، بۇ دۇنيادا ئەلنىڭ قەلبى سىزنىڭ جەننىتىڭىز بولسۇن ، ئاخىرەتتە ياتقان يېرىڭىز مەڭگۈ پىردەۋس جەننىتى بولسۇن .

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئەلى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ئەقىل - پاراسەت ئەڭگۈشتىرى (2)

# ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا

(2)

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-№)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى رېنشياڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32؛ باسما تاۋىقى: 11
2004 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىلى 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—5000
ISBN 7—228—08975—8
ئومۇمىي باھاسى (1-، 2 -قىسىم): 39.00 يۈەن
يەككە باھاسى: 15.00 يۈەن

قاۋىنى لايىھىلىگۈچى:ئەكبەر سالىھ

15 يۈەن

ISBN 7-228-08975-8

9 787228 089758

ISBN 7-228-08975-8
（民族）定价:39.00（上、下册）